


ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# قەدىمى ماكان

## دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى

دىئانا سىپتون ( ئەنگلىيە )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



ISBN 7-228-05874-7

9 787228 058747 >

ISBN7-228-05874-7
I·2165(民文) 定价:13.80元

15
1561.55
1


ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى

# قەدىمىي ماكان

دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ ئەسلىمىسى

دىئاننا سىپتون ( ئەنگلىيە )

تەرجىمە قىلغۇچى : مەريەم مەتتەمىن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

外交官夫人的回忆:古老的土地:维吾尔文/(英)西普顿著;崔延虎汉译;玛丽亚木维译,乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.9

ISBN7—228—05874—7

Ⅰ.外… Ⅱ.①西… ②崔…③玛 … Ⅲ. 回忆录 — 英国 — 维吾尔语(中国少数民族语言)

Ⅳ.I561.55

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第64378号

外交官夫人的回忆

古老的土地 (维吾尔文)

〔英〕戴安娜·西普顿 著

玛丽亚木·买买提明 译

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

乌鲁木齐福利印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 10.875印张 2插页

2000年9月第1版 2000年9月第1次印刷

印数:1——3,000

ISBN7—228—05874—7/I·2165 定价:13.85元

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1997 ـ يىل 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据新疆人民出版社1997年9月第1版，1997年第1次印刷本翻译出版。

# دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى

# قەدىمي ماكان

ئاپتورى : دىئاننا سىپتون (ئەنگلىيە )

تەرجىمە قىلغۇچى : مەريەم مەمتىمىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى :850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى :10.875 قىستۇرما ۋارىقى :2
2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 3,000
ISBN7—228—05874—7/I・2165
باھاسى : 13.80 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمى ۋە قەشقەر مېھرى

## مۇقەددىمە

ياڭ لىەن

غەربىي رايونغا كۆڭۈل بۆلۈش ، غەربىي دىيارنىڭ يۈز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە تارىخىغا كۆڭۈل بۆلۈش ھازىر كىتابخانلار ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە بىر كىتاب ئوقۇش خاھىشى ئىكەنلىكىگە كىشىلەرنىڭ دىققىتى چۈشكىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى . بۇ چوقۇم 20 ــ 21 ـ ئەسىردىكى «يىپەك يولى قىزغىنلىقى» نىڭ داۋاملىق تۇردە ئۆرلەۋاتقانلىقى ، «كەڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش» ۋەزىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىغا ئېتىبار بېرىۋاتقانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەشقەر ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر نەزەرىدە ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان ، ئەمما سىرلىق ، چۈشىنىش قىيىن ھەمدە بارماقمۇ تەس بىر ئۆزگە ئەل شەھىرى بولۇپ كەلگەنىدى .

19 ـ ئەسىر دۇنيا تارىخىدىكى چوڭ بىر ۋەقە ، يەنى ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت ھىندىستاننى مەجبۇرىي يوسۇندا ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى تۈپەيلى ، جوڭگو خەلقىگە 1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى تېڭىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، كېڭىيىش مەزگىلىدە تۇرغان يەنە بىر كۈچلۈك ياۋروپا ـ ئاسىيا دۆلىتى ــ رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالدى ھەمدە جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى . شۇنداق قىلىپ ئەنگلىيە

بىلەن رۇسىيە پامىر ئېگىزلىكىدە ئۆزئارا تىركىشىشكە باشلىدى . بۇ قەدىمىي زېمىن ۋە جۇڭگوغا بەكمۇ يىراق جايدىكى ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان چىڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىتىكى قوشنىسىغا ئايلاندى ــ دە ، بوستانلىق ، قۇملۇق ۋە تاغ تىزمىلىرىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئىش ــ ھەرىكەتلەرگە ھەر ۋاقىت كۆز ــ قۇلاق بولدى . ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى تىركىشىشى تاغلىق دۆلەت ئافغانىستاننى قاتتىق ئازاب ــ ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلدى . مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 ــ ، 80 ــ يىللىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ قارشىلىشىشىمۇ ئافغانىستانغا يەنە بىر قېتىم بالا ــ قازا ياغدۇردى . ئەمەلىيەتتە بۇ ، بىر ئەسىردىن بۇيان يېڭىش ــ يېڭىلىش ئايرىلماي كەلگەن تىركىشىشنىڭ داۋاملىشىشى ئىدى .

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق تۇنجى باش كونسۇلى گېئورگې ماكارتنېي ؛ ئاخىرقى باش كونسۇلى ئارايىك سىپتون ئىدى . سىپتون 1946 ــ يىلدىن 1948 ــ يىلغىچە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولغاندا ، ئايالى دىئانا بىلەن بىللە بولدى . دىئانا سىپتوننىڭ « قەدىمىي ماكان » ناملىق كىتابى كاتارىن ماكارتنېينىڭ « قەشقەرنى ئەسلەش » ناملىق كىتابى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدىغان نادىر ئەسەر . « قەدىمىي ماكان » نەشردىن چىقىشى بىلەنلا ، خەلقئارا ئوبزورچىلار ئۇنى كاتارىننىڭ كىتابى بىلەن ئاچا ــ سىڭىل بولدى ، دەپ قارىدى .

ماكارتنېي ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولغان بولسا ، سىپتون چىنباغدىكى كونسۇلخانىنى تاقىغۇچى بولدى . « ئىشنى چىرايلىق باشلىغۇچىنىڭ چىرايلىقچە ئاياغلاشتۇرۇشى ھاجەتسىز ، ئىشنى ياخشىلىقچە قىلىمەن دېگەن ئادەم ، ياخشىلىقچە ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن ، دەپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ » دېگەندەك ، ئۇلار ئىشنى باشلىغان ۋە ئاخىرلاشتۇرغان چاغدا ، بۇ ئىشلاردا چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ۋە كىچىك مۇھىت بار ئىدى . ماجىيې دەۋرىدە ، قەشقەر « بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى » نىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى ئىدى ، ئەمەلىيەتتە ، ماجىيې

ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستاننىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇپ ، ئاساسلىقى « ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆز ـ قۇلاق بولاتتى » . ئەمما 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بىۋاستە نەتىجىلىرىدىن بىرى ، « ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ چوڭ ئورۇن ئالمىشىشى » ، « قۇياش دۆلىتى » نىڭ يىمىرىلىشى بولدى . 1947 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى ، ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئىدارە قىلىنىشى ، ئاخىرقى ھېسابتا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسىنى ھىمايىسىز بىر ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى .

دىئاننا خۇددى كاتارىن بىلەن بەسلەشكەندەك ، قەلىمىنى « سەپەرگە قەدەم بېسىش ، بىلەن تەڭلا ئىشقا سالىدۇ . مەقسەتسىز بولسىمۇ ، سېپتون ئەر ـ ئايال ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ماڭغاندا ، پامىر ، قاراقۇرۇم تېغى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە بېرىشتەك يېڭى يولنى تاللىۋالدى » . شۇنداق بولغاچقا ، بۇ قەدىمىي يولنىڭ بىرىنى دىئاننا ، بىرىنى كاتارىن يازىدۇ . مۇشۇ ئەسىرنىڭ خېلى بىر چاغلىرىغا قەدەر لاداق ۋە كەشمىر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىتابلار ئەنگلىيىدە خېلىلا ئالقىشلاندى . كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىغا ئاساسلانغاندا ، دىئاننانىڭ ئەسىرىدە بۇ رايوننىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش كەمچىل بولسىمۇ ، ئەمما تەكشۈرۈشنىڭ ئىنچىكىلىكى ، نەزەرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن ئالغاندا ، ئۇنى ناھايىتى ئوبدان بىر نادىر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ .

# كىرىش سۆز

قەشقەر مېنىڭ ئۆزۈمدىن بۇيان ھەتتا چۈشۈمدىمۇ تەلپۈنىدىغان جاي ئىدى ؛ ساياھەت ناھايىتى كىچىك ۋاقتىمدىلا تۇرمۇشۇمنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانىدى . مەن 1917 - يىلى ھىندىستاندا تۇغۇلدۇم ، ئۇ چاغدا دادام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمان بېگى ئىدى ، شۇڭا بالىلىق ۋاقىتلىرىم ھىندىستان بىرلەشمە ئۆلكىسىنىڭ ئورمانلىقلىرى ئىچىدە ئۆتتى . بىز دادامنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارنى قويماي ئايلىنىپ چىققاتتۇق . ئۇ چاغلاردا ، ئورمانلىقلاردا تەييار يول يوق ئىدى ، بىز پىلغا مىنىپ ئايلىنىپ يۈرەتتۇق ، چېدىر تىكىپ ئولتۇراتتۇق . چېدىرنى تىكىپ نەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا چۇۋۇپ ، يەنە باشقا جايغا تىكەتتۇق . كۆچمەن چارۋىچىلارغا خاس بۇ خىل تۇرمۇش مەنىسىز بولسىمۇ ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق تۇراقسىز ، كۆچمەن تۇرمۇشنىڭ باشقىلارنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم . چۈنكى ، بۇ يەردە پەقەت مەن ، دادام ، ئىت ، پىللا بار ئىدى ، ماگىزىن ، چېركاۋ ، ھەتتا ئاسفالت يول ، ئۇياقتىن - بۇياققا يۈرگەن ماشىنا دېگەنلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى ، چېدىر تىكىپ ، ئۇ يەردىن - بۇ يەرگە كۆچۈپ ياشايتتۇق . ئەمما ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا شۇ قەدەر تونۇش بولۇپ ، ئىشەنچلىك ئىدى ، ئۆزۈمنى بىخەتەر ھېس قىلاتتىم .

ئاتا - ئانام مېنى بەش ياشقا كىرگەندە ئەنگلىيىگە ئەۋەتتى . ئۇ يەردىمۇ سەرگەردانلارچە ياشىدىم . يەنى ھېلى بىر تۇغقىنىمنىڭكىدە ، ھېلى يەنە بىر تۇغقىنىمنىڭكىدە تۇرۇپ ، يىلتىزسىز دەرەختەك كىم بېشىمنى سىلىسا شۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ چوڭ بولدۇم . 20 ياشقا كىرگەندە ھىندىستانغا قايتىپ ، ئاچامنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم ، ئاچامنىڭ ئېرىمۇ دادامغا ئوخشاش ئورمان بېگى ئىدى . شۇنداق قىلىپ مەن يەنە ھىندىستاننىڭ

www.uyghurkitap.com

شىمالىدىكى ئورمانلىقتا كېلىپ ئورۇنلاشتىم . بەزىدە ئاچامنىڭ ئېرى بە-لەن ئورمانلارنى تەكشۈرۈپ چىقاتتىم . ھەيۋەتلىك ھىمالايا تاغلىرىنى ھەر بىر كۆرسەم ، ئۇنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەت ، كۆركەم ، سۈرلۈك چوققى-لىرىغا ئىختىيارسىز ھەۋىسىم كېلىپ مەپتۇن بولاتتىم . ھىمالايا تاغلىرى-نىڭ بىر تەرىپى ئوتتۇرا ئاسىيا زىمىنى ئىدى . چەكسىز كەتكەن ، تو-لىمۇ سىرلىق بۇ ماكانغا يات ئادەملەرنىڭ كىرىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى .

« ئېكسپېدىتسىيىچى خانىملار » كىچىكىمدىن تارتىپلا قەلبىمدىكى قەھرىمانلار ئىدى . كىشلەرمۇ ئايال ئېكسپېدىتسىيىچى ئىزابېللا بىرد ، مارى كىنسلېي ۋە فرېيا سىدالكىيلارنى شۇ نام بىلەن ئاتايتتى . يىراق ، قاقاس ، جىمجىت ئۇ جايلارنى ياخشى كۆرسەممۇ ، قۇملۇقلار ، تاغلاردىن ئۆتۈپ ئېكسپېدىتسىيە ، ساياھەت قىلىشنى ئارزۇ قىلساممۇ ، ئەمما مەندە بۇ ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرغۇدەك غەيرەت - جاسارەت ۋە ئىرادە يوق ئىدى . ھىندىستاندىمۇ ئاشۇنداق قەھرىمانلارنى ، يەنى ھىندىستاننىڭ شىمالى-دىكى ئېگىز تاغلارغا چىققان ، تاغلار ئارىسىدىكى دەريا - ئې-قىنلارنى ئېكسپېدىتسىيە قىلغان ئەرلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدىم . ئۇلارنىڭ جۇمۇلاڭما چوققىسىنى بويسۇندۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئاجا-يىپ باتۇرلۇقى تەسۋىرلەنگەن كىتابلارنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇدۇم ، قەلبىم قاناتلىنىپ ، ئۇلار بىلەن بىللە شىزاڭ ، ئافغانىستانغا ئۇچۇپ كەتتى .

1939 - يىلى ، مەن دادامنىڭ دوستلىرى بىلەن بىللە كەشمىرنىڭ سىرىنەگەر[1] دىگەن يېرىدە تۇردۇم . شۇ يەردە ئارايىك سىپىت-ونىنى ئۇچراتتىم . شۇچاغدا ئۇ كوئىنلون تېغىنىڭ بىر قىسمى بولغان ، كىشلەر ئانچە بەك بىلمەيدىغان ئاشىر تاغ تىزمىلى-رىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتات-قانىكەن . ئۇ ، مەن ئوقۇغان جۇمۇلاڭما چوققىسىنى ئېكس-پېدىتسىيە قىلىشقا دائىر كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن قەھرى-مانلارنىڭ بىرى ئىدى . خوجايىنىمىز ئېكسپېدىتسىيە

[1] سىرىنەگەر - كەشمىر رايونىنىڭ مەركىزى .

ئەتىرىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى، جۈملىدىن بىر قانچە يۈك تو-
شۇغۇچى شىبا[1] لارنىمۇ مېھمان قىلدى، ئۇلار تۇرغان جايغا كېلىپ دالا
زىياپىتى يېدۇق. ئۇلار قىش كېلىشى بىلەنلا كىشىلەر تېخى ئېكسپېدىتـ-
سىيە قىلمىغان ھېلىقى جايغا بارىدىغان بولغاچقا، شۇ چاغلاردا ئارايىكنىڭ
ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى جىددىي ئىشلەۋاتاتتى.
شۇ ئارىلىقتا سىرىنەگەردە تۇرىدىغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ شەرپىگە نۇر-
غۇن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى. ئېگىز تاغ، كۆللەر بىر-
بىرىنى يورۇتۇپ تۇرغان بۇ گۈزەل جايدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆپلىگەن زىيا-
پەت ۋە دالا تاماقلىرىغا داخىل بولدۇق، ۋېنېتسىيىدىكىدەك ئاستى تۈز
قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ دار كۆلدە ئويىندۇق، بارا- بارا سىپتون ئىككىمىز
ئارىسىدا رومانتىك مۇھەببەت پەيدا بولدى.

ئارايىك خالىبن ئىسىملىك بىر قىز بىلەن بىللە مېنى ئۆزى بىلەن
بەش كۈنلۈك ئېكسپېدىتسىيىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ ئىشتىن تو-
لىمۇ ھەيران بولدۇم، تېخىمۇ بەك ھەيران قالغىنىم، دادامنىڭ دوستلىرى
ئېكسپېدىتسىيە خاراكتېرىدىكى بۇ سەپەر تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشىمغا
رۇخسەت قىلغانىدى. بۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئېكسپېدىتسىيىگە چىقى-
شىم ئىدى. يول خەتەرلىك بولسىمۇ، ئورمان بېگى تەكشۈرۈپ چىققان
چاغدىكىدەك راھەت ـ پاراغەت، نازۇنېمەتلەر يوق ئىدى. ئەكسىچە، بىز
تاڭ يورا ـ يورىماستىلا ئورنىمىزدىن تۇراتتۇق، كۈندۈزكى تونۇردەك
ئىسسىقتا ھېرىپ ـ ئېچىپ يول يۈرەتتۇق، ئاخشىمى گۈلخاننى چۆرىدەپ
ئولتۇرۇپ، شىبالار ئېتىپ بەرگەن تاماقنى يەيتتۇق. ئارايىك بىزگە تىك
تاغ چوققىلىرىغا چىقىشنىڭ بىرىنچى دەرسىنى ئۆتتى. تاغ ئىچىدە مەن-
زىرە تولىمۇ گۈزەل، لېكىن ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى بەك تېز ئىدى. سەپەر
جەريانىدا يېڭى ـ يېڭى نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلاندۇق ۋە
خۇشاللاندۇق، ئەمما بەكلا چارچاپ كەتتۇق. يىراقتىن جەنۇبىي كاپار-

① شىبالار ـ بۇتانلىقلار. بۇتانلىقلار ئۆزلىرىنى «شىبالار» (جۇبالار) دەپ ئاتايدۇ.
بۇتان مەدەنىيەت، دىن، ئىرق قاتارلىق جەھەتلەردە شىزاڭ بىلەن ئورتاق ئارقا كۆرۈنۈشكە
ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىتابتا شىبالار شىزاڭلىقلار ياكى زاڭزۇلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بات چوققىسى كۈمۈشتەك يالتىراپ كۆرۈنگەندە، خالىي بىلەن مەن نا-
ئىلاج ئۆيگە قايتتۇق.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ياۋروپا ئاسمىنىنى تۇمان قاپلاپ ئىك-
كىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلاندى. ئارايىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى
باشلاپ ھىندىستانغا قايتىپ كېلىپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە قاتناشتى.
ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى
قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇللۇقىغا تەيىنلەندى. بۇ ئىشتىن ئۇ ئىن-
تايىن خۇشال بولدى. قەشقەر يىراقتىكى چەت بىر جاي، سىياسىي
جەھەتتىن ئىنتايىن سەزگۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشمۇ
ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى. بۇ مەزگىلدە مەنمۇ ئەنگلىيىدە پىدائىيلار
ئەترىتىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتاتتىم، شۇڭا مەن ئارايىك
بىلەن 1942 ـ يىلى قايتا ئۇچراشتىم. ئۇ چاغدا، ئۇ قەشقەردىن ئايرىلىپ
دەم ئېلىشقا ئەنگلىيىگە كەلدى، بىز توي قىلدۇق. لېكىن، ئالدىراش ـ
تېنەش، ئاندا ـ مۇندا كۆرۈشۈپ يۈردۇق، لېكىن تۈزۈككىنە بىرگە
تۇرمۇش كەچۈرمىدۇق. 1946 ـ يىلى، ئاندىن بىز بىر يەردە بولۇپ،
تۇرمۇش لەززىتىدىن بەھرىمەن بولدۇق.

دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئارايىك ئەنگلىيىنىڭ ۋې-
نادىكى ئەلچىخانىسىدا ۋەزىپە ئۆتىدى. 1946 ـ يىلى، ئۇ توساتتىن يەنە
ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولۇپ تەيىنلەندى.
مەن يىراق، تاغلىق ئۇ رايوننى بەك ياخشى كۆرەتتىم، شۇڭا بۇ خە-
ۋەرنى ئاڭلىغان چاغدا، مېنى قەشقەرگە بېرىش سەپىرىدىنمۇ بەك خۇ-
شال قىلىدىغان ۋە ھاياجانغا سالىدىغان باشقا بىر ئىشنى خىيالىمغىمۇ
كەلتۈرەلمىدىم. لېكىن، ئۇ چاغدا بىز بىر مۈشكۈل ئىشقا يولۇقۇپ،
تاللاش مەسىلىسىدە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدۇق. ئۇ چاغدا ئوغلىمىز نى-
كولاس ئاران توققۇز ئايلىق بولغاچقا، سەپەرنىڭ خەۋپ ـ خەتەرلىرى
ۋە قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، قەشقەرنىڭ ئەڭ ئەقەللىي
تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىمۇ بولمىغان ھالىتىنى
دېمەيلا قويايلى. قاتتىق ئويلىنىش ۋە مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئوغلى-

مىزنى ئەنگلىيىدە قالدۇرۇپ ، ئىشەنچلىك بىر ئائىلىنىڭ بېقىشىغا ھاۋالە قىلىدىغان بولدۇق . ئۇ چاغدا ، شىنجاڭ ئىنتايىن بېكىنمە ، قالاق ھالەتتە بولۇپ ، بىز ئۇ يەردە تۇرغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ، باشقا دۆلەتتىن كەلگەن ئاران يەتتە نەپەر مېھماننى كۈتۈۋالغانلىقىمىزدىن ئىبارەت پاكىتنىڭ ئۆزىلا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاشقا كۇپايە قىلىدۇ . ۋەھالەنكى ، ھازىر شۇ جايدىكى جۇڭگو ساياھەتچىلەر ئىدارىسى ھەركۈنى ئاز دېگەندە 50 دەك چەت ئەللىك ساياھەتچىنى كۈتۈۋالىدۇ .

1948 ـ يىلى ، ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى بىلەن تەڭ ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىمۇ تاقالدى①. ئارايىك ئەنگلىيىنىڭ كۈنمىڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى بولۇپ جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىغا يۆتكەلدى . بۇ يۆتكىلىش بەزى يېڭى سىياسىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . كىشىلەر بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى : ھازىر ماۋزېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى كوم-پارتىيە ئارمىيىسى ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھ بىلەن جۇڭگونىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ ، شۇڭا كۈنمىڭدىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى خەۋپ ئىچىدە قېلىشى مۇمكىن . چۈنكى ، ئەگەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلسا ، ئەنگلىيە يېڭى ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلسا ، ئۇ چاغدا كوممۇنىستلارمۇ ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودىكى دىپلوماتىيە ۋەكىللىرىنىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىدۇ .

ئارايىك بۇ ۋەزىيەتنى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتىيەلەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ، كۈنمىڭگە يۆتكىلىپ ۋەزىپە ئۆتەشنى يەنە قوبۇل قىلدى . چۈنكى ، ئۇ جاينىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە يېڭى مۇھىت بىزنى شۇنچىلىك ئۆزىگە تارتتىكى ، بىز رەت قىلالمىدۇق . بۇ قېتىم ، تۆت ياشلىق ئوغلىمىز نىكولاسنى ئېلىپ كۈنمىڭغا باردۇق . كىچىك ئوغلىمىز جون 1950 ـ يىلى كۈنمىڭدا تۇغۇلدى . كۈنمىڭدا تۇرغان ۋاقتىمىز ئانچە ئۇ-

① ئاتالمىش ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان مۇستەملىكە ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ئورگان بولغانلىقى ئۈچۈن ، ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ، بۇ كونسۇلخانىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ، ئەلۋەتتە .

زۇن بولمىسىمۇ ، ئەمما بۇ جايىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدۇق . يولنى ۋاقتىـ
مىز بولسىلا ، جۇڭگونىڭ جەنۇبىنى كەڭ دائىرىدە ئايلىنىپ كۆرمەكچى
كۆنمىگدىكى تۇرمۇشىمىز خەۋپ ئاستىدا قالغان ۋە پائالىيىتىمىز چەك
لەنگەندىن كېيىن ، مەن ئەمدى بۇ يەردىن ئايرىلىدىغان بولدۇق ، بىز
ئويلىدىم . ئارايىك تاكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ كېتىش
ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغانغا قەدەر كۆنمىگدا تۇرۇشى كېرەك
ئىدى . مەن جۇڭگودىن ئۆزۈم قايتىدىغان چاغدا پاراخوتقا ئولتۇرۇپ
چاڭجياڭ دەرياسىنى بويلاپ ماڭدىم . بۇ سەپەر كۆڭۈللۈك ئەمما جاپا-
لىق ئىدى . يول بويى پاراخوتىمىزغا چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان
چەت ئەللىك دىن تارقاتقۇچىلار چىقىپ تۇردى . ئۇلار بىلەن ھەمسەپەر
بولۇشمۇ ماڭا نىسبەتەن تەسلىكتە قولغا كېلىدىغان ئاجايىپ كەچۈرمىش
بولدى . دىن تارقاتقۇچىلار ئۆزلىرى خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، ماڭا كۆپ
ياردەمدە بولدى . بۇنى مەن ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن .

ئارايىك ئەنگلىيىگە قايتقاندىن كېيىن ، بىز يەنە بۇنىڭدىن كېيىن
قانداق قىلىش كېرەك ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە قايتا ـ قايتا باش قاتۇر-
دۇق . چۈنكى ، ئارايىكنىڭ ئەنگلىيىنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق كون-
سۇللىرى ئىچىدىكى ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيلۇق ئادەم ئەمەسلىكى بىزگە
ئېنىق ئىدى . مۇشۇ پەيتتە ئارايىكنىڭ كاللىسىدا جومولاڭما چوققىسىنىڭ
سىماسى پەيدا بولدى . بەزىلەر ئۇنى بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەش-
كىللەپ ، دۇنيانىڭ بۇ بۆيۈك چوققىسىغا جەنۇب تەرەپتىن چىقىپ كۆ-
رۈشكە تەكلىپ قىلدى ، چۈنكى ئۇ چاغدا بۇ چوققىغا شىمال تەرەپتىن
چىقىش يولى ئېتىلگەنىدى . ئۇنىڭ جومولاڭما چوققىسىنىڭ جەنۇب تە-
رىپىدە ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك
بولغان بولسىمۇ ، ئۇ 1953 ـ يىلدىكى مەشھۇر جومولاڭما چوققىسىغا چى-
قىش پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا تاللانمىدى . ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق
ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ ، بۇرۇنقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ساھەگە ئال-
ماشتى ـ دە ، ئەنگلىيىنىڭ كومبېرلاند شتاتى ئېسكۆيدال چېگرىسى
سىرتىدىكى تاغقا چىقىش مەكتىپىگە مۇدىر بولدى .



www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ كۆڭلىنى زېدە قىلىدىغان يېرى شۇكى، ئاشۇ مەكتەپتىكى چاغدا ئارايىك بىلەن مەن ئايرىلىپ كەتتۇق. ئارايىك ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى «ئىنسان ئاياغ باسمىغان دۇنيا» دېگەن كىتابىدا: «باشتا، دېئانا بىلەن مەندە بىرلا ۋاقىتتا دېگۇدەك بىر خىل مېھىر - مۇھەببەت پەيدا بولغانىدى، مېنىڭچە بۇ ئۆز ئارا جەلپ قىلىش بولسا كېرەك، ئەمما ھازىر ئىككىمىز بۇ خىل جەلپكارلىقنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق» دەپ يازغان. بەلكىم ئۇنىڭ دېگىنى توغرىدۇ. ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن بىز دوستلۇقىمىزنى ساقلاپ كەلدۇق. بۇ خىل دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىز تاكى ئۇ ئۆلۈپ كەتكۈچە، يەنى 1977 - يىلغىچە داۋاملاشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىنتايىن خۇشالمەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدارمەن.

كېيىن مەن ئېگىز تاغ - چوققىلارغا، ھەتتا ئادەتتىكى تاغ باغرىلىرىغا چىقمىدىم ۋە ئاياغ باسمىدىم. ئەمما، شىنجاڭدا ئۆتكەن چاغلارنى «قەدىمي ماكان» دەپ ئاتالغان يىراق ۋە سىرلىق ئۇ جايلارنى چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىق ھېسسىيات بىلەن مەڭگۇ ئەسلەيمەن ۋە سېغىنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى باب   سەپەر ئۈستىدە ........................ 1
ئىككىنچى باب   « باش ئاغرىتىدىغان تاغ » ................ 28
ئۈچىنچى باب   قەشقەرنىڭ مەنزىرىسى ..................... 50
تۆتىنچى باب   ئوۋ ئوۋلاش ۋە ئېكسپېدىتسىيە .............. 74
بەشىنچى باب   گۈمبەز شەكىللىك ئاجايىپ تاغ ............... 96
ئالتىنچى باب   باش كونسۇلخانىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇش ...... 125
يەتتىنچى باب   خىلۋەت جىلغىدىكى ئىزدىنىش ................ 156
سەككىزىنچى باب   شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالى ۋە قەشقەر ۋەزىيىتى ...................... 187
توققۇزىنچى باب   چېگرىنى ئايلىنىپ چىقىش ................. 207
ئونىنچى باب   مۇز تاغ ئاتا ............................ 232
ئون بىرىنچى باب   داۋان ................................ 256
ئون ئىككىنچى باب   مەركەز ئۈرۈمچىگە بېرىش ............... 280
ئون ئۈچىنچى باب   قەدىمىي قەبرىدىكى « بايلىق » ............ 310
خاتىمە ........................................... 327

# بىرىنچى باب

## سەپەر ئۈستىدە

مەن ئارايىك بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى ، ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىمنىڭ كونۋېرتىغا : « قەشقەرىيە . ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسى » دېگەن ئادرېسنى يازاتتىم . ئۇ ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن ماڭىدىغان چاغدا ، مەن خەرىتىدىن قەشقەرنى تېپىپ ، بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ يىراق ، ناھايىتى چەت بىر جاي ئىكەنلىكىنى بىلدىم . ئارايىك ماڭا قەشقەرنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ خەتلەرنى يازغان بولسىمۇ ، ئەمما مەندە بۇ شەھەر ھەققىدە ئېنىق بىر تەسىرات پەيدا بولمىدى . مارك پولونىڭ ئۇ يەرگە بارغانلىقى ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بۇ جايدىن ئۆتكەنلىكى ، بۇ شەھەرنىڭ دېڭىزغا دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر شەھەرگە قارىغاندىمۇ ناھايىتى بەك يىراق ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدى . شۇنداقتىمۇ ، بۇ پارچە - پۇرات بىلىملىرىم مېنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى تېخىمۇ خىيالىي بىر تۇسكە ئىگە قىلىپ قويدى ، يەنى ماڭا بۇ شەھەر خىيالىي مەنزىرىگە تولغان ، قەدىمكى ھەم ئاجايىباتلار كەيپىياتىغا ئىگە بىر شەھەردەك تۇيۇلىدىغان بولدى .

ئادەملەردە مۇنداق بىر تەسىرات بولىدۇ : مەيلى سىز ئۇ يەردىكى كىشىلەرگە ھېسسىيات جەھەتتە قانچىلىك يېقىن بولۇڭ ، مەيلى روھىي جەھەتتە قەلبىڭىزدە سىز بىلەن ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا قانداق ئىناق ھەمنەپەسلىك پەيدا بولغان بولسۇن ، سىز ئۇ يەرگە بارمىغان ، ھەممىنى بىۋاستە ئۆز بېشىڭىزدىن كەچۈرمىگەنلا بولسىڭىز ، سىزنىڭ بۇنداق تونۇش ۋە ھېسسىياتلىرىڭىزنىڭ قىلچە قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بولمايدۇ . سىز كىشىلەرنىڭ ئۇ ناتونۇش دۆلەت ۋە ئۇ يەردىكى خەلق

ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلايسىز ، لېكىن بۇنىڭغا قارىتا سىزدە روشەن بىر كۆز قاراش پەيدا بولمايدۇ ؛ كىشلەر ئۇ يەردە چۈشكەن سۈرەتلىرى ۋە ئۇ جاينىڭ سۈرەتلىرىنى سىزگە كۆرسىتىدۇ ، ئەمما ئۇ يەرگە ئۆزىڭىز بارمىغان ، شۇ يەرلىك ئاھالە بىلەن ئۆزىڭىز بىۋاستە ئۇچراشمىغان بولغاچقا ، ئۇلارغا قانچىلىك ھەۋەس قىلىش ۋە قىزىقىشنى خالىسىڭىزمۇ ، ئەمما سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇنىڭ ھەممىسى ھېكايە ، رومانلاردىكى تەسۋىرلەردەك تۇتۇق ، يىراقتىكى بولىدۇ ، سىزگە بىۋاستە كەچۈرمىشلەردەك تۇيغۇ بەرمەيدۇ . پەقەت بىۋاستە كەچۈرمىش ۋە تەسىراتلار ، سىزدە مۇستەھكەم بىر چىنلىق تۇيغۇسى ھاسىل قىلالايدۇ .

ئارايك قەشقەردىن 1942 ـ يىلى ئايرىلدى . ئاردىن تۆت يىل ئۆتكەندە ، ئۇ قايتىدىن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولۇپ تەيىنلەندى . بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردىم . بۇ چاغدا ئارايك ۋىنادا ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتى ، ئۇنىڭ قەشقەرگە بېرىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش ، بەكمۇ تويۇقسىز كەلدى . ئارايك ۋىنادىن ئەنگلىيىگە تېلېفون بېرىپ ، ماڭا بۇ ئىشنى ئۇقتۇردى ۋە مېنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشقا تەييارلىق قىلىپ ئۈلگۈرەلەيدىغان ـ ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىمنى سورىدى . مېنىڭ بىر قارارغا كېلىشىم قىيىن ئەمەس ئىدى . تېلېفوندا ئۈچ مىنۇتلا سۆزلىشىشكە بولىدىغان ، ئاۋازلار غاراڭ ـ غۇرۇڭ ، ئېنىقسىز ئاڭلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، بىر قارارغا كېلىشىم تەسكە چۈشمىدى . تېلېفون بېرىۋاتقان پەيتتىلا ، كاللامدا تەييارلىقنى قانداق قىلىش ئۈستىدە پىلانلار تۈزۈلۈشكە باشلىدى . ئىلگىرى قەشقەر بىلەن ۋاستىلىك ئالاقەم بار بولسا ، ئەمدى ئۇ يەرگە بارىدىغان بولۇۋاتاتتىم . شۇڭا ، بۇ شەھەرنىڭ يىگانە ، بېكىنمە بولۇشى ، جۇغراپىيىۋى ئورنى ، مۇھىملىقى ، ئەمدى مەن ئۈچۈن بىر خىل جانلىق ، ھەقىقىي ، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشقا باشلىدى .

قەشقەر قەدىمىي شەھەر بولۇپ ، تارىختا ئۇ كىچىك بىر خانلىق ئىدى . ھازىر ئۇ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەر-

نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ قاقاس غەربىي قىسمىغا جايلاشقان شىنجاڭ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىن بەكمۇ يىراقتا ئىدى. شىنجاڭدىكى ئاھالە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى ئاھالە بىلەن بىر مىللەت ئەمەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى، ھۆكۈمرانلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆرپ ـ ئادىتى بار ئىدى. شىنجاڭنىڭ جۇڭگو تۈركىستان دېگەن يەنە بىر نامى بار، لېكىن بۇ نامنىڭ مەنىسى تازا ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىتابتا مەن باشتىن ـ ئاخىر نىسبەتەن زامانىۋى بولغان شىنجاڭ دېگەن نامنى ئىشلەتتىم. جۇڭگولۇقلار بۇ ئۆلكىنىڭ ئاساسلىق شەھەر ـ بازارلىرىغا يېڭىدىن خەنزۇچە ئىسىملارنى قويغان. قىياسىمچە[1]، ئۇلار خەنزۇچە قولايلىق بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. كۆپلىگەن ياۋروپالىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەنزۇچە جاي ناملىرى ئۇيغۇرچە جاي ناملىرىدەك ئۇبدان تونۇشلۇق بولمىغاچقا، مەن بۇ كىتابىمدا «شىنجاڭ» دېگەن نامنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەنزۇچە جاي ناملىرىنى پەقەت ئىشلەتمىدىم.

شىنجاڭدىكى قۇملۇقنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور، دەريالار قۇملۇققا كەلگەندە يوقىلىپ كېتىدۇ. شىنجاڭدا يەنە نۇرغۇن بوستانلىقلار، تاغلار، دەريالار بار. تەڭرىتاغ شىنجاڭنى ئىككىگە ئايرىغان. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىغا ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچى جايلاشقان؛ جەنۇبىي قىسمىغا قەشقەر ۋە تارىختا مەشھۇر يەركەن، ئۇدۇن (خوتەن)[2] دەك قەدىمىي شەھەر خانلىقلار ئورۇنلاشقان. بۇ بوستانلىقلار بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. قەشقەر بوستانلىقىنىڭ شى-

---

[1] چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، دەرۋەقە شەھەر بازارلارغا يېڭىدىن نام بېرىلگەنىدى. بۇنىڭ بەزىلىرى جايغا ئەمەس، شەھەرگە قاراپ بېرىلگەن خەنزۇچە نام. مەسىلەن، دىخۇا، لەيىنىڭ: بەزىلىرى قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ئاتاپ كەلگەن يەرلىك ناملاردىن سىرت، ئۇيغۇرلار دەۋرىدىن بۇرۇنقى قەدىمىي دۆلەت نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلە، گۇما، چەرچەن، پىچان.

[2] بۇ يەردىكى يەركەن ھازىرقى يەكەن ناھىيىسىنى؛ ئۇدۇن، ھازىرقى خوتەننى كۆرسىتىدۇ.

مال ، جەنۇب ۋە غەرب تەرىپىدە تەڭرىتاغ ، كوئىنلۇن تېغى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئىبارەت تاغلار ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرگەن بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن تاغلار - چوققىلار ئاجايىپ ھەيۋەت ۋە گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان . چەتتىن قەشقەرگە كىرىدىغان چېگرا يوللىرى ئىنتايىن خەتەرلىك ، توسالغۇلارمۇ كۆپ ئىدى .

1890 - يىلدىن بۇيان ، قەشقەردە ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەكىلى تۇرۇپ كەلدى ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئۇ يەردىكى مەنپەئىتىگە كۆز - قۇلاق بولدى . 1890 - يىلى ماكارتىي ئەپەندى ( كېيىن ئۇنىڭغا سىر گېئورگې مەرتىۋىسى بېرىلدى ) ئەنگلىيىنىڭ سودا ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن قەشقەرگە كەلدى . 1908 - يىلى قەشقەردە ئەنگلىيىنىڭ كونسۇلخانىسى قۇرۇلدى . ئىككى يىلدىن كېيىن ، بۇ كونسۇلخانا باش كونسۇلخانا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى . ئادەتتە ھىندىستاندىن قەشقەرگە كەشمىر ۋە گىلگىتتىن ئۆتۈپ ، ئاتلىق ئالتە ھەپتە يول يۈرۈپ ، ئاندىن دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى بولغان تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ باراتتى . قىش ۋە ياز كۈنلىرى پوچتا بۇيۇملىرى مۇشۇ يول بىلەن گىلگىتتىن بىر ھەپتىدە قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىغا يەتكۈزۈلەتتى . بۇ رېكورد 40 يىل مابەينىدە پەقەت بۇزۇۋېتىلمىدى ؛ 1954 - يىلى گىلگىت يولى ئېتىلگەنلىكتىن ، پوچتا ئالاقىسىمۇ مەجبۇرىي يوسۇندا ئۈزۈلدى . ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ تەۋەسىدە ئۈزلۈكسىز توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى . سارىقۇل ( تاشقورغان ) رايونىدا توپىلاڭچىلار ( قاراقچىلار ) ئۈزلۈكسىز تۈردە پوچتىكەشلەرگە ھۇجۇم قىلدى ، جۇڭگو قورغانلىرىنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە ھىندىستانغا بارىدىغان يولنى ئۈزۈپ قويدى . 1946 - يىلى ، ئايالىم بىلەن مەن قەشقەرگە بېرىشنى پىلانلاۋاتقاندا ، بۇ يول يەنىلا بىخەتەر ئەمەس ئىدى . قەشقەردىكى باش كونسۇلخانا بىلەن بولغان ئالاقە پەقەت تېلېگىراف ئارقىلىق بولۇۋاتاتتى .

ھىندىستاندىن قەشقەرگە بېرىش ، مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن ، بىر خىل تەۋەككۈلچىلىك خاراكتېرىدىكى ھەرىكەت ھېسابلىناتتى ، ۋەھالەنكى ، خەتەرلىك ئامىللار كۆپەيگەن ھازىرقى ۋاقىتتا ، بىز قەشقەرگە

قانداق قىلغاندا ، ئاندىن ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالارمىز ؟

8 ـ ئايدا ، بىز ھىندىستاننىڭ شۇ چاغدىكى پايتەختى دېھلىغا يېتىپ باردۇق ، ئەمما ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بېرىشتىكى قاتناش مەسىلىسىدە مۇكەممەل بىر چارە ـ تەدبىر تاپالمىدۇق . چۈنكى ، شۇ يىلى ھىندىستاندا قوزغالغان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ۋە ئۇزۇنغا قالماي مۇستەقىل بولۇش مۇقەررەرلىكى ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان مۇستەملىكە ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتاتتى . دېھلىنىڭ ھاۋاسى نەم ۋە ئىسسىق ئىدى . كىشىلەرنىڭ قەلبى تەۋرىنىشتە ، ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن ، ئىستىقبال قاراڭغۇ بولۇشتەك بۇنداق ئەھۋالدا ، بىز يولۇققان قىيىن مەسىلىگە قىزىقىدىغان ۋە باش قاتۇرىدىغان بىرەرمۇ ئادەم يوق ئىدى . بىز تۆرلۈك پىلانلارنى ئويلاشتۇق : جۇڭگودىن « داكوتا » ناملىق ئايروپىلاننى ئىجارىگە ئالساق ، ئۇ ئايروپىلان بىزنى قەشقەرگە ئاپىرىپ قويالارمۇ ؟ ياكى بىز ئاپتوموبىل بىلەن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۆزلەڭلىك رايونىدىن ئۆتۈپ غەربتىكى چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ شىنجاڭغا بارساق بولارمۇ ؟ ياكى بولمىسا جۇڭگونىڭ ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانى بىلەن چوڭچىڭدىن ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە ، ئاندىن جۇڭگونىڭ ئۆتەڭ يوللىرى بىلەن مېڭىپ قەشقەرگە بارساق قانداق بولار ؟ لېكىن ، بۇنداق ئايروپىلانلار بارمۇ ـ يوق ، بىز ئۇنىڭغا ئولتۇرالامدۇق ـ ئولتۇرالامدۇق ، دېگەن مەسىلىلەرگە ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيتتۇق . لېكىن ، ئاخىردا بۇ پىلانلاردىن ۋاز كېچىپ ، مېڭىش قىيىن بولغان قەدىمىي سودا يولى بىلەن مېڭىپ ، لاداق ئارقىلىق قاراقورۇم تېغى ئېغىزىدىن ئۆتۈشتەك ئەڭ قەدىمىي ، ئەڭ ئەنئەنىۋى بىر لايىھەگە چىڭ يېپىشتۇق .

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دۇنيادىكى ئىپتىدائىي ئالاھىدىلىككە ئىگە جايلارغا بېرىشتىن ئۆزلۈكسىز تۆردە « قېچىۋاتقان » لىقى ئۈچۈن ، « ماشىنىلاشقان دەۋر » دىن قېچىش ئارزۇسى ھەققىدە ئاز ـ تولا بىر نەرسە يېزىشنىڭ بۆلەكچە بىر يېڭى ، ئاجايىپ يېرى يوق . كىشىلەرنىڭ ۋېلىسىپىت مىنىپ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ يەنە ياۋ-

روپاغا قايتىپ كېلىشى، يەلكەنلىك ياغاچ كېمىلەر بىلەن دۇنياي ئەزىيالدرىدا يۇرۇشى بەلكىم يېڭىلىق ئىزدەش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

هازىر دۇنيا مەنىسىز ھەم ھەممە ئىش بىر خىلدا بولۇپ كەتتى. شۇڭا، شېئىرىي تۇسكە ئىگە يېڭى بىر دۇنيانى ئىزدەپ تېپىش بارغانسېرى قىيىنلاشتى. بىزنىڭ بىرەر نەرسە ئىزدەش نىيىتىمىز يوق، پەقەت ئىشلارنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، مۇشۇنداق بىر ئېكسپېدىتسىيىگە مەجبۇر بولۇپ، قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان كىشىلەر ماڭغان ۋە مېڭىپ كېلىۋاتقان، دۇنيا بويىچە ئەڭ مەشھۇر، تارىختىكى ئەڭ ئۇزۇن بىر سودا يولىدا مېڭىشقا ئىرادە تىكلىشىمىز، ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ كۆرسىتىش، شۇنداقلا دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان بىرەر نەرسە يېزىش ئۈچۈن ئەمەس. بىز باشقىچە تاللاشقا ئامالسىز قالغانلىقىمىز، يەنى ھاياتلىقتىكى بۇ چەكلەنگەن رايونغا بىزنى ئاپىرىدىغان ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، ھەتتا جىپ ماشىنىسىمۇ يوق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىنسانلار بۇ سودا يولىدا ماڭغانغا ئوخشاش، ئۇلاغلارغا تايىنىپ مېڭىپ، قەشقەرگە بارماقچى بولدۇق، خالاس.

تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 25 ـ يىللىرى ياشىغان جۇڭگولۇق بىر يازغۇچى، جۇڭگودىن كەشمىرگە بارغۇچە يول ئۈستىدە ئۇچرىغان تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەپ: «سىز كىشىلەر باش ئاغرىتىدىغان تاغ دەپ ئاتايدىغان ناھايىتى ئېگىز، ھەيۋەتلىك تاغدىن ئۆتۈشىڭىز كېرەك. ئۇ تاغ ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، قىزىتىپ، ياندۇرغۇزۇپ، بىئارام قىلىۋېتىدىكەن. ئارقىدىن ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز چاقىرىم، كەڭلىكى ئاران ئىككى چى كېلىدىغان چىغىر يول بىلەن ئاسمان پەلەك قىيالاردىن ئۆتۈشىڭىز لازىم. بۇ يولدا سەللا پەخەس بولمىسىڭىز، تېگىنى كۆرگىلى بولماي-

دىغان چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىسىز » [1] دەپ يازغان . ئەل-ۋەتتە ، بۇ يەردە تەسۋىرلەنگىنى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ يولى ، دەپ چۈ-شەندۈرۈشكە ئاساسىمىز يوق . لېكىن ، بۇ ئەتراپتىكى تاغ ـ چوققىلار-نىڭ ئەھۋالى مۇشۇ تەسۋىردىكىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ . تۇنجى تۈركۈم ئېكسپېدىتسىيىچى پەسرەك بىر تاغ ئېغىزىنى بايقىغان ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈش تىك قىيا ۋە تاغدىن ئۆتۈشكە قارىغاندا ئاسانراق بولغان بولسا ، كېيىنكىلەر ئۇلار ماڭغان يول بىلەن مېڭىپ ، ئۇلارنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان يېڭى بىر يولنى ئاچىدۇ . ھېلىقى جۇڭگولۇق يازغۇچىنىڭ يازغىنى ئېھتىمال ، بۇگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەر مېڭىپ كېلىۋاتقان مۇشۇ قەدىمىي يول بولسا كېرەك . چۈنكى ، شۇنىسى ئېنىقكى ، تەخمىنەن مىلادى 950 ـ يىللىرى بەزى كىشىلەر لاداق ئارقىلىق ھىندىستان ، يەكەن ۋە قەشقەر ئارىلىقىدا سودا قىلغان .

كىشىلەر سودا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، پۇل تېپىپ جان بېقىش ئۈچۈن ، ئىنتايىن سەۋرچان ، قەيسەر ، ئىرادىلىك ۋە ئاجايىپ جاسارەتلىك بولغان . بۇ نەقەدەر قالتىس ئىش ـ ھە ! بۇ يوللاردا دەس-لەپ قىلىپ ماڭغان ، تاغ ـ داۋانلار ئاشقان ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ، جەز-مەن چەكسىز جاسارەتكە ئىگە ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ خىل جاسارىتىگە ۋارىسلىق قىلىشى ، سەپەر ئۈستىدە يولۇققان تۈرلۈك ـ تۈمەن قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۇلاتلار ئالدىدا بەلنى چىڭ باغلاپ ، باتۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىشى لازىم . مەن بۇ يول-نىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئېنىق ماتېرىيال تاپالمىدىم ، ئەمما بۇ يوللاردا دېڭىز سودا لىنىيىسى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ، يىپەك يولى ھەققى-دىكى رىۋايەتلەرگە ئوخشاش ، تەۋەككۈلچىلىك ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ

---

[1] بۇ سۆز « خەننامە . غەربىي يۇرتلا تەزكىرىسى » دىن ئېلىنغان ، لېكىن ئەسلى ئە-سەردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ . « خەننامە » دە ئېيتىلىشىچە ، بۇ سۆزنى خەن چېڭدى دەۋرىدىكى ۋەزىر دۇچىن ئۇلۇغ سانغۇن ۋاڭ فېڭغا ئېيتقان . چېڭدى خان مىلادىدىن بۇرۇنقى 32 ـ يىلدىن 7 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان . « باش ئاغرىتىدىغان تاغ » خەن دەۋرىدە كەشمىرگە بېرىشتىكى بىردىنبىر يول ، ئەمما كونكرېت نەنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس .

www.uyghurkitap.com

ئىشلار ھەققىدىكى نۇرغۇن ھېكايىلەر توقۇلغان بولۇشى ئېنىق. ئەمما، ياۋروپا سودىسىغا بۇ يولنىڭ ھېچقانداق تەسىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، غەربتە بۇ يول كىشىلەرنىڭ ھېچقانچە دىققىتىنى قوزغىمىغان.

مەن مۇشۇنداق بىر يولدا سەپەر قىلىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، خۇددى ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى قوغلىشىپ تارىخنىڭ ۋاقىت ۋە ماكان ئارىسىغا قايتىپ، ئۇزاق قەدىمكى زامانغا سەپەر قىلىدىغاندەك، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. بىز دارجېلىڭدىن ①كېلىدىغان شىبا خىزمەتكارىمىز گېيالگېننى ساقلاپ دېھلىدا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق. ئارايىك جۇمۇلاڭما چوققىسىغا چىققاندا ۋە باشقا ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغاندا، ئۇ ساداقەتمەنلىك بىلەن ئارايىكقا ھامال بولغان. ھازىرمۇ بىزنىڭ يېقىن خىزمەتكارىمىز بولۇپ ياللىنىپ، بىز بىلەن قەشقەرگە بېرىشقا ماقۇل بولغانىدى. ئۇ چاغدا كالكۇتتادىكى مالىمانچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، ۋەزىيەت ناھايىتى بەك يامانلاشقان، ئىش يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، گېيالگېندىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىغاچقا، بىز ئەندىشىگە چۈشتۇق. ئەمما، شىزاڭدىن كەلگەن بۇ شىبالىقلار ۋىجىك، پاكىنەك، بەزىدە ئادەمنى تەگلىككە سېلىپ قويىدىغان بولسىمۇ، ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئىشەنگىلى بولاتتى. بەش كۈن ئۆتكەندە، گېيالگېن ئاخىر دېھلىدىكى بىز تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى قاپقارا، قاسماق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان بوم ئاۋازدا، بىزگە يولدا چەككەن رىيازەتلىرىنى خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك بىر تەرزدە سۆزلەپ بەردى. سۆزلەۋېتىپ، ھاياجاندا بىر بوم ئاۋاز ئىككى بولۇپ كەتتى.

ئاڭلىماققا، ئۇنىڭ تەسىرلىك بايانلىرى بەئەينى بىر تەۋەككۇلچىلىك كەچۈرمىشىگە ئوخشايتتى. يولدا ئۇ بىر پويىزغا سەكرەپ چىقىۋاپتۇ، كېيىن يەنە سەكرەپ چۈشۈۋېلىپ، باشقا پويىزغا چىقىپتۇ.

---

① جېلىڭ — ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى يېقىن قوشنىسى سىككىم، بۇتاننىڭ تارىخي مەشھۇر شەھىرى.

بەزى « ئۇششاق ئاۋارىگەرچىلىك » تىن قېچىپ ، ئۇ يۇك ۋاگونىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ . مالىمانچىلىققا قاتناشقان ھىندىستانلىقلارغا ئۇچراپ قالغان چاغلىرىدا ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ زاڭزۇ ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ كۆرىشىگە پەقەتمۇ قىزىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ ؛ ئۇ يەنە قاۋۇل ، بەستلىك مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچ ، توقماق كۆتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى ، كىچىك ئەمما ناھايىتى ئۆتكۈر خەنجەر تۇتقان ھىندىلارنىڭ ئۇلارغا كەينىدىن قوغلاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ . گېيالگېنىنىڭ بىزنى تاپالىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇپ ، كۆڭلىمىز جايىغا چۈشتى . خۇداغا شۈكۈر ، ئەمدى يولغا چىقالايدىغان بولدۇق . بىز بىلەن يەنە ئارايىكىنىڭ كونا خىزمەتكارى ئامىر ئالى ئىسىملىك خۇنزا[1] لىقمۇ بىللە باراتتى . ئۇ نەلەردىن پەيدا بولدى بىلمىدىم ، كەلگەندىكى تۇرقى ، يەرلىك خىزمەتكارلارغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى . شۇنداق قىلىپ بىز يولغا چىقتۇق ، ھاۋاسى ياخشى كەشمىرگە قاراپ يول ئالدۇق .

ھىندىستاندىكى بارلىق رايونلار ئىچىدە ، كەشمىر ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەممىدىن كۆپ . ئەمما ، كەشمىرنى زىيارەت قىلغان ھەربىر ئادەمنىڭ كەشمىر ھەققىدىكى كۆز قارىشى بىر ـ بىرىگە پەقەتمۇ ئوخشىمايدۇ ، شۇڭا ئۇ كىتابلاردا بۇ رايون ھەر كىمنىڭ تەسىراتىغا ئاساسەن ناھايىتى جانلىق ۋە تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن . بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا ، كەشمىرنىڭ مەركىزى سىرىنەگەر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە . چۈنكى ، مەن يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا ئارايىك بىلەن تۇنجى قېتىم مۇشۇ يەردە ئۇچراشقانىدىم . بۇ قېتىم يەنە ئاستى تۈز قولۋاققا ئولتۇرۇپ بىپايان دار كۆلىدە ئۈزۈپ ئوينىدىم . دار كۆلى بىلەن ئۇنىڭ تارماق دەريالىرىدا قولۋاق ـ كېمىلەر موكىدەك ئۈيايقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى . بىز تۈپتۈز سۇۋادان تېرەكلەرنى قايتا كۆرۈپ ، كۆل يۈزىدە لەرزان ئۇسۇلغا

---

[1] خۇنزالىق ، يەنى كەشمىرلىك . تاشقورغان بىلەن گىلگىت ئارىلىقىدىكى خۇنزا دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان . خۇنزا ئەسلى كەشمىردىكى كىچىك بىر خانلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ باشلىقى 1891 ـ يىلى ئەنگلىيىگە مەجبۇرىي بويسۇنغان ، شۇڭا خۇنزا ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى رايونىغا ئايلانغان .

چۈشكەن گۈللەر ۋە نىلۇپەر يوپۇرماقلىرىنىڭ جىلۋىلىك ئەركىلىتىشلىرى ئارىسىدا ئۇچۇپ ئويناپ، ھەيۋەتلىك تاغلار بىلەن گۈزەل كۆلنىڭ بىر - بىرىنى يورۇتۇپ، بىر - بىرىنىڭ باغرىغا سىڭىپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئاجايىپ سېھىرلىك ۋە كۆركەم مەنزىلىرىگە مەپتۇن بولۇپ تولىمۇ ئېچىلىپ - يايرىدۇق ۋە خۇشاللىقىمىز ئىچىمىزگە پاتماي قالدى. بۇ قېتىم بىز بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلگەن ئادەتتىكى ساياھەتچىلەرگە ئوخشاش، ئۆي ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بىر كېمىنى ئىجارە ئالدۇق. كېمىدە يېمەك - ئىچمەك، ياتىدىغان ئورۇن، بىر خىزمەتكار ۋە باشقا بارلىق لازىمەتلىك تەييار ئىدى. ئۇ كېمە قىرغاققا يېقىن جايدىكى فرانسىيە ئارچىلىرى تۈۋىدە توختىتىلغلىق بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر چېتىدە دار دەرياسى شارقىراپ ۋە دولقۇنلاپ ئېقىۋاتاتتى.

سىرىنەگەردىكى بىر ھەپتە ۋاقىت ناھايىتى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتتى. كىچىككىنە ھۇجرام ئېلىپ ماڭىدىغان نەرسىلەر بىلەن تولغىنىدى. بۇلارنى چامادانلارغا قاچىلاپ ۋە ئوراپ تېڭىپ ئېلىپ ماڭغىلى بولمىغانلىقتىن، بىز ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇشقا چىدامىلىق، يېشىپ - تېڭىشقا ئاسان، ئۇزۇن سەپەردە پۇچۇلۇپ، كېسىلىپ كەتمەيدىغان بىرەر ساندۇقتەك نەرسە تاپمساق بولمايتتى. شۇڭا، بىز سىرىنەگەر بازارلىرىدا ئەرزان قەلەي ساندۇقلارنى ئېلىپ نەرسىلەرنى شۇنىڭغا قاچىلىدۇق. لېكىن، ئۇمۇ ئۇزۇن چىدىمىدى. لېھقا[①]بارغاندا ماكچىيىپ ھېچنېمىسى قالمىدى. كېيىن بىز تېرىدە ياسالغان بىرخىل ساندۇق ئالدۇق. ناھايىتى يوغان ۋە بەك پۇختا بۇنداق ساندۇقلارنى يەرلىك كىشىلەر «قوتاز سومكىسى» دەيدىكەن. بۇ قوتاز سومكىسى دەرۋەقە قەشقەرگە بارغۇچە چىدىدى. بىز يەنە نەرسىلەرگە ئۇرۇلسا ھېچنېمە بولمايدىغان تېرە سومكىلارنىمۇ سېتىۋالدۇق.

قىرغاقتا بىزنى نەرسە - كېرەك ساتىدىغانلار ئورۇۋالدى. ئارايىك

---

① لېھ — كەشمىردىكى ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ، شىزاڭ ئۆلكىلىرىگە يېقىن قەدىمىي شەھەر. تارىخى ۋە مەدەنىيىتى شىزاڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بـىلەن مەن بارلىق ئىشنى بىر يولىلا مۇۋاپىق ئورۇنداشقا تىرىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل تىزىملىكلىرىنى ئىنچىكىلەپ مۇزاكىرىلەشتۇق. بىر مۇزدۇز چۆرىسىگە يۇڭ قويۇپ تىككەن ئۆتۈكنى كىيىپ بېقىشىمىزنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى؛ بىز يەنە نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى توشۇپ بەرمەكچى بولغان بىر ئادەم بىلەن ئۇنى قانداق توشۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتۇق. ناھايىتى سالاپەتلىك بىر مۆتىۋەر، بىزگە سەپەرنىڭلارنى پەقەت چاتاق چىقمايدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىمەن، دەپ يېنىمىزدا پىرقىراپ كەتتى. ئۇ مۇلايىم، تەكەللۇپچى، سالاپەتلىك ئىدى. ئەمما، ئۇنى ئىگەر ئەكىلىشكە بۇيرۇۋىدۇق، بۇ تەكەللۇپچى مۆتىۋەر قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى.

يـولغا چىقىش ئۈچۈن، يولدا يەيدىغان ـ ئىچىدىغانلىڭ غېمىنى قـىلىش، گېيالگېن بىلەن ئامىر ئالىغا قىشلىق كىيىملەرنى سېتىۋالىش، پۇت قاپىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىشنى ئويلىشىش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كىرىشنى ئاتقان ئارتىپ مېڭىشنىڭ ئەك بىخەتەر چارىلىرىنىمۇ سەل قاراشقا بولمايتتى. ئىشلارنى بەك «ئاددىي» قـىلىپ قويۇشتىن «ساقلىنىش» ئۈچۈن، ئارايىك قەشقەرگە بارغاندا قـىش كۈنلىرى ئۇۋغا ئىشلىتىمەن، دەپ بىر ئىت ئېلىۋېلىش قارارىغا كـەلدى ـ دە، ئىككى ئايلىق بىر ئوۋ ئىتى (تايغان) سېتىۋالدى. يەنە ئىتنى باغلاپ مېڭىشقا بىر چەمبىرەك، ئارغامچا، بىر سۆۋەت ھەمدە ئىتقا ئوزۇقـلۇق سېتىۋالدۇق. ھەتتا يولدا ئىت ئاغرىپ قالغۇدەك بولسا ئىشلەتمەكچى بولۇپ، بىر قۇتا پارافىن (موم) دورا سۇيۇقلۇقى ئېلىۋالدۇق.

ھەر قانچە ئالدىراش بولساقمۇ، قىيىق بىلەن كېيىمىز يېنىغا كېلىۋالىدىغان ساتارمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلەتتى. ئۇلار خۇشامەتكۈيلۇق بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن، ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كاندەك چاپلىشىۋالاتتى. پوزىتسىيىسى قوپال ئەمەس، ئەكسىچە ناھايىتى سەۋرچان بولۇپ، خۇددى ئۈنۈپ چىققاندەك تـوۇيۇقسىز پەيدا بولاتتى، ئىسسىققا چىدىيالماي، ئارام ئالايلى، دەپ

ئەمدى ئولتۇرغان ياكى جىق يوق ـ تاقىلىرىمىزغا قاراپ غەمكە چۆككەن ۋەياكى سەپەر پىلانىمىز ۋە كۆنلەر ئۈستىدە تازا بېرىلىپ مۇزاكىرىلەشىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا دېرىزىدىن بىر ئادەم كۆرۈنۈپ، ياغاچ يىلپۆگۆچ تەڭلەيتتى ياكى گۈل تىكىلگەن كالتە ئىشتانلارنى پۇلاڭلىتاتتى.

سىرىنەگەردە كۆپ ساندىكى كىشىلەر كەشمىرگە ساياھەتكە كەلگەن ساياھەتچىلەرگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار ساياھەتچىلەرگە كېرەكلىك جىمى نەرسىنى تەل قىلىپ بېرەتتى، مەسىلەن، تاغقا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاشنى ئورۇنلاشتۇراتتى؛ ياش، گۈزەل قىزلار بىلەن بىرەر كېچە كۆڭۈل ئېچىشنى خالىسىڭىز، ئۇمۇ تەييار بولاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى سېتىپ بېرەتتى. كەشمىرلىكلەر قول ـ ھۈنەر سەنئىتىگە ئىنتايىن ئۇستا بولۇپ، ياۋروپالىقلاردىن ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئالىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، يولۇچىلار، ساياھەتچىلەرگە ھەر تۈرلۈك ياغاچ كېمە، توقۇلما بۇيۇملار، يىپەك ئۈچ كىيىملەر، خىلمۇخىل قەغەز ۋە ياغاچتا ياسالغان بۇيۇملارنى ساتاتتى. بۇ نەرسىلەر شۇنچىلىك كۆپكى، كۆزلەر ئالىچەكمەن بولۇپ كېتەتتى. بۇ ئادەملەر پاراخوت ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ سودا قىلاتتى. ساتىدىغان ماللىرى ئادەمنى تولىمۇ ئۆزىگە تارتاتتى. بىزنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلىرىمىز ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ بىر ئۈچۈن، كۆپلەپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالىدىغان چاغ ۋە خاتىرە بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدىغان جاي ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنى ئىمكانقەدەر چىرايلىقچە رەت قىلاتتۇق. ئەمما، ئۇلار كېمە، قېيىقلار بىلەن ئەتراپىمىزدا سەۋرچانلىق بىلەن ئۈزۈپ يۈرەتتى. بىز ئاچچىقىمىز كېلىپ قوغلاپ ۋارقىرىغان، بىرەر سائەت ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىغان چاغدا، ئاندىن ئاستا كېتىپ قالاتتى.

بىز ئىككىنچى قەدەمدىكى سەپىرىمىزنى تېزراق باشلاشقا تەقەززا ئىدۇق. تەييارلىق ئىشلىرى بەك جاپالىق بولسىمۇ، يەنىلا ئادەمنى خۇشال قىلاتتى، لېكىن تۇرۇپلا ئادەم ھەممىدىن بىزار بولۇپ كېتەتتى. چۈنكى، قىلىشقا تېگىشلىك پارچە ـ پۇرات ئىشلار چىقىپلا تۇراتتى.

قانچە كۆپ، ئەتراپلىق ئۆيلىغانسېرى، ئىشلا شۇنچىلىك مۇرەككەپلىشىپ كېتەتتى. يول ئۈستىدە ئۆزىڭىز تەييارلىغان نەرسىلەر بىلەن ھەرخىل ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، بىرەر نېمىنى ئۇنتۇپ قالسىڭىز، شۇنىڭ دەردىنى تارتاتتىڭىز. سىرنەگەردىكى ئەڭ ئاخىرقى كېچە نۇرغۇن ئىشلارنى، دوست - يارەنلەر، كىنوخانا، ئائىلىدىكىلەر بىلەن تېزلا ئالاقە قىلىش، گېزىت، ئېلېكتر چىراغ قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقىمىزدىن بەكمۇ كۆڭلىمىز يېرىم بولدى. بەزى نەرسىلەر ئانچە مۇھىم بولمىغىنى بىلەن ئۇلارغا ئەمدى ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلىساق، ئۇلار ئادەمگە ئوخشاشلا مۇھىمدەك بىلىنەتتى.

ئادەملەر يىراق، قاقاس جايلارغا «قېچىپ بېرىش» قا قانچىلىك ئىنتىلىسىمۇ، ئەركىنرەك، يەڭگىلرەك بولۇشنى نەزەردە تۇتقاندا، كىچىك ياكى چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلەتتى. لېكىن، بۇنداق قىلىش تەسكە چۈشەتتى.

كارۋان تەييار بولدى، 2 - سېنتەبىر بىز يولغا چىقتۇق.

يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تاغ يولىدا پۈتلىرىمىز قاپىرىپ كەتتى، يەنە كېلىپ قورسىقىم ئاغرىپ بىردىنلا ئاجىزلاپ كەتتىم - دە، روھسىم چۈشۈپ، كەييىم ئۇچتى! شۇڭا بىز گۈزەل مەنزىرىلىك سوناماگو جىلغىسىدا ئىككى كۈن تۇرۇپ، تاغ يولىدا مېڭىشقا ئاستا - ئاستا ماسلىشىش قارارىغا كەلدۇق.

بىرىنچى كۈنى، بىز ياپيېشىل پاياندار سېلىنغاندەك تاغ باغرى بىلەن تاغقا قاراپ ماڭدۇق. بولۇق ئۆسكەن قارىغايزارلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاشلىق، ناھايىتى قاقاس كىچىك بىر جىلغىغا كەلدۇق. بۇ يەردىن باشلاپ قار، مۇز بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدۇق. بىز بىر قار كۆۋرۈككە يېقىنلاشتۇق، ئارايىك قار كۆۋرۈككە چىقىپ يېرىمىدىن ئۆتۈپ بولغاندا، تۇساتتىن گۈلدۈر - غاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قار كۆۋرۈك ۋە ئارايىك دەرياغا چۈشۈپ غايىب بولدى. مەن قورقۇش ۋە ئەندىشە بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ قارسام، بىر چاغدا ئارايىك دەريانىڭ ئوتتۇرى-

سىدىكى قار قاپلىغان كىچىككىنە ئارالچاقتا پەيدا بولدى . شۇنىڭدىن كې- يىن ، ھەر قانداق بىر قار كۆۋرۈككە ئىشەنمەس بولدۇم . كەچكە يېقىن خۇددى چېلەكلەپ سۇ تۆكۈلگەندەك ، تۇيۇقسىز شارقىراپ قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى . سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك ھۆل بولۇپ ۋە توڭلاپ جاندىن جاق تويدۇق . لېكىن ، يەنە بىر ھېسابتا بۇ بىزگە ناھايىتى ئۆ- نۈملۈك « ماسلىشىش » ھەرىكىتى بولدى . بىز مۈدۈرۈپ ـ چوقۇرۇپ قونالغۇغا قايتىپ كەلدۇق . ئاسمان يەلەك تاغلار ئارىسىدا تۇرغانلىقىمىز- دىن خۇشال بولدۇق . يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلدى ، سەپەردە ياققان تۈنجى گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئىسسىندۇق ۋە ئارام ئالدۇق . كې- چىسى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ قارىغاي تۈۋىدە ياتتۇق .

2 ـ سېنتەبىر ، بىز يەنە يول باشلايدىغان ۋە ئاتلارنى ھەيدەيدى- غان تۈنجى تۈركۈم كارۋانچىلار بىلەن كۆرۈشتۇق . بۇلارنىڭ باشلىقى سىياقىدىكى بىرى پادىشاھلىق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كونا ھەربىي كىيىمىنى كىيىۋالغان بولۇپ ، ناھايىتى گەپچى ئادەم ئىكەن . ئۇلار يۈك ـ تاقلارنى ئاتلارغا ئارتىشقا ئەپلىك ۋە ئۆلچەملىك قىلىپ ئايرىدى . ھەر بىر ئاتقا 80 قاداقتىن يۈك ئارتىلىدىغان بولدى . ئۇلارنىڭ نىيىتى يۈك ئارتىلىدىغان ئاتلارنى كۆپەيتىش ئىدى ، لېكىن بۇ نىيىتى ئىشقا ئاشمىدى . چۈنكى ، بىز ئەدەپلىك بىلەن ئادەتتە ئاتلارغا 100 قاداقتىن يۈك ئارتىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتۇق . ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئەدەپلىك ھالدا پىكرىمىزگە قوشۇلدى ، پەقەتمۇ ئاچچىقلانمىدى ۋە ئاغرىنمىدى . بىز ئۈچ بۆلەك يولنى تۈگى- تىپ ، ئىش ھەققىنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن ، كونا ھەربىيچە كىيىم كىيگەن ئادەم بىلەن باشقىلار قاتتىق جېدەللىشىپ كەتتى .

بىز مەلۇم ئارىلىقتا بىر نۆۋەت كارۋانچىلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرات- تۇق . بۇنداق بولغاندا ، ئۇلار ئائىلىسىدىن بەك يىراقلاپ كەتمەيتتى ھەمدە كارۋان ئۆتىدىغان يولدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ قالايمىقان- چىلىق كۆرۈلمەيتتى . ھەر كۈنى بۇ كىشىلەر يېڭىكرەك يۈكلەرنى تالى- شىپ كېتىشەتتى . بۇنداق چاغلاردا بىز ئۇلارنىڭ جېدەللىرىگە ئارىلاش- ماي ئالدىراپ مېڭىپ كېتەتتۇق . سېتىۋالغان ھېلىقى كۈچۈكىمىزنى

سىپۇەتكە سىلىنىۋالغانىدۇق ، ھەر قېتىم كارۋان بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەندە ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالاتتى ، كۆپ ۋاقىتلاردا سىپۇەتتە ئۇخلايتتى . بەزىدە ئۇ ئارتىلغان ئات مۇدۇرۇپ ياكى سوقۇلۇپ ئۇنى يەرگە ئېتىۋەتكەن چاغلاردىمۇ ، ئۇ بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمەيتتى ۋە ئىسرەن قىلمايتتى . قارىغاندا ئۇ بۇ خىل ئۆزگىچە ، تەۋرىنىپلا ئۆتىدىغان تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغاندەك ئىدى . ئۇ ئىتنى ئالىدىغان چاغدا ، ساتقۇچىلار بىزگە ئىتنى ئۇزۇن ۋاقىت ماڭغۇزمىساڭلارلا ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمايدۇ ، دەپ كاپالەت بەرگەنىدى . بەزىدە ، ئىت پۈتۈن يولنى ئات ئۈستىدە تۈگىتىدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالاتتىم ، لېكىن ئۇنىڭ سەپىرىمۇ بەك مۈشكۈل بولدى .

لېھقا بېرىش ئۈچۈن ئىككى ھەپتە كېتەتتى . بىز يولغا چىقتۇق . يول بويى نۇرغۇن ئېغىزدىن ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلەتتى ، بىرىنچى ئېغىز زويىرا ئېغىزى ئىدى . ئۇ دېڭىز يۈزىدىن ئاران 11 مىڭ 500 ئىنگلىزچىسى ئېگىز بولسىمۇ ، قىش ۋە باھار پەسلىدە دائىم قار كۆچۈش بولۇپ تۇرغاچقا ، يامان نامى چىقىپ كەتكەنىدى . سىنتەبىردە بىز سىرىنەگەردىن يولغا چىققاندا ، ھاۋا ئىسسىق ، تاغ باغرىلىرى ياپيېشىلچىلىق ئىدى ، لېكىن زويىرا ئەتراپىغا كەلگەندە قارىساق ، يوللار خەتەرلىك ، قاقاس ، گىياھ يوق ئىكەن . مۇزلۇق دەريالار ، ئادىمىزاتسىز بۇ جاي ئادەمنى شۈركۈندۈرەتتى ، سوغۇقمۇ جاندىن ئۆتەتتى . ئېغىزغا يېتىپ كەلگەن كۈنى ، گويا بۇ يەر بىزنى يامان كۆرگەندەك قۇياش چىرايىنى كۆرسەتمىدى ، سوغۇق شاماللا چىقاتتى .

ئاستا ـ ئاستا ئېغىزدىن چىقىۋاتاتتۇق ، ئالدىمىزدىكى تاغ باغرىدىن ئېرىپ قالغان قوزىنىڭ مىسكىن مەرىشى ئاڭلاندى . گېيالگېن ئۇنى چارۋىچىلاردىن كالا سۈتىگە تېگىشىۋېلىش ئويى بىلەن قۇتقۇزۇۋالدى . لېكىن ، ئۇلار ئۇنى ئىمتىنىپ باقىدىغان ساغلىق قويى يوق بولغاچقا ، ئېپقېلىشنى خالىمىدى . مەن ئۇنى سۈت ۋە سېرىق ماي بېرىپ باقماقچى بولۇۋىدىم ، بۇ نەرسىلەرنى يېگىلى ئۇنىمىدى . زويىرا ئېغىزىدىن ئۆتۈپ بولغاندا ، ئاندىن ئۇنى ، ساغلىق قويلارغا قوشۇپ قويۇشنى خالايدىغان

ئىككى بالىغا بېرىئۆەتتۇق .

بىز بالتىستان دەيدىغان بەكمۇ قۇرغاق ، قاقاس بىر جايغا كەلـ
دۇق ، ھەممىلا جاي يوغان تاشلىق تاغ باغرى بولۇپ ، تىك قىيالار ۋە
مۇزلۇقلار باش ئۈستىمىزدىلا تۇراتتى . بىزنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرغان ۋە
تاسادىپىي تۇيغۇغا كەلتۈرگىنى شۇ بولدىكى ، يالىڭاچ جىلغىدا خۇددى
ئەرش ئىشچىلىرى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ياساپ قويغاندەك ناھايىتى
رەتلىك سۇغۇرۇش ئۆستەڭلىرى تاغ باغرىدىن ئېقىپ چۈشەتتى .ئاستى
تەرەپتە بولسا ، پەلەمپەي شەكىللىك ئېتىزلار بار ئىدى .

بىز بۇرۇنقىغا پەقەت ئوخشمايدىغان ، سۇدىن ئەسەرمۇ يوق بىر
ئۆستەڭ ئىچى بىلەن 12 ئىنگلىز چاقىرىم يول ماڭدۇق . بىز بۇ ئۆستەڭـ
نىڭ نىمە ئۈچۈن ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرگەنـ
دۇق ، كىشىلەر بۇ ئۆستەڭنى قازغۇچىلار ھەققىدە ئېچىنىشلىق بىر ھېكاـ
يىنى سۆزلەپ بەردى : بۇرۇنقى زاماندا ، كىشىلەر بۇ ئۆستەڭنى توپتوغرا
ئۈچ يىل جاپالىق ئىشلەپ پۈتتۈرۈپتۇ ، سۇ باشلايدىغان چاغدا قارىسا ،
ئۇلار يانتۇلۇقنى خاتا ھېسابلاپ قويغانلىقىنى بايقاپتۇ . دېمەك ، ئۇلارنىڭ
ئەجرى پۈتۈنلەي بىكار كېتىپتۇ ! يامغۇر ياغمايدىغان رايونلاردا سۇغـ
ىرىش ئىشى بىر مەسىلە بولۇپ ، مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان
سۇلارنى قەيەرگە باشلاپ كېلەلىسە ، شۇ يەرگە زىرائەت تېرىپ ھوسۇل
ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى . ھازىر زىرائەتلەر راسا پىشقان ، دەـ
رەخلەردە ئالما قاتارلىق مېۋىلەر مەي باغلاپ ، شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي
قالغان ئالتۇن چاغ ئىدى . بۇ يەرنىڭ سالقىن ھاۋاسى جانغا ھۇزۇر بېـ
غىشلايتتى ، شۇڭا ئېگىز تاقىر تاغلارغا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ
تۇراتتى .

بىر مەزگىل سەپىرىمىز ئاجايىپ ـ غارايىپ ، قورقۇنچلۇق كەـ
چۈرمىشلەردىن خالىي ، تىنچ بولدى . بىز بارا ـ بارا سەپەر ۋاقتىمىزنى
بەلگىلىك ئىزغا سېلىۋالدۇق . سەھەر سائەت بەشتە چاي ئىچىپ ، ئازراق
پىچىنە يەپلا يولغا چىقاتتۇق ، ئۈچ سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن ، ناشتا
قىلاتتۇق . گېيالگېن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان قىسقا ۋاقىت

ئىچىدە ئۇماچ ، تۇخۇم پىشۇرۇپ ، قورۇملارنى قورۇپ ناشتىلىق تەييار قىلاتتى . ناشتىدىن كېيىن ، كارۋان مېڭىپ كېتەتتى ، بىز بولساق مېڭىشقا ئالدىرىماي خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئېزىلىپ ئارام ئالاتتۇق . ھاۋا ئوچۇق ، قۇياش پارلاپ تۇرسىمۇ ، ئانچە ئىسسىق بولمىغاچقا ، ئاستا ماڭاتتۇق . بەزىدە توختاپ ، يول بويىدىكى باغلاردا قانغۇچە ئۇخلىۋالاتتۇق ؛ بەزىدە شاۋقۇن بىلەن دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريالاردىن ئۆتكۈچە ، يوغان تاشلار ئۈستىگە چىقىۋېلىپ بىر پەس خۇشال تۇۋلىشىپ ، كۈلۈشۈپ ئوينىۋالاتتۇق . ئارايىك پات ـ پات تاغ باغرىلىرىغا چىقىپ كەرىقۇر ئوۋلايتتى . بۇ ناھايىتى كىچىك ياۋا توخۇ بولۇپ ، تەمى بەك ئوبدان ئىدى . ھەر كۈنى ئامال بار سائەت بەشتىن ئىلگىرى ئۆتەڭگە كېلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتۇق . بەزىدە سەل ئىلگىرىمۇ كېلەتتۇق . گېيالگېن ھورى ئۆرلەپ تۇرغان كەچلىك تامىقىمىزنى دەل ۋاقتىدا پىشۇراتتى .

كىشىلەر ئادەتتە باشتىن كەچۈرگەن كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تېزلا ئۇنتۇپ قالىدۇ ، بۇ راستىنلا بىر خىل غەلىتە ئىش . ھازىر ئويلىسام ، لېھقا بارغۇچە قىلغان سەپىرىمىز ماڭا تېخى يېقىندىكى ئىشتەكلا بىلىنىۋاتىدۇ .

يول بويى ھاۋا ئوچۇق بولدى ، بىز بىردە بوستانلىقلار ئارىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي يولدا ماڭاتتۇق ؛ بىردە ئېگىز تاغدىكى چەكلەنگەن رايونلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتۇق . ئىككى ھەپتىلىك سەپىرىمىز خۇشاللىققا تولغان ، پۈتۈنلەي يېڭى بىر تەۋەككۈلچىلىك بولدى . گۈزەل ۋە كۆركەم مەنزىرە ئادەمنى مەپتۇن قىلاتتى . يول ئازابى گۆر ئازابى دېگەننىمۇ ئوبدان چۈشەندۇق . ئەمما ، ئۆتەڭلەرگە تولا تەلمۈرگەنلىرىمىز ، ئۇششاق ـ چۈششەك كۆڭۈلسىزلىكلەر ئېسىمدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ . خاتىرەمدىن چىقماي ساقلانغان بىرلا ئىش شۇكى ، ئات مىنىشكە ئۆچلۈكۈم تۈپەيلى ، ئارايىك بىلەن تولا جېدەللەشتىم . چۈنكى ، بۇ كۆڭلۈمدە ساقلىنىۋاتقان بىر خىل قورقۇنچ ، ۋەھىمە ئىدى .

ئارايىك بىر چاغدا ماڭا :

ــ ئاسىياغا كېلىمەن دېسىڭىز ، ئات مىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز لازىم ، ــ دېگەنىدى .

بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى مەن ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن، دېگەن قاراشقا كەلدىم. تاغ ئىچىدىكى يىلان باغرىتار يوللاردا مېڭىش كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، لېكىن چەكسىز كەتكەن قايسى تەرەپكە قارىماڭ، ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان قاقاس چۆللەردە يۈرگەندە، ئادەمنىڭ بىردىنلا كەيپى ئۇچۇپ، بوشاپ كېتىدىكەن. مانا مۇشۇنداق چاغدا ئاتلىق ماڭسىڭىز كۆڭلى ـ كۆكسىڭىز ئېچىلىپ قالىدىكەن، يولمۇ ئاۋۇيدىكەن. لېكىن، ئات مىنىش بىلەن ئەسلىدىن خوشۇم يوق بولغاچقا، ھەر قېتىم ئات مىنىش ۋە پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش مەن ئۈچۈن تۈنجى قېتىملىق سىناق ئىدى. مەن شۇنداق ياۋاش ئاتلارنىمۇ باشقۇرالمايتتىم، چۈنكى ئاتلار مېنىڭ گېپىمگە كىرمەيتتى. شۇڭا، ئامال بار ئاتقا مىنمەي پىيادە ماڭدىم. بۇ ئىشىمدىن خىزمەتكارلىرىمىز، پۈتۈن كارۋانچىلار ھەيران بولۇشتى.

لاداقنىڭ مەركىزى لېھقا كەلگەندە پۈتۈنلەي باشقىچە مەنزىرىنى كۆردۇق. ئادەم ۋە ئىمارەتلەر باشقا جايلاردىكىگە ئوخشىمايتتى. تاغلىرى گىياھ ئۈنمەيدىغان تاقىر تاغلار بولۇپ، بوستانلىقلار بىلەن ئاجايىپ كۆچلۈك سېلىشتۇرما بولاتتى. زاڭزۇلار ۋە زاڭزۇ بۇددا دىنى ھەممىگە ھۆكۈمران ئىدى. ئادەم ئۆزىنى بىر خىل سۈرلۈك كەيپىيات ئىچىدە قالغاندەك سېزەتتى.

بۇ رايوننىڭ خۇشاللىنارلىق بىر تەرىپى، كىشىلەر بۇددا دىنىغا بەك قىزغىن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى؛ لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، دىن ھەقىقەتەن مۇھىم رول ئوينايتتى، بۇنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى. بىر بۇددا مۇخلىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى چۈشەنسۇن ياكى چۈشەنمىسۇن، ئالتە خەتلىك مۇقەددەس نوملار ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، باشقا ھېچقانداق نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىملىققا ئىگە ئىدى. نوم ئوقۇغان ئادەم روھىي جەھەتتە مەلۇم تەسەللىگە، يەنى چوڭ بىر ساۋابقا ئېرىشەتتى ـ دە، ئۇنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلگەندەك ئەرۋاھىنى جەبىر ـ زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىمكانىيىتىنى يەنىمۇ زور بولاتتى. دىنىغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ نوملارنى

تەكرار ـ تەكرار ئوقۇشى ھاجەتسىز ئىدى ، ئالتە سۆزلۈك نوملار ئۈزۈن-چاق ئەلەملەرگە يېزىلاتتى ، بۇنداق ئەلەملەر ئېگىز تاغ ئېغىزلىرىدا لەـپىلدەيتتى ، تىمتاس ، خىلۋەت تاغ بېشىدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى ؛ نوملار يەنە تاشلارغا ئويۇلاتتى ، بۇنداق تاشلار ئۈستـ ـ ئۈستلەپ تىزىلىپ « مانى تېمى »ھاسىل قىلاتتى ؛ نوملار دۇمباق شەكىلدىكى پىرقىرىغۇچ چاقلارغا يېزىلاتتى ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بوشلا سىلاپ قويسا ، بۇ چاقلار پىرـقىرايتتى . ئاددىيسى شامال ، سۇمۇ ئۇنى پىرقىرىتالايتتى . ئىخلاسمەن مۇرتلار كىچىك ، نوم يېزىلغان پىرقىرغۇچلارنى قولىدىن ئايرىمايتتى . پىرقىرىغۇچ چاقنىڭ تولۇق بىر قېتىم پىرقىرىشى ، ئۈزۈنچاق ئەلەملەرنىڭ يەلپۈنۈشىنى ياكى « مانى تېمى » يېنىدىن ( تامنىڭ سول تەرىپىدىن ) ئۆتۈشمۇ ئىبادەت قىلغانغا باراۋەر ئىدى . كۆپلىگەن « مانى تېمى » نىڭ ئىككى بېشىدا « چورتېن » ( بۇت تەكچىسى ) بار ئىدى . ئۇنىڭغا ئۆلـگەن لامالارنىڭ جەسەت كۈلى قويۇلاتتى . بۇ جەسەت كۈللىرىنى كىشىـلەر لاي بىلەن قوشۇپ كىچىك ـ كىچىك مەبۇدىلەرنى ياساپ ، يەنە شۇ جايلارغا قويۇپ قوياتتى . بۇنداق بۇت تەكچىلىرى لاداق رايونىدا ئاجايىپ ئۆزگىچە بىر كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغانىدى .

لامالار ساداقەتمەنلىك بىلەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ ، بۇ راـيوننىڭ دىنىي تۇرمۇش تەرتىپىنى ساقلىغان . بۇ جاينىڭ نوپۇسى كۆپ بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار پۈتۈن رايوندىكى ناھايىتى كۆپ بۇتخانىلارنى باقاتتى . بۇتخانىلار ئېگىز قىيا ئۈستىدە ھەيۋە بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇنداق ئېگىزلىك ئىنتايىن سۈرلۈك بولۇپ ، بۇتخانىلارنىڭ ھوقۇق سىمۋولىدەك كۆرۈنەتتى . ئەمما ، بۇتخانىنىڭ ئىچى تېشىدەك كۆركەم ئەمەس بولۇپ ، ناھايىتى مەينەت ، قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەندەك ، بىر قاراشقا بىر خىل غەلىتە ئارىلاشمىدەك بىلىنەتتى . يورۇقلۇق ئوبدان چۈشمەيدىغان ، بەكمۇ سىرلىق تۈستىكى ئۆيلەرگە سېرىق مايدا كۆيىدىغان چىراغلار قويۇلغان بولۇپ ، سېرىق ماي كۆيگەندە غەلىتە بىر پۇراق چىقاتتى . تاملارغا ئاجايىپ ـ غارايىپ ، تۈرلۈك قىياپەتتىكى ئەۋلىيالار رەسىمى سىزىلغان ، غايەت زور بۇدساتۋا

www.uyghurkitap.com

خاتىرجەم، ئەمما سىرلىق قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىگە ھەر خىل رەڭلىك تۇغلار، يىپەك ـ تاۋا بۇيۇملار، ناھايىتى نۇرغۇن كۈمۈش قەدەھلەر، ئادەم بېشى سۆڭىكىدىن ياسالغان كىچىك دۇمباق، ناھايىتى يوغان ئورغاق، رەڭگى خىلمۇخىل، قوپال، ئەمما بەكمۇ كونا، يىرتىق ئۇزۇنچاق ئەلەملەر، پۇلغا يارىمايدىغان ساپال چەينەك ۋەھاكازالار قالايمىقان تاشلىنىپ قويۇلغان، يەنە ئىبادەتخانىنى باشقۇرغۇچى باش راھىبنىڭ رەسمى بار ئىدى، رەسىمدە باش راھىبنىڭ چىرايى ھېچقانداق ئىپادىسىز، ئۆلۈك ئىدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە قېلىن بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان قونغانىدى.

مەن بۇتخانىلارنى ئىمكان بار ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تىرىشتىم. ئەگەر پەقەت نەزىرلىكلا تېزىپ قويۇلسا، ئادەمدە ئۇنىڭغا قارىتا ئالاھىدە بىر تۇيغۇ پەيدا بولمايتتى. لېكىن بارغۇچە، يولدا بىر لامايۇرۇ دېگەن جايدىن ئۆتتۇق. شۇ يەردە مېنىڭ ياخشى نىيەتلىرىم كۆتۈلمىگەن بىر كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلى بەرباد بولدى. يولدىكى ھارغىنلىق، ئېگىز جايدىكى بۇتخانىغا چىققۇچە كۆچەش مېنى تولۇگەشتۈردى بولغاي، غۇۋا يورۇق بۇتخانىغا كىرىپ، نەزىر سۇپىسىنى يېرىم ئايلىنىشىمغا سېرىق ماي چىرىغىنىڭ غەلىتە پۇرىقىدىن بېشىم قېيىپ بولماي قالدىم ـ دە، چۆچۈپ كەتكەن راھىبقا نېمە بولغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي سىرتقا قاچتىم، ئەمما بوسۇغىغا پۇتلىشىپ يىقىلدىم. ھەممە ئادەم ماڭا كۆڭۈل بۆلدى ۋە تەسەللى بەردى. مەن بولسام بۇ ئىشىمدىن خىجىل بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈشىدىن تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشتۈم.

لامالارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى بىلىملىك، پەلسەپىگە ئۇستا ئىكەن؛ يەنە بەزىلىرى بۇتخانا كۇتۇپخانىسىدىكى تۈرلۈك نوملارنى پىششىق ئوقۇغانىكەن ۋە بىلىدىكەن. لېكىن، كۆپ ساندىكى لامالارنىڭ ھېچقانچە بىلىمى يوق ئىكەن، يەرلىك دېھقانلارغا ئوخشاشلا ساۋاتسىز ئىكەن. بۇلار قىلىدىغان ئىش يوق، بوش ـ بىكار يۈرىدىكەن. پۈتۈن رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خېلىلا ئېغىر يۈك ئىدى. بۇ يەردە ھەر

بىر ئائىلىدىن بىر ئوغۇل بۇتخانىغا بېرىپ لاما بولۇپ ئۆمۈر تۈرمۈش كەچۈرىدىكەن ، شۇڭا لامالارنىڭ سانى ھەرگىز ئازلىمايدىكەن . ئەمما ، بۇنىڭ بىلەن تۇغۇلۇش نىسبىتى ئۇنۇملۇك چەكلىنىدىكەن . ۋەھالەنكى ، لاداق خەلقى لامالارنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن ، لاما بۇتخانىلىرىنى ئۆز ئىختىيار قىلىپ بارلىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەيدىكەن ، ھەمدە لامالار بارلىق ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگەنگە ئوخشاش ، لامالارنى بېقىش ئېغىر يۈكىنىمۇ كۆتۈرۈشكە رازى ئىكەن . لاداقلىقلار مىللىي مەسىلىككە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدىكەن ، دىنغىمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلمەيدىكەن ، ھەربىي قارا نىيەت ئۇلاردا تېخىمۇ يوق ئىكەن . ئەمما ، ئوخشاشلا ئۇلار ئالغا بېسىشقا ئىنتىلمەيدىكەن ، ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ، يېڭى تۈرمۈش شەكلىنى ئۆگىنىۋېلىشقا قىزىقمايدىكەن . ئەگەر مەينەت تۇرالغۇ شارائىتى ، بىر خىلدىكى تۈرمۈش رىتىمى ، ھەتتا نادانلىق سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىگەن ، سىزدە ھەممىنى ئۆزگەرتىشتەك قىزغىنلىقنى پەيدا قىلمىغان بولسىلا ، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس شادلىقى ، كىشىلەرگە دوستانە ، ئىللىق مۇئامىلە قىلىشى ، ھەرقانداق ئىشتا چىداملىق ، سەۋرچان بولۇشى سىزنى مەھلىيا قىلىدۇ .

يول بويىدا بىر قىز سىزگە بىر دەستە گۈل تۇتسا ، يەنە بىرى مېۋە ـ چېۋە بېرىدۇ ، مەيلى باي ياكى گاداي بولسۇن ، ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايىدا ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ پارلايدۇ . ھەممىسىلا سىزنىڭ مېھمان بولۇشىڭىزنى ، سېرىق ماي سېلىنغان ئەتكەن چاي ، ئادەمنى كەيپ قىلىدىغان يالىڭاچ ئارپا ھارىقى ئىچىشىڭىزنى قارشى ئالىدۇ . نەگىلا بارسىڭىز كىشىلەرنىڭ « ju jule » دېگەن سالام سۆزلىرى يېقىملىق مۇزىكا ساداسىدەك قۇلاق تۈۋىڭىزدىن كەتمەيدۇ .

ئاياللار بېشىغا چىرايلىق ، ئەمما ئېغىر نەرسىلەرنى كىيىۋېلىپ ، ئائىلىسىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرى ۋە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىدىكەن . لاداق ئاياللىرىنىڭ باش كىيىمى بەكمۇ ئۆزگىچە بولۇپ ، تار ، ئۇزۇن تاسمىدەك رەختنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ ئوراپ بىر ئۇچىنى پېشانە-

سىگە چۈشۈرۈپ ، بىر ئۇچىنى كەينىگە باغلاپ قويىدىكەن، يېشىل قا-
رىغاي قىستۇرۇۋالىدىكەن . باي ئاياللارنىڭ يۆگەيدىغان رەختىمۇ ئىنچىك-
رەك بولىدىكەن، مۇمكىن بولسا ئۇنىڭغا تېخى مەرۋايىت تىكىۋالىدىكەن.
قارا قوي يۇڭىدىن توقۇلغان، نۇرغۇن يالغان چاچ ئۆرۈملەر ساڭگىلاپ
تۇرغان لېنتىلارنى چېچىغا قوشۇۋالىدىكەن . ئاياللار ئۇزۇن چاپان ( بۇ
يەرنىڭ ئاياللىرى قوڭۇر رەڭنى چوڭ كۆرسە كېرەك ) كىيىپ ، بېلىنى
باغلىۋالىدىكەن ، چاپانلىرىغا تاپالىغانلىكى بېزەكلەرنى تاقاپ ئېغىرلاش-
تۇرۇۋالىدىكەن. ئاياللارنىڭ تېخى يالغان كويزىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ،
ئاق قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان يوغان بىلەيزۈكلەرنى تاقاپ يۈرگەنلىكىنى
كۆردۇق . ھاۋا ھەرقانچە ئىسسىق بولسىمۇ ، ئۇلار قېلىن قوي ـ ئۆچكە
تېرىسىدە تىكىلگەن قېلىن پەلاشلارنى كىيىپ يۈرىدىكەن ؛ ئەمما باي ،
پۇلدار ئائىلىنىڭ ئاياللىرى ئادەتتىكى پەلاش ياكى قىزىل رەڭلىك ئېسىل
ئۇزۇن چاپانلارنى كىيىدىكەن .

بۇ يەرنىڭ ئەرلىرىمۇ ئاياللارغا ئوخشاشلا بېزەك تاقاشقا ئامراق
ئىكەن . كۆڭلەككە ئوخشايدىغان ئۇزۇن چاپانلارنى كىيىدىكەن . ئەر-
لەرمۇ چېچىنى ئۆرۈۋالىدىكەن ، بېلىگە رەختتىن بوشلا قىلىپ پوتا
باغلايدىكەن . پوتا يانچۇق ئورنىدا بولۇپ ، ئەرلەر ئۇنىڭغا چاي ئىچىد-
غان كىچىك قاچا ، پىچاق ، ئېسىل بۇلاپكا ياكى قامچا قاتارلىق نەرسى-
لەرنى سېلىۋالىدىكەن . ئادەتتىكى دېھقانلار ئوخشاش پاسوندىكى ئۆز-
گىچە كىيىملەرنى كىيىدىكەن ، لېكىن مەينەت ۋە كونا كىيىملەر بولغاچقا
جۇل ـ جۇل كۆرۈنەتتى . شۇ ئەھۋالدىمۇ ، ئۇلارنىڭ بېزەك تاقاپ يۈ-
رۈشلىرى ئادەمنى ھەيران قىلاتتى .

لېھتىن ئالتە ئىنگلىز چاقىرىم يىراقتا تاشلىق ، قۇرغاق ساھىلىنى
كېسىپ ئۆتكەن بىر بوستانلىق ئادەمنى ئۆزىگە تارتاتتى . بىزنىڭ يېنى-
مىزدىلا دېگۈدەك ھىندى دەرياسى شاۋقۇن سېلىپ ئاقاتتى . كۈمۈش
كەبى يالتىراپ تۇرغان قارلىق تاغلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى پاكار تاغ ـ چوققىلار كۆك ئاسمانىنىڭ سايىسى ئىچىدە قال-
غانىدى . مەن ئاتنى ئامىر ئالىغا بېرىپ ، پىيادە ماڭدىم ، كۆڭلۈم شۇ

قەدەر تىنچ ـ ئازادە ئىدى . كۆپ ئۆتمەي كۆڭۈل ئارامىم بۇزۇلدى . نۇرغۇن ئادەم ـــ سانىنىڭ جىقلىقى ئادەمنى تاڭ قالدۇراتتى ـــ ساھىلدىن بىزگە قاراپ چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى . بۇلار ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى ، ئۇلار ۋارقىرىشاتتى ، ۋارقىراشلار بىلەن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ئالەمنى مالەم قىلاتتى . يېقىن كەلگەندە ، ئاندىن ئۇلارنىڭ لىھتىكى ھىندىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۇق . يەنە ئاتقا مىندىنغانلىقىم ، تېخى مۇشۇ ئادەملەنىڭ ئارىسىدا شەھەرگە بارىدىغانلىقىمنى ئويلاپلا كەيپىم ئۇچتى . چۈنكى ، بۇنداق شارائىتتا پىيادە يول يۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . كېيىن ، ئارايكنى ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن ئالدىن مېڭىپ تۇرۇشقا ئۇناتتىم . كېلىشكەن بىر شىك يىگىت ئىنگلىزچە بىلىدىكەن . ئۇ ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن ماڭا ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئەپسۇسكى ، ئۇ مېنىڭ دەردىمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى ، مەنمۇ بىلدۈرۈشنى خالىمىدىم . بۇ ئالتە ئىنگلىز مىلى يول مەندە بەكمۇ كۆڭۈلسىز تەسىرات قالدۇردى .

بىز ئاستا ـ ئاستا شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتۇق . شەھەرگە كىرىپلا ھەممەيلەن ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى . مەن ئۆزۈمنى چاچلىرىم پاخپايغان ، ئۈستۈبېشىمنى توپا ـ چاڭ باسقاندەك سېزەتتىم ، پۇتلىرىم تىترەيتتى . ئەمما ، غەيرەت بىرىپ ، ئارايك بىلەن بىللە بازاردىن خۇددى غەلىبە قىلىپ قايتىپ كەلگەن ئېسىلزادىلەردەك غادىيىپ مېڭىپ ئۆتتۇق . بويىمىزغا گۈلچەمبىرەكلەر ئېسىۋېتىلدى . كوچىلاردا رەڭلىك بايراقلار لەپىلدەيتتى ، ھەممە يەردە زىننەت دارۋازىلىرى بار ئىدى . بىز توختىغان چاغدا كىشىلەر بىزگە قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە ، توقاچلارنى بەردى . لېھ پۇقرالىرى بىزگە خۇددى ئەسكى كىيىملەرنى كىيىپ ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان ئىنتىيىقا قارىغاندەك قارىشىپ كەتتى . لېھتىكى ھۆكۈمەت قەسرىگە باشلاش بىلەن تەڭ ، مەن بۇ سالقىن ۋە جىمجىت « پاناھگاھ » قا « قېچىپ » كىرىۋالدىم .

ئۇ چاغدا لېھتىكى ھۆكۈمەت قەسرىدە ئادەم ئولتۇرمىغان بولۇپ ،

www.uyghurkitap.com

مەخسۇس بىزگە قالدۇرغانىكەن. يول بويى پاسكىنا، توپا ـ چاڭ باسقان ئۆتەڭلەردە قونۇپ كېلىپ، ئەمدى بۇنداق كاتتا، پاكىز قەسىرگە كى-رىش بىزگە ئاجايىپ راھەت بىلىنىپ كەتتى. مېھمانخانىغا گۈللۈك يې-رەختلەردە قاپلانغان ئورۇندۇقلار قويۇلغان، تاماقخانىدىكى شىرەگە كۆ-مۈش ۋە ساپالدىن ياسالغان قاچا ـ قۇچىلار تىزىلغانىدى. ھۇجرا ئۆي-مىز ئۈستۈنكى قەۋەتتە بولۇپ، كارىدور بۇغا مۆڭگۈزى بىلەن بېزەلگە-نىدى. بۇ ھال بۇ ئۆيلەرنى ھەقىقىي ئەنگلىيە تۈسىگە ئىگە قىلغانىدى. بالكوندىن قارىسا پەستىكى رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈك، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى كەڭ كەتكەن كۆركەم دالا كۆزگە چۈشەتتى. دالا زاسكار تاغ تىزمىلىرىغا تۇتىشاتتى. بۇ تاغ تىزمىلىرى بوران چىققاندا خۇددى غەزەپلىنىۋاتقاندەك قارامتۇل تۈسكە كىرەتتى؛ ھاۋا ئوچۇق، قۇ-ياش پارلىغان كۈنلەردە ئاقۇش رەڭدە كۆمۈشتەك يالتىرايتتى؛ شەپەق نۇرىدا بولسا، پۈتۈن تاغ قىزىل رەڭلىك لىباس كىيەتتى.

تاغ ئارىسىدىكى سەپەر قانچىلىك كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، ئۇنى تۈگەتكەندە ئادەم ئوخشاشلا يېنىكلەپ خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. چۈن-كى، ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپ پاكىز كىيىملەرنى كىيىش، راھەت ئورۇن-دۇقلارغا چۆكۈپ ئولتۇرۇش ياكى يۇمشاق تۆشەكلەردە ئېغىناپ يېتىش ئادەمگە نەقەدەر ھوزۇر بەخش ئېتىدىغانلىقىنى پەقەت يول ئازابى گۆر ئازابى دېگەن ئازابنى تارتقان ئادەملەرلا ھەقىقىي يوسۇندا ھېس قىلالاي-دىكەن. سەھەرلەپ ئورنىدىن تۇرۇش، ئالدىراپ ـ تېنەپ يولغا چى-قىشلارنىڭ بولماسلىقىمۇ كۆڭۈلنى يايرىتىپ راھەتلەندۈرىدىكەن. بىز-نىڭ لېھتا بۇ راھەت ـ پاراغەتتىن قانغۇچە ھوزۇر ئېلىشىمىزغا توپتوغرا ئون كۈن ۋاقتىمىز بار ئىدى.

ئەمما، بىز يەنە ئالدىراش ۋە جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ كەت-تۇق، چۈنكى تۆت ھەپتىلىك ئاخىرقى سەپىرىمىز ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك زۆرۈر ئورۇنلارشتۇرۇشلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەشكە توغرا كې-لەتتى. بىز نۇرغۇن ئەدىيال ۋە پاختىلىق كىيىملەرنى سېتىۋالدۇق، ماكچىيىپ كەتكەن قەلەي ساندۇقلارنى تاشلىۋېتىپ، يۈك ـ تاقلارنى

باشقىدىن يېڭى ساندۇقلارغا قاچىلىدۇق. يېمەك - ئىچمەكلەرنىمۇ تەكشۈردۇق. قەسىر ئەتراپىغا ئارايكتىن ئۆز ماللىرىنى سېتىۋېلىشنى ئۆتۈنگۈچى سودىگەرلەر توشۇپ كەتتى. چاكارلار تىنىماي كېلىپ ئۇنى - بۇنى سورايتتى، زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھېلىقى كۆچۈكىمىز بولسا، كىملا كەلسۇن، پۇتىنى چىشلىۋالاتتى.

قەسىرنىڭ كەينىدە جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ (24 چە) ۋەكىللىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇلار سارىقۇل رايونىدىكى توپىلاڭدىن كېيىن لېھقا قېچىپ كېلىۋالغانلار بولۇپ، بۇلار بىز بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتىش كويىدا ئىدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ نە پۇلى، نە قورال - يارىغى يوق، باشقۇرىدىغان ئادەمدىنمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ئارايىك ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىش، ئەمما بىزنىڭ قاتارىمىزدا قەشقەرگە بېرىشقا قەتئىي يول قويماسلىق نىيىتىگە كەلدى.

بىز سەپەر تەييارلىقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ۋاقىت چىقىرىپ لېھنى ئايلاندۇق. قەدىمكى زاماندا لېھ شىنزاڭ، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سۆدىگەرلىرى توپلىنىدىغان جاي ئىدى. بازارغا چىقسىڭىز، خىلمۇ خىل ئادەملەر ئارىلىشىپ سودا قىلىۋاتقان قايناق مەنزىرىنى كۆرەتتىڭىز. شەھەردىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇن خان سارىيى ھېسابلىناتتى، ئۇ كونا بولغىنى بىلەن ئادەمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇراتتى.

بۇ خان سارىيى يىلدا بىرلا قېتىم، يەنە لاداقىنىڭ بۇرۇنقى خان جەمەتى ئەزالىرى لېھقا خاتىرىلەش خاراكتېرىدە زىيارەتكە كەلگەن مەزگىلدە جانلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىكەن. زىيارەت مەزگىلىدە ئۇلار خان سارىيىدىكى ھازىر دۆلەت ھۆكۈمەت ئىشانىسى قىلغان ئۆيلەردە تۇرىدىكەن، ئاندىن ھىندىستان ئارقىلىق سىدوكتىكى يۇرتىغا قايتىپ كېتىدىكەن. ھازىر بۇ ئۆيلەرنى توپا بېسىپ كېتىپتۇ. بىز بۇ كونا خان سارىيىدا سابىق خانىشنى كۆردۇق. بىز كەلگەندە، ئۇ ئۆگزىگە يېقىن بىر كىچىك ھۇجرىدا ئولتۇرغانىكەن. بىز ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلىماپتۇق. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرېزېنت ياتما ئورۇنتۇقتا ئولتۇرۇپ، چاي ئىچكەچ، تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەشتۇق. تەرجىمان يا-

شانغان بىر يەرلىك ئادەم ئىدى . ئوردو تىلىنى ئازراق بىلەتتى . ئۇ لاداقلىقلارنىڭ ئۇزۇن چاپىنى ، قىرلىق مالخاي كىيىۋالغانىدى .

كېيىن ئېگىلىشىمىزچە ، بۇ خانىش ناھايىتى دىتى بار ، قەيسەر جاسارەتلىك بولۇپ ، ئېرى ۋە پۈتۈن جەمەتىنى پۈتۈنلەي چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىكەن . ئەلۋەتتە ، بىز ئەرزىمەس ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشتۇق . ناھايىتى ئەدەب بىلەن قورۇنۇش ئىچىدە قىلىنغان پاراڭلاردىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆپرەك چۈشىنىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ بېشىدىكى يېشىل ياقۇت قويۇلغان باش كىيىمى ئۇنى ئىنتايىن سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى . بويى ئېگىز بولمىسىمۇ ، لېكىن چىرايى سۇرلۇك ئىدى . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، لاداق ئاياللىرى ناھايىتى ئىشچان ، مۇستەقىللىققا باي كېلىدىكەن . ئۇلار باشقىلارنىڭ بۇ يەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ روپاشلىق تۇزۇمى ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى ھەرەملىرىدەك قاملاشمىغان ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشلىرىگە زادى تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىكەن . ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مال ـ مۈلكى بار ئىكەن . بىز بۇ يەردە بىر ئايالنىڭ كۆپ ئەرلىك بولۇشى تۇزۇمى ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق ، شەك ـ شۈبھىسىزكى ، ئىش ئاياللارغا تېخىمۇ پايدىلىق بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەنىدى .

ئوبدان تەربىيە كۆرگەن ، خېلى سالاپەتلىك بىرقانچە لاداقلىق بىزنى چاقىرىۋالدى . بىز پاكار شىرە يېنىدا ، كۆرپىلەردە ئولتۇرۇپ نۇرغۇن نەرسە يېدۇق ، تىبەتلىكلەرنىڭ چېيىنى ئىچتۇق . تىبەتلىكلەر چاينى خونچىدىكى پىيالىگە سېلىپ دەملەيدىكەن . پىيالىنىڭ ئاغزىغا كۈمۈش ياكى باشقا مېتاللاردىن قىلىنغان ئېغىز يېپىلىدىكەن . ماڭا شورپىدەك بىلىنىدىغان چاي پەقەت ياقمىدى ، شۇڭا ئاندا ـ مۇندا بىر ئوتلاپ قويدۇم . لېكىن ، بۇنىڭ چاينى كۆپرەك ئىچكۈگىز بارلىقىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ، ئۇنداق بولمىسا ، چاينى قويماي ئىچىۋېتىپ ، ئاغزىنى يېپىپ قويۇشىمىز لازىملىقىنى بايقىدىم . بىز بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ باردۇق . ئۇ ماڭا ئاشخانىسىنى كۆرسەتتى . ئۇ ئاشخانىسى بىلەن پەخىرلىنىشكە تامامەن ھەقلىق ئىكەن . ئىشكاپتىكى مىس قازان ۋالىلداپ

تۇراتتى ؛ مىس قازان ناھىيتى يوغان ، ئەمما يېنىك ئىدى . قازاننىڭ ئىچى ـ تېشى ۋە ئەتراپى شۇنچىلىك پاكىز ئىدىكى ، زەررىچە مەينەتچىلىك تاپقىلى بولمايتتى . تۇلۇم كۆرۈك ئوتنى يالقۇنجىتىۋەتكەنىدى . بۇ ئاشخانىدا تىبەتچە چاي دەملىنىدىغان سوغىلارنى تۇنجى قېتىم كۆردۇم .

بىز ۋاقتىنچە تۇرغان بۇ چوڭ قەسىر ، مېھماندوست لېھ خەلقى ، ئاجايىپ قايناق ۋە ئاۋات شەھەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بىزنى داۋاملىق تۇرۇشقا مايىل قىلاتتى . ئەمما ، ھاۋا سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى ، تەييارلىقلىرىمىزمۇ پۈتۈپ قالغانىدى . شۇڭا ، بىز 20 ـ سېنتەبىر يولغا چىقىشنى بېكىتتۇق .

## ئىككىنچى باب

# «باش ئاغرىتىدىغان تاغ»

ئارايلىق 19 – سېنتەبىر دېھلىدىن كەلگەن بىر تېلېگرامما تاپشۇ-رۇۋالدى. تېلېگراممىدا بىزگە: «دوكىلاتلاردىن قارىغاندا، قاراقۇرۇم يولىدا ‹ باندىت › لار بار ئىكەن، ئۇلار بىر سودا كارۋىنىنىڭ يۈك ۋە ئات – ئۇلاغلىرىنى قويماي بۇلاپ كېتىپتۇ» دەپ ئۇقتۇرۇلغانىدى. دې-مەك، دېھلى تەرەپ بىزنىڭ كەينىمىزگە قايتىپ گىلگىت يولى بىلەن قەشقەرگە بېرىشىمىزنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ تۇيۇقسىز خەۋەرگە پەرۋا قىلماسلىق، ئىرەنشىمەسلىك پوزىتسىيىدە بولساق بولمايتتى. لېكىن، قى-لىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بارلىق ئىش ئېغىرلىقى بىلەن ئارايىكنى باستى.

بىزنىڭ ئارىمىزدا قەشقەر باش كونسۇلخانىسىنىڭ يېڭى تەيىنلەن-گەن خىزمەتكارلار باشلىقى رىففاتۇللاخان ئەپەندى، دوختۇر ئارون مو-زېس، دورىگەر مۇھەممەد شاھ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى، ئىككى بوۋاق بالىسى ۋە ئىككى خىزمەتكارىمىز بار ئىدى. بىر ئۇيغۇر سودىگەر بىلەن بىزنى قاراقۇرۇم ئېغىزى ئارقىلىق قەشقەرگە ئاپىرىپ قويىدىغانغا توختاملىشىپ بولغانىدۇق. ئۇ ناھايىتى يۇقىرى باھا ئېيتقان، بىز بۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىپ بولغانىدۇق. ئەگەر دېھلىغا قايتىمىز دېسەك، بۇ پۇلنى زىيان تار-تاتتۇق. گىلگىت يولىنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان بولساقمۇ، لېكىن بۇ يولدىن مېڭىش بىز ئۈچۈن، يەنە ئۈچ ھەپتە غەرب بىلەن تاغ – داۋانلار ئېشىپ گىلگىتكە بېرىشتىن دېرەك بېرەتتى. بۇنداق بولغاندا، يەنە نۇرغۇن چىقىم تارتىشتىن باشقا، ئۇ يەرگە بېرىشنى خالايدىغان كارۋان تېپىشمۇ تەس ئىدى. ھاۋا سوۋۇپ كېتىۋاتقاچقا،

بىز ماڭغان تاغ ، ئېغىزلىرىدىكى قارلار قېلىنلاپ كەتكەنىدى . بىز يەنە ھىندىستانغا قايتىش ئۈچۈن قەشقەردىن يولغا چىققان دوختۇرنىڭ تەقدىرىنى ئويلىشىشىمىز كېرەك ئىدى . ئۇ دوختۇر بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ يولغا چىققان بولۇپ ، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە لېھقا يېتىپ كېلەتتى . ۋاھاۋالەنكى ، ئەگەر ئۇلار يولدا « باندىت » لارغا ئۇچراپ قالغان بولسا ، ئۇلارغا ياردەم قىلمىساق بولمايتتى . يولغا چىقىمىز دەپ تۇرغاندا ، ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ پالالەتچىلىكنىڭ راستلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . مەن ، بالا ـ قازا بىزگە ئەمەس باشقىلارغا كېلىدۇ ، دېگەندەك غالىتە ئويلاردا بولدۇم . « باندىت » لارنىڭ نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقى ، ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقى بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغانلىقىنى زادىلا ئەقلىمغا سىغدۇرالمىدىم . لېكىن ، شۇنىسى ئېنىقكى ، بىز يات بىر جايغا كېتىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ، قارىسىغا ئىش قىلساق ، تەۋەككۈل قىلىپ مېڭىۋەرسەك بولمايتتى .

ئارىمىزدا ئاياللار ، بالىلار بار ئىدى . يوللاردا زامانىۋى قاتناش قوراللىرى ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ، ياتىدىغان جاي ، يېقىلغۇلارمۇ يوق ئىدى . بۇنداق ئەھۋالدا ، جان تىكىپ قاراقۇرۇم ئېغىزىدىن ئۆتىمىز دېسەك ، ھايات قېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ناۋادا « باندىت » لار ئاتلىرىمىزنى بۇلاپ كەتسىلا ، بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ ئىدى ؛ چۈنكى « باندىت » لار ئەگەر قولغا چىققۇدەك نەرسە تاپالمىسا ، بىز مىنگەن ۋە يۈك ـ تاق ئارتقان ئاتلىرىمىزنى بۇلاپ كېتەتتى .

بىز بۇ مەسىلىنى يېغىن ئېچىپ ئۈچ كۈن مۇزاكىرە قىلدۇق ، چۈنكى ئالدىمىزدىكى يول ئەھۋالىنى پەقەتلا بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ، ھەممىمىزلا بەك تىت ـ تىت بولدۇق . ئۇ بۇلاڭچىلار سارىقۇلدا يۈز بەرگەن توپىلاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن قىياسلارنى قىلدۇق ؛ بەزىلەر ، ئۇلار شۇ رايوننىڭ كەسپىي باندىتلىرى بولۇشى مۇمكىن ، شۇڭا ئۇلار مەخسۇسلا سودا يوللىرىدا ئولجا كۈتۈپ يېتىپ ، پۇرسەت تاپسىلا قول سالىدۇ ، دەپ قارىدى . بىز خەرىتىنى ئېچىپ ، خەتەرلىك جايلاردىن ئەگىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ، ئادەم يوق ، كىشىلەرمۇ

ناھايىتى ئاز بىلىدىغان يوللاردىن مېڭىشنى ئويلاشتۇق . سىرتەگەرگە قايتىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنىمۇ ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلدۇق . شۇنىڭدەك بىز بىلەن توختاملاشقان ئۇيغۇر سودىگەردىن ئوبدان سۈرۈشتۈرۈشنى ، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىشنى توغرا تاپتۇق . بىز ئۇنىڭ دېھلىدىن تېلېگراممىا ئارقىلىق بىزگە ئۇقتۇرغان ئەھۋالغا پەرۋاسىز قارىشىدىن ناھايىتى ئەجەبلەندۇق . ئۇ بىزنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشىمىزغىلا ئەمەس ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى پۇللۇق كارۋىنىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىش خەۋپىگىمۇ تەۋەككۇل قىلىشنى خالايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ بىزگە ، ئەگەر سىلەر بۇ يولدا ھەر قانداق بىر ئاۋارىچىلىككە يولۇقساڭلار ، مېنىڭ خاتا ھۆكۈم قىلغانلىقىم ئىسپاتلىنىدۇ ـ دە ، مەن سىلەرگە كاللامنى كېسىپ بېرىمەن ، دېدى . ئۇنىڭ بۇ ۋەدىسى قۇرۇق گەپ ئىدى ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈمىدۋار روھى بىزگە تەسىر قىلدى . بىز كاپىتان بىنىس ( قەشقەردىن ھىندىستانغا قايتىۋاتقان ھېلىقى دوختۇر ) تىن ئەندىشە قىلىپ ، كەينىمىزگە قايتىشقا ئارىسالدا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ، ئاخىر ئالدىمىزغا مېڭىپ ئاۋۋال پاناسكقا ( بەش كۈنلۈك يول ) بېرىش ، ئاندىن ئەگەر لاداق رايونىنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى يېزىسىدىمۇ دوختۇر بىنىس ۋە ئۇنىڭ كارۋىنىنى ئۇچرىتالمىساق ، ئارايىك بىر نەچچە ئادەمنى تاللاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ، يوللارنى رازۋېدكا قىلىش قارارىغا كەلدۇق .

شۇنداق قىلىپ بىز غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە يولغا چىقتۇق .

سەپىرىمىزنىڭ بېشىدىلا بىزنى پالاكەت باستى . ئارايىك بىلەن مەن چۈشتىلا يولغا چىقىپ ، يول ئۈستىدە توختاپ چۈشلۈك تاماق يېدۇق . چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىمۇ كارۋاننىڭ قارىسى كۆرۈنمىدۈ ، ئارايىكنىڭ ئاچچىقى تازا كەلدى ـ دە ، ئات چاپتۇرۇپ لېھقا باردى . كىم بىلسۇن ، ئۇ بارغاندا كارۋانچىلار غېمىدە يوق لاغايلاپ يۈرگەنىكەن . ئارايىك ئاچچىقىدا ئۇلاردىن جەرىمانە ئالغاندىن كېيىن ، ئۇلار ھولۇقۇپ ھەرىكەتكە كەپتۇ . بولۇپمۇ ئۇلار ئارايىكنىڭ ئۆزلىرىدىن ئالغان جەرىمانىنىڭ بىر قىسمىنى ئەتراپتا قورقۇپ قاراپ تۇرغان باللارغا

بۇلۇپ بەرگىنىنى كۆرۈپ تازا چۆچۈپتۇ.

كارۋان بەك كېچىكىپ يولغا چىققانلىقتىن، بىز بىرىنچى چوڭ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپلا تاغ باغرىدا قونۇشقا مەجبۇر بولدۇق. كېچە سوغۇق، قاپقاراڭغۇ، ھەممە ئىش مالىمان بولۇپ كەتكەچكە، كەيپىمىز قىرىق گەز ئۇچقانىدى. گېپىالگېن تاماققا ئوت يېقىش بىلەن تەڭ كارۋانچىلار يۈكلەرنى ئۇدۇل كەلگەن يەرلەرگىلا چۈشۈرۈپ، ئاتلارغىمۇ قارىماي ئوتنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى. ئۇلار بىلەن ھەمسەپەر بولغان بىرىنچى كۈندىلا، ئىشلارنىڭ بۇ دەرىجىدە باشلىنىشىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەنىدۇق.

ئەتىسى، دېڭىز يۈزىدىن 17 مىڭ 500 ئىنگلىز ملى ئېگىز كاردون تاغ ئېغىزىدىن ئۆتتۇق. يول ئۇزۇن، تار، ئەمما ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. داۋانغا چىققۇچە ئېگىزلىك تۈپەيلى مەن بەك قىينالدىم. ھەر بىر قەدەمنى بەكمۇ كۈچەپ ئالاتتىم. قورققىنىمدىن ئاتقىمۇ مىنمىدىم. داۋانغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، چۈشىدىغان چاغدا، ئەھۋال تېخىمۇ يامان بولدى، باشلىرىم قاتتىق ئاغرىپ چىدىيالماي قالدىم. يول تاش ۋە مۇزلار بىلەن قاپلانغان، تىك يانباغرى بولۇپ، ئېنىق بىر يولمۇ يوق ئىدى. ئاتلار تېيىلىپ، يىقىلىپ قېلىۋاتاتتى، كارۋانچىلار ئۇلارنى قامچىلاپ، تېپىپ تۇرغۇزاتتى. ساندۇق ۋە باشقا نەرسىلەر پەسكە دومىلاپ چۈشۈۋاتاتتى. مانا شۇ چاغدا بىز مۇھەممەد قۇربانىڭ[1] كارۋانچىلارنى كۆپرەك ئالمىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاتلارنى باشقۇرۇشقا يېتىشەلمەي قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇق، پۈتۈن كارۋان كونتروللۇقىنى يوقاتقانىدى.

بۇ مالىماتاڭچىلىقتا دورىگەرنىڭ خوتۇنى قىينالدى. ئۇ ياش مۇسۇلمان چوكان بولۇپ، ھىندىستان ئاياللىرى كىيىدىغان خۇددى چىدىرغا ئوخشايدىغان يوغان، كېلەڭسىز كىيىمگە چىڭ ئورىنىۋالغانىدى. سىرتتىكى نەرسىلەرنى كىچىككىنە چۈمپەردە ئارقىلىقلا كۆرەتتى. قۇچىقىدا بوۋاق، ئۆزى ئاغرىق بولغاچقا، جالاقلاپ تىترەپلا تۇراتتى.

---

[1] بۇ ھېلىقى ئۇمىدۋار ئۇيغۇر سودىگەرنىڭ ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

ئەتىراپتىكى ئىشلارغا نەزەر كۆزىنى سالمايتتى ، قانچىلىك رىيازەت چې-
كىۋاتقانلىقىنى ھەم سەزمەيتتى . بۇنداق سەپەرگە ماسلىشالىغان بىلەن
ناھايىتى غەيرەت قىلىپ مېڭىۋاتاتتى . ئۇ ، مەن ناھايىتى خەتەرلىك ،
دەپ قارىغان جايلاردىنمۇ ئاتلىق ئۆتۈپ كەتتى . بىر قېتىم ئۇ مىنگەن
ئات يىقىلىپ كېتىپ ، ئۇنى قۇچقىدىكى بوۋاق بىلەن يەرگە تاشلىۋەت-
تى . مەن يول بويى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى ئويلىدىمىۇ ، ئۇ پاشتۇ
تىلىنىلا[1] بىلگەچكە ئامال قىلالمىدىم . قارىغاندا ئۇنىڭ سەزگۈلىرى
گاللاشقان ، ئۆزىنى تەقدىرگە تاپشۇرغاندەك قىلاتتى .

كاردون تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ، پانامىكقا بارغۇچە يول خېلى
ئوبدان ئىدى . ئەمما ، ئاتلىق شايئوق دەرياسىدىن ئۆتكۈچە تازا قورق-
تۇم . دەريا ناھايىتى كەڭ ، سۇ شاۋقۇنلاپ تېز ئاقاتتى ، پاكارراق
ئاتلارنى ئېقىتىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى .

بىز ھەر كۈنى دوختۇر بىنىس ۋە ئۇنىڭ كارۋىنى بىلەن ئۇچرى-
شىش ئۈمىدىدە يوللارغا نەزەر سالاتتۇق ، شۇنىڭدەك كاللىمىزدا ئۇلارنىڭ
پاجىئەلىك يوسۇندا بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغان ياكى بىرەر بالا ـ قازاغا يو-
لۇققان كۆرۈنۈشى پەيدا بولاتتى . ئالدىمىزغا ماڭغانسېرى بۇ كۆرۈنۈشلەر
ئېنىق تۇس ئېلىپ ، ئەھۋال بارغانسېرى ئېغىرلىشاتتى . ئەمما ، بىز كۈ-
تۈلمىگەندە ئۇلار بىلەن پانامىكتا ئۇچراشتۇق ! بىز بۇ يېزىدىكى بىر مې-
ۋىلىك باغدا ئولتۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئەھۋاللاش-
تۇق . دوختۇر بىنىس بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى : ئۇلار قەشقەردىن
يولغا چىققاندا ، يولدا « باندىت » لار بارلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى پە-
قەتلا ئاڭلىمىغانىكەن ، بىر كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال ، ئۇلار ئاتلىق كې-
تىۋاتقانىكەن ، تۇساتتىن ئەتراپىدىن ۋىژىلداپ ئوقلار ئۇچۇپتۇ . ئۇلار
دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ يەرگە يېتىۋاپتۇ . كېيىن بىر قىيانىڭ كەينىگە
ئۆتىۋېلىپ ، ئاق قولياغلىقنى پۇلاڭلىتىپتۇ . ئۇلارغا ئوق چىقارغانلار

---

① ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەت پاشتۇلارنىڭ تىلى ، پاشتۇلار ئاساسەن ئافغانىستاننىڭ غەربى ۋە ھازىرقى پاكىستاننىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا ، ئۇ شۇ يەرلەردە قوللىنىلغان تىللارنىڭ بىرى ئىدى .

باندىتلار ئەمەس، شۇ ئەتراپنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا ئەۋەتىلگەن جۇڭگو ئەسكەرلىرى ئىكەن. ئۇلار جىددىيلىشىپ قارىغا ئالمايلا ئاتقاچقا، يەنە كېلىپ ئېتىش ماھارىتىمۇ ئۇستۇن بولمىغاچقا، ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت كۆرۈلمەپتۇ. كېيىن ئۇلار دوختۇر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بىنىس دوختۇر ئېرىم بىلەن سۆزلىشىش جەريانىدا، بىزنىڭ سەپەر ئۇستىدە ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولغان مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلەپ مۇزاكىرىلەشتى. ئارقىدىن بىز بىر قانچە قېتىم يىغىن ئاچتۇق، كەيپىيات تېخىمۇ كەسكىن ۋە جىددىي بولدى. بىنسىنىڭ 12 ياشلىق ئوغلىمۇ يىغىنغا قاتنىشىپ ئارايىك، بىنىس بىلەن ساقاللىق، تەلەتى يامان كارۋانچىلار ئوتتۇرىسىدا تەرجىمانلىق قىلدى، ئۇ ئۇيغۇرچىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيتتى، كاللىسىمۇ ئۆتكۈر، زېرەك ئىدى. ئۇ تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

بىز ھازىر، گەرچە باندىتلار بۇ يولدىكى جۇڭگو ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلغان، ئىككى ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئەتراپتا جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. شۇنداقلا يەنە بىر خەۋەردە جۇڭگو تەرەپنىڭ تېخىمۇ جەڭگىۋار بىر قوشۇننى ئەۋەتكەنلىكىمۇ ئىسپاتلاندى. كۆڭۈلنى تەسكىن تاپتۇرىدىغان بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، كاردون تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكۈچە چەككەن رىيازەتلىرىمىز گويا يېڭىلا بولۇپ ئۆتكەندەك زاھىر بولدى ـ دە، ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىۋېرىش قارارىغا كەلدۇق.

پانامىكتا بىر كۈن ئارتۇق تۇرۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر قانچە ئارشاڭنى كۆرۈپ چىقتۇق. بىر ئارشاڭنىڭ ئۇستىدە ئىككىگە ئايرىلغان بىر ئۆي بار ئىكەن. شۇ يەردە بىز يۇيۇنۇۋالدۇق. دوختۇر بىنسىمۇ بىر ئايدىن بېرى يۇيۇنمىغانىكەن، ئۇلارمۇ يۇيۇنۇپ راھەتلەندى.

ئىككى كارۋان ئۇچرىشىپ، ئىككى كۈن ئارامخۇدا دەم ئالغاندىن كېيىن، قارىمۇ قارشى يۆنىلىشكە قاراپ يولغا چىقتۇق، جاپالىق ۋە ئۇزۇن سەپىرىمىزنى باشلىۋەتتۇق. كارۋىنىمىزغا ھەر خىل ئادەم بولۇپ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنچە ئادەم قوشۇلدى . لېكىن ، قوشۇلغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئەنگلىيە كونسۇلى ئارايكىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش ئارزۇسىدا ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى. ئۇ قاچاق جۇگگو ئەسكەرلىرىگە بىز بىلەن ماڭمايسىلەر ، دەپ بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ، بىر ئىككىسى يەنىلا بىللە ماڭدى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ كارۋىنىمىزدا بىر قاتار تۆگىلەر بار بولدى، ئالدىدا بىر ئېشەك يول باشلاپ ماڭاتتى، قاراشقا ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. كارۋىنىمىزدا يەنە ئۈچ ئېشەك، بىر ئاق رەڭلىك قېچىر بار ئىدى . تولىمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى . بۇ جانىۋارلارنى غەمكىن چىراي بىر ئوغۇل بالا تىللاپ ، قامچىلاپ ھەيدەپ ماڭاتتى. 600 ئىنگلىز مىلى يولنى بېسىپ بولغۇچە، بۇ بالا جانىۋارلارنى تىللايدىغان بىرخىل سۆزنى تەكرارلاپلا ماڭدى، ئاغزىمۇ زادىلا بېسىلمىدى.

بىزگە ھەمراھ بولۇپ ماڭغان ياكى كەينىمىزدىن كېلىۋاتقانلاردىن باشقا، چېگرا تەرەپتىن كېلىۋاتقانلارنى پات ـ پات ئۇچرىتىپ تۇردۇق. بۇ، يوللارنىڭ توسالغۇسىز، راۋان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان خۇشاللىنارلىق ئەھۋال ئىدى . دېمەك ، ئۇ باندىتلار پەيدا بولغان چاغدىكىگە ئوخشاشلا، تۇيۇقسىز غايىب بولغانىدى. ئۇچرىغان كارۋانلار ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق پېشكەللىككە ئۇچرىمىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ كىشىلەر يوغان ، كېلەڭسىز تېرە جۇۋا، ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك ، خىلمۇ خىل ۋە غەلىتە شەكىلدىكى قۇلاقچىلارنى كىيىۋالغان بولۇپ ، تەلەتى قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، ناھايىتى مۇلايىم ۋە دوستانە ئىدى. بىر قېتىم بىر كارۋاندىكىلەر بىزنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى. قازاندا يېڭىلا سويۇپ، چوڭ ـ چوڭ پارچە قىلىنغان قوي گۆشى شورپىسى پۇرۇقلاپ قايناپ تۇراتتى. بىز بارغاندا ئۇلار يەرگە پالاس ۋە تېرىلەرنى سالدى. بىز تارتىنماستىن بىمالال، تويغۇچە غىزالاندۇق. بۇ يەردە تۇنجى قېتىم شىكەرمۇ، سۈتمۇ قوشۇلمىغان سېرىقمايمۇ يوق كۆك چاي ئىچتۇق. بۇ چاي تىبەتچە چايدىن كۆپ تەملىك ئىكەن.

بىز سەپىرىمىزدىكى ئىككىنچى، شۇنداقلا ئەڭ جاپالىق بىر تاغ

ئېغىزىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ، ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى . شۇئان ئېلىۋال-
غان قېلىن كىيىملىرىمىزنى كىيىۋالدۇق ۋە كېيىنكى ئۈچ ھەپتە ئىچىدە
ئۇ چىمىزدىن ئايرىمىدۇق . ئاخشىمى ئۆتۈكىمىزنى سېلىپلا ماھۇق خالتىغا
كىرىۋالاتتۇق ، ئارايكىنىڭ جۇمۇلاگىما چوققىسىغا چىققاندا ئىشلەتكەن بۇ
ئۇخلاش خالتىسىغا پەقەت ئىككىمىزلا پاتاتتۇق . دوختۇر بىنىس تېخى
يۇمشاق ، ئۇزۇن قونچىلىق پىما بىلەنلا ياتقانىكەن . سوغۇقتا تۇرمۇشمۇ
ئاددىيلىشىپ كېتىدىكەن ، يەنى پۇت - قوللارنى يۇيۇپ ، چىش چوت-
كىلاش ، كىيىم - كېچەك سېلىپ ياتىدىغان ئىش بولمايدىكەن . ئىككى
خىزمەتكارىمىز ئاخشىمى ياتقۇچە بارلىق تەييارلىقلارنى تەخ قىلىپ قو-
ياتتى . بىزمۇ ئورنىمىزغا ئىسسىققىنا كىرىش ئۈچۈن ، خىزمەتكارلارنىڭ
نەرسە - كېرەكلەرنى ئاتتىن چۈشۈرۈش ، چېدىر تىكىش ، سۇ ئەكىلىش-
تەك ئىشلىرىغا قارىشاتتۇق ، بۇنىڭدىن كارۋاندىكىلەر ھەيران بولاتتى .
ئۇخلاش خالتىسى ئەڭ راھەت جاي بولغاچقا ، بىز تاماقنى يەپلا ئۇنىڭغا
كىرىپ ياتاتتۇق . چېدىرنىڭ ئىچى بەك كىچىك بولغاچقا ، نەپەس ئالال-
ماي قالاتتۇق ، ئۇخلاپلا جىمى بىئاراملىقتىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرايتتۇق .
ساسېر تاغ ئېغىزى دېڭىز يۈزىدىن 17 مىڭ 480 ئىنگلىز مىلى
ئېگىز بولۇپ ، ھاۋاسى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان ئىدى . ئەمما ، ئۇ بىزگە
بەكمۇ رەھىم - شەپقەت قىلدى . بىز تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكۈچە شامال
چىقمىدى . ئاتلار يۇمىلاق تاشلارغا دەسسەپ بەكمۇ قىينىلىپ كۆچەپ ،
تاغ ئېغىزىغا ئۆرلەپ ماڭاتتى . تاغ ئېغىزى ئۈستىدىكى داۋان مۇزلۇق
بولۇپ ، ھېلىمۇ ياخشى ئاتلارغا ھېچ ئىش بولمىدى . بۇ يەردە سۆڭەك ۋە
ئۆلاغلارنىڭ تاپلىرى كۆزگە چېلىقىپلا تۇراتتى . قاقاس ، ئادەم ئايىغى
كەمدىن - كەم يېتىدىغان بۇ يولدا ئۇلاغلار ھەممىدىن بەك جاپا تار-
تاتتى . چۈنكى ، يېقىلغۇ ، يېمەكلىك ، يەم - خەشەكلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇلاغلارغا ئارتىلىدىغان بولغاچقا ، سودىگەرلەر قىممەت باھالىق نەرسە-
لەرنى كۆپرەك ئېلىپ مېڭىشنىلا كۆزلەپ ، يەم - خەشەكنى كۆپ ئال-
مايتتى . نەتىجىدە ئاچلىق ، ھارغىنلىق ۋە قاتتىق سوغۇق ئاتلارنىڭ
كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى . شۇڭا ، بىز يول بويى ،

ھەتتا تۇزلەڭلىكلەردىمۇ تاپلارنى پات ـ پات ئۇچراتتۇق. بىر مەيلى نە-
گىلا بارمايلى، ماڭىدىغان يولىمىزنى ئېنىقلىيالماي قالغان چاغلاردا ھا-
مان ئادەمنى شۇر كۆندۈرىدىغان تاپلار يول بەلگىسى بولاتتى.

ساسىر تاغ ئېغىزىدىكى داۋاندىن ئۆتكۈچە ئاتلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئاقساپ قالدى، بىر قىسمى ھېلىلا بولالماي يىقىلىپ قالدىغاندەك شۇنچىلىك روھسىز بولۇپ كەتتى. لېكىن، بۇنىڭغا بىزنىڭمۇ ئامالىمىز يوق ئىدى. كارۋانچىلار بەكمۇ رەھىمسىز بولۇپ، ئاتلارنى ئۇلار قاتتىق ئۇرۇش، تېپىش بىلەنلا داۋالايتتى، پەقەت بولالماي، ماڭالماي ياكى قوپالماي قالغان ئاتلارنى تاشلاپ كېتىۋىرەتتى. ئۇلار ئارايىك بىلەن مېنىڭ جېنى تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالغان ئاتلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا تىرىشقانلى-قىمىزنى قاملاشمىغان ئىش، دەپ قارىدى. مەن ئۇلاغ بېقىش ۋە ئاسراشنى بىلمىسەممۇ، بۇلارنىڭ قىلىقى ماڭا بىر خىل زورۇرىيىتى يوقلا بىر رەھىمسىزلىك، ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىقتەك بىلىندى. بىر كۈنلۈك ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن، ئاتلارنى سۇمۇ، يەممۇ بەرمەي بىرىنىڭ بې-شىنى يەنە بىرىنىڭ قۇيرۇقىغا قىلىپ باغلاپ قوياتتى ياكى بولمىسا، كې-يىن بىر شىنجاڭدا كۆپ كۆرگەنگە ئوخشاش، دەرەخلەرگە ياكى يا-غاچلارغا بېشىنى ئېگىز قىلىپ مەھكەم باغلاپ قوياتتى. بىز بۇ ئىشقا نارازىلىق بىلدۈرسەك، ئۇلار مۇشۇنداق قىلساق، ئاتنى ئاغرىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالالايمىز، دەپ جاۋاب بېرەتتى. بىز قانچىلىك گەپ قىلمايلى، بۇ ئىشنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدۇق.

كارۋىنىمىز جىمجىت، ئادەمزاتسىز كائىنات قوينىدا ئاستا يۈرۈپ-مەكتە ئىدى. بىر كۈنى گىياھمۇ يوق چۆللۈك، قار قاپلىغان تاغ چوق-قىسىدىن ئۆتتۇق. ئۇپۇق سىزىقىدا چاقنىغان نۇردا تاغنىڭ سايىسى نا-ھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى. كېيىنرەك قۇرۇپ كەتكەن دەريادىن ئۆتتۇق. دەريانىڭ ئىچى تاشلىق بولۇپ، مېڭىش قىيىن ئىدى؛ ئەتىسى يىلان باغرى تار چىغىر يولدا تىك قىيا بويلاپ ماڭدۇق. بەزىدە چىغىر يول بىلەن ئىككى تەرىپىدە غەلىتە قىيا ۋە تاشلار قاپلانغان تار سايلىقتىن ئۆتتۇق. تار سايلىققا كۈن نۇرى چۈشمەيتتى، گۈلدۈرمامىدەك قاتتىق

www.uyghurkitap.com

ئاۋاز چىقىرىپ بىر ئېقىن ئاقاتتى.
بىر بۆلەك يولنى توپتوغرا ئالتە كۆن مېڭىپ تۈگەتتۇق. بۇ ئالتە كۈندە بىر دەريانى بويلاپ، ھېلى ئۇ قاشقا، ھېلى بۇ قاشقا ئۆتۈپ ماڭدۇق. شۇ تەرزدە بىرىنچى كۈنىلا 30 نەچچە قېتىم سۇ كەچتۇق. بىپايان تاقىر چۆللۈكلەر، ئوچەت ـ بۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان قۇرۇق سايلىقلار، تاشلىقلار، شېغىللار، قار ـ مۇزلاردا ماڭدۇق. ئەتراپ شۇنچىلىك تىمتاس ئىدى، ئەگەر سۇلارنىڭ شارقىرىشى ياكى شىلدىرلىشى بۇ خىل جىمجىتلىقنى بۇزمىغان بولسا، بۇ جىمجىت دالا گويا ھەممىلا يەر بىزگە دۈشمەنلىك نەزەرىدە قاراۋاتقاندەك بىر خىل ۋەھىمىگە سالاتتى. ئېگىزلىكلەرمۇ تەكشى ئەمەس ئىدى. يوللار نەچچە يۈزلىگەن ئىنگلىز مىلى بولۇپ، ھاياتىي كۈچ بولمىسىمۇ، يەنىلا بىپايان ۋە ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. كۆپىنچە قاتتىق توڭلاپ كېتەتتۇق، ھېرىپ ھالسىز قالمايتتى، يىقىلىپ قالايلا دەپ قالاتتۇق. لېكىن، يول ئۇزۇن، سەپەر تېخى تۈگىمىگەنىدى.
شۇنداقتىمۇ كائىنات ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى، جەلپكارلىقى ۋە سېھرىي كۈچى بىلەن، رىيازەت چەككەن تەنلىرىمىزنى يايرىتىپ، كۆڭلىمىزنى ئېچىپ، كۈچ ۋە غەيرەت بەخش ئاتا قىلاتتى. تاغ جىلغىسىدا ئىللىق نۇر چېچىپ تۇرغان ئاي دەريا سۇلىرىدا جىمىرلاپ، ئېقىنلارغا سۈزۈك رەڭ بېرەتتى. ئاسمان پەلەك ئېگىز چوققىلار قارامتۇل تۈس ئالاتتى، قۇياش پارلاپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۆك ئاسمانغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھامان، پۈتۈن كائىنات بىردىنلا جانلانغاندەك، خۇشال بولغاندەك بولاتتى، قاپقارا كۆرۈنىدىغان قىيالار ئۈستىدىكى كۈمۈش رەڭ مۇزلۇقلار ئاق ياقۇتتەك ۋال ـ ۋۇل قىلىپ چاقنايتتى.
ساسىر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئالتە كۈن ئىچىدە، بىز پۈتۈنلەي دېڭىز يۈزىدىن 15 مىڭ مېتىر ئېگىز رايوندا ماڭدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، دېڭىز يۈزىدىن 18 مىڭ 290 مېتىر ئېگىز قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىغا كەلدۇق، بۇ ئېغىزنىڭ ئۇ تەرىپى شىنجاڭ ئىدى.
قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىغا بارىدىغان تاغ يولى تىك بولماستىن،

www.uyghurkitap.com

ئاستا ـ ئاستا ئېگىزلەيتتى . تاغ ئېغىزى ئۈستىگە چىقسى تۆۋەنگە چۈشۈشتىكى يولمۇ ، بەك تىك ئەمەس ئىدى . بۇ تاغدىن ئۆتسەكلا ، جۇڭگو زېمىنىغا كىرىدىغان بولغانلىقتىن ، بۇ بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم پەيت ئىدى . يولنىڭ بۇ بۆلىكىنى تۈگەتسەك ، نامى مەشھۇر باندىتلار سودا كارۋانلىرىنى بۇلىغان رايونغا قەدەم قوياتتۇق . ئالدىمىزدا گەرچە ئادەمنى قورقۇتۇپ جاننى ئالىدىغان خەتەر يوشۇرۇنغان بولسىمۇ ، بىز شىنجاڭغا كىرىدىغان بولدۇق ، دەپ بەكمۇ ھاياجانلاندۇق ، چۈنكى بىز قەشقەرگە بارىدىغان يولنىڭ يېرىمىنى تۈگەتكەنىدۇق .

قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىغا كېلىشكە ئىككى كۈن قالغاندا ، كارۋانچىلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا بېشى چۈشۈپ ، ئۈمىدسىزلىككە پاتتى . بۇنداق بولۇشى ، ئۇلار لېھقا بارغۇچە ، قايتقاندا ئۇلاغقا بېرىمىز ، دەپ بىرمۇنچە يەم ـ خەشەكنى ھازىر كەلگەن بۇ جايغا كۆمۈپ قويۇپ كەتكەنىكەن ، ئەمدى قارىسا ، ئۇلار يوقاپ كېتىپتۇ . ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىنكى يولدا مۇشۇ يەم بىلەن ئۇلاغلارنى باقماقچىكەن ، ھازىر ئۇلاغلار چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى . ئىككى ئات ئۆلۈپ كەتتى . بىرىنچى بولۇپ ئۆلگىنى مەن مىنگەن ئات ئىدى . ئارايىك ، سىز بۇ ئاتنى كۆپ مىنمىگەچكە ، ئىچى سىقىلىپ ئۆلدى ، دەپ تەنە قىلدى . مەن ئۇنىڭ پۈتىدا كېسەل بولغاچقا ئۆلگەنلىكىنى بىلگەنىدىم . ئۇ ئات ئاستا مېڭىپ ئىچىمنى پۇشۇرۇۋەتكەندە ئاچچىقىم كېلىپ قارغاپ كەتكەنىدىم . ئۆلگەنىدىن كېيىن شۇ قىلغانلىرىمدىن خىجىل بولدۇم .

يەم ـ بوغۇزنىڭ بىردىنلا ئازلاپ كېتىشىدىن باشقا ، كارۋانچىلارنىڭ يېقىلغۇسىمۇ تۈگەپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسيان كۆتۈرگىلى تاس قالدى . ئۇلار ئالدىمىزدىكى يول 15 ئىنگلىز مىللا كېلىدۇ ، دەپ قەسەم ئىچەتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ يول 20 ئىنگلىز مىلى چىقاتتى . بىز تۇختاپ ئارام ئالايلى دېگەندە ، ئۇلار يەنە ئازراق ماڭايلى ، ئالدىمىزدىن ئوتۇن ـ چاۋار تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن ، دەپ تۇرۇۋالاتتى . ئەمما ، بىرقانچە كۈنلۈك شەپقەتسىز پاكىتلار ئۇلارنىڭ ئارىلىق ئۇقۇمىنىڭ تولىمۇ ناچارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى .

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ، ھاۋا بۇزۇلۇپ قار ياغقىلى تۇردى . بىز ماڭمايمىز ، دەپ تۇرۇۋېلىپ ، ئۇلار بىلەن قاتتىق جېدەللىشىپ كەتتۇق . ئاخىردا ، ئۇلار ئۇستۈنلۈكنى ئىگىلىدى ــ دە ، يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق . كۆپ ئۆتمەيلا بىر جايغا كەلدۇق . تاشلارنىڭ ئارىلىق- لىرىدىن ئۈنۈپ چىققان گىياھلارنى كۆرۈپ ئەجەبلەندۇق ، چۈنكى بىز توققۇز كۈندىن بېرى گىياھ دېدارىنى كۆرمىگەنىدۇق . مۇشۇ يەردىن باشلاپ يوللاردا ئاندا ــ مۇندا قۇرۇپ قالغان دەرەخ ، قوتاز تېزىكىنى ئۇچراتتۇق . تاكى تۈزلەڭ رايونغا بارغۇچە ، شۇ نەرسىلەرنى يىغقىلغۇ قى- لىپ جان باقتۇق . كارۋانچىلار بىلەن جېدەللىششىمىز بىر قېتىملا بول- مىدى . ئۇلار بەك قوپال ، باشباشتاق ئادەملەر ئىكەن ، ئۆزلىرىگە خاس ئىشلەش ئۇسۇلى بار ئىكەن . بىزنى ھەممىدىن بەك خاپا قىلغان ئىش شۇ بولدىكى ، ئۇلار ئارىلىق ۋە ۋاقىت دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرمىگەچكە سەھەردە تۇرۇپ ، ئەتىگەنرەك يولغا چىقىشقا ئۇنىمايتتى . ئۇلار ۋاقچە ئورنىدىن تۇرۇشقا ، ئوت سىنىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە ئامراق ئىدى . چاينى ئۇزۇندا ئىچىپ بولۇپ ، ئاندىن تۈنۈگۈن ئاخشام قويۇۋەتكەن ئاتلارنى نە ــ نەلەردىن تېپىپ كېلەتتى ــ دە ، نەرسە ــ كېرەكلەرنى ئارتىپ يولغا چىققۇچە بىر چاغ بولاتتى . شۇ ماڭغانچە قاراڭغۇ چۈش- كەندە ، ئاندىن توختايتتى . بىز بولساق قاپقاراڭغۇ ، شاماللىق سوغۇق كېچىدە چېدىر تىكىشنى پەقەت ياقتۇرمايتتۇق ۋە ئىمكان بار ئۇنداق قىل- ماسلىققا تىرىشاتتۇق . ئۇلارغا تەھدىت سېلىش ، تىللاپ قارغاشنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى . ھەتتا ئاچچىقىمىزدا چېلەكلەردە سۇ قۇيۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈشمۇ كار قىلمىدى . پەقەت بىر قېتىم سەھەردە قوپتۇق دەپ ، بىزنى كېچە سائەت ئىككىدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە ئويغىتىپ ، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى .

ئۇلارنىڭ سەپەر ۋاقتىنى بۇنداق پىلانسىز ، ئۆزى بىلگەنچە ئو- رۇنلاشتۇرۇشى ، بىزنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى . بىر قېتىم بىز ئامالسىز قېلىن قارلىق ۋە خەتەرلىك تاغ باغرىدا چېدىر تىكىپ سوغۇق ئازابى ۋە جاپانى يەتكۈچە تارتتۇق . بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 16

www.uyghurkitap.com

مىڭ ئىنگلىز مىلى ئېگىز « يېڭى داۋان » دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ ئېغىزى ئىدى. شۇ كۈنى، ناھايىتى كېچىكىپ يولغا چىقتۇق، ناھايىتى كەڭ بىر دەريادىن تۆت بەش قېتىم ئۆتتۇق. ئارقىدىن تار جىلغىسىدىن تاغ ئېغىزىغا قاراپ ماڭدۇق. يولدا ھەر يوغان ـ ھەر يوغان تاشلار كۆپ ئىدى. ئاتلار تولا يىقىلىپ بولمىغاندىن كېيىن، توختاپ ـ توختاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئاسمان تۈن پەردىسىنى ئاستا ـ ئاستا يېيىپ، ئاخىر پۈتۈن كائىناتنى قاپلىغاندىمۇ، بىز تاغقا چىقىپ كېتىۋاتاتتۇق. باش ئۈستىمىزدە قارا بۇلۇت، ئەتراپىمىزنى تۇمان قاپلىغانىدى. بىز ئاخىر بۇ تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ كېتىشتىن ئۈمىد ئۈزدۇق. كارۋانچىلار بۇ ئەھۋالنى ئوبدان بىلىدىغان تۇرۇپمۇ، بۇ داۋاندىن مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئۆتۈپ، داۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئوبدانىراق قونالغۇ تېپىۋېلىش ئۈچۈن، بالدۇرراق يولغا چىقمىغانلىقىغا شۇنچىلىك ئاچچىقىمىز كەلدىكى، جازالاش ئۈچۈن بىر قانچىسىنىڭ ئاياپ ئىشلىتىۋاتقان يېقىلغۇسىنى ئېلىۋېلىپ، بىچارە مۇھەممەدشاھ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىغا بەردۇق.

بۇ نەس باسقان جايدا تاغلىق رايوندىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق.

ئەتىسى، يېڭى داۋاندىن ئۆتۈۋاتقاندا، قار يېغىپ كەتتى. كوئىنلۇن تاغ تىزمىلىرى تۇرۇلۇپ بوراندەك ئۇچۇپ يۈرگەن قاپقارا بۇلۇتلار ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنەتتى. داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، يول تاغدىن پەسكە قاراپ سوزۇلدى ۋە بارا ـ بارا پەسلىدى.

بىز ئىككى كۈندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ غەربىدە كۆرسىتىلگەن بىرىنچى يېزىسىغا كەلدۇق. بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تەشنالىق بىلەن تەلمۈرگەن، ئادەملەر جايلاشقان يەرگە ئاخىر يېتىپ كېلىپ، شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتتۇق! يېزىدا قوڭۇر تۇپراق ئارىسىدىن ئاران ـ ئاران پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پاكار، كىچىك ئىككى ئۆينى كۆردۇق. بىر تېرە ـ بىر ئۈستىخان بولۇپ قالغان بىر بوۋاي ئاپتاپ سىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تەسۋى سىرىپ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئوقۇيتتى. مۇ-

شۇنداق تىمتاس ، چەت جايدىمۇ ئادەم ياشايدىغانلىقىغا ئىشەنگۈمىز كەل-
مەيتتى .
هېچقانچە ماڭمايلا كېسەكتىن سېلىنغان بەزى ئۆيلەرنى كۆر-
دۇق . بۇلارنىڭ هالى سەل ياخشىراق ئوخشايدۇ ، بىزنى ئۆيگە باشلاپ
چاي قويدى ، ئالدىمىزغا لىگەندە يوغان ۋە يۇمىلاق نان قويدى . بۇ ئا-
دەملەر لاداقلىقلاردەك ئوچۇق ، خۇش چىراي ، جەلپكار ئەمەس ، ئەك-
سىچە بەك تارتىنچاق ، كەم سۆز ئىكەن . نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ دېگەن
چېگرىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ـ دە .
بۇ يەرنىڭ ئۆيلىرى كىچىك بولسىمۇ ، هەر هالدا ، بىز ئەتىسى
كۆرگەن جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىنىڭ گەزەرمىسىدىن
چوڭراق ئىكەن . ئەتىسى بىز بىر ئەگمىدىن ئۆتۈشىمىزگە بىر مىلتىق
بىزگە تەڭلىنىپ ، چىرايىدىن گۇمان يېغىپ تۇرغان بىر ئەسكەر كىم-
لىكىمىزنى ئېيتىشقا بۇيرۇق قىلدى . بىنىس دوختۇرنىڭ كەچۈرمىشلىرى
يادىمىزدا بولغاچقا ، بىز ناهايىتى بەك ئېهتىياتچان ۋە ياۋاش ـ يۇمشاق
بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن « قورغان »غا باردۇق . بۇ قورغان شامالدا تۈزلە-
نىپ كەتكەن تاغ ئۈستىگە تاشتىن قوپۇرۇلغان ناهايىتى ۋەيرانە بىر
ئۆي ئىكەن .
بىز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئۆزئارا هال ـ ئەهۋال سوراشتۇق ،
چاي ئىچتۇق ۋە پاراڭلاشتۇق . ئىككى تەرەپ تۆت خىل تىلدا سۆزلەش-
تۇق ، يەنى خەنزۇچە ئۇيغۇرچىغا ، ئۇيغۇرچە ئوردۇچىغا ، ئوردۇچە
ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىندى . شۇڭا ، بۇ قائىدە ـ يوسۇن خاراكتېر-
لىك ئاددىي سۆزلىشىشكىمۇ ناهايىتى جىق كۈچ ۋە كۆپ ۋاقىت كەتتى .
بىز ئۇلارنىڭ گېپىدىن شۇنى ئۇقتۇقكى ، ئۇلار بۇ ئەتراپتىكى باندىتلارنى
تۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنىكەن . هازىرغىچە بىرەر باندىتمۇ يولۇقماپتۇ ،
شۇنداقتىمۇ مەسئۇل ئوفىتسېر يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى كەلگەندە ، ئاندىن
مېڭىشىمىزغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇنداق بولغاندا ، بىزگە بۇ
سوغۇق ، زېرىكىشلىك جايدا ، يەنە كېلىپ قورغان تېمىنىڭ سىر-
تىدا ئات ـ ئۇلاغلار ۋە ئەخلەت چاۋارلار بىلەن بىرگە يېتىشقا توغرا كې-

لەتتى . بۇ بىز ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب ئىدى ، شۇڭا بىز ئوفتسېرغا ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن سىلىق قىلىپ ئەھۋالىمىزنى قايتا بىر چۈشەندۈردۇق . ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ « مېھماندوست » لىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردۇق ؛ يېقىلغۇمىز تۈگىگەنلىكى ، ئاغرىق بوۋاقلارنى ئېلىپ ماڭغانلىقىمىزنى ئېزىپ ئېچكۈزۈپ چۈشەندۈردۇق . ئەلۋەتتە ، باھانە - سەۋەبلەرنى تازا كۆپتۈرۈپ كۆرسەتتۇق . ئاخىر ئوفتسېرنى مېڭىشىمىزغا قوشۇلۇشقا ئۇناتتۇق .

شۇنداق قىلىپ ئەڭ جاپالىق سەپىرىمىز تۈگەي دەپ قالدى ؛ بارلىق ئېگىز تاغ - داۋانلاردىن ئۆتۈپ بولدۇق ؛ باندىتلارنىڭ ھۇجۇمىغىمۇ ئۇچرىمىدۇق ؛ ئېگىزلىك كېسەللىكلىرى ئەمدى بىزنى بىئارام قىلمايتتى . يەنە بىر نەچچە دەريا ، تىك ۋە تاقىر بىرلا تاغدىن ئۆتسەكلا يولىمىز تۈگەيتتى . كېيىن ئۆتكەن دەريالارنىڭ سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى . دەريا ئېقىنى قىزغۇچ كۆل رەڭ قىيالارغا ئۇرۇلۇپ ، تاشلىق ساھىللاردىن ئۆتەتتى ، بەزى جايلاردا ئەگمە ھاسىل قىلىپ ، تىنچ ۋە ئاستا ئاقاتتى . دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا سۆگەتلەرنىڭ شاخلىرى ئېگىلىپ ۋە جىلۋە قىلىپ سۇ بىلەن ئوينىشاتتى . ھەممە يەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ، گۈل - گىياھ بىلەن بېزەلگەنىدى . كۈز ۋاقتى بولغاچقا ئۇلار قىزىل ، سېرىق رەڭدە تاۋلىناتتى ۋە يېقىملىق خۇش ھىد تارقىتاتتى . ھازىرغىچە ماڭغان يولىمىز ، قىيالىق ، تاشلىق ، مۇزلۇق ، قارلىق بولۇپ ، بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان بولسىمۇ ، مۇھىت يەنىلا ناچار ، زېرىكەرلىك ئىدى . توساتتىن دەل - دەرەخلەر ، ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان يەرگە كېلىپ قېلىپ كۆڭلىمىز ئاجايىپ ئېچىلىپ كەتتى ، بىز گويا ئانچە بەك ئۇسسىمىغان بولساقمۇ ، لەۋلىرى ، گاللىرى قۇرۇغان ئادەم توساتتىن مەرۋايىتتەك سۈزۈك ۋە سوغۇق بۇلاق سۈيىنى كۆرۈپ قالغاندەك ، خۇشال بولۇپ تېرىمىزگە سىغماي قالدۇق .

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ، بىز جىمجىتلىق ئىچىدە كېتىۋاتاتتۇق . توساتتىن ئەتراپتىكى جىلغىدىن ئاڭلانغان ئوق ئاۋازى بۇ خىل جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتتى . مەن كارۋاندىن خېلى يىراقتا پىيادە كېتىۋا-

تاتتىم . بۇ ئەتراپتا ئارايك ئۇۋلىغۇدەك قىرغاۋۇلنىڭ يوقلۇقىنىمۇ بىلەت-
تىم . بۇ جۇڭگو ئەسكەرلىرى ھەربىي مەشىق قىلغاندا ئاتقان ئوقمكىن
دېسەم ھېچ ئوخشىمايتتى ، شۇڭا ئالاقزادە بولۇپ كەتتىم . ئادەتتە مەن
ئاتـقا مىنمەي پىيادە ماڭاتتىم . پەقەت دەريادىن ئۆتىدىغان چاغلاردىلا ،
بىر بولسا ئارايكنىڭ ئارقىسغا مىنگىشىۋالاتتىم ، بىر بولسا مۇھەممەدنىڭ
ئېتى ئۇستىدىكى ئېگىز يۈك ئۇستىگە چىقىۋالاتتىم . مەن كېلىپ قارد-
سام ، گېيالگېن مېنى دەريادىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاتنى تۇتۇپ ساقلاپ
تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭدىن بايىقى مىلتىق ئاۋازىنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى
سورىغانىدىم ، ئۇ جاۋاب بەرمەي كۈلۈپ قويۇپ ، مېنى ئاتقا مىندۈردى .
ئاندىن بايا مەن خاتا ھالدا « باندىت ھۇجۇم قىلدى » دەپ چۈشەنگەن
مىلتىق ئاۋازىنىڭ رېفقاتۇللاخان ئەپەندىنىڭ ئۆشكە ئاتقاندىكى ئوق
ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .
سۈيى سۈپسۈزۈك دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن ، بىز يەنە ئىككى
تەرىپى تىك ، خەتەرلىك قىيالىق جىلغىدىن ئۆتتۇق . ئانچە ئېگىز بولمى-
غان بىر داۋاندىن ئاشتۇق . تار جىلغىدىن ئۆتكۈچە كارۋانچىلارنىڭ بىر
قىسمى ئاتنى ئالدىدىن يېتىلەپ ، بىر قىسمى كەينىدىن ئىتتىرىپ ماڭدى .
قىيالاردىكى قىرلىق تاشلار يۈكلەرنى ئىلىپ ، تىتىپ رەسۋا قىلىۋەتتى .
پەسكە چۈشكەندىن كېيىن ، قۇم ـ تاشلىق ئېدىردىن ئۆتتۇق . سەپىرد-
مىزنىڭ ئەڭ مۇشەققەتلىك بىر بۆلىكى ئالدىمىزدا نامايان بولدى ، بۇ
ئەتراپتا سۇ تاپقىلى بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . نەچچە كۈندىن بېرىقى
كۈندە ھېلى ئۇ دەريا ، ھېلى بۇ ئېقىندىن ئۆتكىنىمىزگە سېلىشتۇرغاندا ،
بۇ تازىمۇ كۆلكىلىك بىر ئىش بولدى .
ئاق مەسچىت بىز بايىلا ئۆتكەن داۋاننىڭ ئاستىدا بولۇپ ، ئۇنى
خەرىتىدىن تاپقىلى بولاتتى . يىراقتىن ئۇ يەردە بۇلاق سۈيى ۋە دەرەخ
باردەك كۆرۈنۈپ ، بىزدە سۇ تېپىش ئۈمىدى تۇغۇلدى . لېكىن ، يېقىن
بېرىپ قارىساق ، ئۇ يەردە گويا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا بىر خام
خىشتىن سېلىنغان ئۆي بار ئىدى . ئۆينىڭ يېنىدا توكۇر بىر بوۋاي بىر
ئېشەكنىڭ كەينىدىن مېڭىپ يۈرەتتى . ئۇ « بىرلا ئائىلىلىك » بۇ يېزد-

نىڭ خوجايىنى ئىدى .

بىۋاي بىزنى ئۆيگە باشلىدى . خوتۇنىغا نان ئەكىلىشنى بۇيرۇ-
غانىدى ، خوتۇنى نان ئەكەلدى ۋە ئايەت ئوقۇپ تۇرۇپ ناننى ئۇشاتتى .
ئويلايمەنكى ، ئۇ ئائىلىنىڭ بىزنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ يېتىشمەيۋاتقان نېنىنى
يەپ تۈگەتكەنلىكىمىزدىن ئىچى ئېچىشتى . مەن ئۇلارغا مىننەتدارلىق
بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئازراق قەنت ، چاي ، ئوغلىغا كەمپۈت
بەردىم . ئوغۇل بالا گاڭگىرىغان بىر قىياپەتتە بىزگە قاراپ تۇراتتى .
ئوتتۇرا ئاسىيادا قانچىلىغان ئادەمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا قەنت ـ
شېكەر يوقلۇقىنى ئويلىسا ، ئادەم ئىختىيارسىز ئېچىنىدۇ ۋە ئىچى ئاغ-
رىيدۇ . بۇ يەردىكىلەر ئۈچۈن قەنت ـ شېكەر تۇرمۇشتىكى لازىمەتلىك
بولماستىن ، بىرخىل سوۋغا ـ سالام بۇيۇملىرى ھېسابلىناتتى .

مۇھىتى ، شارائىتى ياخشىراق جاينى تېپىپ قونالغۇ قىلىشقا
كارۋانچىلىرىمىز زادىلا قىزىقمايتتى . ئۇلار ئەتراپتىكى مەنزىرىنىڭ گۈ-
زەللىكى ۋە مۇھىتنىڭ بىزگە بەخش ئېتىدىغان ئازادىلىك ۋە ھوزۇر ـ
راھىتىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى ۋە ھەۋەس قىلىپمۇ قويمايتتى . شۇڭا ،
قونالغۇ تاللاشتا بىزنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىمىز يوق دېيەرلىك
ئىدى . ئاق مەسچىتتىن يولغا چىققاندىن بىرى ، ئۇلارنىڭ ئەلپازى يامان
بولۇپ كەتتى . تاللىغان جايلىرى ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى . بىركۈنى
كەچقۇرۇن ، ئۇلار بىزنىڭ قونالغۇمىزنى بىر ئېشەكنىڭ تاپىنى يېيىنغا ئو-
رۇنلاشتۇرغانىدى ، بىز قاقشاپ كەتتۇق . نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغان-
لىقىنى سورىساق ئۇلار بۇ يەر سۇ بار جايغا يېقىن ، دېدى . لېكىن ، ئۇلار
دېگەن جايغا بارساق ، سۇ دېگىنى سازلىقتىن چىقىپ كۆلچەك ھاسىل
قىلغان ، شۇنىڭدەك ئۆتكەن ـ كەچكەن كارۋانلار ئىچىپ ، ئات ـ ئۇلاغ
سۇغىرىپ رەسۋا قىلىۋەتكەن سۇ ئىكەن . شۇ ئاخشىمى ئىچكەن چېيى-
مىزدا ( بىز چايغا شۇنچىلىك تەشنا بولغانىدۇق ! ) ئاتنىڭ بەدىنىدىن
كېلىدىغاندەك غەلىتە پۇراق بولغاچقا ، ئىچەلمەي تۆكۈۋەتتۇق ـ دە ،
كېيىنكى بىر سوتكا ۋاقىت ئىچىدە ئۇسسۇزلۇققا نائىلاج چىدىدۇق .

ئەتىسى ھالىمىز تېخىمۇ خاراب بولدى . بۇ كۈن ، يولغا چىققان-

دىن بېرىقى ئەڭ ئەڭ ئىسسىق ، ئادەمنى ئەڭ بەك چارچاتقان بىر كۈن بولدى.

چۈشتىن بۇرۇن يۇمشاق قۇمغا پېتىپ دېڭۈدەك ناھايىتى تەس-لىكتە ماڭدۇق. باش ئۈستىمىزدە قۇياش تونۇردەك قىزدۇراتتى، ئاياغ ئاستىمىز ۋە ئالدىمىز كۆز يەتكۈسىز توپىلىق ۋە قۇملۇق ئىدى. مەن گېيالگېن بىلەن بىر ئاتقا مىندىم. ئاتقا مىنسەم ئاتقا، يەردە ماڭسام پىيادە مېڭىشتىن بىزار بولاتتىم. ئاقۋەت ئۈپۈق سىزىقىدا تېرەكلىك كۆرۈن-دى. گەرچە ئۇ يەر يېقىن كۆرۈنسىمۇ، ئەمما خېلى ئۇزۇن ماڭغاندا، ئاندىن يېتىپ باردۇق. يولغا چىقىپ ئون سەككىز كۈن بولغاندا، بىز ئادەملەر ماكانلاشقان ھەقىقىي بىر بوستانلىقنى ئاخىر كۆردۇق. شۇئان كۆڭلىمىز كۆتۈرۈلۈپ، جانلىنىپ كەتتۇق، بۇ ھالىمىزنى تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى.

بۇ كىچىككىنە يېزا بولۇپ، يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جۇڭگو تاموژ-نىسىنىڭ ئىشخانىسى بار ئىدى. بۇ ئاۋات بىر مەدەنىي پائالىيەت مەركى-زىدەك قىلاتتى. مەيىن شامالدا جىلۋە بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشكەن ياپيېشىل دەرەخلەر، شارىلداپ ئېقىپ تۇرغان زۇمرەت سۇلار، جانلارنى ياي-رىتىپ — ياشنىتىدىغان سالقىن ھاۋا بىزدىكى يول مۇشەققەتلىرىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ھارغىنلىقىمىزنى يوق قىلىۋەتتى. پۇرسا دەيدىغان بۇ جايغا كەلگىنىمىزدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. مېنىڭ قارىشىمچە، بىز يېتىپ كەلگەن بۇ داغدۇغىلىق پەيتنى كىشىلەر كاناي — سۇناي چېلىپ تەبرىكلىسە بولاتتى. لېكىن، بىز يېزىدىن ئاتلىق ئۆتكەن چاغدا، كى-شىلەر ئۈن — تىنىسىز قاراپلا تۇردى.

ئارايىك بىلەن مەن يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇ-رۇن كارۋاندىن غېيىپدە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، بىر باغقا كىرىپ، دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ قوغۇن يېدۇق. شىنجاڭنىڭ قوغۇنى داڭلىق ئىدى، كىشىلەر قوغۇننىڭ 26 دىن كۆپرەك خىلى بار، دەپ ماختايتتى، لېكىن ماڭا بۇ يەردىن كەتكىچىمۇ ھەممە خىلنى تېتىپ كۆرۈش نېسىپ بول-مىدى. كېيىن بىزنى تاموژنىغا چاقىرىشتى، ئۇيەدە ئۇچىسغا كونا پا-

سوندىكى كىيىم كىيىۋالغان خىللا ياش بىر خەنزۇ ئەمەلدار بىزگە قەلەم بىلەن بىر جەدۋەلنى توشقۇزۇۋاتاتتى . ئۇيغۇر سودىگەر مۇھەممەد قۇر-بان ، ناھايىتى كۆپ مال ئېلىپ كەلگەن بولغاچقا ، تاموژنىدىن ئۆتۈۋې-لىش ئۇچۇن ، تاموژنا خادىمى بىلەن ئوبدان « سودىلاش » مىسا بول-مايتتى . بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باھا تالىشىش خۇددى ئىنتايىن نازۇك بىرنەرسە ئۈستىدىكى سودىغا ئوخشاش ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشتى . بىز بۇ سودىنىڭ پۈتۈشىنى ساقلاپ چاي ئىچىپ ، مېۋە يەپ ئولتۇردۇق ، قانچىلىك ئۈزۈم ، قوغۇن ، تۇخۇم يەپ ، قانچىلىك يېڭى سۈت ۋە چاي ئىچىپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلمەيتتىم . بۇ يەرنىڭ چېيى بەك مەززىلىك ، تەملىك ئىدى . مەن بۇ ساقلاشتىن پەقەت زېرىكمىدىم ، ئولتۇرۇۋەرسەم ئاغزىم بېسىقماي يەيدىغىنىم ئېنىق ئىدى . مەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ، بىز ئاخىر خېلى مەدەنىيەتلىك ھېسابلىنىدىغان بىر جايغا كەلدۇق ، يەيدىغان ـ ئىچىدىغان ئوبدان نەرسە تاپتۇق ، ئەمدى تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى قالمىدى ، دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنرەك ، بۇ بوستانلىقتىن ئايرىلىپ ، ناھا-يىتى چوڭ بىر قۇملۇقتىن ئۆتتۇق . كىچىك ئېدىرلار ئاستا ـ ئاستا توپا ـ چاڭغا كۆمۈلۈپ ئارقىمىزدا قالدى . توپا ـ چاڭ گويا غايەت يوغان پىلاشقا ئوخشاش ھاۋاغا يېيىلىپ ، قۇياش نۇرىنىمۇ خىرەلەشتۈرۈپ ، كا-ئىناتقا ئىنتايىن سىرلىق بىر تۈس بەردى .

ھىندىستاندىن يولغا چىقىدىغان چاغدا ، بىزگە قەشقەر باش كونسۇلخانىسىنىڭ ئاپتوموبىلى كۆكيار بوستانلىقىدا ئالدىمىزغا چىقىدى-غانلىقىنى تېلېگراف ئارقىلىق ئۇقتۇرغانىدى . ئەمما ، تاكى بىز يولغا چىق-قانغا قەدەر بۇ ھەقتە باش كونسۇلخانىنىڭ ئېنىق خەۋىرىنى ئۇقالمىغاچقا ، ھازىر ئاپتوموبىلنىڭ كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە بىرنېمە دېيەلمەيتتۇق . ئالاقىلىشىش شارائىتى چەكلىك بولغانلىقتىن ، ئاپتوموبىل بىلەن ئۇچرى-شىش ـ ئۇچرىشالماسلىقىمىزنىمۇ مۆلچەرلىيەلمەيتتۇق . ئەگەر ئۇچرى-شالماي قالساق ، ئاپتوموبىل بىلەن ئىككى كۈن ماڭىدىغان يولنى ، ئون كۈن مېڭىشىمىزغا توغرا كېلەتتى . شۇڭا ، بىز كۆكياردا بىر كۈن ئاپتو-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

موبىل ساقلىدۇق . تولۇق بىر كۈن ئارام ئېلىۋالغانلىقىمىز ، تېخىمۇ مۇ-ھىمى ، يەيدىغانىنى ئۇبدان يەۋالغانلىقىمىزدىن خۇشال بولدۇق . ئەمما ، ئەتىسى بىزنى ئالغىلى كېلىدىغان ئاپتوموبىلدىن ئۈمىد ئۈزۈلدى ، كۆپ-چىلىك غەمگە پاتتۇق . نەتىجىدە خۇشياقمىغان بىر ھالدا يولغا ئاتلان-دۇق .

بوستانلىقتىن چىقىپ ، ئىسسىق ۋە قاقاس قۇملۇققا كىرگەندە يەرمىز ، دەپ يوغان بىر تاۋۇز ئېلىۋالدىم . يول بويى قۇلىقىمىز ئاپتومو-بىلنىڭ شەپىسىدە بولدى ، ئەمما ئاتلارنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى . تۇساتتىن بىزدە « زامانىۋى ساياھەت شەكلى » دىن ۋاز كېچىپ ، ئاددىي تۇرمۇش شەك-لىنى يەنە داۋام قىلىش ئىستىكى تۇغۇلدى . تەلمۈرۈپ كۈتكەن ، ئەمما كۆرەلمىگەن ئاپتوموبىل بىلەن ئىككى كۈن تاسقىلىپ مېڭىش ، ئاتلىق ياكى پىيادە ئون نەچچە كۈن مېڭىشتىن ھېچقانچە ياخشى ئەمەستەك بى-لىندى .

رېففاتۇللا ئەپەندى ئالدىمىزدا ئاتلىق كېتىۋاتاتتى . تۇساتتىن ئۇ-نىڭ ئات چاپتۇرۇپ بىر قۇم دۆڭگە چىققانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى . ئارقى-دىنلا ئۇ ماڭا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى :

— ئاپتوموبىل ! ئاپتوموبىل !

ئالدىمىزدىكى قۇملۇقتا قەشقەردىن بىزنى ئالغىلى كەلگەن كون-سۇلخانا ئادەملىرى تۇراتتى ، ئۇلارنىڭ يېنىدا كونا فورد ماركىلىق ئاپتو-موبىل بار ئىدى . بۇ ، خېلىلا نامى بار ئاپتوموبىل بولۇپ ، سىر ئارايىك تېيىچمان ئۇنى ھەيدەپ ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن يولغا چىقىپ ، مەشھۇر چۆللۈكتىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلگەنىدى . مۇۋەققەت باش كونسۇل سىرتقى جايلارغا ساياھەتكە چىقىش ئالدىدا تېلېگراممىمىزنى تاپشۇرۇۋاپتۇ . تەلىيىمىزگە ئۇ بىزنىڭ كۆكيارغا يېتىپ كەلگەنلىكىمىز-دىن خەۋەر تېپىپتۇ .

ئاپتوموبىلنى كۆرۈپلا ھەممە ئادەم تەڭ غۇلغۇلىغا چۈشۈپ كەت-تى . ھېچكىم ـ ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايتتى . ئەكەلگەن تاۋۇز ـ

قـوغۇننى پىچىپ تەڭ يېيىشتۇق . بىر قىسىم يۇك ــ تاغلار ئاپتوموبىلغا ئېلىندى ، بىزمۇ قىستىلىشىپ جايلاشتۇق . كارۋانچىلار ئىسكار بولغان ئاتلارغا مىنىپ ، بىز بىلەن ئالدىراش ــ تېنەش خوشلىشىپلا مېڭىپ كەتتى . بەزىدە ئۇلاردىن بەك بىزار بولۇپ كەتكەچكە ، كەتسەڭ كېتى- ۋەرمەمسەن ، دېدۇق . لېكىن ، مۇشەققەتلىك سەپەردە ھەمراھ بولغانلىق- مىز ئۈچۈن ، كارۋانلارنىڭ قارىسى قۇملۇقتا غايىب بولۇشقا ئاز قالغاندا ، كۆڭلىمىز بىر قىسما بولۇپ قالدى .

ئىلگىرى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ماڭغاندا ، يول خېلى ئوبدان بو- لۇپ ، ھازىرقىدەك ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ جاپا تارتمىغانىدىم . بوش قـۇملۇقتا ماڭغاندا ئات ئاپتوموبىلدىن كۆپ ياخشى ئىكەن . دەسلەپ ئاپ- تـوموبىل غىرقىراپ مېڭىپ كارۋاندىن ئۆتۈپ كەتتى . سائەتتىكە ئاران ئون ئـىنگلىز مىلى يول يۈرسىمۇ ، لېكىن ئۇزۇن ماڭمايلا قۇمغا پېتىپ قالدى . كارۋان يېتىپ كېلىپ بىزدىن ئۆتۈپ كەتتى ، ھەتتا ھېلىقى با- تۇر ئۈچ ئېشەك بىلەن ئاق قېچىرمۇ بىزدىن ئېشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە قاراپ تازىمۇ ئوسال بولدۇق . بىز ئاپتومو- بىلدىن چۈشۈپ ئۇنى ئىتتىردۇق .

شۇ تەرىقىدە بىز قۇملۇقتا بىردەم توختاپ ، بىردەم ماڭدۇق . قې- قىلىپ ــ تاسقىلىپ تەسلىكتە قۇملۇقتىن يول دېگىلى بولىدىغان يولغا چىقىپ ، سائەتتىكە 15 ئىنگلىز مىلى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك يول ماڭ- دۇق . بىز شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنكى تۇنجى چوڭ بازار قاغىلىققا كېلىشۋالدۇق ، يەرلىك كىشىلەر قارشى ئالماي ، كۆڭلىمىز بەكمۇ يېرىم بولدى . بازارنىڭ تار كوچىسىدا كېتىۋاتساق ، ياش بىر ئۇيغۇر ئەسكەر ئاپتوموبىلىمىزنى قوپاللىق بىلەن توسىۋالدى . گېپىمىزگە قۇلاق سال- ماي ، ناھايىتى كەسكىن تەلەپپۇزدا بىزنى مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنغان بۇيرۇق ئالمىغانلىقىمىزنى تەكرار ئېيتىپ تۇرۇۋالدى . كەچ كىرگەن ۋە قونالغۇغا ئاز قالغاندا بولغان بۇ ئىش سەپرايىمىزنى قاتتىق ئۆرلەتتى . ئۇ ئەسكەرنىڭ تەلەپپۇزى شۇنچىلىك قەتئىي ئىدىكى ، ھېچقانداق گەپ ــ سۆزگە ئورۇن قالدۇرمىدى ، گەپ ئاڭلىمىغانلارغا سانجىۋېتىمەن ، دەپ

كـاكـىراپ ، مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى تەڭلەپ ، ھېچ بىر ئادەمنى ئۆزىـگە يېقىن كەلتۈرمىدى . كېيىن ئۇ يول خېتىنى ئەكىلىشكە ئادەم ئەۋەتىشىمىز ۋە قوغۇن - تاۋۇز سېتىۋېلىشىمىزغا قوشۇلدى . توپتوغرا ئىككى سائەت قوغۇن - تاۋۇز يەپ ئاچچىقىمىزنى ئاران بېسىپ ئولتۇردۇق . ئەتراپىمىزغا كىشىلەر ئولىشىۋېلىپ ، بىزگە قاراپ كۈسۈلدىشاتتى . شەھەرگە كـىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان يول خېتىنى ئېلىپ ، بىرى يۈگۈرۈپ كـەلدى . بىز يەنە يولىمىزغا ماڭدۇق . لېكىن ، ھېلىقى ئەلپازى يامان ئەسكەرنىڭ بىزنى نېمە ئۈچۈن توسۇپ خەقلەرگە كۈلكە قىلىپ بەرگەنلىكىنى چۈشىنەلمەي بەكمۇ قورسىقىمىز كۆپتى .

ئاپـتـوموبىل چوڭ بىر قورۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى ، قورۇنىڭ ئالدى گۈللۈك ئىدى . بىز يەنە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە كەلدۇق ، ئوبـدان غىزالاندۇق ، كارىۋاتلىق ئۆيلەردە ياتتۇق . ئەتىسى قاغىلىقتىن ماڭغۇچە يەكەندىن ئۆتۈپ ، 168 ئىنگلىز مىلى يولنى 11 سائەتتە مېڭىپ قەشقەرگە باردۇق . قۇملۇق ۋە بوستانلىقلاردىن ئۆتىدىغان بۇ يول تۈپتۈز ئىدى . كېيىن شىنجاڭنىڭ تاشيول ئەھۋالىنى ئىگىلىگىنىمىزدىن قارىغاندا ، بو يول ياخشى ھېسابلىنىدىكەن . شۇنداقتىمۇ يولدا ئىرىق - ئۆسـتـەڭلەرنىڭ توسالغۇسى تۆپەيلى ، سۈرئەتكە خېلىلا تەسىر يەتتى .

شـۇ كۈنى ، كېچە سائەت توققۇزلاردا قەشقەرنىڭ ئېگىز سېپىلىـتۈن قاراڭغۇلۇقىدا غۇۋا كۆرۈندى . شەھەر دەرۋازىسى بىز ئۈچۈن ئېچىلدى . بازاردا چىراغلار پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى . قەشقەرگە كەلگىنىمىزگە ، ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بۇ قەدىمىي شەھەرگە كىرگىنىمىز بىزگە گويا چۈشتەك بىلىنەتتى ، ھېچ ئىشەنگۈمىز كەلمەيتتى . بۈگۈن بىزنىڭ پاراخوت بىلەن جەنۇبىي ئامپتوندىن ( ئەنگلىيەنىڭ ) ئايرىلغىنىمىزنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ، يولغا چىققىنىمىزغا ئۈچ ئايدەك ۋاقىت بولغانىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## ئۈچىنچى باب

# قەشقەرنىڭ مەنزىرىسى

ماڭا قەشقەرگە كەلگىنىم چۈشتەك بىلىنەتتى . خېلى ئۇزۇن ۋا-
قىتقىچە مەن شۇ چۈش ئىچىدە يۈردۈم . مەندە بىرەر ئادەمگە قەشقەر
ھەققىدە دەرس ئۆتۈش ئۈيى ، يەر- جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان بىرەر
قالتىس ئىش قىلغان « تۇنجى ئەنگلىيىلىك ئايال » ياكى باشقا بىرەر نىمە
بولۇش خىيالى يوق . پەقەت بۇ جاينىڭ مۇھىملىقىنى بىۋاستە بىلىپ
باققۇم ، بۇ يەردىكى بارلىق نەرسە ۋە ئەتراپىمدىكى ئادەملەرگە بولغان
قىزىقىشنى ساقلاپ قالغۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ، گەرچە ماڭا نىسبەتەن
ئېيتقاندا ، قەشقەرگە كېلىش ۋە قەشقەردە ياشاش ھېچقانچە چوڭ بىر
ئىش ھېسابلانمىسىمۇ ، چۈش كۆرۈۋاتقان بۇ خىل تۇيغۇدىن مەھرۇم
بولۇشنى خالىمايتتىم ، قەشقەرنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا « ماسلىشىش » ئو-
يۇمۇ يوق ئىدى ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇنداق ئاجايىپ بىر شەھەردە يا-
شاۋاتقانلىقىمنى ئۇنتۇپ كەتكۈمۇ كەلمەيتتى . بۇنداق تۇيغۇنى ئەتەي
پەيدا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ، ئەلۋەتتە .

كونسۇلخانىدىكى كەڭ ـ كۇشادە ، ئازادە ئۆيلەردە قىلچە تەساۋ-
ۋۇر بولمىغان ، ئۆيدىلا ئولتۇرىدىغان مۇھىتتا ئۆزۈم قىزىقىدىغان ئىشلار-
نىلا قىلىپ ياشاش ئاسان بولسىمۇ ، دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدىكى بۇ
جاينى بىۋاستە كۆرۈش ، چۈشىنىش تەسلىكتە قولغا كېلىدىغان پۇر-
سەت ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ، مەن ئەتراپىمدىكى شەيئىلەرنىڭ يېڭىلىقىنى
يوقىتىپ قويۇشنى پەقەت خالىمايتتىم . 1946 ـ يىلى ، ناھايىتى ئاز سان-
دىكى جۇڭگو ئارمىيىسى مۇھىم ئەربابلىرىلا قەشقەرگە ئايروپىلاندا ئول-
تۇرۇپ كېلىش ئىمتىيازىغا ئىگە ئىدى . ئادەتتىكى ساياھەتچىلەر ، قەش-

ھەرگە مەيلى قايسى تەرەپتىن كەلمىسۇن ، نۇرغۇن رىيازەت چېكەتتى ، راھەت ـ پاراغەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسىغا كېلىپ گويا قاقاس ، قۇرغاق قۇملۇقتىن بىردىنلا ئەسلىھەلىرى تولۇق ، ئەنگلىيە پۇرىقى قويۇق بىر كۆكلۈك ئائىلىگە كېلىپ قالغاندەك ، سېھىر ـ جادۇ كۈچتىن قېلىپ ، ئىلگىرىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەر غايىب بولغاندەك بىر ھېسسىياتتا بولدۇق . ئاڭلىماققا بۇ ئارتۇقچە ھاياجاندا ئېيتىلغان سۆزلەرگە ئوخشاپ كەتسىمۇ ، غەربنىڭ ئۆلچىمى بىلەن قارىغاندا ، باش كونسۇلخانا ئۆيلىرىدە ھەممە نېمە تولۇق كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، يول مۇشەققىتىنى ئۇزۇن ۋاقىت تارتقاندىن كېيىن ، بۇ يەردىكى ھەشەمەت ۋە ئازادىلىك ئاجايىپ كۈچلۈك ۋە روشەن بىر سېلىشتۇرما بولدى .

ھازىرقى كونسۇلخانىنىڭ ئۆيلىرى 1913 ـ يىلى سېلىنغان . بۇ ئۆيلەر لايىھەلەشتە ( نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ، قاراڭغۇ بولۇشى ؛ ئىككى ئېغىز مېھمان ھۇجرىسىنىڭ قوپال ، ئېگىز تاش تاملىق كارىدورنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا ، ئاشخانىنىڭ كەينىگە سېلىنغانلىقى ) قانچىلىك نۇقسانلار بولمىسۇن ، ناھايىتى پۇختا ۋە كۆركەم بولۇپ ، ماكارتنېي خانىم تەسۋىرلىگەن ، ئۇ قەشقەرگە يېڭى كەلگەن چاغدىكى ئۆيلەردىن نەچچە ھەسسە ياخشى ئىدى . ئۇنىڭ قەلىمى تەسۋىرلىگەن ئۇ چاغدىكى ئۆيلەر ، پۈتۈنلەي يەرلىك پاسوندا خام خىشتا سېلىنغانىدى ، رەتلىك ۋە چىرايلىق بولۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى . ئۆيلايمەنكى ، بەزى نەرسىلەر ( دېرىزىلەرگە سېلىنغان ئەينەك ) ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر زىبۇ زىننەت ھېسابلانغان . شۇ چاغدىكى ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئۆيلەرنى سالدۇرغانلىقى ، ئۆي جاھازلىرىنى ئۆزلىرى ياساشتەك ئوي ـ خىياللىرى ۋە تەلەپلىرىنى ئويلىسا ئادەم ھەيران بولىدۇ . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا ، مۇشۇنچىلىك قىلىشمۇ بىر مۆجىزە ئىدى . ئۆتكەنكى 33 يىل جەريانىدا كىشىلەر ئىز بېسىپ كېلىدىغان كېيىنكى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ باش كونسۇلخانىنى ئوبدانراق ياساپ قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىشقان . كېرەكلىك بەزى نەرسىلەر بۇ يەردىن تېپىلمە-

غانلىقى، يەرلىك ھۈنەرۋەنلەر ھۈنەرگە ئۇستا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئالاھىدىرەك بولغان بارلىق نەرسىلەر ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن. نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ زادى قانداق توشۇپ كېلىنگەنلىكىگە ھازىرغىچە ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ. بۇ، مەن ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالدى. بەلكىم بۇ نەرسىلەر بۇرۇنقى زاماندىكى ئەنگلىيىلىك كۆچمەنلەر ئۆيلىرىنى چۇۋۇپ، جەنۇبىي ئامېرىكىغا بۆلۈپ ـ بۆلۈپ ئەكەتكەنگە ئوخشاش، بىر ـ بىرلەپ ئەكەلدۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. كونسۇلخانا ئىچىدىكى كۈتۈپخانا ھەممىدىن بەك ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. كۈتۈپخانىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ئەڭ نادىر ئەسەرلەر ۋە ھۆججەتلەر، 300 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل تېمىدىكى باشقا كىتاب ـ ژۇرناللار مەسىلەن، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، «جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئوۋ خاتىرىسى»، ھەتتا موگۇلچە «ھېساب»، 12 توملۇق «دىنىي ئەخلاق قامۇسى» دەك كلاسسىك كىتابلار بار ئىدى. بەزى ھەجمى چوڭ كىتابلارنىڭ ۋاراقلىرىمۇ ئېچىلمىغان، بەلكىم بۇ كىتابلار ئەنگلىيىدىكى نۇرغۇن كونا كۈتۈپخانىلارغا ئوخشاش تىزىپ قويۇش ئۈچۈنلا سېتىۋېلىنغان بولسا كېرەك. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى زىنىنەتلەنگەن يوغان بىر ئۆيدە، بىر تىكتاك توپ ئۈستىلىدىن باشقا، مول مەزمۇنلۇق بىر تۈركۈم رومانلارنى كۆرۈپ بەكمۇ ئەجەبلەندىم. بۇ كىتابلارنىڭ كۆپىنىڭ مۇقاۋىسىدىكى «جىنايەت رومانلىرى» دېگەن سۆزلەر كۆزگە روشەن تاشلىناتتى. ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ خىيالى ۋە ھەۋىسىم بويىچە بۇ يەرگە بىر نەرسىلەرنى قوشسام بولاتتى. شۇنىڭدەك، بۇ يەردىكى كىتابلارنىڭ ياخشى ۋە يامىنى ئوبدان ئايرىلمىغانلىقتەك ھالەتنى ئۆز قىزىقىشىم بويىچە قانداق ئۆزگەرتىش ئۈستىدە باش قاتۇردۇم.

كونسۇلخانىدا تېخى يېڭى چىققان پىلاستىنكىلارمۇ بار ئىكەن. بىزدىن ئىلگىرىكىلەر چىرايلىق بىر پاتېفون، پۈتۈن يۇرۇشلۇك سىمفونىيە پىلاستىنكىلىرى ۋە مودىدىن قالغان تانسا مۇزىكىلىرىنىڭ پىلاستىنكىلىرىنى ئەكەلگەنىكەن. مەن بۇ قەدەر قالاق ۋە چەت جايدا ئولتۇرۇپ، بىزگە تونۇش مۇزارت ۋە برامسنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاش، بۇ

يـەردىكى ئادەتتىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان تۇرمۇشۇمنى شەكسىز مـول مەزمۇنغا ئىگە قىلىدۇ، دەپ قارايتتىم. لېكىن، بەزىدە سىرتتا ئۇيـغۇرلارنىڭ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئېيتقان ناخشىلىرى، مەن ئاڭلاۋاتقان كلاسسىك مۇزىكىلارنى بېسىپ كېتىپ، مېنى ئۆزۈمنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئۇنتۇماسلىققا ئاگاھلاندۇراتتى.

بـۇ چـەت، يىراق جايدىكى باش كونسۇلخانىنىڭ ئازادە تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئالغان تەربىيىمىز بىزگە قانداقتۇر ئالاھىدە تۇيۇلمايتتى. بۇ خىل تۇرمۇش شارائىتى ۋە مۇھىت، بىز شىنجاڭدا كۆرگەن ھەرقانداق بىر جايىنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن بولۇپ، مېنى ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئوبدانراق تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئۈندەيتتى.

بۇ مەسىلە ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۇيغۇرلارنى ئەيىبلەشكە ھەققىم يوق، چۈنكى ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت، ھەممە ئۇلارغا بۇنداق پۇرسەت، ئامەتمۇ يوق. لېكىن، بىز ئۇچۇراتقان خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى، مەيلى ئۇ مەمۇرىي ئەمەلدار ياكى ھەربىي ئەمەلدار بولسۇن، مەيلى ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىدىن بەكلا رازىدەك ئىدى، چۈنكى ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سۈرگۈن قىلىنغانلىق، دەپ قارايدىكەن. ئـۆيلىرىنـى يېـڭىدىـن سېـلىش، چىـرايلىق ۋە ۋاي دېـگۈدەك ياساپ ـ جابدۇپ ئولتۇرۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىكەن. ئۆيلىرى مالىمان ئىكەن، يىغىشتۇرۇپ، پاكىز، رەتلىك، چىرايلىق تۇتايلى دېمەيدىكەن، غەربنىڭ نەرسىلىرى دەپ قاملاشمىغان بىر نەرسىلەرنى تىزىۋالىدىكەن. ئۆز خىزمىتىدىن باشقا ئىشلارغا ھەۋەس قىلىدىغان ۋە ئىنتىلىدىغان ئەمەلدارلارنى بەكمۇ ئاز ئۇچراتتۇق. ئۇلاردا جانلىقلىق، مەنىۋى مەنزىل دېگەن نەرسىلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. بۇ بىر نۇقتىدا ئۇلارنىڭ ھەۋىسى بىزنىڭكىگە ئوخشىمىسىمۇ، بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يـوق، شۇنداقتىمۇ خەنزۇ ئەمەلدارلاردا شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىش ئىرادىسى، ھەر قانداق شەيئىگە قارىتا بىر قىزغىنلىق بولسا ياخشى بولاتتى. ھالبۇكى، باش كونسۇلخانىدا، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى بىر ـ بىرىگە ئوخـ

شىمايدۇ ، ئارقا كۆرۈنۈشىدىمۇ پەرق بار ، ھەۋەس ـ ئارزۇلىرى ئۆزگىچە ، لېكىن ھەر كىمدە شەيئىلەرگە قارىتا ئۆزىگە خاس بىر ھەۋەس ، قىزغىنلىق بار . باش ئەلچىخانىدىكى تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئەرسىلەر بۇنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ . ئادەتتىكى ئادەملەر (ئۇلارنىڭ پۇلدار ياكى بىلىملىك بولۇشى ناتايىن ) مۇ كىشىلەرگە خۇشاللىق ، شادلىق بەخش ئېتىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولسىلا ، ئۇنى ئامال بار نامايان قىلىدۇ .

باش كونسۇلخانىنىڭ قوبۇلخانىسىدا ، ناھايىتى ياخشى تارتىلىپ چوڭايتىلغان رەسىملەر ، نۇرغۇن « ئۇۋ غەنىيمەتلىرى » — ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزى ۋە باش سۆڭىكى تىزىپ قويۇلغان . باش كونسۇلخانىدا يەنە ناھايىتى ئوبدان پەرۋىش قىلىنغان گۈلزارلىق ، بەك چىرايلىق بېسىلغان ۋە ياخشى تۈپلەنگەن تۈرلەرگە ئوبدان ئايرىلغان بىر پارچە « ئۇۋچىلىق قامۇسى » بار ئىدى ؛ يەنە قۇشلارنىڭ يۆتكىلىشىگە دائىر كىتابلار ، كۆ- تۈپخانا ، پاتېفون ۋە ئويناپدىغان خىلمۇخىل ئەسۋابلارمۇ بار ئىدى . بۇ نەرسىلەرنى يىغىش ، توپلاش ئۈچۈن ۋاقىت ھەم قىزغىنلىق بولۇشى كېرەك . بۇنداق ھەر خىل قىزىقىش ۋە ھەۋەس ئەنگلىيىلىكلەردىلا بو- لىدۇ ، خەنزۇلاردا بولمايدۇ ، دېگىلى بولمايدۇ . شەرق ۋە غەربتە مەۋجۇت بولغان ئومۇمىيۈزلۈك ھەم چوڭقۇر پەرقلەر ئىچىدە ، « سۈرگۈن تۇر- مۇش » قا تۇتقان پوزىتسىيە پەرقىنىڭ ھەممىدىن بەك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم .

سالماقلىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ، شۇنى ئېتىراپ قىلى- مەنكى ، ئەگەر مەن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بارمىغان بولسام ، ئەنگلىيە مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنى سېلىشتۇرمىغان بولاتتىم . ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسام ، بۇ ناھايىتى يېنىكلىك ۋە ئۇ- چىغا چىققان بىمەنىلىك بولغان بولاتتى . ۋاھالەنكى ، مەن قەشقەردە جۇڭگولۇقلار ، ھىندىستانلىقلار ، ھەتتا رۇسىيىلىكلەر بىلەن بىرگە ياشى- غان بىر قانچە يىل ئىچىدە ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قاتلىمىدىكى نامراتلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ، شۇنداقلا باھاردىن باشلاپ قەشقەرگە غەربلىكلەرنىڭ كېلىشى بىلەنلا پەيدا بولغان شۇ قەدەر كۆپ ئارزۇ ـ ئىستەكلەر ، پە-

لەكـكە يەتكەن قىزغىنلىق ، ئاجايىپ قۇدرەتلىك ، جۇشقۇن ھاياتىي كۆچكە تەئەججۈپلەندىم .

ھازىر تېمىدىن يىراقلاپ كەتتىم . بۇنداق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن يېڭى بىر باب يازسامۇ بولىدۇ ! چۈنكى ، قەشقەردىكى تۇرمۇشىمىز بىزنى بۇ ھەقتە تىنماي مۇزاكىرە قىلىش ۋاقتىغا ئىگە قىلاتتى . ئارايكىنىڭ خىزمىتى ئانچە ئالدىراش ئەمەس ئىدى ، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش مەن ئۈچۈنمۇ بەك كۆچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئەمەس . قول ئاستىمدا بىر تۈركۈم خىزمەتكارلار ۋە ياردەمچىلەر بار ئىدى ، باشتا ماڭا ئۇلار بەك كۆپتەك بىلىنىپ ، خىجىل بولغانىدىم . چۈنكى ، ئۇرۇش يىللىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەچكە ، مەن باشقىلارغا بۇيرۇق بېرىشكە ئەمەس ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقىلا ئادەتلەنگەنىدىم . بىر مەزگىلدىن كېيىن ، مەندىكى بىر مۇنچە خىزمەتكار بارغۇ ، دەيدىغان قانائەتلىنىش تۇيغۇسى يوق بولدى . شۇنىڭ بىلەن خىزمەتكارلارنىڭ ھورۇنلۇقى ، ئالدامچىلىقى ، ئىشنى ئوبدان ، تېز قىلماسلىقتەك ئىللەتلىرى بىلەن كۆرەش قىلىشمغا توغرا كەلدى . ئەلۋەتتە ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ ئوبدانلىقىنى ئىنكار قىلمايمەن ، لېكىن ئادەملەر بىر - بىرىگە ئوخشىمىغانلىقتىن ، ئادەمگە بەك جاپا بولىدىكەن .

ئاساسلىق خىزمەتكارلار باشلىقىم گېيالگېن ئىدى ، مەن ئۇ ئارقىلىق ياشانغان بىر ئۇيغۇر ئايال ئاشپەز ؛ روزابەگ ئىسىملىك شوخ ، ئەمما كاللىسى تازا ئىشلىمەيدىغان بىر ئوغۇل بالا ؛ كىر يۇيىدىغان ۋىجىككىنە بىر ئايال ؛ چىرايىدا كۆلكە دېگەننى زادىلا كۆرگىلى بولمايدىغان ، ئەمما قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ( كېيىن ئۇنى ئىشتىن بوشاتتىم ) بىر ئادەمنى باشقۇراتتىم . خىزمەتكارلارنىڭ ئىچىدە پېشانىسىگە تازىلىق قىلىش ، ئەخلەت تۆكۈشتەك مەينەت ئىشلارنى قىلىشلا پۈتۈلگەن بىر ئادەم بار بولۇپ ، مەن ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە قاراپ باقمىدىم . گېيالگېننىڭ ئىنىسى راكپا ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ئارايك بىلەن قەشقەرگە كەلگەن بولۇپ ، ھازىرغىچە كونسۇلخانىدا ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى . بۇ ئاجايىپ بىر ئادەم ئىدى ، باش كونسۇلخانىدا ئۇ ئالدىمىغان ئادەم قالمىدى . ئارايك

ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆزى بىلەن ئېكسپېدىتسىيە قىلغان چاغدىكى ئاستىچىل-
لىق ، يۇمۇرلۇق پەزىلەتلىرىنى يوقاتقانلىقىدىن تولىمۇ ئەپ-
سۇسلىناتتى . ئۇ بېجىرىم ، قاۋۇل ، ئەمما بەك قوپال ، يولسىز بولۇپ
كەتكەنىدى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ پۇلى زادى نەدىن كەلگەندۇ ، دەپ گۇ-
مانلانغۇدەك دەرىجىدە بېيىغانىدى .

گېيالگېن ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى تېز ئۆگىنىۋالدى ، لېكىن تولۇق ، توغرا تەلەپپۇز قىلالمايتتى . مەنمۇ ئۆگىنىشكە باشلىغانىدىم ، لېكىن بۇ تىلنىڭ گراماتىكىسى ناھايىتى مۇرەككەپ ، سۆزلۈكلەرنىڭ قۇرۇلما ئۆزگىرىشى كۆپ بولغانلىقتىن ، بىرقانچە سۆزنى ئۆگىنىۋېلىپلا تاشلىۋەتتىم . شۇڭا ، مەن خىزمەتكارلارغا بۇيرۇق بېرىش ، ئۇلارنى ئەدەبلەش ، بازاردىن نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ، بىزنىڭ تامىقىمىزنى قىلىش ياكى زىياپەت مۇلازىمىتى ھەمدە ئادەتتىكى بەزىبىر نازارەت ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە پۇتۇنلەي گېيالگېنغا تايىناتتىم . ئەمما ، بۇ بىر تالاي ئىشلارنى باشقۇرۇشتا ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا تەجرىبىسىز ئىدى . شۇڭا ئۇ ، شەرقنىڭ كىنولىرىدا دائىم كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كەمسۆز ، ئېھتىياتچان ، چىرايلىق ئاق فورما كىيگەن خىزمەتكاردەك بولالمىدى . ئۇ ماڭا ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بىمالال بەجا كەلتۈرۈشكە تەييار تۇرغان رېستوران خادىمىغا ئەمەس ، بەلكى تاغقا چىقىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىشقا تەييار تۇرغاندەكلا تەسىر بەردى . ئۇ ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدا ، خالا - خۇتتاك قىلىدىغان بولسىمۇ ، بەك سەمىمىي ، ئاق كۆڭۈل ، خۇش چاقچاق ، ھېكايىگە ئۇستا ئادەم ئىدى ، شۇڭا ئۇنىڭ بولۇشى ماڭا كۆپ تەسەللى ۋە شادلىق بەخش ئەتتى .

پۈتۈن ياز ، ئوت ئورۇش ماشىنىسى يوق بولغانلىقتىن ، چىملىقنى قانداق تەكشىلەش ۋە ئوت - چۆپلەرنى قانداق قىلىپ يوقىتىش ئۈچۈن باش قاتۇردۇق . بىز بىر سىيىر باققاندۇق ، شۇڭا سىيىرنى چۆپلۈككە قويۇۋېتىشنى قارار قىلدۇق . بۇنداق قىلغاندا ھەم كالىنى يېگى ئوت - چۆپ بىلەن باققىلى ، ھەم ئوت - چۆپلەرنى تەكشىلىگىلى بولاتتى ، كۆپ ئۆتمەي سىيىر سۈت بەرمىدى . بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدىم ،

گېيالگېن خۇددى ئازار يېگەن قىياپەتتە ، مەنتىقىسى ئۆزگىچە بىر جاۋابنى بېرىپ « كالىنى ئوت ـ چۆپ بىلەن باقمىز دېگەندىكىن ، سۈت بەر دەپ تەلەپ قىلساق قانداق بولىدۇ » دېدى . ئامالسىز ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر ياقلىق قىلدىم .

قەشقەردە تۇرغان بىرىنچى يىلى ، پۈتۈن بىر يىل چاي دەملەشكە كۆچىدىم . گېيالگېن ئادەم ئىچەلمەيدىغان چاي دەملەشنىڭ ئۇستىسى ئىدى . مەن بىرنەچچە چەينەك سېتىۋېلىپ ، نەچچە خىل چاينى ئايرىم ـ ئايرىم دەملەپمۇ ئىچكىلى بولمايدىغان چاي دەملەش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدىم . گەپ ئۇلارنىڭ سۇنى قازانغا قۇيۇپ ئۈچ قېتىم قايىنىتىشىدىلا بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىدىم . گېيالگېن بۇنى سېلىنغان تۇزنى پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم قايىنىتىمىز ، دەپ چۈشەندۈردى . ئۇ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدىغان ، مېنىڭ ھەربىر ئىش ۋە گېپىمگە لايىق جاۋابنى تېپىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرمىدىم . گەرچە ئۇ ناھايىتى كاج ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدىغان بولسىمۇ ، ئۇنى بارا ـ بارا ياقتۇرۇپ قالدىم . چۈنكى ئۇ مۇئامىلىدە ئىللىق ، ئاق كۆڭۈل ، ساپ دىل ، دىلكەش ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ پىكرى ـ خىيالى بىزنى قانداق قىلىپ ئوبدان كۈتۈش ھەمدە بۇ جايدىكى بارلىق ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ، تەرتىپلىك ، جاي ـ جايىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغانلىقىنىمۇ ياخشى بىلەتتىم .

بىز بىر سېپىر ، بىرقانچە توخۇ باقتۇق ھەمدە خېلى ياخشى كۆكتاتلىقىمىز بار ئىدى ، شۇڭا بازاردىن ئۇن ، گۈرۈچ ، گۆشلا ئالساق كۇپايە ئىدى . قەشقەردە پۇلنىڭ پاخاللىشىشى كۆنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ، بەزىدە مال باھاسىمۇ بىر سائەتتە بىر ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، يەرلىكتىن ئامال بار نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالمايتتىم . بىزگە لازىملىق نەرسىلەرنى ئادەتتە ھىندىستاندىن ئەكەلدۈرەتتۇق . ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ ئاي بۇرۇن ئالىدىغان نەرسىنى پىلانلاپ ، ئىنچىكە ھېسابلاپ قويattim . قىشتا ھەربىر خالتىنىڭ ئېغىرلىقى تۆت قاداق ، يازدا ئون قاداق بولاتتى . تاپشۇرۇۋالغان خالتىلار يىرتىلىپ ، سۆكۈلۈپ ، ماكچىيىپ

كەتكەن بولاتتى . تەلىيىمىزگە بىز نەرسىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ پوچتا يولى بىلەن يوللايتتۇق ، جۇڭگولۇقلار بۇ ئىمتىيازىمىزنى ھېلى بىكار قىلاتتى ، ھېلى ئەسلىگە كەلتۈرەتتى . 1947 ـ يىلى 15 ـ ئاۋغۇست ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل① بولغاندىن كېيىن ، بىزنىڭ بۇ پوچتا يولىمىزمۇ ئانچە ئىشەنچلىك بولماي قالدى . بۇ ئىككى « شىنجاڭ » دا توپىلاڭ ، ئۇرۇش قاتناش قىيىنچىلىقى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ بۇ ئىككى جايدا تەۋرىنىش ، خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلدى . بۇنىڭ بىلەن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئارزۇيۇم كۆپىنچە يوققا چىقاتتى . ئەلۋەتتە ، ئالدىن تەييارلىۋالغانلىرىم ناھايىتى كۆپ ئىدى ، لېكىن زاپاسلىرى تۈگەپ قالغاندا ، ئامال بار بىر يولنى قىلىپ تولۇقلاپ تۇراتتىم ، بەزى چاغلاردا ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتەتتىم .

پوچتا كۆپ چاغلاردا بىزنى بەكمۇ تەلمۈرتەتتى . شۇنداقتىمۇ ، يۇلتۇزغا ، ئايغا تەلمۈرگەندەك ، ھەپتىدە بىر كېلىدىغان پوچتىنىڭ يولىغا كۆزلىرىمىز تېشىلگۈدەك قارايتتۇق . ھەر پەيشەنبە كۈنى سەھەردە ، بىز گويا كىشىلەر ئالاھىدە بىر كۈننى كۈتۈۋالغاندەك خۇشاللىق ئىچىدە سەھەر تۇرۇپ كېتەتتۇق . پوچتىچىلىرىمىز 1947 ـ يىلدىكى كەشمىر ئۇرۇشىدەك ، ئۆزلىرى ئويان ـ بۇيان قىلالمايدىغان چوڭ ۋەقەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرسىمۇ ، پوچتا بۇيۇملىرىنى خاتاسىز ، دەل ۋاقتىدا ئەكىلەتتى . ئەگەر بىرەر كۈن كېچىكىپ كەلسە ، بۇنىڭدىن ناھايىتى خىجىل بولاتتى ۋە ئازابلىناتتى . يولدىكى مۈشكۈلاتلار ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەرنى ( ئۇلار قار كۆچۈش خەۋپىگە قارىماستىن ، قىشلىرى قارلىق تاغلاردىن ئۆتەتتى ؛ يازدا تاغ جىلغىلىرىنى بويلاپ مېڭىپ ، ئېرىگەن قار ـ مۇز سۇيىدىن ھاسىل بولغان ، سۈيى ئۇلۇغ دەريا ـ ئېقىنلاردىن ئۆتەتتى ) نەزەردە تۇتقاندا ، ئۇلارنىڭ پوچتا بۇيۇملىرىنى تېز ھەم ۋاقتىدا بۇ يەرگە يەتكۈزەلىشى نەقەدەر قالتىس ئىش ـ ھە !

---

① 1946 ـ يىلى ئىيۇندا ئەنگلىيە « مونتباتتېن لايىھەسى » نى ئېلان قىلىپ ، ھىندىستان ـ پاكىستاننى ئايرىپ ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى . شۇ يىلى 15 ـ ئاۋغۇست ھىندىستان دومىنىيونى قۇرۇلدى . 1950 ـ يىلى 26 ـ يانۋار جۇمھۇرىيەتكە ئۆزگەرتىلدى .

بىزنىڭ پوچتا يولىمىز ئەتراپلىق پىلانلانغان بىر سىستېما بولۇپ، پىيادە ۋە ئاتلىق پوچتا دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلغان يولدا ئۇلار ئۇ. چۇن پوچتا بېكىتى، يېمەك ـ ئىچمەك ناھايىتى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇل. غان، تەشكىللەنگەنىدى. بىردىنبىر بۇ پوچتا يولىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى سىرنەگەردىن گىلگىتقىچە بولغان ئارىلىق. ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا (پىيادە، ئەمما ۋاقىتىدا ئادەم ئالمىشىدۇ) بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، كۆچ ئۇلاش شەكلىدە پوچتا بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئادەتتە كىشىلەر 14 كۈندە باسىدىغان يولنى ئۇلار ئالتە كۈندە باساتتى. پوچتا يولىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى گىلگىتتىن مىسگارغىچە ئارى. لىق ئىدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تېلېگراف لىنىيىسى شۇ يەردە ئۈ. زۈلەتتى. ئوخشاشلا ئىككى پوچتاليون بىر گۇرۇپپا بولۇپ، بۇ بىر بۆ. لەك يولنى ئالتە كۈندە ماڭاتتى. ئۇلار كۈندۈزىلا ماڭاتتى ھەمدە ھەپتىدە بىرلا نۆۋەت كېلەتتى. ئۈچىنچى بۆلەك يول مىسگاردىن تاشقورغانغىچە بولغان ئارىلىق بولۇپ، ئۈچ پوچتاليون بىر گۇرۇپپا بولۇپ، بەش كۈندىن يەتتە كۈنگىچە بۇ بۆلەك ئارىلىقنى ماڭاتتى. ئەڭ ئاخىرقى بۆ. لەكتە، ئىككى ئاتلىق پوچتاليون تاشقورغاندىن ئالتە كۈندە قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىغا يېتىپ كېلەتتى، يولدا توختىماي مېڭىپ بەك جاپا تارتاتتى. ئاندىن ئۇلار قەشقەردە 23 كۈن دەم ئېلىپ، 24 ـ كۈنى تاش. قورغانغا قاراپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق بولسىمۇ، دەم ئې. لىش ۋاقتى ئۇزۇن، ئازراق قوشۇمچە تاپاۋىتى بار، نەرسە ـ كېرەك ئې. لىۋېلىپ سودا قىلغىلى بولىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىشقا ئۆزىنى ئۇرىدىغانلار خېلى كۆپ ئىدى.

باش كونسۇلخانىدا، «پوچتا كەلدى» دېگەن سۆز ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ، خۇددى سېھىر ـ جادۇ قىلىنغاندەك بىردىنلا ئىنتايىن ھەي. ۋەت ۋە داغدۇغىلىق كۆرۈنۈش ھاسىل بولاتتى. خۇددى مۇقىم بىر «مۇراسىم» بولۇۋاتقاندەك، پوچتا خالتىلىرى ئېچىلىپ، خەت ـ چەك. لەر، خالتىلار مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ قولىغا بېرىلەتتى. خەتلەر ئو. قۇلۇپ، خالتىلار ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، پوچتىنى يەنە بىر ھەپتە

كۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى يەنە بەيۇسلىنەتتى ۋە غەش بولاتتى. بەزىدە خەت ـ خالتا تاپشۇرۇۋالمىغانلار تېخىمۇ بەكرەك ھەسرەتلىنەتتى. مەن ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇپ ، پوچتا خالتىسىدىن بىرەر نېمە ئىزدىمەيچۇ ، ئۈمىدلەنمەيچۇ ، ماڭا ھېچنەرسە كەلمەيدۇ ، دەپ ئويلىساممۇ ، پەقەت ئۇنداق قىلالمايتتىم . نېمىلا دېگەن بىلەن ھەپتىدە كېلىدىغان پوچتاليون بىز ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ ـ دە !

باش كونسۇلنىڭ ئۆيى گۈلزارلىق ، يەر شەكلى پەلەمپەيسىمان بىر جايغا جايلاشقان بولۇپ ، پەلەمپەيسىمان جايدا تۇرۇپ سىرتقا قارىسا ، ئېتىز ـ ئېرىق ، دەريا ۋە دۆڭلۈك كۆرۈنۈپ ، ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى؛ باش كونسۇلخانىنىڭ بۇ بۆلىكى دەرۋازىغا بارىدىغان يول ، مۇھاپىزەتچىلەر ئىشخانىسى ئارقىلىق باش كونسۇلخانىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنىدى . مۇھاپىزەتچىلەر قىزىل سوكنودىن فورما كىيىم ، مۇھاپىزەتچىلەر ئىشخانىسىدا پوستا تۇراتتى. باش كونسۇل تۇرۇشلۇق ئۆينىڭ سىرتىدا ، دوختۇر ، ھىندىستان تەۋەلىكى ئەمەلدارى ۋە جۇڭگولۇق تەرجىمانىنىڭ بىر قەۋەتلىك ئۆيلىرى بار ئىدى ؛ بۇ رايوندا تېننىس مەيدانى ، تام توپ مەيدان ، ئىشخانا ، ئامبولاتورىيە ، توڭلىتىش گەمىسى ، ھەتتا تېخى باش كونسۇلخانىنىڭ باشقا ياللانما خادىملىرى تۇرىدىغان « مەھەللە » بار ئىدى. بۇ « مەھەللە » دە ئولتۇرىدىغانلارنىڭ نوپۇسىنى ناھايىتى قاتتىق ئىنقىلاپ تۇرغان بولساقمۇ ، زادىلا كونترول قىلالمىدۇق. چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە يىراق ـ يېقىن تۇغقانلىرى كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. ئەگەر ناتونۇش بىرەر ئوغۇل بالىدىن كىملىكىنى سورىسام ، ئۇ « مەن دەرۋازىۋەننىڭ خوتۇنىنىڭ سىڭلىسىنىڭ يېتىم قالغان يالغۇز ئوغلى » دەپ جاۋاب بېرەتتى ـ دە ، مېنىڭ ئاغزىم تۇۋاقلىناتتى. ئەگەر كونسۇلخانىدا قارا كېزىك پەيدا بولۇپ قالسا ، ئۇلارغا ئوخشاش ئادەم كۆپ توپلاشقان ئائىلىگە بولىدىغان خەۋپى تېخىمۇ روشەن بولاتتى. بۇ يەردە بىرى مۇشۇنداق كېسەل بولۇپ قالسا ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ، دوستلىرى يۇقۇپ قېلىشتىن قورقماي ،

ئۆزلىرىگە كېلىدىغان خەۋپنى سەزمەي كېلىپ يوقلىشىدىكەن ۋە كۆڭۈل سورىشىدىكەن. ئەگەر بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بولسۇن - بولمىسۇن ھەممە ئادەم كېلىپ، مېيىت ئەتراپىدا تۇرۇپ يىغلايدىكەن. ئەگەر بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بەزى مۇسۇلمانچىلىق ئەقىدىسى ۋە ئۆرپ - ئادەت كۈچى بىلەن ئېلىشىمەن دېسە، ھېچ نەتىجە چىقمايدىكەن. ۋابا پەيدا بولغان ئالاھىدە پەيتتە، بىز بىر قېتىم قان زەردابىنى پاراشوت بىلەن ھاۋادىن گىلگىتقا تاشلاشنى تەلەپ قىلدۇق. بىر گۇرۇپپا پوچتالىيون نۆۋەتلىشىپ كېچە - كۈندۈزلەپ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن مېڭىپ زەردابنى قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى. جان ئالغۇچى ۋابا بىزدە بىرلا قېتىم كۆرۈلدى، ئەمما بەك تارقالمىدى. باش ئەلچىخانىدا يەنە ئىلگىرى مۇشۇ يەردە خىزمەت قىلغان خىزمەتكارلار ۋە باشقا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ يىغىلىشى دائىم بولۇپ تۇراتتى. خېلىلا ياشانغان بىر بوۋاي بىزگە ئىنگلىزچە سۆز بىلەن سالام بېرەتتى. ئۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ناھايىتى ئېنىق، راۋان سۆزلەپ ئارايىك ئىككىمىزدىن: « سالام ئەپەندى! سالام خانىم! » دەپ ئەھۋال سورايتتى. گەپ قىلغاندىكى تۇرقى گويا تەڭگە تاشلاپ بەرسە سۆزنى سۆزلەپ تۈگىتىدىغان ماشىنا ئادەمگىلا ئوخشايتتى. ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدا خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن پاراڭلاشماقچى بولدۇم، لېكىن بۇ بوۋاي باشقىلاردىن ئۆگىنىۋالغان سالاملىشىش سۆزىنىلا بىلىدىكەن. كېيىن خەنزۇچە ئۆگەنگەندە، مەنمۇ ئۇنىڭدەك ئوسال ئەھۋالدا قالدىم. بىر قېتىم مەن يەرلىك كىشىلەرنى خۇشال قىلاي، دەپ ئۆگىنىۋالغان نەچچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆزلەر ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىۋەردىم، كىشىلەر مېنى خەنزۇچە بىلىدىكەن، دەپ ئويلاپ، ماڭا ئاغزى بېسىلماي خەنزۇچە سۆزلەپ كەتتى. ئۇلار سورىغان گەپلەرگە جاۋاب بېرەلمەي، سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىغا لايىق ئىنكاستا بولالماي خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.

ئارايىك بىلەن مەن قەشقەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئۇ يەردىكى ۋاقتىمىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشكەندۇق.

بۇنداق بولۇشى ، ئۇ يەردە بىزنىڭ دوستلىرىمىز ياكى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىز يوق ، شۇڭلاشقا قىلىدىغان ئىشلىرىمىزمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى . كۈن بويى قىلىدىغان ئىش يوق ، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزسەم ، كۈنلەر بىلىنمەستىن ئۆتۈپ كېتىپ ، كۆپ ۋاقتىم بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتەتتى ، مەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيتتىم ، تېخى بىكار-چىلىقتا ئۆگىنىپ قېلىپ ھورۇنلىشىپ كېتەتتىم . شۇڭا ، ئىككىمىز ھەر كۈنلۈك ۋاقىتنى تەخمىنەن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانىدۇق . بارا - بارا بىز بۇ ۋاقىت جەدۋىلىگە بېقىپ ، ھەرقانداق بىر سىرتقى توسالغۇغا ئانچە پەرۋا قىلمىدۇق .

ھەر كۈنى ناشتىدىن بۇرۇن ، بىر سائەت سەيلە قىلاتتۇق . كېيىن ئارايىك ئات سېتىۋالدى ، مەن يەنىلا پىيادە ئايلاندىم . ھەر كۈنكى يولىمىز ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، باش كونسۇلخانىدىن چىقىپلا ئەگرى - توقاي دەريا بويىنى ياقىلاپ مېڭىپ ، ئېتىزلاردىن ، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان تۈگمەندىن ئۆتكەندىن كېيىن ، كەينىمىزگە ياناتتۇق . ھەر كۈنى سەھەردە ئورۇندىن تۇرۇشقا ، پەقەت خۇشياقمايتتى ، لېكىن سىرتقا چىققاندا بولسا ، ئوبدان قىلغانلىقىمىزنى ھېس قىلاتتۇق . سەيلە قىلغاندا ، پەسىل ۋە زىرائەتلەر رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى سېزەتتۇق . قىش كۈنلىرى ، ئورنىمىزدىن تۇرغاندا تېخى تاڭ يورۇمايتتى ، يەرلەر مۇز ، دەل - دەرەخلەر يالىڭاچلانغان ، ھاۋانى توزانلىق تۇمان قاپلىغان بولاتتى . مانا بۇلار تېگى توپا رەڭ ، رەڭلىرى ماس بىر گۈزەل رەسىم كۆرۈنۈشىنى بېرەتتى . قەشقەردە يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخلەر بولمىغاچقا ، ئادەمنى بۇ كۆڭۈلسىز توپا رەڭگىدىن خالاس قىلالايدىغان ، قۇياش نۇرىدا سوغۇق يالتىراپ تۇرىدىغان مۇز تۇتقان ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى . قۇياش چىققان ھامان بۇ جانسىز سۈرەت بىردىنلا يورۇپ ، ۋالىلداپ كېتەتتى . بۇ خىل مەنزىرە زېرىكىشلىك بولسىمۇ ، قىش كۈنلىرى ئوخشاشلا سەيلىگە چىقىشنى ياخشى كۆرەتتىم . مۇزلىغان دەريا يۈزىدە توساتتىن بىرەر ياۋا غاز پەيدا بولۇپ ، پۈتۈنلەي قېتىپ كەتمىگەن سۇنى قاناتلىرى بىلەن ئۇرۇپ ئۈنچىلەر

چاچرىتاتتى. دەرەخ شاخلىرى ۋە كۆۋرۈك ئاستىلىرىدا ئۇزۇن چوكا مۇزلار ئاجايىپ چىرايلىق بىر كۆرۈنۈشتە ساڭگىلاپ تۇراتتى. دەريا بويىدىكى تۈگمەنلەرنىڭ چاقى سۇ بىلەن قۇچاقلىشىپ، تىنماي پىرقىراپ تولىمۇ كۆركەم كۆرۈنۈش ھاسىل قىلاتتى.

باھار پەسلى مارت ئېيىدىلا يېتىپ كېلىپ، بۇ يەرگە ئەنگلىيىدىكىدىنمۇ گۈزەللىك بەخش ئېتىپ، ئادەمنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالاتتى. باھار پەسلىنىڭ تۇيۇقسىز كىرىشى، ئىنتايىن روشەن ۋە كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلاتتى. مېۋىلىك دەرەخلەر يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەندەك ئاق، قىزغۇچ رەڭدە غۇچچىدە چېچەكلەيتتى. ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدىكى سۆگەتلەر قىز ـ چوكانلارنىڭ بوستان چاچلىرىدەك يۇمران نوتىلىرىنى جىلۋە بىلەن ئوينىتاتتى. قورۇدىكى ئېگىز سۇپىدا تۇرۇپ باھارنىڭ بۇ سېھىرلىك، جەلپكار گۈزەللىكىنى زوق بىلەن تاماشا قىلاتتۇق. ئارقىدىنلا قامەتلىك، تۈپتۈز ئۆسكەن ئاق تېرەكلەر يېڭى يوپۇرماقلار بىلەن چىرايلىق بېزىلەتتى. ئېتىزلاردا بۇغداي، كېۋەز، شال، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئېگىز ۋە كالامپاي كۆممقوناقلارنىڭ پەسىللەرگە ئەگىشىپ قىلغان ئۆزگىرىشلىرىنى ھەر كۈنى، ھەر ئايدا بېۋاستە كۆرۈپ تۇراتتۇق.

قوغۇن بۇ يەردىكى ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قوغۇن مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ يوغان، تاتلىق ئىكەن، خىللىرىنىڭ كۆپلۈكىدە تېخىمۇ گەپ يوق. كىشىلەرنىڭ ئوغرىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قوغۇنچىلار ئېتىزدا يېتىپ ـ قوپاتتى. ياز كۈنلىرى سەھەردە سەيلە قىلىپ چىققاندا، قوغۇن باققۇچىلارنىڭ كارىۋاتتا ياكى سۇپىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىغا كۆزىمىز چۈشەتتى. كۈزدە قوغۇن پىشقاندا، قوغۇنچىلار ئۇنى ئۈزۈۋېلىپ گەملەرگە ئەكىرىۋېلىپ، كېيىنكى يىلى قوغۇن پىشقىچە ساقلايتتى. قوغۇن پىشىپ، بۇغدايلار ئورۇلۇپ بولۇشىغىلا، شاللار سۇلۇق ئېتىزلاردا باش تارتىپ، ياپيېشىل دېڭىزدەك مەيىن دولقۇنلاپ كۆڭۈللەرگە شادلىق ئاتا قىلاتتى. بارا ـ بارا زىرائەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىشلىنىپ، ئېتىزلاردا پەقەت زىرائەت ئېگىزلىرىلا

قالاتتى . بىز يەنە ھەممە ياق يالىڭاچلانغان ، سارغۇچ قوڭۇرلۇق تۈس ئالغان قىشقا كىرەتتۇق .

ئەتىياز پەسلىنىڭ ئەتىگەنلىرىدە ئىپتىزلاردا سەكرەپ يۈرگەن پاقىلارنى چىلىقتۇراتتۇق ، پاقا شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى ، گوياكى پىر ئاپەت ياغدۇرىدىغاندەك ئادەمنى سەسكەندۈرەتتى . مەن پاقىغا ، بولۇپمۇ پاقىغا دەسسەپ سىيلىشقا بەك ئۆچ ئىدىم ، شۇڭا يەرگە قاراپلا ماڭاتتىم . پاقىلار ھۆجرامغا كىرىۋېلىشقا ئامراق ئىدى . بەزىدە مۈنچىدا ئىزىپ قالغان ، چۆچۈگەن ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ماڭا قاراپ تۇرغان پاقىنى كۆرۈپ قالاتتىم ، لېكىن قەشقەردە ئالاھىدە قورققۇدەك زىياندىاش ھاشاراتلەر يوق ئىدى . كىشىلەر چايان بارلىقىنى ئېيتتى ، لېكىن ماڭا ئۇچراپ باقمىدى . پاشىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى ، بىز خېلى كۆپ پۇل خەجلەپ پاشىلىق سېتىۋالدۇق ، ئەمما بىر ـ ئىككى قېتىملا ئىشلەتتۇق .

يازدا ، يىراقتا كۆرۈنگەن قار ـ مۇزلۇق تاغلار ئېرىپ ، دەريادا سۇ ئۇلغىياتتى ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىز ئۆتىدىغان كۆۋرۈكنى كەلكۈن ئېقىتىپ كېتەتتى ، ئۇنى ياسايدىغان ئادەم چىقمىغاچقا ، بىز بىر قانچە ھەپتە ئۆستەڭدىن ئېشەك مىنىپ قورقۇپ ـ تىترەپ ئاران ئۆتەتتۇق ، سۇ ئازايغاندا ، ئاندىن كىشىلەر كۆۋرۈكنى ياساپ قويىدى . ئەسلى بۇ ئىككى ئېشەك ئىككى يېنىغا بىردىن سوغا ئېسىپ ، كۈن بويى بىز ئىشلەتىدىغان سۇنى توشۇيتتى . ئەمما ، خېلى كۈنلەر ئۇلار ئەتىگەندە دەريا بويىدا ساقلاپ تۇرۇپ بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندا ، ئاندىن سۇ توشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايتتى .

ياز كۈنلىرى سەھەردە ، باش كونسۇلخانىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان سۇ توشۇغۇچىسىنى ئۇچرىتاتتۇق . قۇلىقى گاس بولغىنىغا قارىماي ، ئىشنى بەك جان كۆيدۈرۈپ قىلاتتى ، چىرايىدىن ئۇياتچانلىق ئارىلاش خۇش تەبەسسۇم كەتمەيتتى . باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلەتتى ، ناھايىتى ئاگلىق ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ باشقۇرىدىغىنى ئۆچلا ئېشەك بولسىمۇ ، كۆپ جاپا تارتاتتى . قىلىقلىرىمۇ قىزىقارلىق ئىدى . ئۇ ھەر قېتىم بىزنى كۆرگەن ھامان ئېشەكلەرنى تەرتىپكە چاقىرغاندەك



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇرۇپ ۋارقىرايتتى ، ئېشەكلەرمۇ ئۇنىڭ ۋارقىرىشىنى چۈشىنەتتى ، ئۇ
بىزنى ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمىسۇن دېگەندەك بىزگە قارىماي ، يۈزىنى
باشقا تەرەپكە قىلىپ ئۆتەتتى . بۇنداق چاغلاردا ، ئۆزۈمنى ئەتراپتىكىلەر
تىنىك بېقىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان جۇڭگونىڭ قېرى خاقانىدەك
ھېس قىلاتتىم .

قەشقەردىكى تۇرمۇش كارتىنىسىدا ، ئېشەك چوڭ بىر ئالاھىدە-
لىك ھېسابلىناتتى . كىشىلەر ئېشەكنى ھەممىلا ئىشقا ئىشلىتەتتى : كى-
چىككىنە ئېشەك دائىم بوي ـ بەستى ، سۈرى ھەيۋەت يوغان تۆگىلەرنى
يېتىلەپ ماڭاتتى ؛ ھەر قامەتلىك ، يوغان ئۇيغۇر بوۋايلار ئېشەككە مى-
نىۋالسا ، ئېشەكلەر بەللىرى ئېگىلگەن ھالدا گىلدىڭلاپ ئاران ماڭاتتى ؛
بىر ئوغۇل بالا كاج ئېشەككە مىنىۋالسا ، ئۇ چىچاڭشىپ ، سەكرەپ ـ
تاقلاپ بالىنى چۈشۈرۋېتىشكە ئۇرۇناتتى ، بالا بولسا ئىككى پۇتىدا ئې-
شەكنىڭ بېقىنىنى چىڭ قىسىپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ چايقىلىپ ئولتۇراتتى ؛
يوغان ئوت ـ چۆپ باغلىرى ئارتىلغان ئېشەكلەر يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كې-
تەتتى ، بىز ئوت ـ چۆپنى كۆرسەكمۇ ئېشەكنى كۆرەلمەيتتۇق . قەش-
قەردە كىشىلەر قىسقا ئارىلىقلاردىمۇ پىيادە ماڭماي ئېشەككە مىنىۋالاتتى .
ئېشەكنىڭ بېشى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭكىدەك يوغان ، كېسەل بولۇپ قال-
غاندەك قاتتىق ۋە سەت ھاڭرىشى ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بولسى-
مۇ ، مەن ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قالدىم ، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ
ھەيران ، ئېشەك ئىنتايىن سەۋرچان ، چىداملىق ۋە ياۋاش كۆرۈنەتتى ،
كۆزلىرى گويا دەرد ـ ئەلىمى ۋە ئاغرىنىشىنى ئىپادىلەۋاتقاندەك ياشلىق
مۆلدۈرلەپ تۇراتتى . ئۇنىڭدا يەنە ئاجايىپ قەيسەر روھ ، بىر خىل قەت-
ئىيلىك بولۇپ ، بۇلار ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىدى . كۆپلىگەن ئاتلارغا
سېلىشتۇرغاندا ، ئېشەكلەر بەكرەك ئىشەنچلىك ، باتۇر ۋە شەپقەتلىك
ئىدى . ئۇلار بەئەينى قاتتىق ئازابلىنىۋاتقاندەك ئاۋازىنى ھەر خىل چىقى-
رىپ ، سەل كۈلكىلىك بىر تەرىزدە ھاڭرايتتى ، لېكىن گويا ئۆزىنىڭ
سەت ئاۋازىدىن ئۇيالغاندەك شاپپىدە توختىۋالاتتى .

سەيلە قىلغان چاغلاردا بىزنىڭ كۆزىمىز چۈشىدىغان ئەڭ مۇھىم

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە نەرسە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتقان تاغلار بولسا كېرەك. شىمالدا تۇتاش كەتكەن ئېدىر ـ تۆپىلىكلەردىن ھاسىل بولغان مەنزىرە كۆزگە تاشلىناتتى؛ يىراقتىكى غەربىي جەنۇب تەرەپتە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ھەيۋەت مەنزىرىسى نامايان بولاتتى، ئاسمان ـ پەلەك بۈيۈك تاغ چوققىلىرىدا قار ئەينەكتەك يالتىرايتتى، دېڭىز يۈزىدىن 25 مىڭ 145 ئىنگلىز مىلى ئېگىز، قارلىق قوڭۇر چوققىسى، بەئەينى مۇستەھكەم قورغاندەك كۆككە تاقىشىپ تۇراتتى. دېڭىز يۈزىدىن 22 مىڭ 180 ئىنگلىز چاقىرىم ئېگىز، شەكلى ئاجايىپ غەلىتە ۋە ئۇبرازى نەپىس قوش چوققا چاكرا-گىل ماگا ھەممىدىن كۆركەم كۆرۈنەتتى. مەن ئۇچۇن تاغ مەنزىرىسىنىڭ شۇ قەدەر گۈزەل بولغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاجايىپ ۋە كەم ئۇچرايدىغانلىقىدا ئىدى. قەشقەردە پۈتمەس ـ تۈگىمەس، قارغىش تەگكۈر توپا ـ چاڭ جانغا تېگەتتى. يىل بويى ئاسماننى گويا تۈتەك پەردىدەك توپا ـ چاڭ قاپلايتتى، بىر نەچچە ھەپتىلەپ يوقالماي، قۇياش نۇرىنى توسۇپ، يىراق ياكى يېقىندىكى، ئېگىز ياكى پەس بارلىق تاغ ـ ئېدىرلارنى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنى قارا پەردىسگە چىڭ ئوراپ كۆرۈمسىز قىلىۋېتەتتى، ھەتتا ئۇۋ ئۇۋلىغىلى تاغ ئىچىگە كىرسەكمۇ، بىزنى غايەت يوغان بىر كونۇپېرتقا سېلىۋالغاندەك، خىرە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قوياتتى. ئارقىدىنلا تۇيۇقسىز دەھشەتلىك شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن قارا بوران چىقىپ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن يېيىشكەن توپا، پۇرىشكەن توپا بولۇپ، چۈشكۈرسەڭمۇ توپا تۆكۈلەتتى. ۋەھالەنكى بۇ قارا بوران يەنە ھاۋانى تازىلايتتى. توپىلىق بوران توختاپ نەچچە كۈن پۈتۈن كائىناتنىڭ يۈزى ئېچىلىپ، ئېنىق، سۈزۈك ھالەتتە كۆزگە تاشلىناتتى.

مۇشۇنداق ھاۋا تازىلانغان ئوچۇق كۈنلەردە، ئورنىمىزدىن سەھەر تۇرساق، ئۇپۇق سىزىقىدا شەلپەردەك قىزىل نۇر تۆكۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنى، شۇ قەدەر سىرلىق ۋە گۈزەل تۈس ئالغان، تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى ئۆزگە يوشۇرغان كائىناتنى كۆرەتتۇق. بەزىدە يەر بىلەن كۆك ئاسمان ئارىلىقىدا نېپىز تۇمان يېيىلىپ، يىراق-

تىكى تاغلار نىپىز تۇمان ئۇستىدىكى بوشلۇقتا ئۇزۇپ يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. قارا بوران چىققان كۈنلىرى سەھەردە، تونۇش تاغلارنىڭ قاتمۇقات بۇلۇت ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرەتتۇق. ھاۋا سۈزۈك، ئوچۇق بەزى كۈنلەردە بولسا، روشەن كۆرۈنگەن چوققا گويا ئېكرانغا چۈشكەن سايىدەك نۇرسىز، رەڭسىز تۈسكە كىرىپ قالاتتى. تەگداشسىز ئېگىز قوڭغۇر چوققىسى بىلەن چاكراگىل چوققىسىمۇ، بىز بىلەن بىر ماكاندا ئەمەستەك بىلىنەتتى.

تۇرمۇشىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەشقەر ئەتراپىدىكى تاغ ۋە چوققىلار بىزنى شۇ قەدەر چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار ئىنتايىن كۆركەم بولۇپ، ھەممىلا ئادەم بەئەينى ھەرقانداق بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ھېسسىياتقا ئوخشاش، بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىشتىن خالىي بولالمايتتى. ھالبۇكى، باش كونسۇلخانىدىكى خان ئەپەندى① بىر قېتىم بىزدىكى بۇ خىل ھېس - تۇيغۇدىن ھەيران بولۇپ: «مەن مۇنداق بىر ئىشقا دىققەت قىلدىم. سىلەر ئۇ تاغ - چوققىلارغا قانداق كۆز بىلەن قارايدىغانسىلەر؟ مەنمۇ قاراپ باقتىم، لېكىن بۇ تاغ - چوققىلاردا سىلەر شۇنچىۋالا ماختاپ كەتكۈدەك قانداق ئالاھىدىلىك بارلىقىنى ھېچ بىلەلمىدىم» دېدى. دېمەك، بۇ تاغ - چوققىلارغا ئىشتىياق باغلاش بىزگىلا خاس ھېسسىيات. باشقىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ يەردە «ئاجايىپ» بىر تۇيغۇ بولمايدىكەن.

ئەمدى يەنە كۈندىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا قايتىپ كېلەي، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتا بىزنىڭ كىتاب ئوقۇش، يېزىقچىلىق قىلىشىمىزدىكى كونكرېت ۋاقىت جەھەتتە قاتتىق بەلگىلىمىلەر بار ئىدى. قەشقەردە، مەن ئىلگىرى ئوقۇشنى ئويلىغان، لېكىن ۋاقىت چىقىرالمىغان كىتابلارنى ئوقۇۋېلىشقا ئوبدان پۇرسەت چىقتى. چۈنكى، ئەنگلىيەدىكى ۋاقتىمدا، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ تۈگىتەلمەيتتىم. ئەمدى بولسا، تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، بوسۋىلنىڭ «تامىيۇل جونسۇن» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا ۋاقىت چىقىمدى، دەيدىغانغا ھېچقانداق باھانەم

① كونسۇلخانىدىكى خىزمەتكارلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى رېففاتۇللاخاننى دېمەكچى.

يوق ئىدى . دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماي ، يۈرەك قېتىمغا يوشۇرۇنغان ۋىجدان ئازابىغا ئۇچرىماي ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۆزى بىر ھۇزۇر ئىدى. بىز ئوقۇۋاتقان كىتابىمىز ئىچىگە كىرىپلا كېتىش ياكى ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاش بىلەنلا ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتىن ئامال بار ساقلىناتتۇق. بۇ گەپلەر تەكەببۇرلۇقتەك ، ئۆزىگە تەمەننا قويغاندەك ئاڭلانسىمۇ ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ، ئادەم ئىش قىلمىسا ، بىرەرى باشقۇرمىسا ، ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزسە ، ئادەم بەك چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىكەن.

باھار ۋە ياز كۈنلىرى ھەپتىدە ئۈچ قېتىم چويلا توپ ئويناش پۇرسىتىمىز بار ئىدى. ئارايلىك ئەزەلدىن چويلا چوپ ئوينىمايتتى ، لېكىن مەن دائىم دوختۇر ۋە باشقا خادىملار بىلەن ئوينايتتىم. ھېچقايسىمىز ياخشى ئوينىيالمىغاچقا ، كۆپىنچە كۈلكىلىك ئىشلارمۇ بولاتتى. كىشىلەر ماڭا ، بۇرۇن باش كونسۇلخانىدىكى ياللانما خادىملارنىڭ پۇتبول ئويناي- دىغانلىقىنى ئېيتتى . ئىرا مايرات خانىم قەشقەرگە كەلگەندە ، پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ، يەرلىك ئۇيغۇرلارنى ھەيران قالدۇرغانىكەن . قەشقەردە يەنە ۋاسكىتبول مەيدانىمۇ بولغانىكەن ، لېكىن بىز كەلگەندە ، كىشىلەر تەنتەربىيە ۋە چېنىقىشقا ، مۇسابىقىغە قىزىقماس بولۇپ قالغانى- كەن .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئات توپى ( چاۋغان ئويۇنى ) خۇنزا رايو- نىدا پەيدا بولغانىكەن ، ئىلگىرى باش كونسۇلخانىدا نۇرغۇن خۇنزالىق ئادەملەر بار ئىكەن . 1940 ـ يىلى ئارايلىك قەشقەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ، بىر قېتىملىق ئات توپى مۇسابىقىسىدە ئادەم ئۆلۈش ، يارىلىنىش ۋەقەسى بولغاندىن كېيىن ، تەنتەربىيىنىڭ بۇ تۈرى چەكلىنىپتۇ . كېيىن ، ئارايلىك ئات توپى مۇسابىقىسىنى قايتىدىن تەشكىللەپ باقتى ، ئەمما ئۇ ئۆزى ئات توپىنى پەقەت ئويناپ باقمىغانىدى . بىرىنچى قېتىملىق مۇسابىقە باشلى- نىپ ئىككى مىنۇت ئۆتكەندە ، تويۇقسىز بىر ئادەم ئاتتىن يىقىلدى ، ئات ئۇنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئىككىنچى قېتىم يۈز بەرگەن پاجىئە قەش- قەردە بۇ ھەرىكەتنى ئۇجۇقتۇرۇپلىۋەتتى . پۇتبول مەيدانى ۋە ئات توپى مەيدانى كېيىن قوغۇنلۇق ۋە باغ قىلىندى . ئىككىنچى قېتىملىق پاجىئەدە

ئۆلگەن ئات توپى ماھىرى ھەققىدە « ئۇ مۇسابىقىگە چۈشۈشنىڭ ئال-
دىدا ، بىر ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا ، سىز پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىكەنسىز ،
دېگەنىكەن » دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈردى . رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇ-
رۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىدا بەزى چاغلاردا كىنو قويۇلاتتى . شەھەردە
بىر كۇلۇب بولۇپ ، « ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى » [1] نىڭ ماددىي ياردىمى بى-
لەن ئۇ يەردە نۇرغۇن سوۋېت رۇسىيىسى فىلىملىرى قويۇلاتتى . بۇ
خىل بىر ياققا ئېغىشتەك تەشۋىقات پائالىيىتىنى تەگپۇگلاشتۇرۇش ئۈ-
چۈن ئارايىكتىن ئىلگىرىكى بىرقانچە باش كونسۇل بىر ئامال قىلىپ ھىن-
دىستاندىن بىر قىسىم كىنولارنى سېتىۋالغانىكەن . بىز ئارقا - ئارقىدىن
ئالتە ھەپتە ئېگىز قوغلاشتىك فىلىم كىرگۈزۈپ قويغانىدۇق ، ناھايىتى چوڭ پارا-
كەندىچىلىك قوزغىدى . ئالدى بىلەن ئۇلار بۇ فىلىملار يەرلىك دائىرى-
لەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك ، دېدى . لېكىن ، بىز بۇ فى-
لىملارنى كىرگۈزۈشتىن بۇرۇنلا ئىجازەتنامە ئالغان ، ئۇلار ئاۋۋال بىرنى
قويۇپ ئۆزىمىز كۆرۈپ بېقىشقا قوشۇلغانىدى . شۇنىڭ بىلەن ۋاسكىتبول
مەيدانىغا يوغان ئېكران تارتىلدى . جىمى تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن ،
ئارايىك بىلەن مەن كەلدىم . يەرلىك بىرمۇنچە ئۇيغۇر تاماشىبىننى كۆ-
رۈپلا ، ئىككىمىز قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتتۇق . قەشقەردە كۆڭۈل ئې-
چىش پائالىيەتلىرى ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن ، ئەنگلىيە باش كونسۇلخا-
نىسىدا پۇلسىز كىنو قويۇلىدىكەن ، دېگەن خەۋەر تېزلا بازارغا تارقىلىپ
كېتىپتۇ . دەرۋازىغا قارايدىغان ئادەملىرىمىز بۇلارنى توسۇشقا ھېچقانداق
تەدبىر قوللانماپتۇ . خەۋەرنى ئاڭلىغان تىجارەتچىلەرمۇ يېتىپ كېلىپ
نان ، تاتلىق - تۈرۈم ، قوغۇن - تاۋۇز ساتىدىغان تەنزىلىرىنى يېيىپ
سودىغا چۈشۈپتۇ . جىن چىراغلار خىرە پىلىلداپ تۇراتتى ، ساتارمەن-
لەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلاشلىرى ئاڭلىناتتى . كەيپىيات قىزغىن
ئىدى . بۇلارنى ھەيدەپ كەتكۈزۈش مۇمكىن بولمايتتى . ئەمما ، بىز يەر-

[1] « ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى » نىڭ تولۇق نامى ئۇيغۇر مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇ-
يۇشمىسى بولۇپ ، 40 - يىللاردا خېلى پائال ۋە جانلىق بىر ئاممىۋى تەشكىلات ئىدى ، لېكىن
سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان .

لىك دائىرىلەرگە كىنونى كونسۇلخانىدىكىلەرلا كۆرىمىز، دەپ ۋەدە بەر-
گەنىدۇق . شۇڭا، بىز دەككە ـ دۈككىدە ئاران بىر فىلىمنىلا قويدۇق .
بۇ دېھلى رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ھۆججەتلىك فىلىمى بولۇپ ، پەقەتلا تا-
يىنى يوق ئىدى . فىلىمنىڭ مەقسىتى تەشۋىق قىلىشلا بولغانلىقى ئۈ-
چۈن ، ئۇيغۇرلارمۇ[1] ئاسان چۈشىنەلەيتتى .فىلىم تۈگىگەن ھامان ، ئارايىك
بىلەن مەن ئالدىراپ ـ تېنەپ چىقىپ كەتتۇق .

كېيىن ، ھۆكۈمەت تەرەپ بارلىق كىنولارنى قويۇشنى تەستىق-
لىدى . بىز يەنە بىر قېتىم ئوچۇق ـ ئاشكارا كىنو قويدۇق . قارىساق ئا-
دەم ئۆتكەن قېتىمقىدەك كۆپ ئەمەس ، تېخى بىرى ئويناشقاندەك ئىش
قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن راۋابىنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ . قويۇلغان
ھۆججەتلىك فىلىملارنىڭ ھەممىسى ھىندىستان تۇرمۇشىغا دائىر بولۇپ ،
بۇنداق فىلىملارنى تاللاشنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى
ئىپادىلەيتتى . فىلىمنىڭ كۆپرەك كۆرۈنۈشىدە ھىندىستاننىڭ كاكائۇ مې-
ۋىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئەمەلىي
ئەھۋالى ئىپادىلەنگەنىدى . بەزىلەر بىر ئۇيغۇر ئادەمنىڭ ، ھىندىستانلىقلار
قوغۇندىن ئاجايىپ قالتىس نەرسىنى ئىشلەيدىكەن ! دېگەن گېپىنى
ئاڭلاپتۇ . مەن ئىچىمدە ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى-
خانىسى تەشۋىقات پائالىيىتىنى ناھايىتى ئاز قىلغانلىقتىن ، بۇ قېتىمقى
قىسقا ۋاقىتلىق تەشۋىقات پائالىيىتى ئۇتۇقلۇق بولمىدى ، دەپ ئويلىدىم .

بۇ ئىشتىن كېيىن ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بىزنىڭ ئابرۇيى ۋە
نوپۇزىمىز يەنە بىر نۆۋەت زەربىگە ئۇچرىدى . ئادەتتە پادىشاھلارنىڭ
تۇغۇلغان كۈنى ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت ـ بايرىمى قاتارلىق پائالىيەتلەر
ئۈچۈن ، باش كونسۇلخانا ناخشا ـ ئۇسسۇل ، سېرىك ئويۇنلىرى كۆر-
سىتەتتى . بۇنداق پائالىيەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان چاغلاردا ، كونسۇلخانا
قورۇسى ئىچىگە چىرايلىق ، سالقىن لاپاس ياسىلىپ ، لاپاس ئەتراپىغا
زىلچا ـ گىلەملەر سېلىناتتى ، بىز ۋە بۇ پائالىيەتكە چاقىرىلغان يەرلىك
ئەمەلدارلار شۇنىڭدا ئولتۇراتتۇق . تۈن پەردىسى تارتىلغاندا ، گاز
چىراغلار يېقىلاتتى . چويلا توپ مەيداننى ئايرىپ تۇرىدىغان پاكار تام

كەيىندىكى سايە جايدا پۈتۈنلەي ئاياللار ئولتۇراتتى . ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ز ـ كۆزىنى مەھكەم ئورىۋالاتتى ؛ بەزىلىرى چۈمبىلىنى قايرىپ سىرتقا قاراپ قوياتتى ـ دە ، دەرھال يېپىۋالاتتى ، بىردەمدىن كېيىن يەنە بېشىنى چىقىرىپ قارايتتى ؛ يۈرەكلىكرەكلىرى قاراپ ئولتۇرۇۋېرەتتى . مەن ئىشتىراك قىلىپ كۆرگەن بىرىنچى تۈركۈمدىكى نومۇرلارنى كونسۇلخانىمىزدىكى قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان خۇنزالىق ياللانما خادىملار كۆرسەتتى ۋە كۆپچىلىكتە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى ؛ بىر تازىلىق ئىشچىسى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلغا ئۇستىلىقىنى نامايان قىلدى ؛ غەلىتە نىقابلارنى كىيىۋالغان بىرقانچە ئادەم ، قىزىقچىلىق بىلەن ئېلىشىش نومۇرىنى كۆرسەتتى ؛ پوچتاليونلار باشلىقى ، يېشى 70 تىن ئاشقان ، ئەمما ناھايىتى ساغلام ، تېمەن بوۋاي ئاجايىپ چاققان ، شوخ ھەرىكەتلەر بىلەن چىرايلىق ئۇسسۇل ئوينىدى . مەن بۇنداق ئويۇنلارنى بەك ياخشى كۆرەتتىم . ئادەتتە كۆرۈپ تۇرىدىغان تونۇش ئادەملەر باشقىچە كىيىنىپ ئويۇن كۆرسەتسە ، بەك قىزىقارلىق بولىدىكەن . ئەمما ، بۇنداق ئويۇنلار ھەر يىلى بىرخىل شەكىل ، بىرخىل مەزمۇندا بولۇپ ، بەكمۇ كونا ۋە ئەنئەنىۋى تۇيۇلاتتى ، لېكىن كۆپلىگەن شەرقلىقلەرنىڭ نەزەرىدە ئۆزگەرمەي تۇرۇش بىرخىل كەمتۈكلۈك ھېسابلانمايتتى .

بىر قېتىملىق بايرام پائالىيىتىدە خان ئەپەندى ، بىر قىسىم يەرلىك كەسپىي سەنئەتچىلەرنى ياللاپ ئويۇن قويدۇرۇشنى قارار قىلدى . ئۇنىڭ بۇ قارارى بىزنىڭ ئابرۇيىمىزنى ئىككىنچى قېتىم تۆكتى .

ئۇيغۇر ئويۇشمىسى شۇ كۈنى كەچتە ئۇسسۇلچى ، ناخشىچىلاردىن تەركىب تاپقان بىر ئۆمەكنى بىزگە ئويۇن قويۇپ بېرىشكە ئەۋەتىشكە قوشۇلۇپتۇ . ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسىدا پۇلسىز ئويۇن قويۇلىدىكەن ، دېگەن خەۋەر ئۇچقاندەك تېز تارقىلىپ ، نۇرغۇنلىغان تاماشىبىنلار كەلدى ، لېكىن ئويۇن باشلىنىدىغان ۋاقىتتىمۇ سەنئەتچىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى . سەنئەتچىلەرنى ئالغىلى كەتكەن ئاپتوموبىل قۇرۇق قايتىپ كەلدى . ئۇلار يەنىلا يوق ، لېكىن تاماشىبىنلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى . ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋەتسەك ، ئۇلار ھېلى سەنئەتچىلەر تاماق يە-

ۋېتىپتۇ ، ھېلى ئۇلارنى بىر تويغا چاقىرىپ ئەكىتىپتۇ» دەپ خىلمۇخىل گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى . بىزنىڭ « يۈزىمىز » تۆكۈلدى . ئۇرـ كانتلار كېلىپ بولغاچقا ( بىر ئىسكىرىپكا ، بىر داپ ، قەدىمىي نۇسخىـ دىكى بىر ياغاچ ئىسكىرىپكا بار ئىدى ) ، كونسۇلخانىدىكى ئانچە ـ مۇنچە بىلىدىغانلارنى ئۇسسۇل ئوينىتىپ تۇردۇق . خېلى ئۇزۇندا ھېلىقى ئۆـ مەكتىكى ئالتە ئەر ئارتىس پالاقلاپ كەلدى ، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى . ئۇلار بىزنىڭ ۋە ئاممىنىڭ بېسىمى بىلەن بىرقانچە نومۇر كۆرسەتتى ، لېكىن شۇنداق خۇشياقمىغاندەك ، كۆڭۈل قويماي ئويندـ دى . ئايال ئارتىسلارنىڭ يوقلۇقى كەيپىياتقا سوغۇق سۇ سەپكەندەك بولۇپ ، مېنى بەكمۇ ئوسال قىلدى . تۇيۇقسىز مەن ئارايىقا كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىككىمىز بىر نومۇر كۆرسىتىشنى تەكلىپ قىلىـ دىم . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇلى ئانچە مۇرەككەپ ئەمەسكەن ، مۇزىكىنىڭ رىتىمى بەك ئېنىق بولغانىدىكىن ، قولنى ئۇيان ـ بۇيان ئايلاندۇرۇپ ، پۇتنى ئۇدارغا چۈشۈرۈپ ماكسلا بولىدىكەن . بىردىنبىر تەس يېرى باشنىڭ ھەرىكىتى ، باش ۋە مۈرىنى تىك تۇتۇپ ئويناش ئىدى . بىز ئالدىن مەشىق قىلىنۋالمىغان بولساقمۇ ، ئۆزىمىز ئوبدان بىلىدىغان بىر مۇزىكىغا بىردەم مېڭىپ ، بىردەم چۆر گىلەپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتۇق . مۇزىكا ئاخىرلاشقاندا مەن بۇرۇن كۆرگەن ئايال ئارتىسلارنى دوراپ ئىككى مۈرەمنى سىلكىتىپ ، ئالدىمغا ئېگىلىپ ئويناپ تۈگەتتىم . ئاددىيلا بۇ ئويۇنىمىزغا تاماشىبىنلار قاتتىق چاۋاك چېلىپ كەتتى . شۇ كۈنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھەقىقەتەن چاتاق چىققىنىمۇ ياكى بىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇـ يىمىزنى تۆكۈش ئۈچۈن بەزىلەر قەستەن شۇنداق قىلدىمۇ ، تا ھازىرـ غىچە پەقەت بىلەلمىدىم . باش كونسۇلخانىدىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە دۇنيادا بىز ئەنە شۇ تەرىقىدە تۇرمۇش كەچۈردۇق . گەرچە زېرىكىشلىك بولسىمۇ ، ئادەم يەنىلا شۇ تۇرمۇشنى سېغىنىدىكەن . بىز پەقەت كۆڭۈل ئېچىش قىلغان ، تەبرىكلەش پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلگەن چاغلاردا جوڭـ گونىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى ۋە رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەر بىلەن چەكلىك يوسۇندا ئۇچراشقان ، بىللە بولغان چاغلاردىلا ، زېرىكىشلىك

بۇ تۇرمۇشمىزدا ئاز ـ تولا جانلىنىش بولاتتى. مەنىسىز بولسىمۇ تىنچ، خاتىرجەم بۇ تۇرمۇشتىن مەن ناھايىتى رازى ئىدىم. بىز دائىم سىرتلارغا ساياھەتكە، ئېكسپېدىتسىيىگە چىقاتتۇق، ھەپتە ئاخىرلىرىدا يېزىلارغا باراتتۇق، مانا بۇلار تىنچ تۇرمۇشىمىزنى جانلاندۇراتتى. شۇنداقلا بۇ، بۇ يەردىكى تۇرمۇشىمىزدىن رازى بولۇشىمىزدىكى يەنە بىر تەرەپ ئىدى. بىز رادىيو ئاڭلاپ، دۇنيادىكى ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتۇق. بىز مەدەنىيەت توختاپ قالغان، قالاق بىر جايدا تۇرىمىز، ھالبۇكى دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان جايلىرى بولسا تىنچسىز ئىكەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتىم. شۇڭا، ئۇ ئاساسىي ئېقىم ئىچىگە قايتىپ كەتكۈم كەلمەيتتى. شىنجاڭدىكى ھېلى توختاپ، ھېلى داۋام قىلىۋاتقان، يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇۋاتقان نارازىلىق ھەرىكىتى ۋە ھەرخىل كېسەللىكلەر پارتلاپ چىقىپ دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇن ھاسىل قىلمىسىلا، مەن ناھايىتى خۇشال ھەمدە مەمنۇن بولاتتىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تۆتىنچى باب

## ئوۋ ئوۋلاش ۋە ئېكسپېدىتسىيە

بىز بارلىق ۋاقتىمىزنى كۆندىلىك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ياكى كۆتۈۋېلىش ، مەدەنىي پائالىيەتكىلا سەرپ قىلماي ، ئىمكانىيەت يار بەرسىلا سىرتلارغا چىقاتتۇق .

بىز قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۆكتەبىر بولۇپ قالغان ، كائىنات يالىڭاچلىنىپ ، غېرىپ ، مىسكىن تۇسكە كىرگەنىدى ، شۇنىڭدەك ھاۋامۇ كۆنسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى . شۇنىڭ بىلەن بىزدە ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپ كۆڭۈل ئېچىش ھەۋىسى تۇغۇلدى ـ دە ، ھەر ھەپتىدە بىر كۈن يېزىغا چىقىپ تۇردۇق ياكى ھەپتە ئاخىرىنى ( يەكشەنبىنى ) يېزىدا ئۆتكۈزدۇق . ئادەتتە باش كونسۇلخانىدىكى بىر قانچە ئادەم ، بولۇپمۇ ئوۋ قىلىشقا بەكمۇ ئامراق خۇنزالار بىزنىڭ يەكشەنبىلىك بۇ قاتارىمىزغا قوشۇلۇپ تۇراتتى .

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئادەملەرنىڭ بىرى مىل خۇمزا ئىدى . ئۇ بىزنىڭ شوپۇرىمىز ھەم رېمونتچىمىز بولۇپ ، پاردانلار[1] دىن ئىدى ۋە بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى . خۇمزا دىۋىدەك بەستلىك ، يوغان ، پۈتۈن يۈزىنى ساقال باسقان ، چىشلىرى يوغان ۋە سېرىق ، تەلەتى قورقۇنچلۇق ئادەم ئىدى . مۇلايىم چاقنايدىغان كۆزلىرى بىلەن چېھرىدە پات ـ پاتلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىللىق كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ سۈرلۈك ، قورقۇنچلۇق بەشىرىسىنى خېلىلا ياپاتتى . ئۇ چوشەن-

[1] پاردانلار ، يەنى پاشتۇلار . كونسۇلخانا ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئورگان بولۇپ ، ئۇ چاغدا پاكىستانمۇ ھىندىستانغا تەۋە ئىدى . شۇڭا ، كونسۇلخانا خادىملىرى ئىچىدە پاكىستاننىڭ غەربىگە ئولتۇراقلاشقان پاردانلار بار ئىدى .

گىنلى بولمايدىغان قىزىقلا بىر ئادەم ئىدى. ئۇ تەكەببۇر ۋە توك بولۇپ، ئۇنىڭدا ھىندىستانلىق خىزمەتكارلارغا ئوخشاش خۇشامەتچىلىك ۋە ئۇلاردەك ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، خوش ـ خوش، دەپ تۇرىدىغان ئىشلار يوق ئىدى. گەپنى ئۇدۇل، ئوچۇق قىلاتتى، لەۋزىدە تۇراتتى. شۇڭا، بىزمۇ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنەتتۇق، خەتەرلىك پەيتلەردە ھولۇقماي ئۆزىنى تەمكىن تۇتاتتى. بۇنداق خەۋپ ـ خەتەر ئېكسپېدىتسىيەدە دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. بىر تەرەپتىن ئۇ بەك ساپدىل، ئاق كۆڭۈل ئىدى، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى ( بىر قېتىم ئۇ ئارايىكقا ئاپتوموبىلنى توختاتقۇزۇپ، ئۆزى ئاتلىق بىر ئايالنى بىخەتەر جايغا ئاپىرىپ قويدى )؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ناھايىتى قاتتىق قول، قوپال ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يۈسۈپ ئازاب ئىچىدە ئېچىلالماي ياشىدى.

خۇمزانىڭ ئاغرىپ قالغان بىر ئىتىنى شۇ قەدەر كۆيۈنۈپ باققانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇق. بىر قېتىم بىز تاغ ئىچىدە كېتىۋاتقاندا، پۈتۈن بەدىنىنى قوتۇر باسقان، ئارانلا كېتىۋاتقان بىر ئاغرىق ئىتنى ئۇچراتتۇق. بۇنداق ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايتتى، چۈنكى يەرلىك ئاھالە ھايۋانلارغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى، مۇسۇلمانلار ئىتنى ھارام، دەپ قارايتتى. مىل خۇمزا قوپال ھەم ئاق كۆڭۈللۈكلۈكى بىلەن بۇ ئىتنى خېلى كۈنلەر باقتى.

خۇمزا ئىلىپبەنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز بولسىمۇ، كۆپ جەھەتلەردىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلەتتى. ماشىنىسازلىق، ئېلېكتىر، گىلەم توقۇش ۋە رادىئو قوبۇللىغۇچ قاتارلىق نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ سودىسى قانۇنسىز بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ سودىسى ئىنتايىن يۈرۈشۈپ، بېيىپ كەتتى. ئوۋ ئوۋلىغىلى چىققاندا، ياۋا قۇش ۋە ھايۋانلارنى قوغلاشقا ياردەملەشكەن ئادەملەرگە پۇل بېرىدىغان چاغدا قولى بەك ئوچۇق بولاتتى. ساياھەتكە چىققان چاغلاردا، ئۇ پىلىمىس گاز ئوچىقى، ناھايىتى چىرايلىق چايدان قاتارلىق ئىنتايىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىۋالاتتى. كونسۇلخانىدا خېلى

كۆچى ، ئابرۇيى بولسىمۇ ، كەمسۆز ، كەمتەر ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ، تى-رىشىپ ، بەجانىدىل ئىشلەيدىغان ئادەم ئىدى . باش كونسۇلخانىمىزنىڭ كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن فورت ماركىلىق ئاپتوموبىلنى ئوبدان ئاسراپ ، ھەر قانداق بىر شوپۇردىن ئۇزاق ۋاقىت ھەيدىدى . ئۇ ئاپتومو-بىلنى خۇددى ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ نۇرغۇن چاتىقىنى ئوڭشىدى . سىرتلارغا چىققاندا ، بەك ناچار يوللار ئۇچراپ قالسا ، ئاپتوموبىلنى توختىتىپ قويۇپ ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئوبدانراق يول ئىزدەيتتى . شەرقتە ئىشنى پۇختا ، بەجانىدىل قىلىدىغان بۇنداق ئادەمنى تاپماق قىيىن ئىدى .

ئۇۋ ئوۋلاش خۇمارىنىڭ ھەۋىسى بولسىمۇ ، كۆپىنچە ئۆزى يالغۇز ئۇۋ ئوۋلايتتى ، باشقىلارغا ئارىلاشمايتتى ، گەپنى كۆپ قىلمايتتى ، ئەمما باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشقىلى ئۇنىمايتتى . ئۇنىڭ بۇ قىلىقى كۆپ ھاللاردا ئۇۋ ئوۋلاش پائالىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەتتى . بەزىدە ئارايىك نىشانغا ئالغان قۇشنى مەقسەتسىزلا ئۇچۇرىۋېتەتتى ياكى ئۇنىڭ تاكتىكىسىنى بۇزۇۋېتەتتى .

يەكشەنبە كۈنلىرى ئەتىگەندە ، بىز دەريا بويىغا باراتتۇق . ئۇ يەردە قوراللارنى مۇۋاپىق يىغىشتۇرۇپ ، قۇشلارنى قوغلايدىغانلارنى ئو-رۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇۋ تەييارلىقىنى قىلاتتۇق . ئەمما ، نېمىنى ئاتىدىغانلىقى-مىزنى بىلىدىغانلار دېگۈدەك يوق ئىدى . خۇمزادىن باشقىلار قانداق قۇشلارنى ئاتىدىغانلىقىمىزنى ئۇقماستىن ، يەردە ياكى شاخلاردا تۇرغان قۇشلارنىڭ يېنىغا پالاقلاپ بېرىۋالاتتى . قۇش قوغلايدىغانلار شۇنداق نىشانسىز مېڭىۋېرىپ ، كۆپىنچە ئېزىپ قالاتتى . ئەمما ، ئامىتىمىز كەلگەن كۈنلىرى ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ياۋا ئۆردەك ئۇچراپ قالسا ، ئارايىكقا ھېچ-قانداق تاكتىكا كەتمەيتتى . بىز كۆن بويى ياكى دەرياغا يېقىن جايدا يې-تىپ ، ياكى قىرغاقتا يوشۇرۇنۇپ ، سوغۇقنى ۋە ۋاقىتنى ئۇنتۇپ ، يېنى-مىزدىن ياكى باش ئۈستىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغان ياۋا ئۆردەكلەرنى ماراپ ياتاتتۇق .

كىچىككىنە بىر يالغۇز ياۋا ئۆردەك يېنىمىزدىنلا ناھايىتى تېز ،

ئەمما پەس ئۇچۇپ ئۆتتى ــ دە ، كۆككە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ؛ 12 ياۋا غاز V شەكلىدە قاتارلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كۆك ئاسماندا كۆزدىن يىتتى ؛ ئىككى ياۋا توخۇ قاقاقلاپ ئۇچتى ؛ بېشى قىزغۇچ ئۆردەك بىخەستەلىك بىلەن يېنىمىزدىلا سۇغا چۈشتى . توساتتىن يىراق بىر جايدىن ياۋا غازلارنىڭ ئالاقزادە بولۇپ ئەنسىز چاقىلدىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق . ئارايىك تېزدىن ئوق ئالماشتۇرغاندا ، بۇ ئاۋاز بىلەن غازلارنىڭ ئاۋازى ئارىلىشىپ بىر جىددىيلىك پەيدا بولغانىكەن . ياۋا غازلارنىڭ قاتارى بۇزۇلۇپ بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەلدى . ئادەتتە مۇنداق ئەھۋالدا ، ياۋا غازلار نىشان دا- ئىرىسگە كىرمەستىنلا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋالاتتى ــ دە ، ئۇچۇپ كې- تىۋاتقان بىرەر ياۋا غازنى ئېتىپ چۈشۈرۈش ئالاھىدە شەرەپ ھېسابلى- ناتتى . ياۋا غازلار ناھايىتى يوغان بولسىمۇ ، ئېتىپ چۈشۈرۈش تەس بولغاچقا ، كىشىلەر ئادەتتە بىرەر ياۋا غازنى ئېتىپ چۈشۈرۈشنى ئالاھىدە بىر ئىش دەپ قارايدۇ ، دەپ ئويلايتتىم . بىر قېتىم ئارايىك بىر ياۋا غازنى ئاتتى ، بىز خۇشاللىقىمىزدىن قىن ــ قىنىمىزغا پاتماي قالدۇق ، ئەمما ياۋا غاز غېمىدە يوق ئۇچۇپ كەتتى . ئارايىك يەنە قارىغا ئېلىپ ئاتتى . ياۋا غازلار يەنە ناھايىتى پەس ئۇچۇپ قايتىپ كېلىپ باش ئۈستىمىزدىن ئۆتتى . بىزنى ھەيران قالدۇرغان ئىش شۇكى ، بەدىنى قانغا بويالغان بىر ياۋا غازنىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندىلىقىنى كۆردۇق . ياۋا غاز توپى شۇ يا- رىدار ياۋا غازنى دەپ قايتىپ كەلگەنىدى . ئارايىك يەنە بىر پاي ئوق ئې- تىپ ئۇنى يەرگە چۈشۈردى . ئارايىك ، مەن ، گىبيالگېن خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتتۇق .

شۇ پەسلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ، بىزنىڭ غەلىبە خۇشاللىقىمىزدىن ئەسەر قالمىدى . بىر كۈنى ، نېمشقىدۇر تۈزۈككىنە ئوۋ ئوۋلىيالماي قۇ- رۇق قول دېگۈدەك قايتىپ كەلدۇق .

مىل خۇمىزىدىن بۇگۈنكى ئوۋ ئەھۋالىنى مۇنداقلا سوراپ قويدۇم .

ــ يامان ئەمەس بولدى ، ــ دېدى ئۇ جاۋابەن .

ــ بىرەر ياۋا غازنى ئېتىپ چۈشۈرەلىدىڭمۇ ؟ ــ دەپ يەنە سو- رىدۇق .

— يەتتىنى ئېتىۋالدىم ، — دېدى ئۇ گويا ھاقارەتلىنىپ دىلى ئاغرىغان بىر تەلەپپۇزدا . ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ ئەڭ شانلىق غەلىبىسى ئىدى .

كېيىن ، بىز ئۇنىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ياۋا غازنى كەمدىن-كەم ئاتىدىغانلىقىنى بايقىدۇق . ئۇ ياۋا غازلارنى ناھايىتى پەم بىلەن يۇتىنىڭ ئۇچىدا يېقىن بېرىپ ئاتىدىكەن . ئارايىكمۇ ئۆز پرىنسىپىغا خىلاپ ھالدا بۇ ئۇسۇلنى سىناپ باقاتتى ، لېكىن دائىم ئۇمىدسىزلىنەتتى . ئارايىك ياۋا غازلار ئازراقلا شەپىلەردىنمۇ چۆچۈپ ئۇچۇپ كېتىدۇ ، دەپ مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ ياتاتتى . ئەگەر يوشۇرۇنىدىغان جاي بولۇپ قالسا ، ئارايىك ياۋا غازلار دانلاۋاتقانداق ، تۈيدۈرماستىن يېقىنلىشاتتى ، مەن بولسام يىراقتا ساقلاپ تۇراتتىم ، خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم . بىر ياۋا غازنى ئېتىۋېلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ ھالقىلىق ئىش غەلىبە تۇيغۇسى بولۇپ ، ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ، ئۆلگەن ياۋا غاز گۆشىنىڭ باھاسى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيتتى . قارىماققا بۇ تازا ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش ئىدى . ئارايىك ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ بېرىپ بىرەر ياۋا غازنى ئېتىپ چۈشۈرگەن بولسا ، ئەتراپتا تۇرغان قۇش ئۇۋلايدىغانلا يۈگۈرۈپ بېرىپ غازنى بوغۇزلىۋېتەتتى . ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بويىچە ، ئاخۇن ئايەت ئوقۇپ بوغۇزلىمىغان ھايۋان گۆشىنى ھېچكىم يېمەيتتى . شۇڭا ، ئىمكان بار جان ئۈزگۈچە ئارىلىقتا بىرەر مۇسۇلمان ئاۋۋال بېرىپ « بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم » دەپ ئىمان ئېيتىپ تۇرۇپ ياۋا غاز ياكى باشقا ھايۋانلارنى بوغۇزلايتتى .

بىزنى باشقىلار ئۇۋغا تەكلىپ قىلىدىغان ئىش ناھايىتى ئاز بولاتتى .

بىر قېتىم ، جۇڭگولۇق بىر گېنېرال بىزگە ، كۆل ئەتراپىغا بېرىڭلار ، ئۇ يەردە ياۋا ئۆردەك تولا ، دېدى . بىز ئاپتوموبىل بىلەن يولمۇ يوق بىر جاي بىلەن مېڭىپ ئۇرغۇن جاپا تارتىپ بىر سۇلۇق جايغا كەلدۇق ، راست دېگەندەك ، سۇدا ياۋا ئۆردەك توپ - توپى بىلەن ئۇ-

زوْپ يوْروْپتوْ ! جوْڭگولوْق گېنېرال پاڭىلدىتىپ ئېتىپ ، ئوْچالمايدىغان ئۆردەكتىن بىر نەچچىگە تەگكوْزدى . ئوْ ئوق ئېتىۋېتىپ ناھايىتى ئاستا ئوْچوْپ كېتىۋاتقان ياۋا ئۆردەكلەر ئىچىدىن نەس باسقان بىرىنى ئې-تىۋالغان ئارايكنى ماختىدى .

بىزگە ئوخشىمايدىغان ئوْسوْل بىلەن ئوۋ ئوۋلاشتىن يېڭىلىق ھېس قىلماسلىق قىيىن ئىدى . ماڭا ئەنگلىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ئوۋ ئوۋلاش ئوْسوْلى شوْ قەدەر قائىدىلىك ۋە « توغرا » توْيوْلاتتى . ئويلايمەنكى ، ھەممىلا ئادەمنى موْشوْنداق قاراشتا بولوْشنى تەلەپ قىلىش ئاقمايدىغان ئىش ئىدى .

بىر قېتىم ، بىزنى ئوْروْمچىدىن كەلگەن شىنجاڭ مائارىپ نازارە-تىنىڭ نازىرى سەيپىدىن[1] ئۆزى ئوروْنلاشتوْرغان ئوۋ پائالىيىتىگە تەك-لىپ قىلدى . بىز ئۆزىمىزگە خاس ئوۋ ئوۋلاش شەكلىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئەمەلىيەتتىن ئۆتكوْزدوْق . بوْ قېتىمقى ئوۋ ئالاھىدە بىر كەچوْرمىش سوْپىتىدە ناھايىتى قىزىقارلىق بولدى ؛ پوْتوْن بىر كوْنلوْك ئوۋ پائالىيىتى پوْتوْنلەي ۋاقىت ئىسراپ قىلىش بولدى ، خالاس . بىز ئەتىگەندە ئاپتو-موبىل بىلەن سەيپىدىن چوْشكەن جايغا باردوْق . ئوْ باشتا بىزنى كەم بولسا بولمايدىغان چاي ۋە كونا شەكىلدىكى نوْرغوْن پىچىنە ـ توقاچ بىلەن مېھمان قىلدى . ئارقىدىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سۆزلىشىپ ئولتوْرغاچ روْسىيە باش كونسوْلى ۋە ئوْنىڭ ئالتە موْلازىمى كەلگوْچە ساقلىدوْق . ئاندىن بىرقانچە پىكاپكا ئولتوْروْپ ( بوْنداق ئاپتوموبىل ئەترىتى قەشقەردە ئاز بولاتتى ) شەھەردىن تەخمىنەن تۆت ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر يېزىغا باردوْق . ئوْ يەردە بىزنى يەنە ئۆيگە باشلىدى . يەرگىلا مول داس-تىخان سېلىنغان ، ھەتتا براندى بىلەن ئوْزوْم ھارىقىموْ قويوْلغانىدى . بىزدە ئوۋ پائالىيىتى دېگىنى بىر قېتىملىق « زىياپەت » نىڭ باشقىچە ئېيتىلىشىموْ قانداق ، دېگەن شوْبھە توْغوْلدى . كېيىن مەندىن باشقا

---

[1] شوْ چاغدا ، سەيپىدىن ئەزىزى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى . 1946 ـ يىلى ئۆك-تەبىردە قەشقەرنىڭ ناھىيىلىك مەسلىھەتچىلەر ئوْيوْشمىسى ۋە ھاكىمى دېموكراتىك سايلاشنى نازارەت قىلىش ئوْچوْن جەنوْبىي شىنجاڭغا بارغان . 1947 ـ يىلى يانۋار ئوْروْمچىگە قايتقان .

هەممە ئادەم ئاتقا مىنىپ خېلى ئۇزۇن مېڭىپ ، بىر دەريا بويىغا كەلدۇق . شۇنداق ھېرىپ كەتكەنىدۇق .

ئارايىك ئىككىمىز رەسمىي قائىدە بويىچە ئوۋ قىلىش ئۈچۈن بېلەرباۋا ئۆردەكلەرنىڭ ئۇچۇشىنى كۈتۈش ئۈچۈن قىرغاققا يېقىن جايغا باردۇق . ئەمما ، دەريا بويىغا مېھمانلار ، مۇلازىملار ، ئات يېتىلىگۈچىلەر ، ئوۋىمىزغا قىزىققان كەنت ئاھالىسى بولۇپ بىرمۇنچە ئادەم يىغىلغانىدى . دەريا بويىغا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر توپلىشىۋالغاچقا ، بىرەر ياۋا ئۆردەكنىڭ ئۇچقىنىنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى . بىردەمدىن كېيىن بىرنەچچە ئۆردەك ئۇچۇپ كەلدى . ئارايىك پەيتنى قولدىن بەرمەي ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئۆردەكتىن ئىككىنى ئېتىپ چۈشۈردى . ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدە نەتىجىسى شۇئان كىشىلەرنى قىزىقتۇردى ۋە ماختاشقا سازاۋەر بولدى . بىزنىڭ بىر مۇلازىمىمىز ئۆردەكنى ئالغىلى دەرياغا چۈشتى ، ئەتراپتا تۇرغانلار ئۇنىڭغا ، بىزگە ، ھەتتا ئۆزلىرىگە قانداق قىلىش توغرىسىدا ئەقىل ئۆگىتىپ ، چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈردى . شۇنىڭ بىلەن بىر كۆڭۈللۈك ئوۋمۇ ئاياغلاشتى . شۇ ئارىلىقتا تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار مەقسەتسىز ، نىشانسىز ئايلىنىپ يۈرۈشتى . بىردەمدىن كېيىن ، يەرگە داستىخان سېلىنىپ يەيدىغان ـ ئىچىدىغانلار ئاۋۋالقىلاردىنمۇ مول تىزىلدى . چۆرىدەپ ئولتۇردۇق ، لېكىن ھېچقايسىمىز ھېچنېمە يېمىدۇق . رۇسىيە باش كونسۇلى ئارايىكنى 22 ـ A تىپلىق تاپانچا بىلەن بىر تۇخۇمغا ئوق تەگكۈزۈشكە قىستىدى . ھەممىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا ئاغدى . ئۇ بىر ئوقتىلا تۇخۇمغا تەگكۈزگەنىدى ، كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى .

بىز ئارايىكنىڭ مەرگەنلىكىنى تاماشا قىلىۋاتقاندا ، ساھىبخان ئاتقا مىنىپ دەريادىن ئۆتتى . يىراقتىن بىردىنلا توپ ئېتىلغاندەك گۈمبۈرلىگەن پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئاسمانغا ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى . كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇ ئويۇن ، ھېچقانداق نەتىجە ھاسىل قىلمىدى . كېيىن بىز يېزىغا قايتىپ كەلدۇق . بۇ كۆڭۈللۈك ئەڭ مۇھىم ئىش باشلاندى .

بىز دەريا بويىغا بېرىشتىن ئىلگىرى كىرگەن ئۆيگە شىرە ـ ئو-

www.uyghurkitap.com

رۇندۇقلار قويۇلغان ، مېھمانلار ئۈچۈن خىلمۇخىل ئۇيغۇر تائاملىرى تەييارلانغاندى . لېگەن ـ لېگەنلەردە پولو ، گۆش ، چىنە ـ چىنىلەردە ھور چىقىپ تۇرغان قىزىق شورپا ، مەززىلىك نانلار كەلتۈرۈلدى . بىراندى بىلەن ئۈزۈم ھارىقىمۇ ئەلۋەتتە تۆردىن ئورۇن ئالدى . دەريا بويىغا يەنە باردۇق ، لېكىن ھېچكىم ئەستايىدىل ئوۋ قىلمىدى . ئارايك ناھايىتى ئىلھاملىنىپ ، ئات چاپتۇرۇپ يىراقلارغا ياۋا ئۆردەك ئىزدەپ كەتتى . ئۇ كەلگۈچە باشقىلار ئۇزۇن ساقلاپ خېلى تېرىكتى . روشەنكى ، ئۇلار خۇددى ئىتون مەكتىپى بىلەن خارولد مەكتىپى[1]ھەممىلار ئادەمنىڭ پالاق تـوپقا قىزىقىشىنى ئۈمىد قىلمىغاندەك ، بۇ ئوۋغا ناھايىتى ئەستايىدىل قاراپ كېتىشنى ياقتۇرمايتتى .

ئوۋ ئوۋلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئەخلاق مەسىلىسىگە قارىتا مەندە مۇستەقىل بىر قاراش يوق . مەندە ياۋايى ھايۋانلارغا ئوق ئېتىش ئويىمۇ يوق ، لېكىن مەن باشقىلارنىڭ ھاياجانلىرىغا ، ھايۋانلارغا ئوق تەگكۈزگەن چاغدىكى خۇشاللىقلىرىغا ، شۇنداقلا ئوۋ ئولجىلىرىغا ھەمشېرىك بولۇشنى ياخشى كۆرەتتىم . ئۆلگەن كېيىكنىڭ كۆزلىرىنى كۆرۈشنى ياقتۇرمىسامىمۇ ، ئۆلگەن ئۆردەككە پەرۋاسىز نەزەردە قاراپ تۇرىۋېرەتتىم . بۇ بىر ـ بىرىگە زىتتەك بىلىنىدۇ . گۆشسىز غىزا يېمەيدىغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بىر ياۋا ئۆشكىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ، ئادەتتىكى بىر قوينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن بەكرەك پاجىئە خاراكتېرىنى ئالغاندەك تۇيۇلىدۇ ؟ ئوۋ ئوۋلاشتىن ئىبارەت بۇنداق « قانلىق » تەنتەربىيە ھەرىكىتى ئەخلاق ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلەمدۇ ـ يوق ، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىش كونا مۇقام بولۇپ قالدى . مېنى ئېلىپ ئېيتساق ، بۇ مەسىلىگە قارىتا كۆز قارىشىم بىلەن ھەرىكىتىم بىردەك ئەمەس . مەن كىشىلەرنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلاشلىرىنى كۆرۈشكە ئامراق . قوغلاش جەريانىدا ئوۋنى قولغا چۈشۈرگەندىكى ھاياجانلىق تۇيغۇنى ياخشى كۆرىمەن . ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ نىشان دائىرىسىگە ئۇچۇپ كىرىشىنى كۈتكەن ئارىلىقتىكى

① ئەنگلىيىدە ئاقسۆڭەكلەر ۋە بۇرژۇئازىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان ھەرخىل خۇسۇسىي ياتاقلىق مەكتەپ ــــ ت .

دەككە ـ دۈككە ۋە تەشۋىشنى ، ئوق تەگكەن قۇشلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىد-
ۋېتىپ جان ئاچچىقىدا ئېچىنىشلىق سايراشلىرىنى ۋە كەك ئالىدا پالاپ
بىر كۈن يۈرگەندىكى راھەت ۋە خۇشاللىقنى ياخشى كۆرىمەن . ئەمما ،
مەن قانچە قېتىملاپ ئارايىك ئوق تەگكۈزەلمىگەن ئۆردەكلەرنىڭ بېشى
ئۈستۈمدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلدىم ، چۈنكى ئۇلار ئاجايىپ
چىرايلىق تىزىلاتتى ، رەڭلىرىمۇ شۇ قەدەر ئوچۇق كۆزگە تاشلىناتتى ؛
كۆكتە شۇ قەدەر كۈچلۈك قانات قېقىپ ئەركىن ، بەھۇزۇر پەرۋاز
قىلاتتى . يەنە تاشلىق ساھىللاردىكى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ بەخىرامان
ئوتلاۋاتقان توپ ـ توپ ئۆچكىلەرنى قانچە رەت كۆرمىگەنگە سالغانلى-
قىمنى بىلمەيمەن . « ئوۋ ئوۋلاشتىن مەقسەت گۆش كەمچىلىكىنى تول-
دۇرۇش » دېيىش پۈتۈنلەي يوپۇرتما گەپ ، بىر خىل كاززاپلىق . ئۇچار
قۇشلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا بۇنداق يوپۇرتما گەپلەر ھېچقانچە تەسەللىي
بولالمايدۇ . يەنە كېلىپ ، يەيدىغان گۆشىمىزنى ئوۋ ئارقىلىق تاپمساق-
مۇ ، يەيدىغىنىمىز يېتىشمەيدىغان ھالدا ئەمەسمىز . ۋەھالەنكى ، مەن
ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەپ كۆرگەن ، بەك مەززىلىك ، تەملىك
بولىدىكەن . شۇڭا جىمى گەپ ، مېنىڭ ئاقىلانە بولمىغان ، ئۆز ئارا زىدد-
دىيەتلىك ھېسسىيات قايىنمىغا كىرىپ قالغانلىقىمدا .

ياۋا ئۆردەكلەرنىلا ئوۋلىماي ، ئوۋ ئوبيېكتىنى ئۆزگەرتىش ئۈ-
چۈن ، بىز بەزىدە تاغلاردا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ چىل ئوۋلىدۇق . بېشى
كىچىك ، پەيلىرى كۈل رەڭ ، پۇتى قىزىل بۇ جانىۋار قاتتىق چۆچۈپ
كەتكەن ، ئەھۋال جىددىي پەيتلەردىلا ئۇچاتتى . تېز ، ئەمما قىسقا ئارد-
لىقتىلا ئۇچاتتى . ئارايىك دائىم ئۇلارغا دانلاۋاتقاندا ھۇجۇم قىلاتتى .
ئەمما ، چۆچۈپ ئۇچقاندا بولسا ، تاغ باغرىدا قوغلاشنى ياخشى كۆرەت-
تى . بۇ ئادەمنى چارچىتىدىغان ئىش بولغاچقا ، ئۇ ۋە چىل قېچىپ ،
قوغلىشىپ كۆزدىن يوقالغاندا ، ئۆزۈم يىپالغۇز مەقسەتسىز ـ نىشانى-
سىز ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرەتتىم .

دېڭىز يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز جايدا ئۇلار ياشايتتى . ئۇلار قىزغا-
ۋۇلدەك چوكلۇقتا بولۇپ ، ناھايىتى چىرايلىق ئىدى . بىر يىلى يازدا

بىز قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى تاغقا ساياھەتكە بېرىپ ، قۇربان ئىسىملىك بىر قىرغىز بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق . ئۇ ئارايىقتا ، ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىنلا نۇرغۇن چىل ئوۋلىغىلى بولىدۇ ، دەپ مەيدىسىگە ئۇردى . قەشقەرگە بارغان ئىككىنچى يىلى دېكابىردا ئاڭلىغان ، لېكىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئەتىۋار قۇشنى ئىزدەپ يولغا چىقتۇق . كونسۇلخانىنىڭ دوختۇرىمۇ بىللە باردى .

بىز جىمجىت ، تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغ بىلەن ئورالغان جىلغا ئىچىدە قىرغىز دوستىمىزنى تاپتۇق . ئۇ ئىككى ئېغىزلىك خام خىشتىن ياسالغان ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن . ئۇ كەلگىنىمىزدىن ئىنتايىن خۇشال بو- لۇپ ، بىزنى چىل ، ئۇلار ، بۆكەن ، ياۋا ئۆچكە قاتارلىق ئېسىل نەرسى- لەرنىڭ گۆشى بىلەن مېھمان قىلدى . بىز ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقتۇق ، ئەمما بىرىنىمۇ ئوۋلىيالماي روھىمىز چۈشۈپ كەتتى . كېيىن بۇنداق تاغ قۇش- لىرىنى ئوۋلاش بىر خىل قىزىقتۇرۇش ئىكەنلىكىنى ، شۇڭا شۇنچە ئىز- دەپمۇ بىرمۇ ئۇلار تاپالمىغانلىقىمىزنى بايقىدۇق . ئەمما ، ئۆيگە يىراق بولمىغان جايدا بىر توپ قىزغاۋۇلنى ئۇچراتتۇق . ئارايىك ئۇلارنى قوغلاپ تاغقا چىقىپ كېتىپ ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن يىتتى . ئۇلار تاغ- نىڭ ھەممىلا يېرىدە بار ئىكەن . كۆل رەڭ قىيالار توسۇپ تۇرغانلىقتىن ، ئۆزىنى كۆرەلمىسەكمۇ ، ئاۋازىنى يېنىمىزدىلا چىقىۋاتقاندەك ئاڭلاپ تا- قەتسىزلىنىپ كەتتۇق .

چۈشكە يېقىن شامال چىقىشقا باشلىغانىدى ، ئاخشىمى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى . گېيالگېن ئادەتلەنگەن چوڭقۇر تەپەككۇرىغا ئاساسەن ، چېدىرىمىزنى قىيا ياكى دەل - دەرەخلەرمۇ ھىمايە بولالمايدىغان بىر ئوچۇقچىلىققا تىكىپ بەردى . ئۆزى بولسا ، قۇربانىنىڭ ئۆيىدە ياتتى . قىرغىز دوستىمىزنىڭ ئىسسىق ، بەختەر ئۆيىدە كەچلىك تاماقنى يېگەن- دىن كېيىن ، چېدىرغا قايتىپ كېلىپ بوران قۇچىقىدا ياتتۇق . مەن قولياغلىقىم بىلەن ئاغزى - بۇرنۇمنى ئېتىپ ، ئۆتۈكۈمنىلا سېلىۋېتىپ ، ئۇخلاش خالتىسىغا كىرىۋالدىم . بوران چېدىرنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان- دەك ، ئۇيان - بۇيان غىچىرلىتىپ ، كېچىچە بىزگە ئازراقمۇ ئارامچىلىق

بەرمىدى .

ئەتىسى سەھەردە بوران توختاپ ، ھاۋا ئېچىلدى . تاغ ئېچىگە جىمجىت ، سۈزۈك سۈبھى ، ئارقىدىن نۇرلۇق قۇياش نۇرى ئايغا باستى .

قۇربان بىزنى ئاساسىي تاغ جىلغىسىغا باشلاپ ماڭدى . بىر تار بىر سايغا كىردۇق ، ساي تاغلارنىڭ مەركىزىي قىسمىغا تۇتىشاتتى . قۇربان ئالدىمىزدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ئۆچكىدەك چاققانلىق بىلەن تېز ۋە مەزمۇت كېتىپ باراتتى . ئارايك ، دوختۇر ، گېيالگېن ۋە مەن ئۇنىڭ كەينىدىن جىددىي تۇردە كېتىۋاتاتتۇق . پات ـ پات تاغ ئۇستىدىن چۈشكەن يوغان تاشلاردىن ئەگىپ ئۆتەتتۇق .

ئاخىر تار سايدىن چىقىپ ، تىك ياردىن ئۆتۈپ كەڭ بىر تاغ باغرىغا كەلدۇق . توساتتىن جىمجىت ئاسماندا ئۇلارنىڭ جاراڭلىق ، قىسقا ـ قىسقا سايرىشى ئاڭلاندى ۋە يەنە شۇنداق ئۇشتۇمتۇت توختىدى . قۇربان توغرا ئېيتقانىدى . قۇربان بىلەن ئارايك بىر تەرەپكە ، قالغان ئۈچىمىز يەنە بىر تەرەپكە ماڭدۇق ھەمدە ئۇلار بىلەن پەستىكى بىر جىرادا ئۇچرىششقا كېلىشتۇق . ئارايكنىڭ بىز يىغىلىدىغان جايغا يېقىن تاغ باغرىدا بىر قانچە ئۇلارنى كۆرگەنلىكىنى بىلمەپتۇق ۋە ئۇنىڭ بىزنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ بەلگە بەرگەنلىكىنى كۆرمەپتۇق . ئۇ تاكى بىزنىڭ ئوقىمىز يەتكۈدەك يەرگە كەلگۈچە كۆرمەي قاپتۇق . شۇڭا ، دوختۇر بىر ئۇلارنى نىشانغا ئېلىپ ئاتقانىدى ، مىڭ بىر جاپادا ئاران تاپقان ئۇلار چۆچۈپ ، ئەنسىز سايراشقىنىچە باش ئۇستىمىزدىن ئۇچۈپ ئۆتۈپ كەتتى . بۇنداق جايدا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ، بۇ سەزگۈر ، گۇمانخور قۇشلارنىڭ كۆزىنى بوياش ئاسان ئەمەس ئىدى . ھالبۇكى ئارايك بايا شۇنداق جاينى تاپقانىكەن . بىزنىڭ ئۇ چاغدىكى ئۇمىدسىز روھىي ھالىتىمىزنى تەسۋىرلەش قىيىن .

ئۇ كۈنى يەنە بىرمۇنچە ئۇلارنى كۆردۇق . بىر جايدا ، گېيالگېن ماڭا تاغ باغرىدىكى مىدىرلاپ يۈرگەن قارا ـ قۇرىلارنى كۆرسىتىپ « ياۋا ئۆچكە » دېدى .

بىز ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ يېقىنلاشتۇق . قارا ـ قۇرىلارنىڭ مى-

دىرلاشلىرى سەل غەلىتە ئىدى .
مەن ھاياجانلىنىپ توۋلىۋەتتىم !
— ئۇلار ئىكەن !
گېيالگېننى ئۇنىڭ ئۆچكە ئەمەسلىكىگە بەك تەستە ئىشەندۈردۈم . ئەمەلىيەتتە ، بۇ قارا - قۇربىلار بەكلا يوغان بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئۇلار ئىكەنلىكىگە ئۆزۈممۇ ئىشىنەلمىدىم .
بىز توپتوغرا سەككىز يېرىم سائەت تاغ باغرىغا چىقتۇق ، ئۆتتۇق ، ئايلاندۇق . بەزىدە ئېگىز چوققىلاردا تۇرۇپ ، غەربىي جەنۇب تەرەپتە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەيۋەت پامىر ئېگىزلىكىگە نەزەر سالدۇق . بىز بىلەن پامىر ئېگىزلىكى ئارىلىقىدا رەڭگى كۆكۈچ ، غەلىتە بىر تۇمان بار ئىدى .
يولباشلىغۇچى قۇرباندىكى قىزغىنلىق گويا يۇقۇملۇق كېسەل يۇققاندەك ئارايىكقىمۇ يۇقۇپ ، ئۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئارايىك يىراقلارغا كېتىپ قالدى ، بىز پەسرەك جايلاردا قىينىلىپ يۈردۇق . تاغدىن چۈشىدىغان چاغدا ھېلىقى جىراغا بارىدىغان يولنى تاپالمىدۇق . ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەن بولساممۇ ، قۇرباننىڭ كەينىدىن تاغ چوققىسىدىكى يول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك ئىدى . كېيىن ، ئۇ بىزنى باشلاپ قىيانىڭ خەتەرلىك يولى بىلەن پەسكە ئېلىپ ماڭدى . مەن ئارايىك بىلەن گېيالگېننىڭ قولتۇقلىشى بىلەن خاپا ھالدا مۈدۈرۈپ ماڭدىم . جىراغا كەلگەندە ، گويا بوراندا دولقۇنلۇق دېڭىزدا مېڭىپ تەستىكتە قىرغاققا چىققاندەك راھەتكە چىقتىم .
تاغدىن چۈشكۈچە ، بۇ ۋىجىك قىرغىز ئۇۋ ئىزدىدى . لېكىن ، ھېچكىم بىر نەرسە ئۇۋلىيالمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك ئىدى . ئەمما ، ئۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، بىزگە ئۇلارنى كۆرسەتكەنىدى . جىراغا ئاز قالغاندا ، يوغان بىر ئۆچكە ئۈچرىغانىدى ، ئارايىك بىر پاي ئاتتى ، لېكىن تەگكۈزەلمىدى . مېنى يەنە مۇرەككەپ تۇيغۇ ئىلكىگە ئېلىپ ، خېلى ئۇزۇنغىچە پەرىشان قىلدى : مەن ئۇ ئۆچكىنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۇ

پەيتنى ۋە غەلىبە شادلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلدىم . ئەمما ، ئۇ ئۆچكە بەكمۇ چىرايلىق ۋە ئويناقشىپ تۇراتتى ، ئەگەر ئۇ ئوق تېگىپ يىقىلغان بولسا ، مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن ھەسرەتلەنگەن بولاتتىم . ئۆچكە قىيا ئۈستىدە بىر پەس توختىدى . ئۇ يوغان مۈڭگۈزىنى ، مەغرۇر ھالدا ئېگىز كۆتۈرگەندى ، كېيىن غايىب بولدى .

ئارايىك بىلەن قۇربان جىرا ئاغزىدا قالغان ئاتلارنى ئالغىلى كەتتى ، بىز ماشىنىغا قاراپ ماڭدۇق .

ھارغىنىمدىن ئۆگە ـ ئۆگىلىرىم ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك بوشىشىپ كەتتىم . كۈن بويى بىر يۇتۇم سۇ ئىچمىگەچكە ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى . ماشىنىدا قوغۇن بارلىقىنى بىلەتتىم ، قوغۇننى يېسەم تېتىكلىشىپ قالارمەن ، دەپ ئويلىدىم . لېكىن ، قوغۇن بولغىنى بىلەن ماشىنىنىڭ يېنىغا بېرىشقا خېلى يول بار ئىدى . مىل خۇمزا بىلەن يۈسۈپ بىز بىلەن بىللە بولمىغان بولسىمۇ ، ئەمدى كەچ كىردى ، كەپقالار دەپ ئويلىدۇق . بۇ ماشىنىنى ھەيدەپ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاغ يولىدا ئۆيگە قايتالمايدىغانلىقىم ماڭا ئايان ، لېكىن قاچانغىچە ساقلاپ ئولتۇرۇشۇمنىمۇ بىلمەيتتىم . كۆپ ئۆتمەي يۈسۈپ مىل خۇمزا پۇتىنى يارىلاندۇرۇۋالدى ، دېگەن شۇم خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى . ئۇ تاغ يولىدا ئوۋ قوغلاپ كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ، مىلتىقىدىن ئوق چىقىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ پۇتىغا تېگىپ كەتكەنىكەن . ئۇ ئارايىكنىڭ ئېتىغا مىنىپ قونالغۇغا كەلدى . ھېلىمۇ ياخشى سۆڭەك زەخىملەنمەپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇ بىر قانچە ھەپتە ئوۋغا چىقالمىدى .

كېيىن ، بىز قۇربان بىلەن بىر قانچە قېتىم ئوۋغا چىقتۇق . ئۇ يەنىلا شۇنداق قىزغىن ۋە روھلۇق ئىدى . بىر قېتىم ھەپتە ئاخىرىدا ئارايىك ئۈچ ئۆچكە ئېتىۋالدى . شەنبە كۈنى ئاخشىمى بىز قۇرباننىڭ ئۆيى ئالدىغا چېدىر تىكىپ ياتتۇق ، ئەتىسى ئورنىمىزدىن تۇرساق قار يېغىپتۇ . تاغقا چىققاندا ھاۋا بەك تۇتۇق ، قاش ۋە يوللارنى قار باسقانىدى . تولا تېيىلىپ كەتتىم . قۇربانمۇ ئەتە ماڭىدىغان يولنىڭ بەكمۇ ناچار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى ، بۇ راست گەپنى ئاڭلاپ ، قونالغۇغا

قايتتىم . چۈنكى ، ئادەتتە ، يولباشلىغۇچىلىرىمىز دائىم : « يول بەك ناچار دېگۈدەك ئەمەس » دەيتتى .
بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن ، بىز خېلى تونۇشلۇق بولۇپ قالغان تاغلىق رايونغا كېلىپ ھېلىقى جىراغا كىردۇق . بۇ قېتىم چېدىرنى جىرا ئاغزىغا تىكتۇق . بىرىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ئارايىك ناھايىتى بەك يوغان بىر ياۋا ئۆچكىنى ئېتىۋالدى ، ئۇ چاغدا بىز جىرادا ئايلىنىپ يۈرەتتۇق ، ھېلىقى ئۆچكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەككىز ئۆچكە ئالدىمىزدىكى تاغ باغرىدا چېپىپ يۈرگەنىكەن .
ئەتىسى تاغقا چىقىپ 11 يېرىم سائەت ئايلاندۇق . بىزنى قۇربان ۋە ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى باشلاپ چىقتى . يول تىك بولمىغاچقا ، ئانچە قىينالمىدۇق . ئېگىزگە چىققانسېرى پەستىكى تاغ چوققىلىرى شۇنداق پەس كۆرۈنەتتى . بۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىغان ، ھاۋا سوغۇق ئىدى . شۇنداقتىمۇ مۇزلۇقلارنىڭ سۇنغان قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىراشلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى . تۇتۇق قوڭۇرەڭ بىر چوققىدا قەدىمكى زاماندا ۋولقان پارتلاشتىن كېيىن قېتىپ قالغان ۋولقان قىياسىنىڭ قىزىل ۋە قارا تارام بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق .
بۇ يەردە ئۇلار ئوتتۇز ــ قىرىقى بىر توپ بولۇپ يۈرىدىكەن . ئارايىك بىر قانچە قېتىم تۇيدۇرماي يېقىنلىشىپ ئېتىشقا ھەرىكەت قىلدى . بىزمۇ يۆتىلىپ تاشلاشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىپ ، نەپەسمۇ ئالماي كۈتۈپ ياتتۇق . ئەپسۇسكى ، ئارايىك بىرنىمۇ ئاتالمىدى . ئۇلار گويا بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك باش ئۈستىمىزدىن ئۇچۇپ ئايلىنىپ يۈردى . بۇگۈن كۆڭلىمىز ھاياجان ۋە ھارغىنلىقتا ئۆتتى . كەچ كىرگەندە قۇرۇق قول قايتىپ كەلدۇق . بىز تىك قىيادىن سىرىلىپ پەسكە چۈشتۇق ۋە ئېغىر-لىشىپ كەتكەن پۇتلىرىمىزنى سۆرەپ قونالغۇغا ئاران كېلىۋالدۇق . قاراڭغۇ تۈن ئاسمىنىنى يورۇتقان گۈلخان يىراقتىنلا كۆزىمىزگە چۈشتى . گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ ، قىزىق چاي ئىچىش نەقەدەر راھەت ــ ھە ! ھەش ــ پەش دېگۈچە داللار ۋە تاغلار قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئۆزىنى ئالدى . پىنھان ۋە ئىسسىق بۇ جايدا بىزلا قالدۇق .

www.uyghurkitap.com

قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىتىكى رايونلاردا قىرغاۋۇل بار ئىكەن. بىراق، ئۇ يەرگە بارغاندا بىر كۈندە ئاران ئالتە ـ يەتتىنى ئالالىدۇق. ئۇ كۈنلەر ماڭا ئوۋ ئوۋلاش ۋە ئېكسپېدىتسىيىمىزدىكى ئەڭ مەنىسىز كۈنلەر بولدى. قىرغاۋۇللار ئارام ئالىدىغان بوزجالىق ۋە شالاڭ چۆپلۈكلەر قىش مەزگىلىدە، بىر خىل ئۆلۈك، زېرىكەرلىك تۈس ئالىدىكەن. ھەممىلا جايىنى توپا باسىدىكەن. بىز ھەر قېتىم دەرەخلىك ۋە چۆپلۈكتە ئالتە ـ يەتتە سائەت ئايلىنىپ يۈرىمىز، ئۇشتۇمتۇت بىرەرى پالاقلاپ چىقىپ قالسا، ئارايىك ھولۇقۇپ، ئېتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ، يەنە ماڭىمىز، ئۇلار بەك پۇختا يوشۇرۇنىدىكەن. بىرەر ـ يېرىمى كۆرۈنۈپ قالسىمۇ ئاسان تۇتۇق بەرمەيتتى. كىشىلەر پالان ـ پالان يەردە قىرغاۋۇل كۆپ دەيتتى. زور ئۈمىد بىلەن بېرىپ قارىسىنىمۇ كۆرەلمەي سالپىيىپ قايتىپ كېلەتتۇق.

بىز باي بىر ئۇيغۇر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدۇق، ئۇنىڭ كونسۇلخانا بىلەن ئازراق سودا ئالاقىسى بار ئىدى. ئۇ دائىم ئارايىكقا بىزنىڭ يەرلىرىمىزدە قىرغاۋۇل تولا دەيتتى. بىز ئۇ يەرگە بېرىپ يەكشەنبىنى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن ئۆتكۈزۈپ خۇماردىن چىقماقچى بولدۇق. ئۇ چاغدا، بۇنداق قىزىقتۇرۇشلارنىڭ تېگىنى تازا چۈشەنمىگەچكە، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندۇق.

فېۋرالنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى سەھەر، دوختۇر، ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى ئۈچ خىزمەتچى، خىزمەتكار باشلىقى ھاپىز، بىرمۇنچە خىزمەتكارلار ھەممە بىز بولۇپ، نۇرغۇن ئادەم باش كونسۇلخانىدىن يولغا چىقتۇق. بۈگۈنمۇ توپا ياغقانلىقتىن 30 نەچچە ئىنگلىز ملى يولنى باسقۇچە ھەممىمىز چارچاپ كەتتۇق.

ئۇ چاغلاردا يەكەن، ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان ئاساسلىق تاشيول ۋە ئەركەشتامغا بارىدىغان قىسقا تاشيولدىن باشقا جايدا تاشيول يول يوق ئىدى. بوستانلىقتىن ئۆتىدىغان ئەگرى ـ بۈگرى، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ھارۋا يولى، «يول» دېگەن سۆزگە يۇمۇرلۇق تۈس بەرگەنىدى. ماشىنىمىز بۇ يولدا ماڭغاندا يۈز بەرگەن بىر قاتار بالا ـ قازالارنى ئويلىسام

ئىچىم ئېچىشىدۇ . ماشىنا بىر نەچچە ئىتنى بېسىۋەتتى ؛ ئات ، ئېشەك ، تۆگىلەر ئۈركۈپ كېتىپ قاچتى ؛ هارۋىكەشلەر ئۇلارنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىشتى ؛ بىر جايدا ئۈستىگە جىق ئوت - چۆپ ئارتىلغان بىر تۆگە چۆكۈپ ياتقانىكەن . تۆگىنىڭ ئىگىسى بىزنىڭ غارقىراپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى يىراقتىن كۆرۈپ ، ئالدىراپ - تېنەپ تۆگىنىڭ كۆزىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋېلىپ بېشىنى بۇرىۋالدى ، ئەمما تۆگە يەنىلا ماشىنىنىڭ گۈركىرىشىدىن ئۈركۈپ كەينى پۇتلىرى بىلەن تۇرۇپ ، ئۈستىدىكى ئوت - چۆپنى بىر ئاتقانىدى ، بايىقى ئادەم ئۇنىڭ ئاستىدا قالدى .

دېھقانلار ماشىنىنى كۆپ كۆرمىگەن ، شۇڭا ئۇلار ماتورنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىسا قاتتىق چۆچۈپ ۋە قورقۇپ كېتىدۇ ۋە دەرھال ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ، دەپ ئويلايتتىم . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ماشىنىنى كۆرگەندىكى ئىنكاسىنىڭ ئاستىلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەي ھەيران بولدۇم . چۈنكى ، ئۇلار كەينىدە ئۆزلىرىگە خەۋپ كەلتۈرىدىغان ماشىنا كېلىۋاتقانلىقىغا پەقەت دىققەت قىلمايتتى ، كۆپ ھاللاردا ماشىنىغا دىققەت قىلغۇچە ئارىلىقتا بىرىپ ئۇلارغا سوقۇلاتتۇق .

ھېلىقى ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە باردۇق ، ئۇنىڭ ئېسىل يېمەك - ئىچمەكلەرنى تەييارلاپ تۇرغانلىقىنى ئويلىمىغانىدۇق ، بىزگە تونۇش بولغان نان ، ئانار ، گازىر ، خاسىڭلار تىزىلغانىدى ، يەنە قوغۇنمۇ بار ئىدى . بىز تاقەتسىزلىنىپ ، ئۇنىڭدىن قىرغاۋۇل ئىشىنى سورىدۇق . ئۇ دەرھال ئارايىك بىلەن دوختۇرغا ئات تەييارلىتىپ بەردى . مەندىن ئاتقا مىنەمسىز ،دەپ سورىغانىدى ، پىيادە ماڭىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم . بىرمۇ ھىندىستانلىق بىز بىلەن بىللە بارمىدى . چۈشتىن كېيىن ۋە گۇگۇم چۈشكۈچە مەن يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانلىق ۋە دالىدا ئايلىنىپ يۈردۈم . قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى ، بىز قۇرۇق قول قايتىپ كەلدۇق . ناھايىتى كۆپ ۋە بىر - بىرىدىن قاۋۇل ئادەملەر ھاپىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىزگە قىرغاۋۇل قوغلىشىپ بەردى . شۇنداقتىمۇ كۆرگىنىمىز ئۇچلا قىرغاۋۇل بولدى .

ھالبۇكى ، ساھىبخان ، ئىرادىسىدىن يانمىدى ، ئۇ بىزگە ئەتە

قالتىس ئوۋ بولىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ئۇ، بۇ يەردىن 20 ئىنگلىز چاقىرىم نېرىدا قىرغاۋۇل كۆپ، دېدى. ھەممەيلەن ئاتلىنىپ باردۇق، مەن بىلەن راكپا ئۇنىڭ مەپىسىدە ئولتۇرۇپ بارىدىغان بولدۇق. ئۇنىڭ مەپىسى پۇرژىنىسى يوق، ئىككى چاقلىق، ئاستى ياغاچ مەپە ئىكەن.

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن، مەن قورقۇنچاقلىق، ئاتقا مىنىشكە جۈرئەت قىلالماسلىقىنىڭ جازاسىنى تارتىپ، ئۆمرۈمگە كەلگەندىن بېرى يول مېڭىپ ئەڭ قاتتىق، ئېسىمدىن زادىلا چىقمىغۇدەك جاپا تارتتىم.

مەن بۇرۇن ئاپتوموبىل شوپۇرىغا يوللاردىكى توسالغۇ — ئېرىق، ئۆرەك، كاتاڭلاردىن قاقشىغانىدىم. ھازىر شۇلارنىڭ ھەممىسىگە يولۇقتۇق. مەپىكەش مەپىنىڭ شوتىسىغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ھېلى چۈشۈپ، ھېلى چىقىپ يۈرۈپ ئۇستىلىق بىلەن ھەيدەيتتى. مەن بولسام مەپە ئىچىدە ھېچنەرسە كۆرەلمەيتتىم، قانداق قىلسام جېنىم سەل ئارام تاپاركىن، دەپ مەپىنىڭ جىمى بۇلۇڭ - بۇرجەكلىرىگە يۆتكىلىپ ئولتۇرۇپ باقتىم، ياتتىم، لەپكە كېلىپ پۇتۇمنى سىرتقا چىقىرىپمۇ ئولتۇردۇم. شىنجاڭغا ماشىنا كېلىشتىن ئىلگىرى، مەپىگە ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلغان ياۋروپالىقلار يازغان كىتابلارنى ئوقۇغانىدىم. شۇلارغا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئاپتوموبىل، پويىزدەك راھەت قاتناش قوراللىرىدا ئولتۇرۇپ يامان ئۆگىنىپ قالغانلىقىمنى، چۈشكۈنلەشكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. 40 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يولنى تۈگەتكەندە، پۈتۈن بەدىنىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەكلا بولۇپ قالدىم.

«قىرغاۋۇل ناھايىتى تولا» دېگەن جايغا كەلدۇق. ھەممە ئاتتىن چۈشتى. ھاپىز يەرلىك بىر دېھقاندىن ئەھۋال ئۇقۇشتى. ئۇ دېھقان، توغرا بۇ يەردە قىرغاۋۇل تولا ئىدى، لېكىن بۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى گەپ، بۇ يېقىندا قىرغاۋۇل كۆرمىدىم، دېدى. مەپىنىڭ جاپاسىدا ئاچچىقىمنى قانداق چىقىرىشنى بىلمەي تۇراتتىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، ساھىبخانىنى، بارلىق ئۇيغۇرلارنى، مەپىنى ۋە قىرغاۋۇلنى تىللاپ - قارغاپ كەتتىم. ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەلگەندىكىن، دەپ ئۇيان - بۇيانىنى ئىزدەپ كۆردۇق. دېھقان راست ئېيتقانىكەن، ھېچ نەتىجە چىقمىدى.

قايتاشىمىزدا چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ ، دەرەخلەر ۋە ئوت-لۇقلارنى ئىزدىدۇق . تۆت قىرغاۋۇلنى كۆرۈپ ئاچچىقىمىز سەل ياندى ، لېكىن بىرنىمۇ ئاتالمىدۇق . ئاتلىقلار بولۇنۇپ ، ئىتىز ئارىلاپ قايتتى . مەن راكىپا بىلەن يەنە مەيدە ياندۇق .

ساھىبخان بىزنى ئۆيدە ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن . ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا ئەھۋال سورىدى . ئۇ يەردە قىرغاۋۇل يوقلۇقىنى ئاڭلاپ ، يەنە پەرۋايىغا ئالمىدى . كەچۈرۈم سورايدىغان ، بىزگە بەرگەن چىرايلىق ۋەدىلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى . ئۇنىڭ زادى نېمە مەقسەتتە شۇنداق قىلغانلىقىنى ھېچ چۈشەنەلمىدۇق . چۈنكى ، ئۆزىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بىزنى ئەكەلدۈرگەنىمىكىن دې-سەك تېخى ، ئارايىكتىن بىرەر نەپ ئېلىش ئويى بارمىكىن دېسەك ، ئۇنداقمۇ ئەمەستەك ئىدى .

بىز مەيۈسلەنگەن ۋە سەل ئاچچىقىمىز كەلگەن ھالدا قەشقەرگە قايتىپ كەلدۇق .

بىز بىر ئىككى جايدا لايخورەك كۆرۈپ قالغانىدۇق . شۇڭا ، ئۆردەك ياكى ياۋا غاز ئوۋلاشتەك رەسمىي ئىشنى تاشلاپ ، ئارايىك خۇشال كەيپىياتتا پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى بۇ كىچىككىنە ، ئەمما ئۇچقۇر قۇشنى ئوۋلاشقا قاراتتى . كۆزگە چۈشمەيدىغان بۇنداق كىچىككىنە نەرسىنى ئىزدىشىمىز ئۇيغۇرلارنى ھەيرانۇ ھەس قىلدى . بىز سازلىق ۋە ئېرىق بويلىرىدا لايخورەك ئىزدەپ يۈرسەك ، ئۇلار بىزگە ئەگىشىپ قە-يەردە ئۆردەك ئوۋلىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىر ـ بىرىدىن قالماي ئېيتىپ بېرىشتى . مېنىڭچە ، ئۇلار ئارايىكنى ئۆردەك ئوۋلىمىغاچقا ، بۇ كىچىككىنە قۇشنى ئوۋلاش ئارقىلىق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ ، دەپ قا-رىغان بولسا كېرەك .

قەشقەردە بىر يىلدىن كۆپ تۇردۇق . شۇ جەرياندا ، سەيلە قىل-غاندا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان لايخورەكنى ئىزدەپ قويغاندا تاپالمىغانلى-قىمىزدىن ھەسرەتلەندۇق . بىر كۈنى ، ئارايىك ئەتىگەنلىك تاماقتىن بو-رۇن ، ئۆينىڭ يېنىدىكى سازلىققا بېرىپ لايخورەك ئىزدەش ئۈچۈن مىل-

www.uyghurkitap.com

تىقنى مۇرىسىگە ئىسىپ ئۆيدىن چىقتى . دەل شۇ چاغدا ئارقا ئىشىككە يېقىنلا جايدىكى ئېرىقتىن بىر لايخورەك ئۇچۇپ چىقتى . لايخورەكنى ئىلگىرى ئۆيىمىز ئەتراپىدا كۆرۈپ باقمىغان ، شۇنداقلا سەيلىگە چىققانىدا ملىتىق ئىلىۋالمايتتۇق .

ئارايك ئۆي يېنىدىكى ئېتىزدا لايخورەك ئىزدەپ ئايلىنىپ يۈرگەندە ، تاسادىپى هالدا بىر ئوغۇل بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇ يوغان كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ، قىزغىن ۋە مېهرى ئىسسىق بالا ئىكەن . ئۇ ئارايكقا قەيەردە لايخورەك كۆپلىكىنى بىلىمەن ، دېدى . بىز ئۇنىڭ گېپىدىن گۇمانلىنىپ ، ئۇ تۇمشۇقى ئۇزۇن ، كىچىككىنە قۇش كۆرۈپ قالغان بولسا ، خاتا هالدا لايخورەك دەۋالغان بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىدۇق . بالا ئۇ راستلا لايخورەك دەپ تۇرۇۋالدى ، ھەتتا بىز بىلەن باش كونسۇلخانىغا بېرىپ ، گەپلىرىنى تەرجىمان ئارقىلىق بىزگە تولۇق ئۇقتۇرۇشقا قوشۇلدى . چۈنكى ، بىز ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنىلا ئۇققانىدۇق . شۇنىڭ بىلەن ، بىر كۈنى سەھەردە بىز ئۇنىڭ بىلەن دەريانىڭ ئۇ يېقىدىكى ئېتىزغا باردۇق .

بۇ ئەتراپقا بىز كەلمىگەنىدۇق . ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى كېلىپلا ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە لايخورەكنى كۆردى . . . ئۇ ئارايكنىڭ نېمە ئۈچۈن يەردە تۇرغان لايخورەكنى دەرھال ئاتمىغىنىنى چۈشىنەلمەي ئىچى پۇشتى . ئارايك ئوق چىقارماستىن ، كەسكىن هالدا ئۇلارغا قاراپ ماڭغاندا ، بالىنىڭ كۆڭلى لەككىدە بولدى . ناشتا ۋاقتىغىچە ئالتە دانە لايخورەكنى ئېتىۋېلىپ خۇشال بولدۇق ، بالىمۇ خۇشاللاندى . ئارايك لايخورەك بار بىر ياخشى جاينى تېپىۋالغىنىدىن خۇشال ؛ ئوغۇل بالا كۆڭلىدىكى نەرسىنى ئوۋلىۋالغان ئارايكنىڭ ئۆزىگە بوشىغان ئوق قۇتىسىنى بەرگەنلىكى ھەمدە ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئىش كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغانلىقىدىن خۇشال ئىدى .

بۇ بالا ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى . ئۇ يۈزلىرى يۇپيۇملاق ، مەڭزى قىپقىزىل بولۇپ ، خۇش چىراي ، تېتىك ، چېچەن ، جېنى بار بالا ئىدى . ئارايكنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلاپلا چۈشىنەتتى . ئۇ يولدىن

ئۆتــكەن قىزىققۇچىلارغا ئارايكىنىڭ ياۋا ئۆردەك ئوۋلىغۇسى كەلمگەنلىـ
كىنى چۈشەندۈردى . ئەمەلىيەتتە ، ياۋا ئۆردەك ئوۋلاش ناھايىتى ئادەتـ
تىكى ئىش ئىدى . بۇ يەردە كۆپلىگەن يەرلىك ئادەملەر ئىشنىڭ تېگى ـ
تەكتىگە يېتىشنى خالىمايتتى ، ھۇرۇن ئىدى ، جىممىدە تاماشا كۆرسىلا
قانائەتلىنەتتى ، شۇڭا بۇ بالىنىڭ چېچەنلىكىدىن خۇشال بولدۇق .
بىز ئوۋغا چىقساق ، يېزىدىكى بىرمۇنچە ئادەم قىزىقىپ كەينىـ
مىزگە كىرىۋالاتتى . ئادەم جىق ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆپ بولغاچقا ، كۆـ
پىنچە ئوۋلىرىمىزنى قاچۇرىۋېتەتتى . تاماشا كۆرسىدىغان چاغدا
ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان ، بىزگە يول كۆرسىتىدىغانلار كۆپ بولاتتى .
ئەمما ، ئوۋنى قانداق قوغلاش ، ئوۋلىغان غەنىيمەتلەرنى ئەكىلىش تەكـ
لىپىنى بەرگەن ياكى يولنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن ، ئادەملەر
ئازلاپ كېتەتتى . بۇنىڭغا بىز ھەيران بولاتتۇق . بۇنداق ئەھۋال يالغۇز
ئۇيغۇرلاردىلا بولمىسا كېرەك . ئادەملەرنىڭ كۆپى باشقىلارغا تەكلىپ
بېرىش ۋە ياردەم قولىنى سۇنۇشقا ئامراق كېلىدۇ . بىز تەشەببۇسكار ،
جانلىق ، ئاجايىپ نۇرلۇق كۆزلىرى زېرەكلىك بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان
بۇ بالا بىلەن بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرەتتۇق .
شىنجاڭدا قەدىمدىن بۇيان كېلىۋاتقان لاچىن ۋە قارچىغا بىلەن
ئوۋ ئوۋلاش ھېلىمۇ قارشى ئېلىنىدۇ . ئارايكتىن بۇرۇنقى باش كونسۇل
لاچىن بىلەن ئوۋ ئوۋلاشقا مەپتۇن ئىكەن . ئۇنىڭ لاچىننى بىزگە سېـ
تىپ بېرىش ئويى بار ئىدى . بىركۈنى ئۇ لاچىننى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپ
كېتىپ ، قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى . بۇنى كۆرۈپ ، ئارايك يەنىلا مىلـ
تىق بىلەن ئوۋ قىلغان ياخشىكەن ، دېگەن قاراشقا كەلدى . لاچىن ياكى
قارچىغىنى كۆندۈرۈش ناھايىتى قىزىقارلىق ۋە ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىـ
غان ئىش بولسىمۇ ، ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە ئىشتەك قىلاتتى .
راكىپا بىزگە لاچىن ۋە قارچىغا كۆندۈرۈشكە دائىر نۇرغۇن بىلىم
سۆزلەپ بەردى . ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ، لاچىن ياكى قارچىغىنى
كۆندۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇنى ياندىن ئايرىماسلىق ، نەگىلا بارسا ئېلىپ
بېرىش ، بۇ ئىشنى بىرقانچە ھەپتە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك ئىكەن . لاـ

چىن كۆندۈرۈش ئۈچۈن، بازارغا ئېلىپ بارىدىكەن. لاچىننىڭ دۈشمەنلىك كەيپىياتى ۋە قارشىلىقىنى يوق قىلىش، قاچۇرۇۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، لاچىننى ئۇخلاتمايدىكەن، ھەتتا كېچىلىرىمۇ سىرتقا چىقىپ مېڭىپ يۈرىدىكەن. ھەر كۈنى ئاز - ئازدىن قېنى يوق گۆش بېرىپ لاچىننى ئاساسەن ئاچ قويىدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭغا قېنى بار گۆش بېرىلسە، سەمرىپ كېتىدىكەن. لاچىن ئاچ قالغان، قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان بولغان چاغدا، لاچىن كۆندۈرگۈچى ئۇنى ئۇزۇن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىغا چىڭ باغلاپ قويۇپ، ئاندىن بىر پارچە گۆشنى تۇتۇپ، ئۇنى كېلىپ يېيىشكە ئۈندەيدىكەن. لاچىن ئاستا - ئاستا كۆندۈرگۈچىنىڭ قولىدىن گۆش ئېلىپ يېيىشنى، ئىگىسىنى تونۇشنى ئۆگىنىدىكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئوۋغا قانداق ئېتىلىش ۋە چاڭگال سېلىش ئۆگىتىلىدىكەن. لاچىن توشقان بىلەن كەپتەر تۇتۇشقا ئۇستا ئىكەن، لېكىن ياۋا ئۆردەك تۇتالمايدىكەن، چۈنكى ئۇ ناھايىتى تېز ئۇچقان بىلەن ئۇزۇنغا ئۇچالمىغاچقا، سۇدىكى ئۆردەكنى تۇتالمايدىكەن. بۇ ئىككى ئاجىزلىقى ئۇنىڭ قىممىتىنى بەك چۈشۈرۈۋېتىدىكەن. بىز لاچىن بىلەن ئوۋ قىلىشنى ئانچە بىلمەيمىز، تەجرىبىمىز ھەم يوق. لېكىن قارىشىمىز شۇكى، لاچىن يەردە يۈرگەن، چالا ئۇيقۇدىكى، ناھايىتى ئاستا ئۇچۇۋاتقان ياۋا ئۆردەكنى كۆرۈپ قالسا بىر گەپ، بولمىسا، ئۇ ياۋا ئۆردەكنى زادىلا تۇتالمايدىكەن. چۈنكى، لاچىن ياۋا ئۆردەكنى ئۇ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشتىن بۇرۇن كۆرۈشى كېرەك ئىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەن، باش كونسۇلخانىغا ئاتلىق ئۈچ ئادەم كەلدى. بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى تاغدا بىر ھەپتە ئوۋ ئوۋلاپتۇ. بىزگە قارچىغا تۇتقان بىر بۆكەن بىلەن بىر تۈلكىنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار قارچىغىنى قېلىن تېرە پەلەي كىيگەن قوللىرىغا قوندۇرغان، قارچىغىنىڭ بېشىغىمۇ تېرە خالتا كىيگۈزۈپ كۆزىنى توسۇپ قويغانىدى. قارچىغا تۇرۇپ - تۇرۇپ قاتتىق، ۋەھىمىلىك سايراپ قوياتتى. ئۇ ناھايىتى يوغان، كۈچلۈك، ناھايىتى ۋەھشىي ئىدى، قارىسا ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى. ئىلمەك شەكىلدىكى تۇمشۇقى، تىرناقلى-

رىنىڭ شەكلى بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. كۆزىدىكىنى ئېلىۋەتكەنىدى، يالتىراپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرى ناھايىتى روھلۇق بولۇپ، ئادەمنى ۋەھىمىگە سالاتتى. ئۇۋچىلار بىزگە، بۇنداق قارچىغىنى ئۇۋغا ئاپىرىشتىن بۇرۇن، بىرەر يىل كۆندۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ 20 ـ 30 يىل ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ ئۇۋچىلار قۇملۇقتا ئاتلىق كىرىدىكەن، بىرەر ئۇۋنى كۆرسە، دەرھال ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭ يولىنى توسىدىكەن، ئاندىن قارچىغىنى قويۇۋېتىدىكەن. ھەرقانچە ماھىر چەۋەنداز ئۇچۇنمۇ، بۇ چوقۇم ئىنتايىن ھاياجانلىنارلىق بىر ئېلىشىش ئىدى. ئۇلار قارچىغىغا قاراپ تۇرىدىكەن قارچىغا ھاۋادا ھەيۋە بىلەن ئۇچۇپ ئۇۋنى كۆرگەندە دەرھال ئېتىلىدىكەن. بۇ چاغدا ئۇۋچى ئات چاپتۇرۇپ ئۇۋنىڭ يېنىغا بارىدىكەن، ئاندىن قارچىغىنى قولىغا ئېلىۋالىدىكەن. ئەپسۇسكى، مەن بۇنداق ئۇۋنى كۆرەلمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# گۇمبەز شەكىللىك ئاجايىپ تاغ

قەشقەر شەھىرىدىن چىقىپ ، رۇسىيىگە بارىدىغان ئۆتەڭ يولىغا قاراپ 20 ئىنگلىز مىلى ماڭغاندا ، پاكارراق بىر يار بار ، يارنىڭ كەينىدە ئاجايىپ كۆركەم بىر تاغ تىزمىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ چوققىلىرى تولىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ ، بەزىلىرى ئۇچلۇق ئۇچىدەك كۆك قەرىگە كىرىپ كەتكەن ؛ بەزىلىرى ئېگىز - پەس مۇنارلارغا ؛ بەزىلىرى قەلئەگە ئوخشاپ كېتىدۇ . بۇ ئاجايىپ - غارايىپ تاغنىڭ بىر يېرى شۇ قەدەر ئۆزگىچە بولۇپ ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ، ئۇ بولسىمۇ تەبىئىي گۇمبەز شەكىللىك بىر يول ئىدى .

ئارايىك 1942 - يىلى ئەنگلىيىگە رۇسىيە ئارقىلىق قايتقاندا ، بۇ ئاجايىپ - غارايىپ تاغنى قەشقەردىن ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ ئۇزۇن ماڭمايلا بىرىنچى قېتىم كۆرگەنىكەن . 1946 - يىلى قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن ، گۇمبەز شەكىللىك بۇ تاغ ھەققىدە ھېچنەرسە ئۇقالماي ، شۇنىڭدەك بۇ سىرلىق گۇمبەزنىڭ زادى نېمە رول ئوينايدىغانلىقىنى قىياس قىلالماي ، ئۇ يەرنى بىر ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنى نىيەت قىلدى . شىنجاڭغا كەلگەن بىرىنچى يىلى قىشتا ، بىز ئۇ يەرگە بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنى تۈرلۈك پىلانلىرىمىز ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويغان بولساقمۇ ، بۇ پىلانىمىز پەقەت ئىشقا ئاشمىدى . شۇنداق بولسىمۇ بۇ نىيىتىمىزدىن زادىلا يانمىدۇق .

بۇ رايون ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ئاز بولغىنىغا قارىماي ، ناھايىتى ئۈمىدۋار ئىدۇق . يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ، بىز بۇ ئىشقا قەدەم قويۇپ ، ماشىنا بىلەن شەھەردىن چىقىپ ، شۇ

تاغ تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق . بىرنەچچە سائەت ماڭمايلا ، گۈمبەز
شەكىللىك چوققىنى كۆرەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى .
دەسلەپكى 20 ئىنگلىز مىلى يولنى ھەرھالدا يول ، دەپ ئاتىلىدىغان ،
كۆپ قىسمى تاقىر ۋە قۇملۇق كونا بىر يول بىلەن باستۇق .

ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىشتىن بۇرۇن ، مەندىكى قۇملۇق ئۇقۇمى
كىشىلەردىكى ئادەت بولۇپ كەتكەن قاراشقا ئوخشاش ئىدى : كۆز يەت-
كۈسىز پايانسىز قۇملۇق ، كائىناتنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى نامايان قىلىغاندەك
كۆرۈنسىمۇ ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، بىر خىل « رومانتىك » كەيپى-
ياتقا تولغان بولۇپ ، ھەممىلا جاي بەئەينى بىر غايىبانە مەنزىرە ، قۇم-
لۇقتىكى قەبىلە باشلىقى ، قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان تۆگىلەر . . . مانا بۇلار
قۇملۇقتىكى رومانتىك كەيپىياتنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ . خۇددى كىنولار-
دىكىدەك ، قۇملۇقتىكى قەبىلە باشلىقى ۋە قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان تۆگى-
لەر ئېكراندا پات - پات كۆرۈنۈپ ، ئۇلارنىڭ كەينىدە پېتىۋاتقان قۇ-
ياش ، كائىناتقا قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى چېچىلىپ تۇرغانغا ئوخشاش
ئىدى . لېكىن ، مەن شىنجاڭدا باشقىچە بىر قۇملۇق مەنزىرىسىنى كۆر-
دۈم . بۇ يەردىكى قۇملۇق تېخىمۇ شەپقەتسىز ، سۈرلۈك ، تىمتاس ، زې-
رىكەرلىك ئىدى ؛ كۈل رەڭ شېغىل پۈتۈن يەر يۈزىنى قاپلىغانىدى ؛
بەزىدە دەل - دەرەخ ، گىياھ توسۇۋالغان تاشلارمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ
ئۇپۇق سىزىقىغىچە يېيىلغاندەك كۆرۈنەتتى ؛ يىراقتىن ئەينەكتەك يالتى-
رىغان بىر مەنزىرە كۆزگە چېلىقەتتى . ئۇ رومانلاردا تەسۋىرلەنگەن ،
سەھرايى كەبىر قۇملۇقلىرىدا دائىم كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ، ئادەمنى كول-
دۇرلىتىدىغان دەرەخلەرنىڭ ئەكس سايىسىغىمۇ ، ئادەمنى خۇشاللىقتا
چۆمدۈرۈپ ، ئارقىدىنلا مەيۈسلەندۈرىدىغان خىيالىي مەنزىرىلەرگىمۇ
ئوخشىمايدۇ . شىنجاڭدىكى قۇملۇقلارنىڭمۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان
ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەرەپلىرى بار : چەكسىز كەڭلىكى ، ئۆلۈك ۋە
زېرىكەرلىكىدىن باشقا ، قۇملۇقتىكى جىمجىتلىق ۋە ئۇنىڭ كۆلىمى ئا-
دەمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ ھەمدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت ۋە ئىل-
ھامنى قوزغايدۇ . خۇددى كىنولاردا ئېگىز تاغ ۋە مۇزلۇقلاردا كېتىۋاتقان

ئادەملەر پەقەت ئېگىز تاغلارنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشىنى يورۇتۇپ بەرگەنگە ئوخشاش، بۇ يەردە توپ ـ توپ ئېشەكلەر قومۇلۇق ئېتىكىنىڭ نەقەدەر چوڭ ۋە كەڭلىكىنى نامايان قىلىدۇ. بەزىدە يەككە ـ يېگانە بىر ئادەمنىڭ بۇ كەڭ زېمىندىن ئېشىكىنى ھەيدەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمىز. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى قۇملۇق مەنزىرىسىگە تېخىمۇ سۈرلۈك، تىمتاس تۈس بېرىپ، ئادەمنى ئويغا سالىدۇ.

بىز ناھايىتى يوغان، ئەمما يىقىلاي دەپ قالغان كونا پوتەيگە (يول بەلگىسى) كەلگەندە شىمالغا مېڭىپ بىر دەريا بويىغا كەلدۇق. دەريا نېپىز مۇز تۇتقانىدى. قۇملۇقتىن كېلىپ سۇنى كۆرۈش خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. بىز بۇ تاغ تىزمىلىرىغا يېتىپ بارمايلا، يەنى ھېلىقى گۈمبەز شەكىللىك تاغ چوققىسى غۇۋا كۆرۈنگەندىلا، پىيادە يۈرۈشكە باشلىدۇق. تاغ تىزمىلىرىغا بارىدىغان بىر جىراغا ئاز قالغاندا، گۈمبەز شەكىللىك چوققا يوقاپ كەتتى. بىز قۇم بارخانلىرى ۋە ئېدىرلاردا پۈتۈن بىر كۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھېلىقى جىرانى ئاران تاپتۇق. كىچىكرەك دۆڭلەردىن ئۆتكەندە، ئۇنى قايتا كۆردۇق. ھازىرقى ۋەزىيىتىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن كۆپ مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. چۈنكى، بۇ رايوننى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش، گۈمبەز شەكىللىك چوققىنى تېپىشقا بىر كۈن پەقەت يەتمەيتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە، ھاۋانىڭ ئېچىلىشىنى، توپا ـ چاڭنىڭ تارقىلىشىنى كۈتتۇق. روشەنكى، بۇنىڭدىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى. ئاخىر بولماي، تەييارلىقنى قىلىۋېرىپ، 2 ـ ئاي ئىچىدىكى بىر شەنبە كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۇ يەرگە بارماقچى بولدۇق.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە، قاتتىق بوران چىقىپ، ئېتىز ـ داللاردىكى قۇم توپىنى سورۇپ جاھاننى بېشىغا كىيدى، يەر ـ جاھان ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. خىزمەتكارلىرىمىز سەپەرگە چىقماسلىقنىڭ قارىرىنى ئېيتىپ، يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرۈشكە تەييارلاندى. لېكىن، شىددەت بىلەن چىققان كۈچلۈك بوراننىڭ تېز توختايدىغانلىقىنى بىلەتتۇق، شۇڭا ئۇلارغا تەخىر قىلىپ،

ئەھۋالغا قاراپ بېقىشنى ئېيتتۇق.

چۈشتىن كېيىن ئۈچىنچى بوران گۈركىرەپ ھەيۋىسىدىن يانمىدى. يەر يۈزىدىكى جىمى نەرسىنى سۈپۈرۈپ، ئۇچۇرتۇپ، ئۆيلەرنى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە توپا - چاڭغا كۆمۈۋەتتى. ئەمما، بىز جاھىللىق بىلەن قارارىمىزدا چىڭ تۇردۇق. ئاخىر ھاۋا ئېچىلدى، يۈك - تاقلار ماشىنىغا بېسىلدى. بىزنى ئۇزاتقىلى بىر مۇنچە ئادەم ئولاشتى. سائەت تۆتلەردە بىز باش كونسۇلخانىدىن چىقىپ كەتتۇق.

يۈك ماشىنىسىنىڭ ھەم كابىنكىسىغا بىرى تۆكۈۋەتكەندەك توپا كىرىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئوچۇق كوزۇپىدا ئولتۇرغان تۆت ئادەمنىڭ ھالى تېخىمۇ خاراب بولۇپ، ماشىنىدىن چۈشكەندە ئۇلار بەئەينى جىنغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ماشىنا شىمالغا قارشى ماڭغاچقا، سۈرئەت ناھايىتى ئاستا ئىدى. ئالدىمىز پۈتۈنلەي قۇملۇق. تاسادىپىي يىراقتىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاستا كېتىۋاتقان تۆگە كارۋىنى كۆزىمىزگە چېلىقاتتى. بىز بۇرۇن كۆرگەن پوتەي يېنىغا كەلگەندە، بۇرۇلۇپ شىمالغا مېڭىپ، بۇرۇن ئۆتكەن مۇز قاتقان ئېقىننىڭ يۇقىرىراقىدىن ئۆتتۇق، مۇزدا ئۇقماي پاتقاققا كىرىپ قاپتىكەنمىز، ئاپتوموبىل پېتىپ قالدى. خۇمرا بىلەن يۇسۇپ، بۇنداق جىددىي ئەھۋالنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇلار ھە - ھۇ دەپ ۋارقىرىشىپ، ياغاچ ۋە گۈرجەكلەر بىلەن تىرەپ يۈرۈپ ماشىنىنى پاتقاقتىن چىقاردى. بۇ جەرياندا يۇسۇپنىڭ بىر بارمىقىنىڭ تىرنىقى پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، پاتقاق جايدىن ئامال بار ماڭمىدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ مېڭىپ، ھېلىقى كەڭ جىراغا كېلىپ، قونالغۇغا جاي تاللىدۇق. بىزنىڭ ئۈمىدىمىز جىرانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز قىيانىڭ دالدىسىدا بوراننىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ئىدى. بىراق، بوران بۇ يەردىمۇ پەسەيمەي قاتتىق چىقىۋاتاتتى. چىڭراقمۇ تۇرالمايتتۇق. ئۆتكەنكى ھېلىقى تاغ تىزمىلىرىغا بارىدىغان سىرلىق ئوردا كەبى يەرگە كېلىشىمىز بىلەنلا گۈمبەزسىمان چوققىنىڭ غايىب بولغانلىق

تـەجرىبىسىگە ئاساسەن ، بىز ئالداراپ ــ تېنەپ ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇۋې-
لىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتۇق . ئۇلايلا دۇر-
بۇندا خېلى ئۇزۇن قاراپ ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى . مەن كۆرسەتكەندىن
كېيىن ، ئاندىن دۇربۇنىنىڭ ياپچۇقىنى ئېلىۋەتمىگەنلىكىنى بايقىدى .

بىز چېدىر تىكىپ گۈلخان ياققاندىن كېيىن ، جاھان پۈتۈنلەي
قارا تون كىيدى . كەچلىك تاماق يېيىش ۋە چاي ئىچىش خېلى ئۇزۇنغا
سوزۇلدى . گۈلخان يېنىدا ، يۇلتۇزلارنىڭ خىرە يورۇقىدا ئولتۇرۇپ ،
ئەتراپىمىزدا گۈركىرەپ ھەيۋە كۆرسىتىۋاتقان بورانىنىمۇ ئۇنتۇپ ، ئەر-
كىنلىك ، ماكان ۋە يەپ ــ ئىچىش راھىتىدىن ، يەنە ياتىدىغان جايىمىز-
نىڭمۇ بارلىقىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلدۇق . بۇ خىل ھېسسىيات بىز
چېدىرغا كىرىپ يېتىشىمىز بىلەنلا ئاللىقاياقلارغا يوقالدى . چۈنكى ، يەر
قاتتىق ئىدى ، تاش پېتىپ ئارامىمىزنى بۇزۇپ ئۇيقۇمىزنى قاچۇراتتى .
بوران چېدىرنى ئېلىپ قاچىدىغاندەك تەۋرىتەتتى .

ئۇخلاشتىن بۇرۇن ، ئەتە ھاۋا ياخشى بولسىكەن ، دېگەن ئار-
زۇنى قىلىپ ئەتىكى ئېكسپېدىتسىيىمىزنى ئويلاپ ناھايىتى ھاياجانلان-
دۇق . لېكىن ، ئەتىسى سائەت يەتتىدىمۇ ھاۋا سوغۇق ، يەر ــ جاھان
تېخى قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى سەزدۇق . كىيىم بىلەنلا ياتقانىدۇق ، ئۇخلاش
خالتىسىدىن چىقىش ۋە ئۆتۈك كىيىش ناھايىتى تەس بولدى . ناشتا
قىلغاندىن كېيىن ، سەل روھلاندۇق . سوبھى كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ
ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى : بىز يىراقتىكى پامىر ئېگىزلىكىنى
كۆردۇق . شۇئان بىزگە جان كىردى . قاتار ــ قاتار تىكەن قارلىق چوققىلار
كۆكۈچ تۇمانىنى يىرىپ ئۆتۈپ زېمىنغا نەزەر سالماقتا ئىدى . قارلىق
چوققا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىغا چۆمگەن ، شامال پە-
سەيگەن ، زېمىن كەمدىن ــ كەم كۆرۈلىدىغان بىر خىل ساپ ھىدقا تول-
غانىدى .

بىز راپكا ، گېيالگېنلار بىلەن جىرا بويىلاپ ئۈمىدۋار كەيپىياتتا
ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق .

بىز ئويلىغاندەك ، گۈمبەزسىمان تاغ چوققىسى غايىب بولدى ،

بىراق ئۇنىڭ ئېنىق ئورنىنى بىلئۇالغانىدۇق. چۈنكى، ئۆتكەن قېتىمقى تەكشۈرۈش ناھايىتى ياخشى بىر يول بارلىقى، ئۇچلۇق مۇنار شەكىللىك ئىدىرلار ۋە تاغ قىيالىرىدىن ھاسىل بولغان سىرلىق ئوردا كەبى قاقاس دالىدا ئۆتكەندە گۈمبەزسىمان تاغقا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. تار ساي بارغانسېرى تارىيىپ ۋە چوڭقۇرلاپ كەتتى، قىيالار قۇياش نۇرىنى توسۇۋالدى، ئىككى تەرەپتىكى قىياغا قولىمىز يېتەتتى. ئاجايىپ ـ غارايىپ بۇ كىچىك تاغ تىزمىلىرىدىكى قۇمساڭغۇ تاش ۋە سلانېتسلاردىن ھاسىل بولغان ئىدىرلار ناھايىتى پۇختىدەك، يىراقتىن يوغان ـ يوغان قورام تاشلاردەك كۆرۈنگەن بىلەن، يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا پات ـ پات گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. بەزى بۆلەكلەردە مېڭىش ناھايىتى ئاسانلىشىپ كېتەتتى. بىز توختىماي ئىلگىرىلىدۇق، يولىمىزنى ئاندا ـ ساندا پۇختا قۇمساڭغۇ قىيا توساقلار قاپ بېلىدىن ئۈزۈپ قويدى. بۇنداق چاغلاردا، باشقىلار مېنى ۋە ئىتنى ئىتتىرىپ، تارتىپ دېگەندەك قۇمساڭغۇ تاش تام ئۈستىگە چىقىرىپ قويدى.

بىز كەشمىردە سېتىۋالغان تايغان قاراقۇرۇمدىكى جاپالىق سەپەردە ھايات قالغانىدى. ئۇ ناھايىتى ئىشتەيلىك، ساغلام ئىدى. لېكىن، بۇ ئىت تۇغما دۆتمۇ، ياكى قارا قۇرۇمدىكى ئالتە ھەپتىلىك تولىمۇ ئۆزگىچە كەچۈرمىشلەر تەسىر قىلغانمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ئىنكاسى بەك ئاستا ئىدى. شۇڭا، ئۇنى تەربىيىلەش تولىمۇ قىيىنغا چۈشتى. ئۇنى ئۇۋنى چىشلەپ ئەكەلدۈرۈشكە كۆپ ھەرىكەت قىلدۇق، لېكىن ئۇ بۇنى پەقەت قىلالمىدى. بىزنىڭ ئەجرىمىز بىكار كەتتى. ئۇ ھەتتا بىزنى ۋە ئەتراپتىكىلەرنى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئۇ يېيىشتىن باشقا ئىككىلا ئىشقا قىزىقاتتى. ئۇنىڭ سۇدىكى سايىغا بولغان قىزىقىشى ۋە ھاياجانلىنىشى زادىلا سۇسلىمىدى. شۇڭا، بىزنىڭ دەريا ياكى كۆلچەكلەرگە تاش ئاتقىنىمىزنى كۆرسىلا خۇشاللىقىدىن قاۋاپ ئەسەبىيلىشىپ كېتەتتى؛ يوغان تاشلار دەرياغا چۈشۈپ كەتسە ئۇ دەرھال سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ئويناقلاپ كېتەتتى. ئەمما، دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ياۋا ئۆردەكلەرگە ئانچە قىزىقمايتتى. ئۇ دائىم ئۆزى ياكى باشقىلارنىڭ سايىسىنى قوغلاپ

يۇرەتتى . تاياق ياكى توپ قوغلاشقا زادىلا ئۇنىمايتتى . بىر تۈنى ئادەت-
تىكىچىلا ياخشى كۆرەتتۇق . ئەمما ، ئۇنىڭدا باشقا ئىتلارغا ئوخشاش ئا-
دەملەرگە نىسبەتەن ئامراقلىق ، زېرەكلىك ، ئوماقلىق بولسىكەن دەيت-
تۇق . شۇنداقتىمۇ ، بىز ئېكسپېدىتسىيىگە چىقساقلا ، بۇ ئىت بىزگە ئە-
گىشىۋالاتتى ۋە جىق ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرەتتى .

ئارايىك قەشقەردە بىرىنچى قېتىم ۋەزىپە ئۆتىگەندە ، ئوماق بىر ئوۋ ئىتى بار بولۇپ ، شالغۇت ئىت ئىدى . ئارايىك ئۇنىڭ ئىسمىنى كەنبۇ قويغان . بۇ ، شىۋالارنىڭ يۇرتىدىكى ناھايىتى چەت ، خىلۋەت ، جىمجىت بىر جىرانىڭ ئىسمى بولۇپ ، تولۇق نامى سۇراكەنبۇ ئىدى . ھازىرقى ئىتقا « سۇرا » دەپ ئىسىم قويدۇق .

ئەمدى گۇمبەزسىمان تاغنى ئېكسپېدىتسىيە قىلغىنىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى . ئۆتكەندە بۇ يەرگە كەلگەندە ، بىرمۇنچە تاشنى بىريەرگە دۆۋىلەپ بەلگە قىلىپ قويغانىدۇق . مۇشۇ بەلگىگە ئاساسەن ، ئالدىمىزدىكى جىرادا نۇرغۇن ئەگمىلەرگە ئۇچرىغاندا ، قايسى تەرەپكە مېڭىشىمىزنى بىلىۋالاتتۇق ، شۇنىڭ بىلەن قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى تېجەپ قالاتتۇق . ئاخىر غايەت يوغان بىر « قورغان » ئالدىغا كەلدۇق ، ئۆتكەندە مۇشۇ يەردە توسۇلۇپ قالغانىدۇق . بۇ « قورغان » ناھايىتى ئېگىز بولۇپ ، تىك يارنىڭ ئالدىدا گويا تامدەك توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى . ناھايىتى قاتتىق كۆرۈنگىنى بىلەن بەك سىلىقمۇ ياكى تاشلىرى بوشمۇ ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقىش ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى . بۇ توسالغۇدىن پەقەت تىك بىر يانتۇلۇق بىلەنلا ئۆتكىلى بولاتتى . ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن ، ئۇ تەرەپتىكى بوش شېغىللىق يانباغىردىن تېزلا سىرىلىپ يەنە بىر جىراغا چۈشتۇق . ئاستا - ئاستا بىز جىرادىن چىقىپ كەڭ ، قۇرۇق بىر دەريا قىنىغا كەلدۇق . ئۇنىڭدىن كېيىنكى يول قويۇق چاتقاللىق بولغاچقا ، تەستىرەك ئالغا ئىلگىرىلىدۇق .

مېڭىپ - مېڭىپ بىر قاپتالغا كەلگەندە ، ئالدىمىزدىكى تار ساي كۆزدىن غايىب بولدى . ئېگىزگە چىقىرۋەرگەچكە ، توپا - چاڭلار ئاستىمىزدا قالغانىدى . ئالدىمىزدا سۈزۈك ، ناھايىتى كەڭ ۋە ئوچۇق بىر

مەنزىدە نامايان بولدى . باش ئۆستەڭىزدىكى مۇنار شەكىللىك ۋە قورغان شەكىللىك كىچىك تاغلار ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى . بىز مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ ، كۆزگە كۆرۈنمەس گۆمبەزسىمان چوققا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق . بىز تۇرغان يەرنىڭ ئاستىدا سىرلىق ئوردىدەك تاغلار ۋە جىرا ياتاتتى ، بىز ئۇلاردىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلگەنىدۇق . ئەمدى ئۇلار كىچىككىنە ، گويا ساھىلدا ئويناۋاتقان باللار ياساپ قويغان ھەرخىل مودېللاردەك كۆرۈنەتتى . سىرلىق ئوردا كەبى تاغلارنىڭ كەينى تۈپتۈز ، ئۇپۇقتىكى قوم-ساڭغۇ تاغلارغا تۇتىشىپ كەتكەن چەكسىز ، بىپايان قۇملۇق ئىدى . ئۇپۇقتىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ كەينىدە قارلىق تاغ ئاران ـ ئاران كۆرۈنەتتى . غۇۋا چاقنىغان سۇنغان قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى بىلەن قارلىق تاغ غايىۋانە چاقنايتتى . ئۇ ، يەر بىلەن تۇتاشماستىن مۇئەللەقتە تۇرغاندەك ، ھەقىقىي مەۋجۇپ ئەمەستەك بىلىنەتتى .

ئالدىمىزنى ئېگىز قاپتال توسۇۋالغاچقا ، بىز نىشانغا يېقىنراق بېرىش ئۈچۈن ، بەنە يېڭى بىر جىراغا چۈشۈپ چىقىشىمىز لازىملىقىنى تونۇپ يەتتۇق . بۇ جىرانىڭ ئىككى تەرىپى گويا بىزنى خۇشلىمىغاندەك ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ھالەتتە تۇراتتى . قاتتىق كۆرۈنگەن بىلەن ئانچە بىخەتەر ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، بىز ئۆستىڭە ئاسانراق چىققىلى بولىدىغان يول ئىزدەپ « زېمىننى كېسىپ ئۆتۈش » كە باشلىدۇق .

كەڭ جىرادىن چىققاندىن كېيىن ، مېڭىش قىيىنلاپ ، سۈرئەت ئاستىلىدى . بىز تىكەنلىك چاتقاللار ئارىسىدىن يۇقىرىغا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ چىقىۋاتاتتۇق ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئاستىمىزدىكى بوش توپا قومۇرۇلۇپ پەسكە چۈشەتتى . بىز شۇ تەرىقىدە بىر سائەتتەك ماڭدۇق . مېنىڭ ھېرىپ ھالىم قالمىدى . ئۈچ تەرىپى تاغ ، ئەمما قۇياش نۇرى چۈشىدىغان بىر جايدا توختاپ بىر پەس ئارام ئالدىم . ئەتراپ تىمتاس ، ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى . سوغۇق شامال چىقىپ ، ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى . جىم ئولتۇرۇپ توڭۇپ كەتمەي دەپ ، يەنە غەيرەتكە كېلىپ ، بىر چوڭقۇر ئۆرەكتىن ئۆتۈپ تار ، پارچىلىنىپ كەتكەن بىر

قىيالىقتا پەم بىلەن ئاستا ماڭدىم . بار ئاۋازىم بىلەن توۋلىۋىدىم ، كۆ-
تۈلمىگەندە مېنى قاتتىق تەئەججۈپلەندۈرۈپ ، يىراق پەس جايدىن
ئەكس سادا قايتتى . جىرانىڭ بىر ئەگمىسىدە كىچىككىنە ئىككى سايە
كۆرۈنۈپ ماڭا قول پۇلاڭلاتتى ـ دە ، غايىب بولدى . ئەمما ، ئاياغ تى-
ۋىشىنىڭ ئەكس ساداسى بوشلۇقتا ياڭرايتتى . روشەنكى ، ئارايىك بىلەن
گېيالگېن چۈشۈش يولىنى تاپقانىدى . راپكا كەينىگە يېنىپ ، ماڭا
چۈشلۈك تاماق ئەكىلىپ بەردى .

ھاۋا سوغۇق ، يەنە ئايلىنىپ يۈرسەك بولمايتتى ، شۇڭا راكپا
ئىككىمىز كەينىمىزگە قايتماقچى بولدۇق . بىز باشقا ئىككىيلەنگە يول
بەلگىسى بولسۇن ، دەپ تاش دۆۋىلەپ قويدۇق ۋە يېرىم تاۋۇزنى قال-
دۇردۇق . بۇ ئىنىسجىنىسىز تاغلار ئىچىدە ، ئۇ ئىگىز قاپتالدىن چۈشكەن
يولنى ئەستە تۇتۇۋېلىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى . بىزنى ئىككى قېتىم
تىك يار توسۇۋېلىپ ، كەينىمىزگە يېنىشقا مەجبۇر قىلدى ؛ ناھايىتى ئې-
گىز ۋە تىك قىيالاردىن ئۆتۈشتىن قېچىپ ، تېگى بوش ۋە خەتەرلىكرەك
بىر يانتۇلۇقتىن پەسكە ماڭدۇق . يانتۇلۇقمۇ خېلىلا تىك بولۇپ ، ئادەم
پەسكە قارىيالمايتتى ، تۇتۇۋالغۇدەك جايلارمۇ بوش ئىدى . مەن پەسكە
قاراشقا جۈرئەت قىلالماي ، ئېھتىيات بىلەن پۇت يۆتكەپ ، ئاستا ئىلگىرى-
لىدىم . ماڭا بۇ يەردىن خۇددى بىر قانچە سائەتتە چۈشكەندەك بىلىندى .
راكپا ماڭا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملەشتى . بىز تاشلىق ، كۆل رەڭ-
لىك ئىگىز قاپتالغا كەلگەندە سائەت ئۈچ بولغانىدى .

ـــ ھازىر ئۇلار قەيەردە ؟ ـــ دەپ سورىدىم مەن ھېلىقى چوڭقۇر
جىراغا قايرىلىپ قاراپ .

ئۇلار ئاستى تەرىپىمىزدە كەينىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى .

تۇيۇقسىز ، ئۇلار بۇرۇلۇپ قايتىپ كېلىپ ، بىز تۇرغان جايغا
چىقىشقا باشلىدى . يېقىن يول بىلەن مېڭىشنى ئويلاۋاتامدۇ ـ قانداق ،
ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى . بىز جىددىيلەشكەن ھالدا ئۇلارغا قاراپ تۇر-
دۇق . كېيىن راكپا ئۇلارغا ئىنگلىزچە ، ئوردۇچە بۇياققا چىقماڭلار ،
كەينىڭلارغا يېنىپ ، ھېلىقى ئۇزۇنراق يول بىلەن مېڭىڭلار ، ئۇ يەردە

تاۋۇز قالدۇرۇپ قويدۇق ! دەپ توۋلىدى . لېكىن ، ئۇلار ئاڭلىماي چد-
قىۋەردى . بىز ئۇلار سىرىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتسىكەن ، دېگەن ئارزۇ
بىلەن ساقلاپ تۇردۇق . « سۇرا » چۈشۈپ ئۇلار بىلەن ئۇچرىششقا
ئالدىراپ توختىماي قاۋاپ ، بىزنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى . شامال
كۈچىيىپ كۆزلىرىمىزگە قۇم ـ توپا كىرگىلى تۇردى . بۇ ئىش پەس-
تىكى ئىككىيلەننى تېخىمۇ پاراكەندە قىلدۇ ، ئەلۋەتتە .

ئۇلار ، ئاخىر ئۈستىگە چىقىش نىيىتىدىن يېنىپ كەينىگە قايتتى .
بىز ئۇلار تىنچ ـ ئامان جىراغا چۈشۈۋالغاندىن كېيىن ، قونالغۇغا قاراپ
ماڭدۇق .

ئېگىز قاپتالدىن ئايرىلغاندا ، بىز يەنە ئېزىپ قېلىپ ، باشقا بىر
ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ قالدۇق . بۇنداق يامان يولدا ماڭالمايدىغانلىقى-
مىزنى بىلىپ ، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاشقان ھالدا كەينى-
مىزگە يېنىپ ھېلىقى ئېگىز قاپتالدىن چىقىپ ، قايتىدىن ئەسلىدىكى
يولنى تاپتۇق . تاغنى بويلاپ پەسكە چۈشۈشتىكى قايتىش يولىمىز ئاسان
بولدى ، لېكىن يولدا توسالغۇلارغا ئۇچرىدۇق ، بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدىنمۇ
بەكرەك قىينالدىم ، چۈنكى تاغقا چىققۇچە مېنى ئۈچ ئەر كىشى يۆلەپ
چىقارغانىدى ، تاغدىن چۈشكىچە ئاران بىر ئەر كىشى ياردەملەشتى .
مەن ئاۋۋال « سۇرا » نى پەسكە چۈشۈرۈۋېتىپ ، ئاندىن راكېتىنىڭ مۇ-
رىسىگە دەسسەپ سىرىلىپ ئاران پەسكە چۈشەلتىم . ھولۇققىنىمدىن ۋۇ-
جىككىنە بۇ ئادەمنى يىقىتىۋەتكىلى تاس ـ تاس قالاتتىم . ھېلىقى « قور-
غان » دىن ئۆتۈشكە قولايلىق بولسۇن ، دەپ بىز يەرگە ئوقيا ئۇچى
سىزىپ قويۇپ ، يۇقىرىغا قەيەردىن چىققىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ
قويىاتتۇق . ئاندىن يەنە قول ـ پۇتىمىزنى تەڭ ئىشقا سېلىپ ، ساڭگىلى-
غان ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرى ياكى تۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى يەرنى تۇتۇپ
تاغقا يامىشاتتۇق .

سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى بىر سائىتى خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى .
بىز ھېلىقى تونۇش جىرانى ئايلىنىپ ، ئەگىپ يۈرۈپ جىرادىن چىقىپ
تۈز بىر جايغا كەلدۇق . شۇنچىلىك ھالىمىزدىن كەتتۇقكى ، قونالغۇغا

سائەت بەشتە ئاپتوموبىلنى بېرىشىمىزغا پەقەتلا كۆزىمىز يەتمىدى . قەپقالغانلار چاي قايىنىتىپ تۇرۇپتۇ . ئەپسۇسكى، سۇ قاينىغاچقا ، چايمۇ نورمىلىق بولۇپ قالدى .

45 مىنۇتتىن كېيىن ئارايلىك ، يەنە ئون مىنۇت ئۆتكەندە كېيىلگىنى قايتىپ كەلدى . ئۇلار ھېرىپ ھالدىن كەتكەن بولسىمۇ ، ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى . ئۇلار ئەسلىدىكى يول بىلەن كەينىگە قايتىۋېتىپ ، مۇزلاپ قالغان ئىككى شارقىراتمىغا توسۇلۇپ قاپتۇ . مۇز تامنى پارچىلاش مۇمكىن ئەمەسكەن . بىرىنچى مۇز تامدىن ناھايىتى جىق كۈچەپ تەكچە چىقىرىپتۇ ، ئەمما ئىككىنچى مۇز تاغدىن تەكچە چىقىرىشقا ۋاقتى يەتمەپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ ، بىز كەينىمىزگە قايتقاندا پۈتۈنلەي قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى .

شامال چۈشتىن كېيىنمۇ توختىمىدى . شامال كەينىمىزدىن چىقىپ بىزنى ئىتتىرەتتى . بەدىنىمىزدىكى توپا ـ چاڭلارنى ئۇچۇرۇپ كەتتى . ئاپتوموبىلنىڭ يوغان چىرىغى ئالدىدا توپا ـ چاڭ قايناپ ئۇسسۇلغا چۈشەتتى ، كېيىن ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى . ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل چۆلدە بىز ئۇچۇپ يۈرگەن توپا ـ چاڭنى قوغلاپ تەستە يول يۈرەتتۇق . ئۆيگە ئاز قالغاندا ھاۋا سەل ياخشى بولۇپ ، ئالدىمىزدىكى نەرسىلەر ئوچۇق كۆرۈندى . كەچ سائەت سەككىز يېرىمدا ئۆيىمىزگە كېلىۋالدۇق .

ئۆيدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ، يۇيۇنىدىغان ئىسسىق سۇ ، مول كەچلىك تاماق بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن . شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى گۇمبەزسىمان تاغ بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ، يەنىلا ئاجايىپ ـ غارايىپ ، تولىمۇ سىرلىق بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى سىرنى بىلىش ئۈچۈن ، ئازابلىق يوللارنى مېڭىپ نۇرغۇن جاپا چېكىشكە توغرا كېلەتتى . ۋەھالەنكى ، بىز تاغدا كۆرگەندەك ناھايىتى يېڭى ، غايىۋانە مەنزىرىدەك سېھىرلىك كۆرۈنۈش ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىپايان زېمىننىڭ جەلپكارلىقى ھەپتە ئاخىرىدىكى سەپىرىمىزنى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى . بىز بۇ تاغقا ئۇيغۇرچە « تۆشۈكتاغ » دەپ ئىسىم قويۇۋالدۇق .

ئۇ تاغ تىزمىلىرىغا ئۆچىنچى قېتىم ئېكسپېدىتسىيە قىلىشىمىز ئاپتوموبىل-دىن چاتاق چىقىشى بىلەن سۇغا چىلاشتى . ئۇ كۈنى بەكمۇ سوغۇق ئەمەس ۋە بورانمۇ قاتتىق ئەمەس ئىدى . لېكىن ، ئاپتوموبىل ھېچقانچە ئۇزۇن ماڭمايلا رادىئاتوردىن چاتاق چىقتى . مېڭىۋەرگەن بولساقمۇ ، سۇ ھېلىدىن ھېلى توڭلاپ قالاتتى ، شۇڭا تولا توختىدۇق . مىل خۇمزا ئاپتوموبىل ئاستىغا كىرىپ رادىئاتورغا ئوت يېقىپ سۇنى ئېرىتىپ تۇردى . شۇنداقتىمۇ كۆپ ھايالشىپ كەتكەچكە كەينىمىزگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق . كەينىمىزگە يانغاندا ، شامال كەينىمىزدىن ئۇرۇپ تۇرسىمۇ ، ھېچقانداق كاشىلا چىقمىدى ، بۇنىڭغا ھەيران قالدۇق . پىلا-نىمىزنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن كەيپىمىز ئۇچتى .

« پوتەي » گە بەش ئىنگلىز مىلىدەك كېلىدىغان جايدا مىڭيول دەيدىغان يېزا بار ئىدى . ئارايىك شۇ يېزىغا بېرىپ ، كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ، كىمنىڭ ھېلىقى تاغ تىزمىلىرىغا ، گۇمبەزسىمان تاغقا بې-رىپ باققانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچى بولدى . مارت ئېيىنىڭ بىر ھەپتە ئاخىرى بىز ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ ھېلىقى تونۇش يول بىلەن يۈ-رۈپ كەتتۇق . مىڭيولغا بېرىشىمىز بىلەنلا ، بىزنى قىزىقسىنغان كىشىلەر ئورىۋالدى ، ئەمما ئۇلار بەكمۇ ئېھتىياتچان ئىدى . گېپىلگېن ئارقىلىق بىلدۇقكى ، ئۇلار بىزنى رۇسىيىلىكلەر دەپ قاپتۇ . بىز ئۇلارغا رۇسىيە-لىك ئەمەسلىكىمىزنى ، بۇ يەرگىمۇ يامان نىيەتتە كەلمىگەنلىكىمىزنى چۈشەندۈردۇق . شۇنىڭ بىلەن ئەرلەر بىزگە يول كۆرسەتتى .

كۆپچىلىك بىزگە ، ئوسمان ئاخۇن سىلەرگە ئەڭ ئوبدان يول باشلىغۇچى بولالايدۇ ، دېدى . ئۇ ئوۋ ئوۋلاشقا ئامراق ، ئۇ تاغ تىزمىلى-رىنى ئوبدان بىلىدىكەن . ئۇنىڭ دادىسىمۇ ھېلىقى سىرلىق گۇمبەزسىمان چوققىغا چىقىدىغان يولنى ئىزدەپ كۆرگەنىكەن ، ئۆزىمۇ ئىزچىل بۇ يولنى ئىزدەۋاتقانىكەن . ئوسمان ئاخۇن بەكمۇ قاملاشقان ، قاش ـ كۆزى جايىدا ، قاۋۇل ئادەم ئىكەن . كېيىن ئۇنىڭ ساياھەت قىلىپ نۇرغۇن جايلارغا ، جۈملىدىن ئافغانىستان ، رۇسىيىگە بارغانلىقىنى بىلدۇق . ئۇ ئېغىر ـ بېسىق ، تەمكىن ، ئەقىللىق ئادەم ئىدى . باشقا ئۇيغۇرلارغا سې-

لىشتۇرغاندا، كۆزگە كۆرۈنگەن، ھەقىقىي ئەزىمەت ئىدى. بىز ئۇنىڭغا «تافى» (ئەزىمەت) دەپ لەقەم قويۇۋالدۇق. ئۇ بىز بىلەن تونۇشقانلىقىغا بېرىشقا خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى. لېكىن، گۇمبەزسىمان تاغنى تا-پالىشىمىزنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ تەكىتلىدى.

بىز «تافى» بىلەن بىر دوستىنىڭ يول باشلىشىدا مىگيولدىن يولغا چىقىپ، تاغ تىزمىلىرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. سۈپۈرگىگە ئوخشاش بىر ئۆسۈملۈكنىڭ گۈللىرى ئېچىلىپ، يوغان، سېرىق رەڭ-لىك گۈللەر كەڭ كائىناتقا ھۆسن قوشۇپ، بۇرۇنقى قۇملۇقنىڭ تۇ-تۇق، قاقاس مەنزىرىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. نۇرغۇن جىلغا ـ جىرالار تاغلارنى بۆلۈۋەتكەنىدى. ماشىنىمىز بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئىچكى-رىلەپ كىردى. بىز ئاساسلىق جىراغا كەلگەندەك قىلاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ جىرا يولى خېلى ئوبدان بولسا، بىزنى ئۇدۇل گۇمبەزسى-مان تاغ ئېتىكىگە ئاپارسا كېرەك، دېگەندەك ئۈمىدلەردە بولدۇق. ۋەھا-لەنكى ئوسمان ئاخۇن ئۇۋ ئوۋلاشقا بىزنىڭ غەلىتە ئىزدىنىش يولىدىكى سەپىرىمىزدىن بەكرەك قىزىقىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ بىزنى ياۋا ئۆچكە بار قاقاس تۆزلەڭلىككە ئاپارماقچى بولدى.

ئەتىسى سائەت سەككىزدە، چوڭ قوشۇنىمىز ھېلىقى جىراغا ماڭدى. قوشۇندا راكپا، مىل خۇمزا، گېيالگېن، ئوسمان ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ دوستى، روزابەگ، «سۇرا» ۋە بىز ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز بار ئىدۇق. بىزنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى ئۇچرىتىش ئۈمىدىمىز ئادەملەرنىڭ ۋارقىرىغاندەك ئۈنلۈك سۆزلىشىشلىرىدىن بەربات بولدى. ئوسمان ئاخۇن ئۆزىنى ئۇستا ئوۋچى ھېسابلىسىمۇ، ئوۋدا ئاۋاز چىقارماسلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمىگەنىكەن، كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، گويا ئۇلار گاستەك بەك ئۈنلۈك سۆزلەيدىكەن.

بۇ جىرا بىز ئۆتكەندە كەلگەن جىرادىن كەڭ ۋە ئەگىملىرى كۆپ ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ جىرانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇملۇق تاغنىڭ غەلىتە شەكلى ۋە ئۇنىڭ جىمجىتلىقى، ئىزدىنىشىمىز تۈپەيلى پەيدا بولغان سىرلىق بىر سېزىم بىزنى ئۆزىگە تارتىپ، بىزنى پۈتۈنلەي

ئەسىر قىلدى. بىز ھەتتا ھېلىقى گۈمبەزسىمان تاغ زادى مەۋجۇتمۇ ـ ئەمەسمۇ ياكى ئۇ پەقەت يىراقتىنلا كۆرگىلى بولىدىغان، نۇردىن ھاسىل بولغان بىر خىيالىي كۆرۈنۈشمۇ ـ قانداق، دېگەن گۇماندا بولدۇق.

بۇ ئېكسپېدىتسىيە پۈتۈنلەي ئارايىك تاپقان ئەقىل بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن جايدا بۇ گۈمبەزسىمان چوققىنى راستتىنلا ئاجايىپ جانلىق تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. ئوسمان ئاخۇن بىزنى تار سايدىن ئەمدىلا باشلاپ چىققانىدى، ئالدىمىزغا قارىساق يەنە تاشلىق تاغ يانباغرىغا چىققىدەك ئەمەس، بۇنداق جاينى كۆرسەم بېشىم ئاغرىيتتى. بىر تىك يانتۇلۇققا كەلگەندە، يۇقىرىغا چىقىشقا كۆزۈم يەتمەي، «سۇرا» بىلەن قىپقالدىم. باشقىلار چىقىپ كەتتى.

قۇياش تېغى بۇ يەرگە نۇر چاچمىغاچقا، سوغۇق ئىدى. «سۇرا» باشقىلار بىلەن بىللە بارالماي، مەن بىلەن قالغانلىقىدىن رەنجىپ ھەدەپ قاۋايتتى. شارىلداپ چۈشكەن تاشلار بىلەن بىر گە يېنىمىزدا راكىپا پەيدا بولدى. قەشقەردە تۇرغان ئالتە يىلدىن بېرى، ئۇ ھېچ ئىش قىلماي، چىنىقماي يۈرگەچكە سەمرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردەم مېڭىپ بېقىپ، يول تەس كېلىپ قايتىپ چۈشكەنىكەن. ئوسمان ئاخۇننىڭ دوستىمۇ يارىماس ئادەم ئىكەن، ئۇمۇ يېنىپ چۈشتى. ئۇچىمىز ئارايىكلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ بىكارچىلىقتا بەش سائەت ئولتۇردۇق. چۈنكى، ئارايىك ماڭا ئۇزۇنغا قالمايلا كېلىمىز، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. يىراقتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىۋىدى، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكەن، دەپ ئويلاپتىمەن، لېكىن بۇ خۇمزا ئاتقان مىلتىق ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسى ئىكەن. كېيىن شۇنى ئۇقتۇقكى، ئارايىك بىلەن ئوسمان ئاخۇن ئاساسىي تاغ تىزمىلىرىغا بارىدىغان، كۆزگە ئانچە چۈشمەيدىغان بىر چىغىر يولنىڭ ئىزىنى قوغلاپ ئېگىزگە چىقىپ يىراقلاپ كېتىپتۇ ـ دە، ناھايىتى تار بىر جىراغا بېرىپ قاپتۇ. ئاخىر بولماي تار جىرانى بويلاپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئالدىغا مېڭىۋېرىپتۇ. قايتىپ كېلىش ئۇلار ئۈچۈن چوڭ بىر تەۋەككۈلچىلىك بوپتۇ، ھەتتا ناھايىتى باتۇر ئوسمان ئاخۇننىڭمۇ روھى چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىنىڭ بۇ قەدەر تەۋەككۇلچىلىك بولىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم ، شۇڭا ئۇنىڭدىن زاپىم قاچتى ۋە ئاچچىقىم كەلدى . چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە قورسىقىم ئېچىپ كەتتى . بۇ قېتىمقى ھەرىكەت داۋامىدا مەن : دائىم يەيدىغان نەرسە ئېلىپ يۈرۈش ، كىتاب ئېلىۋېلىش ، كىيىملەرنى بېلىمگە باغلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك « ئېكسپېدىتسىيە پرىنسىپى » نى ئۆگىنىۋالدىم . بۇ قېتىم كىيمەيدىغان كىيىملەرنى گېيالگېنىنىڭ ئېلىۋېلىشىغا تاپشۇرغانىدىم . ئۇ بولسا ، خۇمزا ، روزابەگلەر بىلەن تاغلار ئىچىدە يوقالدى .

راكىپا ، مەن ، « سۇرا » قونالغۇغا قايتىپ ، قورساقنى بولكا ، ئۇجمە بىلەن ئوبدان تويغۇزدۇق ، ئاندىن ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈردۈم . ئۆيدە مەن يالغۇز ئولتۇرۇشقا ئۆچ ئىدىم . چۈنكى ، تەسەۋۋۇرۇم بويىچە يۈزلىگەن جىن - ئالۋاستىلار بىلەن بىللە بولۇۋاتقاندەك بولاتتىم . ئەمما ، ئۆزۈم يالغۇز جىمجىت كائىنات قوينىدا ئايلىنىشتىن قورقمايتتىم . لېكىن ، ئۇ كۈنى ئاخشىمى خىيالىم ئاجايىپ قاناتلىنىپ كەتتى . كەينىمدىلا ئاياغ تىۋىشى چىققاندەك بىر تۇيغۇ شۇنداق كۈچلۈك بولدىكى ، « ئارايىك » كېلىپ مېنى كاپلا تۇتۇۋالسۇن ، دەپ بىر تاشتا ئولتۇردۇم . بۇنداق خىيالىي تۇيغۇنىڭ ھېچقانداق بىر ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئەمەسلىكىنى ، بۇنداق ۋاقىتتا كۆپلىگەن ئادەملەردە شۇنداق بىر بىۋاستە تەسىرات بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم . لېكىن ، ئۇ كۈنى ئاخشىمى ئاياغ « تىۋىشى » ھەقىقەتەن بار ئىدى .

بىز كەچتە ماشىنا بىلەن جىرادىن چىقىپ ، قۇملۇقتا كېتىۋاتاتتۇق . شۇ چاغ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسى بىزنى ھەيران قالدۇردى . پامىر ئېگىزلىكى ۋە قارلىق تاغلار گويا ئالدىمىزغىلا كېلىپ قالغاندەك ، شۇنچە روشەن ، ئېنىق كۆرۈنەتتى ، قارلىق چوققىلار قالدۇق شەپەق نۇرىدا رەڭدار جۇلالىناتتى . قوتاندەك جىلغىدا ئۇزۇن ۋاقىت قامىلىپ قېلىپ تۇساتتىن ئوچۇقچىلىققا چىقىپ ، تەڭداشسىز كۆركەم مەنزىرىنى كۆرۈش ئادەمگە تولىمۇ ھەيۋەت ۋە ئاجايىپ قالتىس بىلىنىدىكەن .

بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىمىزمۇ مەغلۇپ بولدى . ئارايىك بىلەن ئوسمان ئاخۇن بۇ قېتىم يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا قاراپ ، گۇمبەزسىمان تاغ چوققىسىنى جەنۇب تەرەپتىن تاپالمايدىغانلىقىغا ئىشەندى . شۇڭا ، بىز ئەمدى ھۇجۇمنى شىمالغا قاراتماقچى بولدۇق . ئاپرېلنىڭ باشلىرىدا ، ئاتۇشنىڭ كەينىدىكى بىر جىلغىنى سىناق تەرىقىسىدە رازۋېدكا قىلدۇق . بىز ئۇرۇمچىگە بارىدىغان ئاساسىي تاشيول بىلەن ئون ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن ، بۇرۇلۇپ قۇملۇققا كىردۇق . بۇ ، مەن ماشىنىدا يول يۈرۈپ ھەممىدىن بەك قىينالغان بىر سەپەر بولدى . لېكىن ، بۇ قېتىملىق رازۋېدكا ھەر ھالدا تۆشۈكتاغنى شىمالدىن ئىزدەش پىلانىمىزنىڭ ئىشقا ئېشىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىدى ھەمدە يەنە بۇ مۇمكىنچىلىككە يېتىدىغان يولنىمۇ تېپىۋالدۇق .

14 كۈندىن كېيىن ، بىز ماشىنىنى ھەيدەپ ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يولغا يەنە كەلدۇق . بۇ يولدىن چىقىپ پۈتۈنلەي تاشلىق دەريا قىنىنى بويلاپ توپتوغرا ئىككى سائەت مېڭىپ ، بىر يېزىدىن ئۆتۈپ ، تاش يوق قاتتىق ، ئەمما بەك ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولغا كەلدۇق . مەن قاتتىق چاي- قالدىم ، نەچچە قېتىم بېشىمنى كوزۇپقا ئۇرۇۋالدىم . چۈشتىن كېيىن سائەت بەش يېرىملاردا ، قۇمساڭغۇ تاشلاردىن ھاسىل بولغان ئېگىز بىر قىيا ئاستىغا كەلدۇق . بۇ يەر ياپيېشىل ئوتلۇق ئىكەن . بىز توختاپ ، شۇ يەردە بىر كېچە قوندۇق .

ئەتىسى ، بىز سەھەر يولغا چىقىپ ، قۇرۇپ قالغان دەريا بويلاپ تۆشۈكتاغ تىزمىلىرىنىڭ ھەرە چىشىدەك تاغ كۆلەڭگىسىگە قاراپ يۈ- رۈپ كەتتۇق . تاغنى توپا ـ تۇمان قاپلىغانىدى . كېيىن قىرغىزلار ئول- تۇراقلاشقان بىر جايدا يول سورىماقچى بولۇپ توختىدۇق . خېلى ئۇزاق ساقلىغاندىن كېيىن ، بىر بوۋاي كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى . چىرايى- دىن ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇراتتى . بىز ئۇلارنىڭ بىزنى يەنە رۇسىيىلىك دەپ قالغانلىقىنى ، ياشراقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق . بۇنداق بولۇشى ، رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئۆز- لىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ، تېخى يېڭىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشتەك

ئۇلارنىڭ ئېسىدە ئىكەن ، شۇڭا بىزنى ئۇلارنى مەجبۇرىي يوسۇندا ئەس-
كەرلىككە تۇتقىلى كەلگەنلەر ، دەپ قاپتۇ . بىز بۇ يەرگە كۆڭۈل ئاچقىلى
كەلگەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ، بوۋاينىڭ كۆڭلى ئارامىغا
چۈشتى . لېكىن ، تاغنىڭ بۇ تەرىپىدىن گۈمبەزسىمان چوققا كۆرۈنمە-
گەچكە ، بوۋاي بۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمەيدىكەن .

بىز تاغ جىلغىسىنى بويلاپ ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىلاپ بىر پەس
ماڭغاندىن كېيىن ، جىلغىدىن چىقىپ سولغا بۇرۇلدۇق . ئالدىمىزنى قاتار
كەتكەن تاغلار توستى ، مۇشۇ كىچىك تاغلارغا كىرىدىغان بىر جىلغىنى
بايقاپ ، يەنە بىر قېتىم سولغا بۇرۇلۇپ جىلغىغا كىرسەك ، جىلغا تارلاپ
كېتىپ توختاشقا مەجبۇر بولدۇق . يولنى توسقان يۇمشاق توپىلارنى
ئىككى ياققا ئىتتىرىپ ، ماشىنىنى ئاران ئۆتكۈزدۇق . جىلغا پاكارراق ،
قوڭۇر رەڭلىك بىر دۆڭلۈكتە يوقالدى . ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا
توختاپ ، توختىغان جايىمىزغىلا قونالغۇ تىكتۇق .

ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ تاكى بىز بارىدىغان تاغ تىزمىلىرى ئې-
نىق كۆرۈنگەنگە قەدەر توختىماي ماڭدۇق . بۇ يەردە ھېلىقى تاغ تىزمى-
لىرىغا ھېچقانداق جاپا تارتمايلا بارغىلى بولىدىغان كەڭ ، تۈز جىرا بار
ئىدى . بۇ يەردىمۇ گۈمبەزسىمان تاغنى كۆرەلمىدۇق ، ئەمما بۇ تاغ تىز-
مىلىرىدىكى مۇنار قورغان شەكىللىك تاغلارنى خېلى پىششىق بىلىۋالغان
ھەمدە ئاساسىي تاغنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن ئايلىنىپ ماڭىدىغانلىقىمىزنى
ئۇقۇۋالغاچقا ، تاغ ئوتتۇرىسىغا بارىدىغان ھەممىدىن كەڭ جىرا بىلەن
تاشلىق ، ئەمما تۈز يولدا ئالغا ئىلگىرىلىدۇق . تاغ تىزمىلىرىنىڭ بۇ تە-
رىپى يوغان تاشلاردىن ھاسىل بولغان بولۇپ ، شەكلى غەلىتە ۋە قوپال ،
قاتتىق ئىدى . بەزى جايلىرى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشايتتى . توساتتىن
جىرا ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى . قايسى تەرەپكە مې-
ڭىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق . ئارايىك سەل كەڭرەك كۆرۈنگەن سول
تەرەپنى تاللىدى .

ھېچقانچە ماڭمايلا ، بۇ جىرامۇ تويۇقسىز تارىيىپ قاپقاراڭغۇ بىر
يولغا ئۆزگىرىپ قالدى ، نەم قىيا تېمى ئالدىمىزنى توستى . بىز بۇ تام-

دىن ئاسانلا ئۆتتۇق . « سۇرا » نى باشقىلار ئىتتىرىپ ئۆتكۈزدى . بۇ-گۈنكى بۇ پىيادە ئېكسپېدىتسىيىمىزدە ، بۇ ئىتنىڭ كۆپرەك ۋاقتى گەندە ئىزدەش ۋە يېيىش بىلەن ئۆتكەن ، بۇ سەۋەبلىك تاياق يېگەن بولسى-مۇ ، بىز بىلەن كەلگىنىدىن خۇشال ئىدى . سەللا كەينىمىزدە قالسا ، نارازىلىق بىلدۈرگەندەك قاۋاپ كېتەتتى .

بۇ يەرگە كەلگەندە يولمۇ يوق ئىدى ، شۇنداقتىمۇ جىرانى بويلاپ مېڭىۋەردۇق . ھەر بىر ئەگمىگە كەلگەندە ، تىك قىياغا توسۇلۇپ قالمى-غاندۇق ، دەپ دەككە - دۈككە بولاتتۇق . كېيىن ئۈچ توساققا ئۇچرى-دۇق ، ئەمما ئانچە قىينالماي ئۆتۈۋالدۇق . بۇنىڭ ئىچىدە بىرى 11 ئىنگلىز چىسى كېلىدىكەن ، مەنلا باشقىلارغا تايىنىپ ئۆتتۈم ، باشقىلار ئۆزى ئۆتتى . ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئوت - چۆپ ، دەل - دەرەخلەر ئۆسۈپ كەت-كەن بىر جىلغىغا كەلدۇق . تېخى كىچىكرەك قارىغايلارمۇ بار ئىكەن . بۇنداق چۆل ، قاقاس جايدا بۇنچە كۆپ دەرەخ ، ئوت - چۆپ بولارنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدۇق . يەرلىك ئادەملەر بۇ يەردە مۇشۇنداق بىر ئاجا-يىپ ۋە سىرلىق مېۋىلىك باغ بولغانىكەن ، دەپ رىۋايەت قىلىشاتتى . شۇڭا ، بىز شۇ مېۋىلىك باغ مۇشۇ كىچىككىنە ، ئەمما ئاجايىپ ئۆزگىچە تاغ تىزمىلىرى ئىچىدە بولغانمىكىن ، دېگەندەك بولمىغۇر خىياللارنىمۇ قىلدۇق .

بۇ يېشىللىقنىڭ ئۇ چېتىدە ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر يارغا ئۇچ-رىدۇق ، ياردىن ئاۋۋال مېنى ئۆتكۈزۈشتى ، ئاندىن ئۆزلىرى ئۆتۈشتى . يارنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ جىلغىسى بارغانسېرى تارلىشىپ ، ئاخىر خە-تەرلىك ، تاشلىق ، ئەگرى - بۈگرى ، سول تەرەپكىرەك بۇرۇلغان دەريا يولىغا ئۆزگەردى . ئىككى تەرىپىمىز ۋە ئالدىمىز بىر - بىرىدىن ئېگىز ، خەتەرلىك تاغ ۋە چوققا ئىدى ، ئالدى تەرىپىمىزدىكى ئېگىز تاغنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە قار كۆرۈنۈپ تۇراتتى . دېڭىز يۈزىدىن مۇنداق پەس جايدا قارنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم . ئارايىك ماڭا يېتىشىۋالدى . ئۇنىڭ ئىنكاسى مېنىڭدىن كۆپ تېز ئىدى . ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ ، بىر ئۆزۈن نەپەس ئېلىۋەتتى - دە ، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردىكى « قار » نى ماڭا

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتتى ، ھەيرانلىقتىن ئاغزىمنى ئېچىپ قالدىم ، تۇساتتىن كۆرگەن-لىرىمنىڭ باشقا نەرسە ئەمەس ، كۆك ئاسمان ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە بىر-دىنلا ھاياجانلىنىپ يۈگۈرۈپ كەتتىم . چۈنكى جىرانىڭ ئايىغىدىكى تاغ ئۈستىدە ھېلىقى گۈمبەزسىمان تاغ پەيدا بولغانىدى !

مەن ھاياجاندىن ئۆزۈمنى تۇتالماي قۇرۇق دەريا ئىچىدە سەكرەپ ـ تولاپ يۈگۈرمىدە ، ئارايىك ، بۇ بىز ئىزدەۋاتقان گۈمبەز-سىمان تاغ ئەمەس ، چۈنكى بۇ تاغ بەك كىچىك تۇرىدۇ ، دېدى . ئايە-غىمىز ئاستىدىكى تاغ جىنسلىرى ناھايىتى تىك ۋە گىياھلار بىلەن تول-غان يانتۇلۇقتا تۇتىشاتتى . بۇ يانتۇلۇق گۈمبەزسىمان تاغ ئاستىغىچە باراتتى . بىز بۇ يانتۇلۇقنىڭ ئۈستىگە چىققاندا ، ئۆزىمىزنىڭ گۈمبەزسى-مان تاغنىڭ غايەت زور گۈمبەز ھالقىسىدا تۇرۇپ ، ئالدىمىزغا نەزەر سې-لىۋاتقانلىقىمىزنى بايقىدۇق . بۇ گۈمبەزنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى يۇملاق بولۇپ ، كۆك قەرىگە كىرىپلا كەتكەنىدى . ئەمما ، ئىككى تەرىپىدىكى تاغ پەسكە سوزۇلۇپ ، چوڭقۇرلۇقنى بىلىپ بولمايدىغان تار سايغا چۈشكەن ، بۇ يەردە ئادەم گويا غايەت يوغان بىر دېرىزىگە يېقىن بىر سۇپىدا تۇرغاندەك بولاتتى . بۇ « دېرىزە » گە كەينىدىكى بارلىق تاغ مەنزىرىسى سىغقانىدى ، گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكىنى ئېنىق ھېسابلاپ چى-قىش زادىلا مۇمكىن بولمىسىمۇ ، ھازىر ئۇ شۇ قەدەر يوغان ، بوي-ئېگىزلىكى بىلەن پۈتۈن مەنزىرىسىنى ئوچۇق نامايان قىلىپ ئالدىمىزدا تۇرماقتا ئىدى . ئارايىكمۇ بۇنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ھېلىقى ئاسمان گۈمبىزى-نىڭ ، يەنى بىز يىراقتىن كۆرگەن ، شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۇرغۇن جاپا تارتىپ ئىزدىگەن ھېلىقى گۈمبەزسىمان تاغ ئىكەنلىكىنى تەن ئالدى .

گۈمبەزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ خۇددى ئادەملەر تۈجۈپلەپ ياساپ ، تاراشلىغاندەك سىلىق ، پاكىز ، تۆت ئەتراپى يۇملاق ، قۇرۇل-مىسى ئىنتايىن كۆركەم ئىدى . گۈمبەزنىڭ ئاستى قاپقاراڭغۇ ھاڭغا كى-رىپ كەتكەنلىكتىن كۆرگىلى بولمايتتى . شۇنداقتىمۇ ، بۇ ئەتراپنى بىز جەنۇب تەرەپتىن نېمىشقا كۆرەلمىگەنلىكىمىزنى چۈشەندۇق . بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى ، تۆۋەندىكى كۆز يەتكۈسىز تار سايىنىڭ ئايىغىنى ناھايىتى

يوغان ۋە مۇستەھكەم بىر تاغ توسۇۋالغان ، چوڭقۇر ئىچكىرىلەپ كىر-گەن بەزى ۋادىلارلا بۇ تاغدىن سوزۇلۇپ چىققان بولسىمۇ ، چوڭقۇر ئىچكىرىلەپ كىرگەن ۋادىلارنى تېشىپ چىقالمىغان . شىمال تەرەپنىڭ يەر شەكلىدىكى يانتۇلۇق سەۋەبلىك ، بۇ تەرەپتىن يېقىنلىشىش نىسبە-تەن ئوڭاي بولغان . بىزنىڭ شۇنچە نۇرغۇن يول ئىچىدىن تاللىۋالغان بۇ ئەڭ ياخشى يولنىڭ بىزنى بىراقلا كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلغان يەرگە بىۋاسىتە باشلاپ كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە ئىدى .

بىز گۇمبەزسىمان تاغ چوققىسىدا بىر كۈن تۇرۇپ ، غەلىتە شاد-لىقنىڭ پەيزىنى بەھۇزۇر سۈردۇق . نۇرغۇن سۈرەت تارتتۇق . ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئايلاندۇق ، ئاندىن چۈشلۈك تاماق يېدۇق . گۇمبەزسىمان چوققا ئادەمدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇر-دىغان بىر تەبىئەت ھادىسىسى ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرە بولۇپ ، بىزنىڭ جاپا تارتىپ شۇنداق تەقەززا بىلەن ئىزدىنىشىمىز ئۇنىڭغا باش-قىچە ھۆسن قوشقانىدى . بىزدىن ئىلگىرى بۇ يەرگە ئادەملەر كەلگەن بولغىيمىدى ؟ بەلكىم مەلۇم ساندىكى ئوۋچىلار كەلگەندۇ ، ئەمما بىز بەك ئېگىز ۋە تىك تاغلارغا چىقتۇق . چارۋىچىلار ماللىرىنى ھەيدەپ بۇنداق ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ، شۇنداقلا بىز بۇ جاينى ، بۇ چوققىنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغان بىرەر يەرلىك ئادەمنى ئۇچراتمىدۇق . بۇ مەخپىي تاغ ۋادىسىغا بىرىنچى بولۇپ ئاياغ باسقان ئادەم بىز ، دەيدىغان تۇيغۇدىن شادلاندۇق . چۈنكى ، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنى ھېچقانداق يولباشلىغۇچىنىڭ ياردىمىگە تايانماي ئۆزىمىز تاپ-تۇق ـ تە .

بىز كېيىن ، باش كونسۇلخانا دوختۇرىغا ئۆز كەشپىياتىمىزنى نا-مايان قىلىش مەقسىتىدە ، گۇمبەزسىمان چوققىغا يەنە بىر نۆۋەت كەل-دۇق . ئۇمۇ بورانلىق بىر ھەپتە ئاخىرى ئىدى . يولدا تېخى بىر نەچچە رەت شارقىراپ ياغقان ئوتتۇرا ھال يامغۇرغىمۇ ئۇچرىدۇق . شۇنىڭغىچە مەن يامغۇر دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇپ قالاي دېگەنىدىم . بۇنداق بو-لۇشى قەشقەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ، مەن سالقىن ، ساپ ، نەم ، ھاۋا

دېگەننى ھېچقانچە چوڭ بىلمەيتتىم ، ئەمما قەشقەرگە كەلگەنىدىن كېيىن ، بىر يىلدا ئاران بىر نەچچە قېتىم ، ئازراقلا ياغىدىغان يامغۇرنى كۆرۈپ بۇ ھېسسىياتىم ئۆزگەرگەنىدى .

بىز گۇمبەزسىمان تاغقا يېقىن جايدا شەنبىنى ئۆتكۈزگەنىدۇق ؛ يەكشەنبە كۈنى ئاساسىي تاغ تىزمىسىدىكى بىر تاغ ۋادىسىدا ئىزدىنىپ بېقىش قارارىغا كەلدۇق . ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق ، بوراندىن كېيىنكى ھاۋا گويا يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلغاندەك ساپ ۋە سۈزۈك ئىدى . بىز يەڭگىل قەدەملەر بىلەن ھېچقانداق يار ، قىيا دېگەندەك يەر شەكلىنىڭ توسالغۇسىغىمۇ ئۇچرىماي ، ئوتلۇق بىر يانتۇلۇققا كەلدۇق . ئۇشتۇمتۇت مىل خۇمزا بىر ئۆچكىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، قارىغا ئالدى . باشقىلار نەپەسنى ئىچىگە يۇتۇپ ، يانتۇلۇققا پەم بىلەن ياماشتى ، ھەممىسىنىڭ ئۆچكىنى كۆرگۈسى كېلەتتى ، ئەمما ئۇ ئۆچكە ئېگىز قىيانىڭ ئارىلىقىغا كىرىۋالدى . بۇ يەردە ئادەمنى مەپتۇن قىلغۇدەك مەنزىرىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى . بۇ يەردە پەقەت ناھايىتى چوڭقۇر ، قاراڭغۇ بىر جىلغا بۇرۇلۇپ جەنۇبقا كەتكەنىدى . ئۇنىڭ قاراڭغۇ ، تار 7 شەكىللىك ئېغىزىدىن پامىر ئېگىزلىكىنىڭ كىچىككىنىلا بىر يېرى كۆرۈنەتتى . پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى كۆرىمىز دەيدىكەنمىز ، باش ئۇستىمىزدىكى تاغقا چىقىشىمىزغا توغرا كېلەتتى . ئۇنىڭغا ئىككىلا يول بىلەن چىققىلى بولاتتى : بىرى ، تاغقا تۇتاش قىيانىڭ ئايلانما چىغىر يولى ؛ يەنە بىرى ، قىيانىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىن چىقىدىغان يول ئىدى . ئارايك كېيىنكى يولدا مېڭىشنى تەكلىپ قىلدى ، چۈنكى بۇنداق بولغاندا ، مېنى ئازراق يول ماڭسۇن دەپ ، ئۇلار ئارغامچا بىلەن تارتىۋالسا بولاتتى ھەمدە تاغقا چىقىدىغاندا ئارغامچىمۇ ئىشلىتىلگەنىدۇق . ئارايك بىلەن گېيالگېن مېنى ئارغامچا بىلەن باغلاۋاتقاندا ، بەكلا تىرىكىپ كەتتىم .

ئارايك 12 ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا تاغقا چىقىپ ئۆگەنگەنىكەن ، ئەمما مەن بۇرۇن تاغقا چىقىپ باقمىغان ، كۆپ بولغاندىمۇ تاغ باغرىدا مېڭىپ يۈرگەنىدىم . تاغلىق رايونلارغا بېرىشنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان ،

تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھاياجانلانغان بولساممۇ ، تاغنىڭ تىك جايلىرىنى كۆرسەملا تېنىم شۈركۈنەتتى . شۇ سەۋەبتىن ، ئىلگىرى قاتتىقراق تەلەپ بىلەن ئېيتقاندا « تاغقا چىقىش » دېگەن گەپنى نومۇسقا قويىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلمەنغۇ ، دېگەننى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم . ئەلۋەتتە ، تاغقا چىققۇچىلارنىڭ تېخنىكىسى ۋە ماھارىتى ئوخشىمىغانلىقتىن ، تاغقا چىقىشنىڭ قىيىنلىقىمۇ نىسبىي بولىدۇ . مەن كىشىلەردە ، ئۆزىنىڭ بولۇمسىزلىقىنى تاغقا چىققۇچىلارنىڭ « قىيىنچىلىق » سۆزىنى چۈشىنىشى بويىچە ئاقلاۋاتىدۇ ، دېگەن تەسىرات پەيدا قىلغۇم يوق . شۇ چاغدا بىز ھەقىقەتەن تاپتاقىر ، ئېگىز قىياغا دۇچ كەلگەنىدۇق ، ئەگەر سەللا تېيىلىپ كەتسەك ، تېگىگە كۆز يەتمەيدىغان چوڭقۇر تار سايغا چۈشۈپ كېتەتتۇق . چۈنكى ، تاغ جىنسلىرى ناھايىتى چىڭ ، قاتتىق تۇتىدىغان ۋە دەسسىگىلى بولىدىغان جايلىرىمۇ كۆپ ئىكەن . تاغقا چىققۇچىلارنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا ، بۇ « ئاسان چىققىلى بولىدىغان » قىيا بولسىمۇ ، مەن بەك قورقۇنچاق بولغاچقا ، بۇ گەپ ماڭا تەسەللىي بولالمايتتى . بۇ قىياغا مەن ، ئارايىكنىڭ مەنتىقىلىق كاپالىتى بىلەن ئەمەس ، بەلكى گېيالگېننىڭ مۇلايىم ھەمدە كۆڭۈلنى تىندۇرىغان رىغبىتى بىلەن چىقتىم دېسەم بولىدۇ . ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا ، ئارايىك ئىككىمىز تاغقا چىقىشنىڭ قىيىنلىقى ئۈستىدە دائىم تالىشىپ قالاتتۇق . مەندە مەلۇم دەرىجىدە ئېگىزلىكتىن قورقۇش كېسىلى بولغانلىقتىن ، مەن بىلەن تاغلىق رايونلارغا بارىدىغان ھەربىر ئادەم بىلەن پىششىق تونۇشمىسام بولمايتتى . تاغقا چىققۇچىلار پۇت ـ قولىنى قانداق باشقۇرۇش ، تاغقا چىققۇچە ئارغامچىنى قانداق ئىشلىتىشكە ئوخشاش تېخنىكا ۋە ماھارەتلەرنى ئىگىلىگەن بولغاچقا ، ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدۇ ، لېكىن ئۇلار روھىي كەيپىياتنى قانداق تۇتۇشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك . ئارايىك مەندىن ئۆزى ناھايىتى خەتەرلىك ۋە قىيىن ، دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلمىسىمۇ ، چىقىش ئاسان ۋە مۇتلەق بىخەتەر ، دەپ بىلگەن چوققىلارغا چىقىپ بېقىشقا قىستايتتى ھەمدە ئۇ بۇنداق قىلىش توغرا ، دەپ قارايتتىم . مېنىڭ ئەمەلىيەت ئارقىلىق تاغقا ، قىياغا چىـ

قىشنى ، سەۋەبسىزلا قورقىدىغان ئەيىبىمنى يوقىتىشنى ئۆگىنىۋالالايدىغانـ
لىقىمغا ئىشىنەتتى . ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ، ئىلگىرى ئىككىمىز ئات مىنىش
ئىشىدا تالاش ـ تارتىش قىلغانلىغا ئوخشاش ، مەن ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن
ئىش قىلىشىمنىڭ ، ئۇنىڭ ۋەدە ـ كاپالەتلىرىگە ئىشىنىشىمنىڭ بەكمۇ
قىيىن ئىكەنلىكىنى سېزەتتىم . لېكىن ، مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا ، بۇ قېتىم
تاغقا چىققاندا ئالغان ھاسىلاتىم بۇرۇنقىدىن كۆپ بولدى ، شۇڭا مەنمۇ
قورقۇنچاقلىقىمنى يېڭىشقا تىرىشتىم . بۇ يەردە كۆپچىلىككە قورقۇنچاقلىـ
قىمنى تونۇشتۇرۇشتىن كۆڭلۈم يېرىم ، لېكىن مەن پەقەت « بەك قىيىندا
چىقىش » دېگەننىڭ مېنىڭ تاغقا چىقىش سەۋىيەمدىكى گەپ ئىكەنلىـ
كىنى چۈشەندۈرمەكچى ، خالاس .

بىرىنچى قېتىم « چىقىش » ئەجرىمنىڭ مېۋىسى ناھايىتى مول
بولدى . يار ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن ، شىمال ۋە جەنۇبقا نەزەر سالـ
دىم ، ئاجايىپ ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك تاغلار، چوققىلار نۇرلۇق ئاسمان بىـ
لەن بوي تالىشىپ بۆلەكچە يارقىن تۈس ئالغان ؛ پاكارراق چوققىلاردىكى
كۆكۈچ رەڭدىكى تاغ يېرىقچىلىرى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىدىنمۇ پاكار
قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدىكى دۆڭلۈكلەرگە سىڭىپ كەتكەن . ئىككى تەرە-
پىمىزدىكى تۈپتۈز قۇملۇق ۋە كەڭ دەريا قىنى بىز تۇرغان تاغ تىزمىلـ
رىغا قەدەر سوزۇلغان . ئەتراپىمىزدىكى تاغلارنىڭ شەكلى مۇرەككەپ ۋە
ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىدى . بۇ تاغلار يەردىن بىراقلا ئۆسۈپ چىققاندەك
تىككىدە ،ياكى ناھايىتى نەپىس ياسالغان مۇناردەك ، ياكى غايەت زور
تاشلارنى دەستىلەپ چىقارغان جازىدەك ، ۋە ياكى مىسىردىكى ئەلئېھرامـ
دەك كۆرۈنۈشتە ئىدى ، شۇنداقلا ئاجايىپ چوڭ جىرالار ئارقىلىق بىر ـ
بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنىدى . بىز تۇرغان يەردىن پەسكە قارىسا ، باش قېـ
يىپ تەنلەر شۈركۈنەتتى . بىر تاشنى تاشلىسام ، توققۇز سېكۇنتتا ئاندىن
جىرا تېگىگە چۈشتى .

بۇ تاغدىن چۈشۈپ قونالغۇغا قايتىش خىيالىمغا كېلىۋىدى ، بۇ
گۈزەل ئۆزگىچە مەنزىرىدىن زوق ئالغان كۆڭلۈم سەل خىرەلەشتى .
مەن چۆرگىلەپ چۈشىدىغان چىغىر يولنى تاللىدىم . مېنى تېپىلىپ يە-

قىلىپ كەتمىسۇن ، دەپ ئارغامچىدا بېلىمنى باغلاپ ، ئىككى ئادەم ئال-
دىمدا يول باشلاپ ماڭدى . مەن ئولتۇرۇپ دېگۈدەك ئاۋايلاپ سىرىلىپ
خېلى ئاسان چۈشۈنۈۋالدىم ، شۇڭا ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىم ۋە بىكارلا
ئەندىشە قىلغانلىقىمغا پۇشايمان يېدىم .

ئىزدىمەكچى بولغان گۈمبەزسىمان تاغنى تېپىۋالغاندىن كېيىن ،
قىلىدىغان ئىشىمىز قالمىغاندەك بىر تۇيغۇدا بولۇپ ، ئۇنى ئىزدەش داۋا-
مىدىكى قىزغىنلىق ۋە جۇشقۇنلۇقىمىزدىن مەھرۇم بولغىنىمىزدىن ئەپ-
سۇسلاندۇق . ئەمما ، ئوسمان ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ دوستى مۇشۇ تاغلارنىڭ
مەلۇم بىر ناھايىتىمۇ گۈزەل بىر يېرىدە چىرايلىق بىر مېۋىلىك بار ئىكەن ،
دەپ سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە ، بىزدە يەنە تۆشۈكتاغنى ئوبدانراق تەك-
شۈرۈپ بېقىش ئىستىكىنى پەيدا قىلدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، جەننەت
كەبى بۇ جاينى قەلبى پاك ئادەملەرلا تاپالايدىكەن . مېۋىلىك باغنىڭ ئې-
غىر دەرۋازىسى نىيىتى يامان ، ئەسكى ئادەملەرنىڭ يولىنى توسۇۋالىدى-
كەن . بىز ئۆزىمىزنى قەلبى پاك ئادەملەر ، دەپ ھېسابلاپ ، مىڭيولغا بې-
رىپ ئوسمان ئاخۇننى ھېلىقى مېۋىلىك باغنى تېپىشقا يول باشلاپ بې-
رىشكە تەكلىپ قىلماقچى بولدۇق . ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭغا گۈمبەزسىمان ھې-
لىقى چوققىنى تاپقانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرىشكىمۇ تەقەززا ئىدۇق .

ئوسمان ئاخۇنغا شىمالدا ئۇدۇل گۈمبەزسىمان چوققىغا ئاپىرىدى-
غان بىر يول بارلىقىنى ئېيتتۇق ، لېكىن بىز دېگەن گەپلەر ئۇنىڭغا قىلچە
تەسىر قىلمىدى ، ھېچقانداق ئېپادىمۇ بىلدۈرمىدى . بىزنىڭ گەپلىرىمىز-
نىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىدىمۇ ـ قانداق ، دەپ ئويلاپ قالدىم . بىراق ئۇ بىز
بىلەن ھېلىقى مېۋىلىك باغنى ئىزدەپ بېقىشقا ماقۇل بولدى . بىز ئالدى-
قىغا ئوخشاش ، ماشىنا بىلەن ئۇدۇل ئاساسىي تار سايغا باردۇق ، ئاندىن
يۈرۈپ ، ئۆتكەندە مەن ئايلىنىپ يۈرگەن جىراغا باردۇق . چېدىرنى
تىكىپ بولۇپلا سۇ ئىزدىدۇق . چېدىر ئەتراپىدىكى بىرەر سائەتلىك ئارى-
لىقتىن سۇ تاپالمىدۇق . نائىلاج ئۆزىمىز ئېلىپ كەلگەن ، بېنزىن پۇراي-
دىغان سۇنى ئىچتۇق .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، سەككىز كىشى يولغا چىقتۇق . راكپا ئىل-

گىرى ناھايىتى بەك جاپا تارتىپ ۋە ھېرىپ ـ چارچاپ جەنۇبىي تەرەپتىن ئىككى يول تاپقانىدى . بىز قەشقەرگە يېڭى كەلگەن چاغدا، ئۇ بىزگە ، ئىلگىرى مەن « ھايۋان » ئىدىم ، ئەمدى ئادەم بولدۇم ، دېگەنىدى . ئۇ جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشقانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسلىقى روھىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلگەنىدۇق ، شۇڭا ئۇنىڭ ئورنىغا يۆسۈپنى قويدۇق . بۇ قېتىم ناھايىتىمۇ ئالاھىدە بىر سەۋەب بىلەن ئېكسپېدىتسىيىمىزگە باش كونسۇلخانىنىڭ كىيىم تىككۈچىسىمۇ قاتناشتى . بىز سىرتلارغا چىققاندا ، گېيالگېن دائىم تاماق ئېتىش ۋە باشقا ئىشلارغا ياردەملىشىدۇ ، دەپ روزا بەگنى ئېلىۋېلىشتا چىڭ تۇرۇۋالاتتى . باش كونسۇلخانىدا ئىشلىگەندىن بېرى گېيالگېن ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان ، ئۆزىنىڭ ئۇنى ـ بۇنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى ، كۆكتات ئالاۋاتقانلىقىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . روزابەگ شەھەردە چوڭ بولغان بىلەن ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا ناھايىتىمۇ چاققان ، تېتىك ، قابىللىقىنى ئىپادىلەيتتى . بىز بىلەن بىللە بېرىشتىن خۇشال بولاتتى . بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيە روھىمىزنى ئوبدان چۈشىنەتتى ۋە بۇ ئىشىمىزغا جان ـ دىلى بىلەن ئىشلەيتتى . بەك چېچەن ، ئەقىللىق بولسىمۇ ، بەجانىدىل ئىشلەيتتى ، خىزمەتكار بۇيرۇغان ئىشلارنىمۇ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قىلاتتى . چىقىش قىيىن چوققىلارغا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ ھاپىلا ـ شاپىلا چىقىۋالاتتى ، ئەمما چۈشەلمەيتتى . بۇنداق چاغلاردا ، گېيالگېن ئۆپكىسى يوق ، ئەخمەق ، دەپ تىللاپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ تاغدىن چۈشۈشىگە ياردەملىشەتتى . سېپىمىزگە مىل خوجا ، ئوسمان ئاخۇنلار قوشۇلغاندىن كېيىن ، بىز ئەتىگەن سائەت يەتتە يېرىملاردا يولغا چىقتۇق .

ئوسمان ئاخۇن رىۋايەتتە ئېيتىلغان باغ ھەققىدە نېمىنى ئويلىدى ، بۇ باغ زادى بارمۇ ياكى يوقمۇ ، بىلمىدىم . ئەمما ، ئۇ كۆڭلى بىزگە سىلەرنى باشلاپ بارىدىغان جاي سىلەر ئىزدىمەكچى بولغان مېۋىلىك باغ شۇ ، ئۇ يەردە يوغان بىر كۆل بار ، تۆت ئەتراپى دەرەخلىك ، يەنە ئوت ـ چۆپ ۋە ھەر خىل گۈل ـ گىياھلار بار ، دېدى . ئۇنىڭ گېپىدىن

گـۇمانلانغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن تار ساي بىلەن يۇقىرىغا ماڭ-
دۇق. ئۇزۇن ماڭمايلا، بۇ يولنىڭ ئۆتكەندە بىز ماڭغان يوللاردىن جا-
پـالىقراق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن قورام تاشلار
پـات ـ پات ئۇچراپ تۇردى. ئۇلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈش ئاسانغا چۈش-
مەيتتى. بىر قېتىم مەن كەينىمدىن بىرى ئىتتىرىپ، ئالدىمدىن بىرى
سۆرەپ ئاران ماڭدىم. ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا، مېنى بۇ قىيىن يوللاردىن
گېيالگېن ئۆتكۈزدى. ماشىنىچىمۇ ئاز ـ تولا ئاۋارىچىلىككە يولۇقتى،
ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشامەتكۈي تەبەسسۇم ئۆچتى. مەن، ئۇ بىز بىلەن
چـىقىپ بۇ جاپالارنى تارتىۋاتقانلىقىمدىن پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ، دەپ
ئويلاپ قالدىم. بۇ يول «سۇرا» غىمۇ ئېغىر كەلدى، بۇ ئۇنىڭ سەۋەن-
لىكى ئەمەس ئىدى، ئۇنى ئېلىپ كەلگەندىكىن، ھالىدىن خەۋەر ئالما-
ساق بولمايتتى. «سۇرا» ئۇ قاۋاپلا ماڭاتتى، بەزىدە قىيا تۆۋەدە يالغۇز
قـېپقالاتتى، بەزىدە ئۇنى ئۇنتۇپ قالاتتۇق، كەينىدىن روزا بەگنى ئەۋە-
تىپ تاپتۇرۇپ كېلەتتۇق. ھالبۇكى، ئىتمۇ بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيمىزگە
قاتنىششقا بەل باغلىغاندەك ناھايىتىمۇ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، بىزنى
ھەيران قالدۇردى.

بىز بىردەم قورام تاشلارنى ئايلىنىپ، بىردەم تۇپتۇز ساي ئاستى
بىلەن مېڭىپ بىر جايغا كەلدۇق. بۇ يەردىن ئۆتكىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ
مەن ئۆتەلمەيمەن، دەپ ئويلاپ تۇرسام، ئاستى تەرەپتە خېلى چوڭ
تۆشۈك بار ئىكەن. مۇشۇ يەردىن ئۆتسەملا ھېلىقى كۆلنى كۆرىمەنغۇ،
دېـگەن ئۈمىد بىلەن ئۆتتۈم ـ دە، كەڭ بىر سايغا چىقتىم. ئالدى تە-
رەپتە چاتقاللار، خېلىلا ئېگىز دەرەخلەر بار ئىدى. بىزگە سېھرىي دۇن-
ياغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھېلىقى مېۋىلىك باغ مۇشۇ ئەتراپتا باردەك بى-
لىندى.

ساينىڭ تېگىدە كېتىۋاتاتتۇق، ئۇشتۇمتۇت ئوسمان ئاخۇن نا-
ھايىتى چوڭ، ساينىڭ چىقىش ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىۋالغان شارقىراتما
كەبى تاش تامدىن نېرى بولۇش ئۈچۈن، قىيانىڭ يانباغرى بىلەن يۇ-
قـىرىغا ئېلىپ چىقتى. يول بەك خەتەرلىك بولغاچقا، ماشىنىچى بىلەن

ئىككىمىزنى بېلىمىزدىن باغلاپ ، ئارغامچىنى گېيالگېن ئارتىپ ماڭدى . ئۇنىڭ مەقسىتى بىزگە روھىي جەھەتتىن مەدەت بېرىش ئىدى . مەن بىللە باغلىنىدىغان ھەمراھ تېپىلغانلىقىدىن ، بۇ ھەمراھنىڭ مەندىن بەكرەك ئالاقزادە بولغانلىقىدىن خۇشال ئىدىم . بىز گۈمبەزسىمان تاغقا بارغۇچە ئۇچرىغاندەك بىرقانچە تاش تامدىن ئۆتتۇق . ئەڭ ئاخىرقى تاش تامدىن ئۆتكۈچە قانداق قىينالغانلىقىمنى ئېيتمايلا قوياي ، ئىشقىلىپ مېنى جىق نەس باستى . تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ، يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتـ سام ، يۇقىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن بىر تارام سۇ ئۈستىبېشىمنى ھۆل قىلىۋەتتى . بالا كەلسە قوش كەپتۇ ، دېگەن شۇدە !

بۇنچە جاپالار بىلەن شۇنچە يىراققا كەلگەندىكىن ، ھېلىقى كۆل بويىغىچە بېرىشقا بەلنى مەھكەم باغلىدىم . لېكىن ، ئىچىمدە بىرەر ئەـ گىمدە بىزنى ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر نەرسە ئۇچراپ قېلىشىنى تىلىـ دىم . كـارىدۇردەك تار ساينىڭ بۇ بېشىغا چىقساق ، تاغنىڭ تىك ياناـ باغرى ئۇچرىدى . بىز ناھايىتى كۈچىنىپ يانباغرىنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق . تۆۋەنگە باقساق ، ئاستىمىز كىچىككىنە خىلۋەت جىرا بولۇپ ، ياپيېشىل جىرا بەئەينى چىمەنزارغا ئوخشايتتى . بىز ھاياجان ۋە خۇشاللىقتىن ھېچنېمىگە قارىماي تۆۋەنگە يۇگۈرۈپ چۈشتۇق .

ھـېلىقى مەشھۇر كۆل ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى . چۈنكى ، ئۇ قۇرۇپ ، كىچىككىنە كۆلچەككە ئايلانغان بولۇپ ، ئازراقلا لاي سۇ تۇراتتى . جىرا ئېگىز تاغ ـ چوققىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى . تاغ چوققىلارنىڭ ئۈستى تاقىر ، گىياھ يوق بولسىمۇ ، جىرا يېشىل كىمـ خاپتەك چاتقال ، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن بېزەلگەن ، تېخى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەننىدى . قاقاس چۆل ۋە تاغ ـ جىرالارنى ئايـلىنىپ كېلىپ ، بۇ يەردە بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز يايراپ كەتتى . بىز سۇ بويىدا ياتتۇق ، تاماق يەپ ، مۈگدەپ ئۇزۇن ياتتۇق ، زادىلا تۇرغۇمىز كەلمىدى .

جـىرا بويلاپ كېتىۋېتىپ ، كۆتۈلمىگەندە بىرتوپ قوي پادىسىنى كۆردۇق . بۇ قويلارنى بايا بىز مېڭىپ ئۆتكەن يوللاردىن قانداق ئۆتـ

كۆزگەندۇ ، دەپ ئەقلىم ھەيران بولدى . چۈنكى ، شىمال تەرەپتە بۇ جىراغا ئۆتىدىغان يول يوق ئىدى . بەلكىم پادىچى بۇ يەرگە كېلىدىغان يېقىن يولنى بىلىدىغاندۇ . ئادەمنى سىرلىق ھېس تۇيغۇلار ئىلكىگە ئالىدىغان بۇ جىرادىن خېلى ۋاقىتقىچە ئايرىلغۇمىز كەلمەي تۇرۇپ كەتتۇق . جىرا بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىۋاتقان چاغدا ، ئارايىك بىر تاغ چوققىسىغا دىققەت قىلدى ـ دە ، ئۈنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەكشۈرۈپ بېقىشقا ئازراق ۋاقىت بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ ۋە ئوسمان ئاخۇن بىزدىن ئايرىلىپ قالدى . بىز قونالغۇغا قاراپ ماڭدۇق . قاپقاراڭغۇ « كارىدور » دىن ئۆتۈپ ، كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتتۇق . ماشىنىچى بىلەن پات ـ پات باشقىلارنى ياردەمگە چاقىراتتۇق . مېنىڭ ياردەمگە موھتاج بولىدىغانلىقىمغا كىم كۆز يەتكۈزسە ، باشقىلار شۇنى تازا مازاق قىلاتتى ۋە ئەخمەق ئېتەتتى . بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولاتتىم ۋە ئەپسۇسلىناتتىم . « سۇرا » نىڭ بىر ئىشى ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇراتتى : ئۇ تىك ، ئەمما ئادەم ئۆتكىلى بولىدىغان جايلارغا كەلگەندە ، بىرى ئۇنى باشتا ئىتتىرىپ ئۆتكۈزۈپ قويسا مەيلى ، بولمىسا ياردەم ئۇچۇن بىرى ئالدىغا بارسىلا ، ئۇ كەينىگە يېنىپ تۇرۇۋالاتتى ، نارازىلىق بىلدۈرگەندەك توختىماي قاۋايتتى ، ئەمما جايىدىن مىدىرلىمايتتى . ئۇنىڭ پۇتلىرى جىرىلىپ قاناپ كەتتى . ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئاخىر قونالغۇغا يېتىپ كېلەلىدى . ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز تويغۇچە غىزالىنىپ يېتىپ قالدۇق .

ئارايىك بىلەن ئوسمان ئاخۇن نۇرغۇن چوققىلاردىن ئۆتۈپ ، ئاجايىپ قورقۇنۇچلۇق كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، سائەت يەتتىلەردە قونالغۇغا قايتتى . ئۇلار كەلگۈچە ئارىلىقتا جىددىيلىشىپ ئەنسىرەپ كەتكەنىدىم . ئىزدەش ئەترىتىنى قانداق تەشكىللەشنى ، شۇنداقلا ئۇ يەرنى قەيەردىن ئىزدەشنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بولدۇم . باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، بۇ ئىككىيلەن باشقا بىر جىراغا قايتقان بولۇشى مۇمكىن ، بەلكىم بىز ئاساسىي تار سايىنىڭ ئاچىلىغا بارساق ، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمىز ، دېگەن يەرگە كەلدۇق . ئارايىكنىڭ تاغقا چىقىش

تېخنىكىسى ئوسمان ئاخۇندا ناھايىتى قاتتىق تەسىرات قالدۇرۇپتۇ. ھالبۇكى، مەن، ئۇ ئەمدى ھەرگىز ئۆتكەندە بارغاندەك ئالاھىدە جانلىق بېرىشنى خالىمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مېڭىپ ئۆيگە قايتتۇق. ئۇ چاغدا كېچە سائەت ئون بولغان بولۇپ، كەلسەك راكىپا تەشۋىش ۋە ئەندىشە بىلەن ئولتۇرالماي قېلىپ، ئىزدەش ۋە قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەۋاتقانكەن.

## ئالتىنچى باب

# باش كونسۇلخانىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇش

ئەنگلىيىدىكىگە ئوخشاش باشقا دۆلەتلەردىمۇ ، ئۆز دۆلىتىدىن باشقا جايلاردا ياشاۋاتقان ئەنگلىيىلىكلەر ھەققىدىكى مەسخىرە ۋە لەتىپە تېتىقسىزراق بولغىنى بىلەن ، خېلى كەڭ تارقالغانىكەن . « ئالدىنقى سەپ » نىمىزنىڭ يوقىلىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ ، بىزدىكى ئۆزىمىزنى قالتىس چاغلايدىغان قارىغۇلارچە غۇرۇر - ئىپتىخار تۈگىگۈسىمۇ يوقالدى . 19 - ئەسىردە بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇر-غان ئەجدادلىرىمىز ھازىر تارىخىي شەخسلەرگە ئايلىنىپ قالدى . قەش-قەردە جۇڭگولۇقلار ، ھىندىستانلىقلار ۋە رۇسىيىلىكلەر بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق دۇنيادىكى بەزى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئۆزىنىڭ قىزىقىش ۋە ھە-ۋىسىدە دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىزدىن بەكرەك جاھىل ، تار مەھكىمچى ۋە تېخىمۇ بىر تەرەپلىمە قاراشتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم . ئەنگلىيىلىك بو-لۇش سۈپىتىم بىلەن بۇنىڭدىن نومۇس قىلمايمەن ، باشقا دۆلەت ۋە باشقا مىللەت ئادىمىگە ئايلىنىشنىمۇ خالىمايمەن . لېكىن ، بۇ باشقا دۆلەت ياكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ، ئىدىيىسى ، ھەرىكەت شەكلى ، كىيىم - كېچىكى ، يېمەك - ئىچمىكىگە بولغان قىزىقىشىمغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەلۇم نەرسىلىرىنى چىن كۆڭلۈمدىن ياقتۇرۇشۇم ۋە ماختىشىمغىمۇ تەسىر قىلمايدۇ . ئەپسۇسكى ، بۇ خىل قىزىقىشىم لايىقىدا جاۋابقا ئېرىشەلمىدى . چۈنكى ، بۇ يەردىكى ئادەملەر چەت ئەلنىڭ نەر-سىلىرىنى ماختاشقا ئارىسالدى بولىدىكەن ، چەت ئەلنىڭ يېمەكلىكلىرىنى تېتىشنىمۇ شۇنداق ئىكەن . قارىغاندا ئۇلاردا ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش شەك-لىمىز شەكسىز ھەممىدىن ياخشى ، دەيدىغان بىر خىل مۇستەھكەم ئېتىقاد

بولسا كېرەك . مەن ۋە ئارايىك ئۇيغۇرلارنى ياقتۇراتتۇق ، ئۇلارنىڭ تۇر-
مۇش شەكلىگە قىزىقاتتۇق . ئويلايمەنكى ، بۇنداق پەرق مېنىڭچە
« كۆپ تەرەپلىمە قىزىقىش »نىڭ يەنە بىر تەرىپى ، يەنى شەرقنىڭ قارا
تېگى – تەكتىگە يېتىش روھىنىڭ كەملىكى بولسا كېرەك . بىز بۇ يەردە
كۆرگەن رۇسپىلىكلەرمۇ ئاساسەن رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئاسىيالىقلار
ئىدى . شۇڭا ، بىلگەنلىرىم كۆپەيگەنسېرى ، مەن ئەنگلىيىلىكلەردىكى
ئۆزگە خاس ، ئانچە قارشى ئېلىنمايدىغان بىر خىل ئەۋزەللىك تۇيغۇ-
سىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم . لېكىن ، بۇ خىل تۇيغۇنى بەك
ئاشكارا ئىپادىلىمەسلىك ، باشقىلارغا تاكاماسلىقنىڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلى-
قىنىمۇ سەزدىم ، چۈنكى بۇ نەرسە بىزنىڭ باشقا دۆلەت ۋە مىللەتكە قا-
رىتا كەڭ كۆلەملىك قىزىقىش ۋە ماختاش پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ قېلى-
شىمىزغا پايدىلىق ئىدى .

باش كونسۇلخانا ئىچىدە ، ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىلەر
بىلەن جۇڭگولۇق تەرجىمان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنچىلىك يامان
ئىدىكى ، بىر – بىرىنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى . شۇنى ئېتىراپ قىلىش
كېرەككى ، تەرجىمان جۇ ئەپەندى ئاچچىقى يامان ، تېرىككەك ئادەم
ئىدى ، ھەدېسىلا ئارايىكنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ ،
مېنى باشقىلار « ئۇردى » دەيتتى . كېيىن ، ئۇنىڭ تاياق يېگىنى يالغان
بولۇپ چىققان تەقدىردىمۇ ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى ئازار يېگەن بولۇپ
چىقاتتى . ئۇ دائىم سۆز – چۆچەكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايتتى ، ئادا-
لەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرايتتى ، شۇڭا قورسىقى كۆپۈپ ، خاپا يۈرەتتى . ئۇ
باش كونسۇلخانىدا توققۇز يىل ئىشلىگەن بولۇپ ، بالا – چاقىسىنى ئېلىپ
بۇ يەردىن كېتىدىغان چاغدا ، زىددىيەت تولۇق ئاشكارىلاندى ، يەنى ئۇ-
نىڭ نەرسە – كېرەكلىرىنى توشۇپ ماشىنىغا بېسىشقا بىرمۇ ئادەم يار-
دەملەشمىدى . بۇ قەستەن قىلىنغان قىلىق ، پۈتۈنلەي بالىلارچە ئاچچى-
قىنى چىقىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ، دەپ ئويلىدىم . ئۇنىڭ باش
كونسۇلخانىدىن شۇنچىلىك ئاچچىق يۇتۇپ ئەلەم بىلەن كەتكىنىگە
كۆڭلىمىز بەك پەرىشان بولدى . بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، ئەيىب ھەر

ئىككى تەرەپتە بار، چۈنكى ئۇلار بىر- بىرىنى كۆزىگە ئىلمىدى، بىر- بىرىگە ئۆزىنىڭ سەۋەبسىز ئىش تېرىشقا خۇشتار ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ گەدىنى قويمىدى. مىللەتلەر ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇرەككەپ جېدەل - ماجرا بىزنى بەك گاڭگىرىتىپ قويدى، شۇڭا ئاز - تولا تىرىشىپ، كونسۇلخانىدا ئادەملەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ۋە ئىناقلاشتۇرۇشنى ئويلاشتۇق. بىر قېتىملىق زىياپەت ئۆتكۈزۈش ئىنتايىن نازۇك بىر ئىش ھېسابلىناتتى. كىشىلەر پارىڭىنى قىلىشۋالسۇن، دەپ قورۇما - تائاملار توختاپ - توختاپ چىقىرىلاتتى؛ يەنە غۇم ساقلايدىغان ئىشلار، بوران - چاپقۇن كەبى گۈركىرەش، تومۇر كۆپۈش ئىشلىرىنىڭ چىقماسلىقىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بىز ئۆزئارا يېقىنلىشىپ قالسۇن، دەپ پات - پات كىچىك تېپتىكى زىياپەتلەرنى قىلىپ تۇراتتۇق، لېكىن جۇ ئەپەندى ئولتۇرغان شىرەدە ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىلەر كۆرۈنمەيتتى؛ ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىلەر بار شىرەدىمۇ جۇ ئەپەندى ۋە بالا - چاقىسىنى كۆرمەيتتۇق. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ تائاملىرىمىزغا قانداق قاراشتا بولىدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، ئۇلارنىڭ قارشى تەرەپ ئالدىدىكى تائام - قورۇمىلارغا ئىپادىلىگەن يولسىزلىق ۋە ھۆرمەتسىزلىك گەپ - سۆزسىزمۇ ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار يېگى تائاملارنى تېتىپ باقايلى دېمەيتتى، شۇنداقلا بۇرۇنقى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك قۇرۇلمىسىنى ئازراق بولسىمۇ ئۆزگەرتىشنى، ئۆزئارا ئۆگىنىشنى پەقەت خالىمايتتى.

جۇ ئەپەندىنىڭ ئورنىغا كەلگەن ياڭ ئەپەندى، ۋىجىك، ئەمما سالاپەتلىك ئادەم ئىدى، ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى خىزمەتچىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا، جۇ ئەپەندىگە قارىغاندا چارە - تەدبىرلىك ئىدى، ئۆز قەدىر قىممىتىنى بىلەتتى. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ، قەشقەر ئىپتىدائىي، قالاق، تەرەققىي قىلمىغان جاي، دەپ قارايتتى ھەمدە بۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغاندەك كېلىپ، بىھۇدە جاپا تارتىۋاتىمەن، دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزى بىلمەيدىغان مەيلى ئۇ ئەنگلىيەنىڭ تائام - قورۇمىلىرى بولسۇن ياكى شىنجاڭنىڭ مەلۇم شەھەر -

بازارلىرى بولسۇن ، ھەممىدىن گۇمانلىناتتى ، پەقەت خاتىرجەم بولال-
مايتتى . ئۇ خېلى پىشقان ، ئوبدان تەرجىمان ئىدى ، ئارايىقا ناھايىتى
ياخشى ئىشلەپ بەردى ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى بىر خىل بېسىم ئاستىدا
كۆڭۈلسىز ئۆتەتتى ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئازراق ئىچىم ئاغرىيتتى .

تاشقى كۆرۈنۈشىدە ، باش كونسۇلخانىدىكى تۇرمۇش تىنچ ، نا-
ھايىتى ئوڭۇشلۇق كۆرۈنەتتى . لېكىن ، بۇ كىچىككىنە دائىرە ئىچىدە
بەزى سۈركىلىش ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولمايتتى .

مەن ۋە ئارايىقا يىلدا بىرلا قېتىم ، يەنى روژدېستۋو بايرىمىدا باش
كونسۇلخانىدىكى بارلىق خادىملارنى كۈتۈۋېلىشقا پۇرسەت بولاتتى .
بىزگە بۇ ، روژدېستۋو بايرىمىدەك بىلىنمەيتتى . چۈنكى ، بۇنداق
ھېيت - بايراملاردا ، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى خاتىرى-
لەش پائالىيەتلىرىدە ، يىراق ياقا يۇرتتا تۇرغانلىقىمىزدەك بىر خىل مۇ-
ساپىرلىق ، غېرىبلىق تۇيغۇسى كۆڭۈلنى پەرىشان قىلىپ قوياتتى .
« يېڭى دۇنيا » نىڭ ئاجايىپ - غارايىپ يېڭىلىقلىرى ۋە خۇشاللىقلىرى
كۆزگە كۆرۈنمەستىن ، ئادەم ئۆز يۇرتىنى ، ئۆزىگە تونۇشلۇق ئۆي -
باغلىرىنى ، بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ئوخ-
شىشىدىغان ئادەملەرنى سېغىناتتى .

شۇڭا ، روژدېستۋو بايرىمىدا ، قەشقەرنىڭ جەلپكارلىقى ۋە بىز-
نىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىش ، ھەۋەسلىرىمىز ئۇشتۇمتۇت غايىب
بولاتتى - دە ، ئۇ ناھايىتىمۇ يىراق ، بىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بول-
مىغان بىر جايدەك بىلىنەتتى . روژدېسۋو بايرىمىنى ئەنگلىيەدىكىدەك
ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇشتەك تىرىشچانلىقىمىز پۈتۈنلەي يوققا چىقاتتى . بۇ-
نىڭدىكى سەۋەب ، بۇ يەرنىڭ بازارلىرىدىن سوۋغات ، بېزەش بۇيۇملى-
رىنى سېتىۋالماسلىقىمۇ ، مۇقەددەس ئارچا دەرىخىنىڭ سايىسىنىمۇ تاپقىلى
بولماسلىقىمۇ ئەمەس ئىدى . تۈپكى پەرق شۇ يەردىكى ، ئۇلار بىزنىڭ
ئەنئەنىمىز ۋە ئۆرپ - ئادىتىمىزنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيتتى ، شۇڭا ئۇلارغا
بۇ بايرام بايرامدەك تۇيۇلمايتتى . ئەلۋەتتە ، باش كونسۇلخانا ئىچىدىكىلەر
روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ چوڭ بايرىمى ئىكەنلىكىنى بى-

لەتتى ، شۇڭا ئۆتكەن نەچچە ئون يىل ئىچىدە بەزى ئادەتلەر ئاستا ـ ئاستا شەكىللەنگەندى . بۇ كۆنكىي ئورۇنلاشتۇرۇشتا بەلگىلىك تەرتىپ ـ قائىدە بار بولۇپ ، بىز شۇ بويىچىلا ئىش قىلاتتۇق . ئالدى بىلەن قوبۇلخانىدا باش كونسۇلخانىدىكى ئاساسلىق خادىملارنى ۋە قەشقەردىكى ھىندىستانلىق سودىگەرلەرنى كۈتۈۋالاتتۇق . ئۇلارنى چاي ، پېچىنە ـ پىرەنىك بىلەن ، ھاراق ئىچىدىغان « غەيرىي دىندىكىلەر » نى كۈچلۈك ھاراق ۋودكا بىلەن مېھمان قىلاتتۇق . مېھمانلارنىڭ كۆپچىلىكى بىز تۇتقان نەرسىلەرنى ئالاتتى ، ئەمما يېمەيتتى ، تەخسىلەرنى يېڭىۋىسى كەلمىگەن نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە دەستىلەپ قويۇۋېرەتتى . بۇنداق سورۇنلاردا گەپ ـ سۆز ئاز بولاتتى . ئېنگلىزچە بىلىدىغانلاردىن بىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن قەشقەرگە كەلگىنىگىلارغا قانچە يىل بولدى ، دېگەندەك سوئاللارنى سورىساق ، ئاندىن ئۇلاردىن گەپ چىقاتتى ، بولمىسا گەپ ـ سۆز بولمايتتى . ئۇلارغا كەتسەڭلار بولىدۇ ، دېگەن مەنە ئېنىق ياكى يوشۇرۇن بىلدۈرۈلگەن چاغدا ، ئاندىن مېھمانلار جىم ـ جىم كېتىپ قالاتتى .

ئۇلار كېتىشىگە ، بىز كونسۇلخانىدىكى دەرۋازىغا قارايدىغانلار ، مۇھاپىزەتچىلەر ، تازىلىق قىلغۇچىلار ، سۇچىلار ، پوچتىكەشلەر ۋە خىزمەتكارلارنى كۈتۈۋالاتتۇق . ئۇلار گۇلدۇرلەپ چوڭ تاماقخانىغا كىرەتتى . تاماقخانىدىكى شىرەلەرگە پېچىنە ـ پىرەنىك ، مېۋە ـ چېۋىلەر تىزىلغان بولاتتى . بۇ قېتىم ھېچقانداق نەرسە زايا بولمايتتى ، كىشىلەر ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئون مىنۇتقا قالماي جىمى نەرسە يېيىلىپ تۈگەيتتى ! چايدىن كېيىن ئۇلار تارقايتتى . ئالدىمىزدىن ئۆتكەندە ھەر بىر ئادەم ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ، بىزگە رەھمەت ئېيتاتتى . بۇ ، گەپ ئاز ، ھەرىكەت تېز بىر كۈتۈۋېلىش بولۇپ ، ئادەمگە سەل غەلىتە تۇيۇلاتتى . بۇنى تەبرىكلەش پائالىيىتى دېگەندىن كۆرە بىر بالا ـ قازا دېسىمۇ خاتا بولمايدۇ .

چۈشتىن كېيىنكى ، باش كونسۇلخانىدا بالىلار ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈتۈۋېلىشمىز ناھايىتىمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى . ئۈستەلنىكى قە-

ۋەتتىكى كۈتۈپخانىغا ئوغۇل ـ قىز ، چوڭ ـ كىچىك ، ئېگىز ـ پاكار بولۇپ بىر توپ بالا كىرىپ ، بەئەينى قىن ـ قىنىغا پاتمايۋاتقان «تال- چىلىك باندىت » لاردەك ، كۈتۈپخانىنى بېشىغا كىيەتتى . ھاپىز بىر تا- ياقنى تۇتۇۋېلىپ تەرتىپ ساقلايتتى .

كۈتۈۋېلىش يىغىنى باشلانغاندا ، بىز گېلىمىزنى قىرىپ ۋار- قىرايتتۇق ، مالىمانچىلىقتا بالىلار چۈشەنگىنى بويىچە تەلپىمىزنى ئو- رۇندايتتى . مەقسىتىمىزنى تولۇق چۈشەنگەندە ، ئاندىن تىنچلىناتتى . ئەڭ قارشى ئېلىنىدىغان ، كونىچە بىر ئويۇنىمىز بار ئىدى . ئۇ بولسىمۇ ، بىر پارچە كىچىك بولكىغا قىيام سۈركەپ ، شوينا بىلەن چىگىپ ئېسىپ قوياتتۇقتە ، بالىلارغا ئالغۇزاتتۇق ، ئەمما ئۇنى قول بىلەن ئەمەس ، چىش- لەپ ئېلىشى كېرەك ئىدى . يۈزىگە قىيام سۈركەلگەن بىر ئوغۇل بالا تى- رىشىپ يۈرۈپ ئاخىر غەلىبە قىلدى ـ دە ، كېرىلىپ كەتتى . قىزلار تۇخۇم قويۇلغان قوشۇقنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشكە ئامراق ئىدى . بارلىق بالىلار ناھايىتى سەۋرچانلىق ھەم ئەدەب بىلەن مېنىڭ كىچىك قوشۇققا تۇخۇمنى پەم بىلەن ئېلىش ئويۇنۇمنى كۆرەتتى .

ئارقىدىن ئارايك ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ، توخۇ سوقۇشقانغا تەق- لىد قىلىپ يەردە دومىلاپ يۈرۈپ ئويۇن كۆرستەتتى . بۇمۇ بىزنىڭ كونىچە ئويۇنىمىز ئىدى . ئىككى تەرەپ رەقىب بولاتتى ـ دە ، كۆزىنى ئې- تىۋېلىپ ، يەردە يېتىپ قەغەز تۈملەك بىلەن سوقۇشاتتى . بالىلار بۇنىمۇ ياخشى كۆرەتتى . ئوغۇل بالىلار بۇ ئويۇنغا چۈشۈشكە ئالدىراپ قاتار تىزىلىشىپ كېتەتتى . بۇ ئويۇندا ھېچقانداق پرىنسىپ بولمىغان بىلەن ئېلىشىش خېلى جىددىي ۋە قىزىق بولاتتى . بالىلار ۋارقىرىشىپ ، كۈ- لۈشۈپ بىز ـ بىرىنى ئىتتىرىشەتتى . ھاپىز بولسا بىر ياندا تۇرۇپ ، ۋار- قىرىماڭلار ، ئەدەبلىك بولۇڭلار ، دەپ تەھدىت سالاتتى ، لېكىن با- لىلارغا بۇ تەسىر قىلمايتتى . ئۆيدە چاڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى . كىچىك قىز چاقلارنى ئۇسسۇل ئوينىتىشقا ئۈندەيتتۇق ، لېكىن ئۇلار تارتىنىپ ئوينىغىلى ئۇنىمايتتى .

كېيىن ھاپىز بارلىق بالىلارنى بىر دائىرە قىلىپ ئولتۇرغۇزاتتى .

بىز ئۇلارغا توقاچ ، پېچىنە ، ئاقبالداق تارقىتىپ بېرەتتۇق . بالىلار بۇ نەرسىلەرنى دوپپا ، تۇماقلىرىغا ئالاتتى . ئۇلار ياڭيۇ ئېلىش مۇسابىقىسى ئۈچۈن ئەكىلىنگەن خام ياڭيۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالغاندىن كېيىن ، خۇشال بولاتتى ۋە ئەدەب بىلەن رەھمەت ئېيتاتتى . بالىلارغا ئالغان نەرسىلەرنى قويماي يېگۈزەتتۇق . بۇ بەكمۇ ھېسسىيات نامايان بولىدىغان بىر كۆتۈۋېلىش بولاتتى . ئاخشىمى باش كونسۇلخانىدىكى ئەمەلدارلارغا زىياپەت بېرىش بىلەن ، پۇتكول روژدېستۋو بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئاياغلاشتۇراتتۇق . قەشقەردىكى تۇنجى قېتىملىق روژدېستۋو بايرىمىدىكى كەچلىك زىياپەتتە ، قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن قىلىنغان ، چىراغلار يېقىلغان پۇدىڭ ( غەربچە يېمەكلىك ) كۆزلەردىن ئوت چىقىرىپ شىرەگە قويۇلغاندا ، چىراغ نۇرى تۇيۇقسىز خىرەلىشىپ كەتتى ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ، ئەرزان باھالىق رۇسىيە براندىسى ئوبدان كۆيمىگەنىدى . مەن پۇدىڭدىن ئىككىنى قىلدۇرۇپ ، بىرنى ھاراق قويماستىن ، مەخسۇس مۇسۇلمان مېھمانلارغا قويۇپ بېرىشنى ئەستىن چىقارمىسام بولغۇدەك . ھەي ، پادۇب دەرىخىنىڭ شېخى سانجىلغان پۇدىڭنى شۇنچىلىك سېغىندىم .

روژدېستۋو بايرىمىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا مۇسۇلمان ئاياللار قاتناشمايتتى . چۈنكى ، ئۇلار مۇسۇلمان دىنىنىڭ مەستۇرلۇك قائىدىسىگە ئەمەل قىلاتتى . شۇڭا ، مەن بايرامنىڭ ئەتىسى مەخسۇس ئاياللارغا « مەستۇرىلەر » كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش قىلىپ بېرىشنى قارار قىلدىم . باش كونسۇلخانىدىكى ياللانما خادىملارنىڭ ئاياللىرى يوغان قورۇنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى قەپەستەك ئۆيلەردە ياشايتتى . ئۇلارنىڭ زادى قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم ، شۇڭا تونۇگۇن ئاشقان پېچىنە ـ توقاچلارنى تىزدۇق ، تاماكا چېكىدىغانلار بولسا ، دەپ بىر قاپ تاماكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قويدۇق . خىزمەتكارلار مېھمانخانىغا يېقىن كەلتۈرۈلمىدى ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئىككى ئايال كۈتىدىغان بولدى .

مەن تۇنجى قېتىم « مەستۇرىلەر » كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش

www.uyghurkitap.com

قىلغاندا، جۇ تەرجىمانىنىڭ خانىمى بىلەن بالدۇرلا ئۇ يەردە ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇردۇق. مېھمانلار ناھايىتى كەچتە بىردىن ــ ئىككىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئۇزۇن ئاق پەرەنجە ئارتقان، چۈمبەل تارتقان ھالدا مېھمانخانا ئىشىكىدە پەيدا بولدى. ئۇلار ئەڭ ئىپسىل كىيىملىرىنى كىيىشكەندەك قىلاتتى. بەزىلىرى مەخمەل جىيەك تۇتۇلغان، سېرىق كالۋىتون يىپتا گۈل چېكىلگەن دوپپا كىيگەن؛ بەزىلىرى نېپىز، يوغان شايە رومال ئارتقان، تاۋار ــ دۇردۇن ياكى دۇخاۋا نىمچىلارنى كىيىشكەن بولۇپ، رەڭلىرى، گۈللىرى بىر ــ بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. بەزىلىرى قاما تۇتۇلغان تۇماق كىيگەن بولۇپ، ئۈنچە ــ مارجانلىرى ۋال ــ ۋۇل قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەرزان، يالغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇلار چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈم، چېكىسىگە ئازراق چېچىنى چىرايلىق يۆگەپ (يۇملاق) قۇلاق تۈۋىگە چاپلىۋالغانىدى. ئۇلار قاشلىرىنى ھەتتا ئوتتۇرىسىنى قوشۇپ قاپقارا بويىۋالاتتى. بۇ ئانچە چىرايلىق كۆرۈنمىسىمۇ، شۇ چاغدا كەڭ ئومۇملاشقانىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق بېزىلىپ، چىرايلىق ياسىنىپ ــ تارلىغنى بىلەن ھەممىسىنىڭ پۇتىدا رۇسىيىنىڭ ئېغىر، قوپال مەسە ئۆتۈكى بار ئىدى.

ئۇلار تېز ئورۇن ئېلىشتى ۋە تىزىلغان نەرسىلەرنى يەپ بولۇشتى. قارىسام، تاماكا چېكىدىغانلارمۇ بار كەن تېخى! ئۆيگە ئەكىتىپ چېكىش ئۈچۈن، تۇيدۇرماستىن ئېلىپ يانچۇقلىرىغا سېلىۋاتىدۇ. باشتا ئۇلار بىر ــ ئىككىدىن كېلىشكەنىدى. كېيىن توپ ــ توپ كېلىپ، شۇنداق كۆپىيىپ كەتتى. مەن جىمى ئورۇندۇقلارنى ئاپتۇرۇپ ئاچىقتۇردۇم. ئۇيان ــ بۇيان چېچىلىپ يۈرۈپ مەن ۋە ياردەملەشكۈچىلەرنىڭ ھالىمىز قالمىدى. ئاشپەزلەرگە چاينى ئۈزمەسلىكنى تاپىلىدىم، يەنە بىر قاپ تاماكىنى چۇۋۇپ ئېچىپ قويدۇم. خىزمەتكارلار «زاپاس» ئېلىپ قويغان پېچىنە ــ توقاچلارنى ئاچىقىپ، لېگەن ــ پەتنۇسلارنى تولۇقلاپ قويدى.

بۇنداق ئادەم جىق سورۇندا، جىمجىتچىلىق، ئەتەي ھال تارتىپ ئولتۇرىدىغان ئىشلار بولمايدىكەن. ئادەم جىق بولغاچقا، ئورۇندۇق يەت-

ىگەنلەر پولدا ئولتۇرنۇەردى؛ ئايالّلار ئۆزىدىن سەل يىراقتىكى تونۇش ـ بىلىشلىرى بىلەن ئۈنلۈك سالاملىشاتتى، ئۆز ئارا قىزغىن سۆزلىشەتتى؛ ياردەملەشكۈچىلەر چاي ياكى پىچىنە ـ پىرەنىك سېلىنغان پەتنۇسلارنى كۆتۈرۈپ ئارىلىقلاردىن پەم بىلەن ئۆتەتتى. سەللا دىققەت قىلمىسا، بوۋاقلارنىڭ ئۈستىگە يىقىلاتتى ياكى ئايالّلارغا سوقۇلاتتى، چايلار گىلەمگە تۆكۈلۈپ، پىچىنىلەر پىرقىراپ يۇرەتتى. ئانىلارنىڭ بەزىلىرى بالا ئېمىتاۋاتاتتى، بەزى بوۋاقلار يىغلاپ باش ئاغرىتاتتى. بەزىلەر پىچىنە يەيتتى، تاماكا چېكەتتى، بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ كۇسۇلدىشاتتى.

ئاستا ـ ئاستا گەپ ـ سۆز بېسىقتى، تاماكىلار، يەيدىغان نەرسىلەر يېيىلىپ تۈگىدى. ياردەملىشىدىغانلارمۇ ھېرىپ ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن، بەزىلەر ئۇسسۇل ئويناشنى تەكلىپ قىلىشتى. بىر ئايال قايتىپ بېرىپ، دۇتار ئەكەلدى. بىر ـ ئىككى ئايال تارتىنىپ ئولتۇرغىنىدى، باشقىلار ئۇنى ـ بۇنى دەپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېشى چوڭراق، لېكىن چىرايلىق كىيىنگەن ئىككى ئايال ئۇسسۇلغا چۈشتى. چىرايى ئادەتتىكىچە، ئەمما بەكمۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بىر قىز بوغۇقراق ئاۋازدا ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتتى، كېيىن ئىككى ھامىلدار ئايالمۇ ئۇسسۇلغا چۈشتى. كۆپچىلىك ئۇسسۇلغا تازا قىزىقمىغاچقا، ئوتتۇرىغا چۈشكەنلەر ئېچىلىپ ئويناليمىدى. جۇ خانىم ئۇيغۇرچە بىلەتتى. مەن ئۇنىڭغا ماڭا ۋاكالىتەن ئولتۇرۇشنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىمنى ئېيتىشنى ھاۋالە قىلدىم ھەمدە ئۇلار بىلەن خوشلاشتىم. ئۇلار ئورنىدىن قوزغىلىپ، ماڭا قايتا ـ قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، چۈمبىلىنى ئۇبدان ئارتىپ تارقاشتى.

راكپا بىلەن كېيالگىن ئايالّلار كەتكەندىن كېيىن، مالىمان بولۇپ كەتكەن قوبۇلخانىنى كۆرۈپ، خاپا بولۇپ كەتتى، ئۇلارنى ئاچ كۆز، مەينەت دەپ تىللىدى، ھەتتا ئۇيغۇر ئايالّلارنىڭ ھەممىسىلا راستچىل، ساداقەتمەن ئەمەس، دېدى. راكپانىڭ خوتۇنى ئۇيغۇر بولسىمۇ، ئەمما ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى يەرلىك ئايالّلاردىن ئاغرىناتتى. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر

ئاياللار مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى . ئۇلارنىڭ ئاياللىق ھەۋىسى مېھمانغا بېرىش ، مېھمان چاقىرىش ياكى كىيىم كىيىنىش ئۆي-تويلىرىمۇ ئاددىي بولۇپ ، ئەرگە تېگىشنى ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر خىل شەكلى ، دەپ قارايتتى .

مەن يېتىپ كەتتىمكىن ، دەپ كۆلدانلارنى ساناپ باقتىم . مەن ئەرلەرنى مېھمان قىلىشقا قارىغاندا ، ئاياللارنى مېھمان قىلىشنى بەكرەك ياقتۇردۇم ، چۈنكى ئاياللار بىلەن بولغاندا ، تارتىنماي ، ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇراتتۇق ، لېكىن ئەرلەرنى مېھمان قىلغاندا بولسا ، كەيپىيات بىر خىل قاتمال ، ئۆزئارا قورۇنۇش بولاتتى . بىز ھەر يىلى ئىيۇندا پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش بايرىمىنى ئۆتكۈزەتتۇق . قىزىق ئىش ، ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىمى يوق ئىدى . پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئەنگلىيىدە چوڭ ئىش ھېسابلىنامايتتى ، مەنمۇ بەك چۈشىنىپ كەتمەيتتىم . قەشقەردە پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنى خاتىرىلەنگەن چاغدا ، بارلىق يەرلىك ئەمەلدارلار رۇسىيە باش كونسۇلخانىسىدىكى خادىملا كېلىپ ئارايكىنى زىيارەت قىلاتتى ، ئارايكىمۇ جاۋابەن زىيارەت قىلاتتى . شۇ كۈنى ئاخشىمى بۇ ئادەملەرنى چاقىرىپ زىياپەت بېرەتتۇق .

قەشقەرگە كەلگىنىمنىڭ بىرىنچى يىلى ، بۇنداق زىياپەت بېرىشنى ئويلاپ بېشىم قاتتى . گېيالگېن ، ياشانغان ئاشپەز ۋە مەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز ، دەپ ئويلىدىم . ۋاھالەنكى ، بۇ ئىشقا باش كونسۇلخانىدىكى ھەممە ئادەم كېلىپ تەڭ قاراشتى . مەن يەنە شۇنى بايقىدىمكى ، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ مەزمۇنىدا بېكىتىلگەن قائىدىلەر بار بولۇپ ، مېنىڭ غەم يەپ كېتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن . ھاپىزنىڭ باشچىلىقىدا ، پاراخوتلارغا ئېسىلغاندەك ، كونسۇلخانىنىڭ ئىچى - سىرتىغا بايراق ئېسىلدى ؛ ئۆيلەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئېھرام شەكىلدە كىچىك چىراغلار يېقىلدى . گۈلزارلىقلارغىمۇ چىراغلار يېقىلىپ ، ئاجايىپ چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزۈلدى . قورۇغا ساپال ، تەخسىلەر تىزىلىپ ، تەخسىلەرگە كىرسىن قۇيۇلۇپ ، ئوت يېقىلدى .

بىز كەچلىك تاماق پۇتۇنلەي ھىندىستانچە بولۇشىنى بېكىتتۇق. ئۇلار ماڭا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مىل خۇمزا ( ئۇ باش كونسۇلخانىدىكى ئەڭ ئۇستا ئاشپەز ئىدى ) قىلىدىغانلىقىنى رەسمىي ئۇقتۇردى. بىز جىددىيلەشكەن ھالدا ھاۋارايىنى كۆزەتتۇق. بۇ، ئەنگلىيىدىكىگە ئوخشاش چوقۇم قىلىدىغان ئىش بولمىسىمۇ، ئادەمنى پاراكەندە قىلىدىغان بوراندىن ئەندىشە قىلاتتۇق. چۈنكى، قارا بوران قەشقەرگە يېقىنلاپ قالغاندەك تۇراتتى. سائەت ئالتە بولغۇچە، بىز زىياپەتنى ئۆيدە قىلامدۇق ياكى سىرتتا قىلامدۇق، دېگەن مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش قىلدۇق. كۆپ ساندىكىلەر سىرتتا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇز كىشىلىك شىرە ـ ئورۇندۇقلارنى ئېگىزلىكتىكى سۇپىغا جايلاشتۇردۇق. قوبۇلخانىدىكى بارلىق جاھازلار ۋە گىلەملەرنى ئوتلۇققا ئاچىقتۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتىدە مېھمانلار كەلگىلى تۇردى. مەن تۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان قارا بۇلۇتلاردىن ئەندىشىگە چۈشۈۋاتقىنىمنى چاندۇرماي، خۇشال قىياپەتتە مېھمانلارنى كۈتۈۋالدىم. زىياپەت باشلىنىشى بىلەن تەڭ شامالمۇ يېتىپ كەلدى. ھاۋا بىردىنلا سوۋۇدى، مېھمانلارغا كىيىم ئاچىقىپ بەردىم. شىرەگە پۇدىڭ چىققۇچە تۇرالىدۇق. مېھمانلارمۇ شامالغا پەرۋا قىلمىغاندەك، ئەتەي تۈزۈت بىلەن ئولتۇرۇشتى. ئەمما، ئارقىدىنلا قارا بوران توپا ـ چاڭنى ئۇچۇرتۇپ، زەھەرلىك يىلان كەبى قەھر بىلەن ئېتىلىپ كەلدى. بىز ئالمان ـ تالمان مېھمانلارنى قۇپقۇرۇق قوبۇلخانىغا باشلىدۇق. ئوچۇق دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرى چېقىلغانىدى. خىزمەتكارلار تاشقىرىدىن چىراغ، ئورۇندۇقلارنى ئەكىرىشتى. ئۇلار نەرسىلەرگە، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلاتتى. مەنمۇ بىر داس سۇنى ئۆرۈۋېتىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئۆز تىلىمىزدا بىرەر ئېغىز چاقچاق بىلەن بۇ ئوڭايسىزلىقنى ئاردىن كۆتۈرۈۋېتىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى، لېكىن بۇنى تەرجىمان ئارقىلىق قىلىش ئۇنچە ئاسانغا چۈشمەيتتى. مېھمانلارنىڭ چىرايىدىكى جىددىيچىلىك ۋە بىسەرەمجانلىق، مېنىڭ « كۆلكە » بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش خىيالىمنىمۇ چىققان يېرىگە كىرگۈزۈۋەتكەن

دەك بولدى . مېھمانلار قايتىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ، دېرىزىلەردىن غۇرقىراپ كىرىپ تۇرغان شامالغا پەرۋا قىلماي ، قالغان قورۇما ۋە تاماقلارنى تارتىشقا باشلىدۇق . بوران شۇنداق تېزلا توختىدى ، لېكىن بىزنى ھاردۇرۇۋەتكەنىدى . جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى جاۋ گېنېرل① ۋە ئۇنىڭ خانىمىدىن باشقا مېھمانلار كەتتى ، ئەتراپمۇ تىنچلاندى . بۈگۈنكى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزدىن چاتاق چىققانلىقىنى كۆرۈپ باشقا مېھمانلار ئازراق ئەقىل كۆرسىتىشكىمۇ يارىمىدى . يالغۇز جاۋ گېنېرال ناھايىتى ئەتراپلىق ئويلاپ ، سىرتتىكى كىچىك چىراغلارنىڭ ھەممىسى يېقىلدىمۇ - قانداق ، دەپ سورىدى ، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانلىقىمىزنى بىلىدىكەن . بىز دەرھال ئادەم بۇيرۇپ ، چىراغلارنى ياققۇزۇۋەتتۇق ، شۇئان كېچە قاراڭغۇلۇقىدا پىلدىرلاپ چىراغ يېنىپ غايىۋانە بىر مەنزىرە پەيدا بولدى . بۇلارنى كۆرۈپ ، بۈگۈنكى ئىشلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقىدىن تولىمۇ ئەچىم ئاچچىق بولدى .

تۇيۇقسىز چىققان شىددەتلىك بوران پەيدا قىلغان ئۇسال ئەھۋالدىن شۇنچىلىك ھەسرەتلىنىپ ئۆرتەندۇق ، لېكىن بىز ئۇنىڭ دەردىنى تارتقان بىردىنبىر دەردمەن ئەمەس ئىدۇق . 1947 - يىلى ، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى ، گېنېرال جاڭ جىجوڭ② جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەنىدى ، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ئاقىلانە بولمىغان بىر سىياسىي پائالىيەت ئىدى . يەرلىك كىشىلەر بۇ ئىشقا مەيلى قانداق كۆز قاراشتا بولمىسۇن ، گېنېرال جاڭ جىجوڭنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشقا بولمايتتى . شۇڭا ، بۇنىڭغا ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈلۈپ ، شەھەر پاكىز تازىلاندى . ھەرخىل رەڭدىكى بايراقلار ئېسىلدى ، زەپەر دەرۋازىسى ياسالدى . جاڭ رە-

① شۇ چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون شتابى ، 42 - جۈن جۈنجاڭ جاۋشىگۇاڭنى دېمەكچى . قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون شتابى تۇرۇشلۇق جاي .

② جاڭ جىجوڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشى 1947 - يىل ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مايىنىڭ بېشىغىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان . قەشقەر بولسا بۇ سەپەردىكى نۇقتىلىق رايون ئىكەن .



www.uyghurkitap.com

ئىستىڭ ماشىنا ئەترىتى ئايرودرومدىن شەھەرگە كىرگەندە تەشكىللەن-
گەن ئوقۇغۇچىلار ، ياشلار ئەترىتى ۋە ساقچىلار يولنىڭ ئىككى چېتىدە
تۇرۇپ قارشى ئالدى . ئۇ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىككى چەت دۆلەت باش
كونسۇلخانىسىنى رەسمىيەت يۈزىسىدىن زىيارەت قىلدى . ئاخىردا 200
نەچچە ئادەمنى چاقىرىپ زىياپەت بەردى .

مېھمانلار كىلىپ ، ئۆيدە بىر پەس پاراڭلىشىپ ئولتۇردى . شىرە-
لەرگە ھەرخىل توقاچ ، پىچىنە ۋە مېۋە - چېۋىلەر تىزىلغانىدى . بەزى
مېھمانلار ھېچنەرسىگە قول ئۇزاتماي ھال تارتىپ ئولتۇرۇشتى . كېيىن
بارلىق مېھمانلار شامالغا قارىماي سىرتقا چىقىپ ، ئۇزۇن شىرە يېنىدىن
ئورۇن ئالدۇق . لېكىن ، شىرە ئۈستىگە قويۇلغان سالفېتكىلار ، مېھ-
مانلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان قەغەز ۋە ئۈزۈم باراڭلىرىدىن چۈشكەن
يوپۇرماقلارنى شامال ئۇچۇرۇپ شىرە ئاستىغا تىقۋەتكەنىدى ؛ شامالنىڭ
گۈركىرىشىدىن گەپلەرنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايتتى . تامغا ئېسىلغان
رەسىملەر تاراقلاپ كەتكەن ۋە پۈرلەشكەن بولغانلىقتىن ، پۈتۈنلەي ئې-
لىۋېتىشكە توغرا كەلدى . بۇ گۈلدۈر - تاراقلارغا قارشى ھالدا كىشىلەر
بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا جىممىدە
قاراپ ئولتۇردى . ئاخىر زىياپەت باشلاندى .

خەنزۇلارنىڭ ئېسىل سەيلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تائام-
لىرى ( بۇ قېتىم مۇشۇنداق ئىككى خىل سەي - تائام تەييارلانغانىدى )
ئەسلى ئاجايىپ تەملىك ۋە يېيىشلىك ئىدى ، ئەمما بۇ قېتىم سەي - تا-
ئاملارنىڭ كۆپىنى كۆرۈپلا ئادەمنىڭ يېگۈسى كەلمەيتتى . بىز يېنىمىز-
دىكىلەر بىلەنلا تەرجىمان ئارقىلىق ئازراق پاراڭلاشتۇق . لېكىن ، يىراق-
تىراق ئولتۇرغانلار بىلەن پاراڭ قىلىش ئىمكانىيىتى زادىلا بولمىدى .

زىياپەتتە مېھمانلار ئىشلەتكەن تىللارمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ
ئىدى . خەنزۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن رۇسچە سۆزلىشەتتى ، بىز بىلەن بىللە
ئولتۇرغان ئامېرىكىلىق بىر مېھمان ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ماڭا ئېنگلىزچە
تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى ؛ رۇسلار ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەيتتى ، ئۇي-
غۇرلارمۇ رۇسچىنى راۋان سۆزلەيتتى ؛ بىر ياشانغان ئۇيغۇر فرانسۇزچە

سۆزلەشتى . بۇ هالدىن بىشىم ئايلىنىپلا كەتتى ، ئىچىمدە مەن بۇ ئۆزۈم پىششىق بىلىدىغان پولشاچە ، زاگزۇچە تىل بىلەن ئۇلارنىڭ پاراڭىغا قوشۇلسام بولامدۇ ـ نىمە ، دەپ ئويلاپ قالدىم . شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، جاڭ رەئىس بىلەن ئازراق سۆزلىشىپ بىقىش نىيىتىم يوققا چىقىشتى ، چۈنكى ئۇمۇ دىققىتىنى يىغالماي ، جۇ ئەپەندىنىڭ هۆركىرىگەن ئاۋازدا قىلغان تەرجىمىسىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىدى .

ئەجەبلىنەرلىك ئىش شۇ بولدىكى ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى كۆڭلى تارتمىغان غىزادىن ئاساسلىقى مىهمانلار ئارا تىنماستىن ئايلىنىپ كۆتۈرۈلگەن قەدەهلەر ۋە مۇخبىرلار سۈرەتكە تارتقاندا چاقماق لامپىسىنىڭ ۋال ـ ۋۇل قىلىپ چاقناشلىرى چالغىتتى . بۇنداق سورۇندا بۇنچە كۆپ چاقماق لامپىلىرىنىڭ بولۇشىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىكەنمەن . هازىر سۆز قىلىش قىيىن بىر ئىش بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، رەئىس ئۆزىنىڭ نۇتۇقىنى قىسقارتىپ بىر نەچچە ئىغىز تەكەللۇپ سۆزى بىلەنلا تۈگەتتى . كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ گىپىنى ئاڭلىيالىغان ياكى ئاڭلىمىغانلىقىدىن گۇمانلاندىم ؛ ئارايىكمۇ سۆزلىمەكچى بولۇپ تىكىست تەييارلىۋالغانىدى ، كىيىن ئۇمۇ سۆز قىلىشتىن يالتايدى .

زىياپەت تۈگىگەندىن كىيىن ، مىهمانلار چوڭ زالغا كەلدى ، كەيپىيات بايىقىدىن سەل كۆتۈرۈلدى . ئۇيغۇر مۇزىكانتلار بايا تاشقىرىدا توختىماي ساز چىلىپ ئولتۇرغانىدى ، بۇ يەردە ئۇلار ئۆلكە رەئىسىنى مەدهىيىلەپ بىر نەچچە خور ئىيتتى . رەئىسنىڭ بۇ چاغدىكى كەيپىياتى قانداق هىچ بىلمىدىم ، لىكىن بۇ بوران ئۇنىڭ كاتتا زىياپىتىنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋەتتى .

قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتلەر ، چايلارنىڭ هەممىسىدە بۇنداق ئەهۋال بولمايدۇ ، ئەمما مۇتلەق كۆپىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن ، زىرىكىشلىك بولىدۇ . جۇڭگولۇقلار قائىدىسىدە ، هەر قىتىمقى زىياپەتتە كىشىلەرنىڭ يەپ بولۇش ـ بولالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ، ئىسسىق قورۇما ـ سەيلەرنىڭ يىتەرلىك ساندا بولۇشى ، كىشىلەردە چوڭقۇر تەسرات قالدۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ . مەن هەر ـ بىر سەي ـ قورۇمىنى تىتىپلا قو-

يۇشنى تېزلا ئۆگىنىۋالدىم ، بىر قېتىم بىزنى جاۋ گېنېرال چاقىرىۋالدى .
ئۇ يەردە زىياپەتتىن كېيىن خەنزۇلارنىڭ چاڭچىلىسى قويۇلدى .
بىز ئۇ يەرگە بارغاندا ، رۇسلار ، خەنزۇلار ، ئۇيغۇرلار بولۇپ
نۇرغۇن مېھمان جاۋ گېنېرالنىڭ بېغىدىكى تال باراڭنىڭ ئاستىدىكى
شىپاڭدا ئولتۇرغانىدى . ئۇلار بىزنى ئايرىپ ، ئارايكىنى ئەرلەر قېشىغا
ئەكەتتى ، مېنى ئاياللار تەرەپكە باشلىدى . ئايال ساھىبخانا بوگۈن بەك
چىرايلىق كىيىنىپ ـ ياسانغانىدى . قۇلاق ، بويۇن ، قوللىرىدا زىبۇ ـ
زىننەت بۇيۇملىرى ۋاللىدايتتى . خەنزۇ پاسونىدىكى ئۆرە ياقىلىق ئۇزۇن
چېپاۋ كىيگەن بولۇپ ، تازا بەك ياراشمىغانىدى . ئۇ ئىنگلىزچىنى كېكەچلەپ ئاران قىلاتتى ، مەن تەسلىكتە ئۇقاتتىم . شۇنداقتىمۇ ، باشقىلار
بىلەن گەپلىشەلمىگەنلىكتىن ، شۇنچىلىك گەپ ـ سۆز بىلەن گاچىغا
ئوخشاش ئولتۇرۇش ، كولۇمسىرەش ئارقىلىقلا كۆڭۈلنى ئىزھار قىلىشتەك
ئوڭايسىزلىقتىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلدۇم . مەن پۈتۈن ئاخشام ئارايكتىن
ئايرىلىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم ، دەپ ئويلىغانىدىم ، ئەمما خېلى ئۇزۇندىن كېيىن زىياپەت باشلاندى ، ھەممەيلەن ئۆيگە كىردۇق .
ئۈچ جوزىلىق زىياپەت تەييارلانغانىدى ، خەنزۇلارنىڭ زىياپەت
جوزىسىدا ئەر ـ ئايالنى بىر يەردە ئولتۇرغۇزۇش قائىدىسى بويىچە بىز
يەنە بىللە بولدۇق ، رۇسىيە كونسۇلىمۇ ئايالى بىلەن بىرگە ئولتۇردى .
بىزنىڭ ئورنىمىز ئەزىز مېھمانلار جوزىسىدا ، ئەر ـ ئايال ساھىبخانلارنىڭ
ئۇدۇلىدا ئىدى . يېنىمىزدا بىر رۇسىيلىك بولۇپ ، ئىنگلىزچىنى كېكەچلەپ ئاران سۆزلەيتتى ؛ يەنە بىر جۇڭگولۇق رۇسچە سۆزلەيتتى . بۇ
ئىككىيلەن تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەچكە ، ئانچە قىينالماي ئاستا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق . توساتتىن تاشقىرىدا مىس چاڭ ۋە سازلار چېلىنىپ ،
قۇلاق ـ مېڭىنى يېدى ، ئاۋازلىرىمىزنىمۇ بېسىپ كەتتى . چېلىنىۋاتقىنى
ۋالىس مۇزىكىسى ئىدى . قارىغاندا مۇزىكىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى
ئاۋازنىڭ يۇقىرى بولۇشىدەك قىلاتتى . مۇزىكا توختىماي چېلىنىپ
تۇردى ، لېكىن زىياپەت تۈگىگىچە قۇلاقلارمۇ ئاغرىپ ئاران قالدى .
جۇڭگوچە سەي ـ قورۇمىلارنىڭ رەڭگى ، تەمى ، پۇرىقى ۋە

www.uyghurkitap.com

خىلى كۆپ ۋە يېيىشلىك ، شورپىلىرىمۇ شۇنچىلىك تەملىك ، ئېغىزدا قالغۇدەك ئىدى. خەنزۇ ئاشپەزلەر كۆكتاتلارنى ماسلاشتۇرۇپ ، تەمىنى تەڭشەپ قورۇشقا ئۇستا ئىدى ، تۈرلىرىمۇ بەك نەپىس ، مۇرەككەپ ، ھەر خىل ئىدى. توخۇدىلا ئون نەچچە خىل قورۇما چىقىراتتى. دېڭىز مېھرىگىياسى ، كالمارا ( بىر خىل بېلىق ) ۋە خەيدەي قاتارلىق نەرسىلەردىن قىلىنغان ھەرخىل قورۇمىلار ، ياڭيۇ ، نېلوپەر غولى ، ئاجايىپ ئۆزگىچە شەكىل چىقىرىلغان چوكا پۇرچاق ، ئۆردەك پۇتى ، قورۇتۇلغان موگو ، ھاك بىلەن پىشۇرۇلغان تۇخۇم قاتارلىق سەي - قورۇمىلار كۆزنى ئالىچەكمەن قىلاتتى. كويزا تۇتۇشنى ئۆگىنىۋالغاندىم ، ئەمما يەنىلا تۈزۈك قىسالماي قىيىنىلىپ ، ئاخىر سورۇندا سەل قوپالراق كۆرۈنگەن پىچاقلارنى ئىشلەتتىم. تەرجىمانىمىز جۇ ئەپەندى ، تەنتەنىلىك ھالدا ، كىشلەر قارلىغاچ چاڭگىسى شورپىسىنى ئەڭ ئېسىل ، ئىنتايىن قىممەت باھا يېمەكلىك ، دەپ ھېسابلايدۇ ، دېدى. ئارقىدىن « لېكىن ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرۇپ ئىچىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق » دەپ قوشۇپ قويدى.

زىياپەت يېرىملاشقاندا تاتلىق يېمەكلىكلەر كەلتۈرۈلدى ۋە ھەر بىر ئادەمگە چوكىلىرىنى يۇسۇن دەپ بىر پىيالىدىن سۇ ئەكەلدى. گېنېرال بىر ئادەمنىڭ بىخەستەلىك قىلىپ كويزا يۇيۇدىغان سۇنى ئىچىپ سالغانلىق توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. مەن مېھمان كۈتكەن چاغدىمۇ بەزىلەر تاتلىق يېمەكلىكتىن كېيىن قول يۇسۇن دەپ ئەكەلگەن پىيالىدىكى سۇنى ئىچىپ سالغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قانچە خىل قورۇما چىقتى. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بىر پىيالىدىن گاڭپەن كەلگەندە ، ئاندىن زىياپەت تامىقى تۈگىگەن بولدى.

ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان تاماق زىياپىتى تۈگىگەندىن كېيىن ، بىزنى گازارما تىياتىرخانىسىغا باشلىدى. بۇ ناھايىتى چوڭ تىياتىرخانا بولۇپ ، رەسمىي سەھنىسى بار ئىدى ، ئېلېكتىر لامپىلار ۋە جىن چىراغلار يورۇتۇقلۇق تۇراتتى. جاۋ گېنېرال مېھمانلارنى باشلاپ تىياتىرخانىغا كىرگەن چاغدا ، ئۇ يەردە ئولتۇرغان تاماشىبىن ئەسكەرلەر رىتىملىق

چاۋاك چېلىشقا، مۇزىكانتلار مۇزىكا چېلىشقا باشلىدى. زال جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمدى. ئىككى تىياتىر قويۇلدى ۋە ھەر ئىككىسى ئىنگلىزچە، رۇسچىغا تەرجىمە قىلىندى.

ئويۇن باشلاندى. بىرىنچىسى «ئىبادەتخانىدا خوتۇننى ئۆلتۈرۈش» [1]ئىدى. بۇ ۋەقە جۇڭگودا بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن بولۇپ، ناھايىتىمۇ قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك ئىدى. تىياتىردىكى باش قەھرىمان سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئىمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئۆز خوتۇنى بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. گەرچە خوتۇنىنىڭ دادىسى ئەسكى، قەبىھ ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خوتۇنى ۋاپادار، ساداقەتمەن ئايال ئىكەن. ئۇ دائىم بۇتخانىغا بىرىپ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئېرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا دۇئا قىلىپ كۆجە كۆيدۈرىدىكەن. ئېرى ئۇنى بۇتخانىدىن تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇنى مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىدۇ. ئويۇن بۇ يەردە ئەڭ تەسىرلىك ئوينىلىدۇ. ئېرىنىڭ خوتۇننى ئۆلتۈرۈشكە قولى بارمايدۇ. خوتۇنى ئېرىنى تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچنى ئېلىپلا ئۆزىگە سانجىپ ئۆلىدۇ. يىرىكىدە قىساس ئوتى لاۋۇلداپ تۇرغان ئانىمۇ كېلىنىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكى چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ.

جۇڭگو تىياتىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە سادىق بولۇش ئۈچۈن، سەھنە سۆزلىرىنىڭ يېرىمى ئادەتتىكى سۆز شەكلىدە ئېيتىلىدۇ، بەزىدە جاڭ ـ دۇمباق قاتارلىق مۇزىكىلارنىڭ قۇلاقنى پاك قىلغۇدەك ئاۋازى ئىچىدە ناخشا قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مۇزىكا چالغۇچىلار سەھنىنىڭ كەينىدە، كۆرۈنمەيدىغان جايدا ئولتۇرىدۇ. پۈتۈن ئويۇن جەريانىدا مۇزىكا چېلىنمايدىغان ۋاقىت ناھايىتىمۇ ئاز بولىدۇ. مەن ئاڭلىغان شەرق مۇزىكىلى-

[1] ئاپتورنىڭ ۋەقەلىكنى تونۇشتۇرۇشىدىن قارىغاندا، بۇ جۇ شىنفاڭنىڭ «ئادەم ئۆلتۈرۈپ سوتلىنىش» («ۋۇخەنىڭ خوتۇننى ئۆلتۈرۈشى») دېگەن تىياتىرى بولۇشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

رىغا قارىغاندا ، بۇ مۇزىكىدا ئاھاڭ ئۆزگىرىشى ئاز . ئۇيۇندا ئاياللارنىڭ رولىنى ئەرلەر ئالىدىكەن . ئايال باش قەھرىمان يۈزىنى ھەممىدىن زىيادە ئاق ، كۆزىنىڭ چۆرىسىنى قىزىل قىلىۋالىدىكەن ، ئەمما بۇ ئادەمگە ئۇنى قىزىقچىدەك ئەمەس ، ئۆزگىچە چىرايلىق ۋە لاتاپەتلىك تۇيغۇ كىرگۈزىدىكەن . مەن ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ كىيىمى ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپ باش كىيىمىگە قىزىقىپ قالدىم . ئايال رولىنى ئالغان ئەر ئارتىس ، ئاۋازىنى ياساپ ، رەسمىي ئاياللارنىڭكىدەك چىقىرىدىكەن ۋە نەپىس ، سىلىق ھەرىكەتلەرنى ئىشلەيدىكەن . بۇنداق ئويۇننى بىرىنچى قېتىم كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى پەقەت چۈشەنمىدىم . ئەمما ، ئىشىنىمەنكى ، بارلىق كلاسسىك تىياتىرلارنىڭ ھەممىسىدە چوقۇم قەتئىي رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت قائىدىلىرى بولىدۇ .

شېكسپىر دەۋرىدە سەھنىلەردە دېكراتسىيە يوق بولۇپ ، سەھنە جابدۇقلىرى سىمۋول خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى . جۇڭگو تىياتىرلىرىدا تاماشىبىنلارنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ، ھازىر غەرب تىياتىرلىرىدا تاماشىبىنلارنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارىغا قويۇلىدىغان تەلەپتىن كۆپ يۇقىرى ئىكەن . مەسىلەن ، تىياتىردا بۇتخانا بىر جوزا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى تال شام بىلەنلا ئىپادىلىنىدىكەن . ئويۇن ۋەقەلىكىگە مۇناسىۋەتسىز پاكارراق ، ئاق كىيىم كىيگەن ، چىش دوختۇرىنىڭ ياردەمچىسىگە ئوخشايدىغان بىر ئادەم ، ئويۇندىكى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ تراگېدىيىسى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە ، سەھنىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئورۇندۇقتەك نەرسىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇياندىن ـ بۇيانغا يۆتكەپ يۈردى ، بۇ ئويۇنغا مۇناسىۋەتسىزدەك بىرھال ئىدى . ئايالى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن ئىلگىرى ، بۇ ئادەم ئېرىنىڭ ئۆلگەن خوتۇنىنىڭ « كاللىسى » نى ئېلىپ ئۆزىگە بېرىشنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇردۇ . ئويۇن ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا ، ئۇ يەنە ئارتىسلارغا چاي ئەكىلىپ بېرىدۇ . سەھنىدە يەنە ۋەقەگە ھېچ مۇناسىۋىتى يوق ئەسكەرلەر چىراغلارنى باشقۇرۇپ يۈرىدۇ . ناھايىتى تېز مېڭىشىدۇ ، لېكىن ئەتراپىدا

بولۇۋاتقان ئىشلارغا پەقەتمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

لېكىن، سەھنە باشقۇرۇشى قانچىلىك ناچار بولسۇن ياكى سەھنە سۆزلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئۇقـايلى ـ ئۇقمايلى، مۇزىكىلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭى بىزنى قانچىلىك هارغۇزۇپ، قۇلاقلىرىمىزنى پاڭ قىلمىسۇن، ئىككى باش پېرسوناژ ئويۇننى ھەقىقەتەن ناھايىتى تەسىرلىك، جانلىق، ئۇستىلىق بىلەن ئوينىدى. مەنمۇ بۇ پاجىئەلىك ۋەقەنىڭ تەسىرىگە قاتتىق بېرىلىپ، ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلدۇم. توساتتىن غەلىتە كىيىملىك بىرى سەھنىگە سەكرەپ چىقىۋىدى، بىز ھەيران بولدۇق. خېلى ئۇزۇن باش قاتۇرۇپ ئويلاپمۇ، بۇ ئادەمنىڭ غەلىتە ھەرىكەتلىرى بىلەن بۇتخانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى بىر ـ بىرىگە قانداق باغلاشنى ھېچ ئۇقالمىدىم. كېيىن، ئۇنىڭ كېيىنكى (ئىككىنچى ئويۇن) دىكى پېرسوناژ ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئىككى ئويۇن بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپلا ئوينالدى①. بۇ مۇقەددىمىسى يوق، موللاق ئېتىش بىلەنلا ئوينىلىدىغان كومېدىيە بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇنى قەدىمكى زاماندىكى بىر پەلسەپچى يازغانىكەن، ۋەقەلىكى «مايمۇن پادىشاھ» بىلەن «كالا پادىشاھ» نىڭ ئېلىشىشى ھەمدە مايمۇن پادىشاھنىڭ دېڭىز ئاستىدىكى «ئەجدىھا شاھ» بىلەن تەڭداشسىز باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى ئىكەن.

— بۇ راست بولغان ۋەقە ئەمەس، — دېدى جاۋ گېنېرالنىڭ خانىمى ماڭا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن چۈشەندۈرۈپ.

مايمۇن پادىشاھ ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىكەن، ئۇنىڭ يۈزى قىزىل، ئاق، كۆك ئۈچ خىل رەڭدە ناھايىتى ئۆزگىچە ۋە چىرايلىق قىلىپ بوياپ ـ سىزىلغانىدى. بۇ ئويۇندىكى پەلسەپىۋى مەنىنى چۈشەنمىگەچكە، ماڭا بۇ ئويۇن بىر توپ ناھايىتى چاققان سېرىك ئارتىسلىرىنىڭ ئۆزئارا چېلىشىشى ۋە موللاق ئېتىشىدەك بىلىندى. ھەرخىل پېرسوناژلار موللاق ئاتقانچە سەھ-

---

① ئاپتورنىڭ تۆۋەندە ئويۇن ۋەقەلىكىنى چۈشەندۈرۈشىدىن قارىغاندا، بۇ «ئەرشنى مالىمان قىلىش» دېگەن ئويۇن بولسا كېرەك.

ـنىگە چىقىپ، يەنە موللاق ئاتقانچە چۈشۈپ كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئى-
چىدە ئىككىسى بەكمۇ ئۇستا بولۇپ، بەك ئېگىزگە سەكرىيەلەيدىكەن.
مايمۇن پادىشاھنىڭ كىيىمىنى كىيگەن، ھەرخىل رەڭ - بوياقلاردا يۈ-
زىنى بويىغان توپ - توپ ئوغۇل باللار چىقىپ، سەھنىدىن تېز مېڭىپ
ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ياكى ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. بىردەمدە پەيدا بو-
لۇپ، بىردەمدىلا يوقاپ كېتىدىكەن. مايمۇن پادىشاھ سەكرەپ، موللاق
ئېتىپ ھەممىدىن بەك دىققەتنى تارتىدىكەن. ئۇ مەركەز قىلىنغان ۋەقە-
لىك بەكمۇ چۈشىنىكسىز، كۆرۈنۈش تولىمۇ كۆلكىلىك، ئۆزگىرىشى
بەك كۆپ ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ بىرتىرام ئىجاد قىلغان ناھايىتى ئېسىل
بىر ھەجۋى ئويۇن ئېسىمگە كەلدى. بۇنىڭدىكى قىزىقچىلىقنى ھەرقانداق
بىر تىلدىكى ئادەملەر كۆرۈپلا چۈشىنەلەيتتى.

ئويۇن ئۈزۈلمەستىن، قۇلاق - مېڭىنى يەيدىغان قاتتىق مۇزىكا
ساداسى ئىچىدە ئوينالدى. ھېلىقى «چىش دوختۇرى ياردەمچىسى» مۇ
سەھنىدىن چۈشمىدى، ئۇنىڭ چەينىكىمۇ شۇنداق بولدى. ئارىلىقلاردا
سېرىكچىلەر شاپىلداپ بىرىپ چەينەكتىن بىر - ئىككى يۇتۇم چاي ئى-
چەتتى. چىراغلارغا قاراۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ موللاق ئېتىپ، ئۆزئارا ئې-
لىشىپ - چېلىشىۋاتقانلار بىلەن سوقۇلۇپ كەتمەي، ئۇلاردىن ئۆزىنى
قانداق قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدىم. ئاخىردا، ناھايىتى مۇرەك-
كەپ موللاق ئېتىشلاردىن كېيىن مايمۇن پادىشاھ قەدىمىي بىر بۇددا تە-
رىپىدىن ئەل قىلىندى. ھېلىقى «چىش دوختۇرى ياردەمچىسى» ناھا-
يىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سەھنە ئالدىغا كېلىپ پەردىنى چۈشۈردى.
شۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئاياغلاشتى. ئاجايىپ - غارايىپ ۋە قىزىقارلىق،
كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلىدىغان بۇ ئويۇن ئىككى سائەت داۋاملاشتى.
بۇ ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس ئىدى. بىرى ماڭا، خەنزۇ تىياتىرلىرىنىڭ
ئالتە سائەت قويۇلىدىغانلىرىمۇ بارلىقىنى ئېيتتى. ياۋروپالىقلار ئىچىدە
مۇزىكىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت قۇلاق - مېڭىنى يېيىشىگە چىداپ ئو-
يۇن كۆرىدىغانلار ناھايىتىمۇ ئاز. مەن جۇڭگو ئەسكەرلىرى ئوينىغان
يەنە بىر ئويۇنغا قىزىقىپ قالدىم. بۇ پانۇس ئويۇنى بولۇپ، كەڭ



www.uyghurkitap.com

مەيداندا قەغەزدىن ياسالغان ، ناھايىتى مۇرەككەپ شەكىل چىقىرىپ بەكمۇ نەپىس ياسالغان ، ئۈستىگە ئەجدىھادىن تارتىپ ئايروپىلانغىچە ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان پانۇسلار قاتار قويۇلغانىدى . ئاندىن ئۇلار ھەرخىل شەكىل چىقىرىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى . قاراڭ-غۇدا بۇ پانۇسلارنىڭ نۇرلىرى ئاجايىپ گۈزەل خىيالىي مەنزىرىنى ھاسىل قىلىپ ، كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى . ئارقىدىن ئويۇن باشلىناتتى . جۇ ئە-پەندى بۇ ، مەلۇم بىر جاي دېئالېكت بىلەن ئوينىلىدىغان ئەپسانىۋى ئو-يۇن بولغاچقا ، ئۆزىنىڭمۇ چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ ئويۇن كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلىدىغان ۋە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بول-غاچقا ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى . قەغەزدىن ياسالغان ناھايىتى ئۇزۇن ئەجدىھا ( ئىچىگە چىراغلار ئورنىتىلغان ) ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى ۋە ئوڭ ـ سولغا چايقىلاتتى ؛ رەڭدار ، چىرايلىق بېزەلگەن كىچىك بىر كې-مىدە چىراغلار پارقىرايتتى ، كېمە ئۇيان ـ بۇيان چايقىلاتتى ؛ چىرايلىق بىر قىزنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمى كېمىدە تۇراتتى ، پۇتلىرى بولسا ، كېمە-نىڭ ئاستىدا ئۇسسۇل ئوينايتتى ، بۇنىڭغا ھېچ ئەقلىمىز يەتمىدى . ئۈش-تۇمتۇت جىم تۇرغان بىر توپ ئەر كىشى چىقىپ ، بۇ خىيالىي مەنزىرىگە يەنىمۇ قاينام ـ تاشقىن تۈس بەردى ؛ چىرايى سۈرلۈك چامباشچىلار ، جەلپكار « قىزلار » ، پەيدا بولۇپ ۋە يوقىلىپ تۇرغان قىزنىچىلار ، ئۆ-زۈلمەي بولۇۋاتقان سوقۇشۇشلار ، داقا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى باش ئۈستى-مىزدە ئايلىنىپ يۈرەتتى . يۈزى ئاجايىپ ـ غارايىپ قىلىپ بويالغان ، تارتىپ قويغانغا ئوخشاش ياسالغان ، بەئەينى تىرىكتەك كۆرۈنىدىغان بۇ تەنلەر بېشىمىز ئۈستىدە سەكرەپ ، موللاق ئېتىپ ، ئاجايىپ ھەيۋەت كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغانىدى . ئاجايىپ ئۆزگىچە كۆرۈنۈش ، ياسىلىش ، تولىمۇ سىرلىق ۋە گۈزەل شەخسلەر ، ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ پانۇس ئويۇنىغا سىڭدۈرۈلگەنىدى . ئويلايمەنكى ، مانا بۇ جۇڭگولۇقلار-نىڭ ھەقىقىي ئەپسانىۋى نەرسىلىرى — قەدىمىي سەنئەت ئويۇنى .

بەزى چاغلاردا قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكىلەرمۇ بىزنى ئۇي-غۇرلارنىڭ كەسپىي سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلاتتى .

مەن ئىككى سائەتلىك بۇ ناخشا ـ ئۇسسۇلنى بەك ياخشى كۆرۈپتىم ، تە-لىنى چۈشەنمىگىنىم بىلەن مۇزىكىلىرى ئىنتايىن يېقىملىق . ئارتىسلارنىڭ كىيىمى رەڭگارەڭ ، ئويۇنلار شۇنچىلىق لەرزان ، نەپىس ، چىرايلىق ئوي-نىلاتتى . سىز ئۇنى كۆرۈپلا ، ئۇلارنىڭ مەشىق ۋە تەشكىللەش خىزمە-تىنى نەدىن ئۆگەنگەنلىكىنى تېزلا بىلىۋالالايسىز . بەزى ئارتىسلارنىڭ ئۇسسۇلىدا رۇس پۇرىقى كۈچلۈك ، قارىغاندا بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە كازاك ئارتىس بار بولۇپ ، ھەر قېتىمقى ئويۇندا ، بىر قىزنىڭ ستالىننى مەدھىيەلەپ ناخشا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلايمىز . رۇسىيىلىكلەر ئەنئەنىۋى ئۇي-غۇر ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىسىدىن پايدىلىنىپ ، تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلى-دىغان ، سەنئەت ۋە سىياسەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىلگەن نومۇرلارنى تۈزۈپ چىققان . ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز .

بۇنداق سورۇنلاردا ، بىز ھەمىشە رۇسىيە باش كونسۇلى ۋە ئۇ-نىڭ خانىمى بىلەن بىللە ئويۇن كۆرىمىز . رۇسىيە باش كونسۇلى خانى-مىنىڭ بارلىق نومۇرلارنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى . ئىنگلىزچىنىمۇ خېلى بىلەتتى ، شۇڭا بىر قېتىم كىچىك ۋە قاتتىق ئو-رۇندۇقتا توپتوغرا ئىككى يېرىم سائەت ئولتۇرساقمۇ ئويۇن تۈگىمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنىڭدىن ئويۇن يەنە قانچىغىچە قويۇلىدۇ ، دەپ سورىسام ، ئۇ كەسكىن تۈردە « ئالتە يىل » دېمەسمۇ ، تووا دەپ ياقامنى تۇتقىلى تاس قالدىم .

1947 ـ يىل ، ھۆكۈمەتكە قارشى بىر قېتىملىق سۇيىقەست تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر ئويۇنچىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۇيغۇرلار « كۇ-لۇبى » نى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە ئۇنى خەنزۇلار باشقۇردى . ئەمـ-ما ، خەنزۇلار بۇ « كۇلۇب » تا تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ناھايىتى ئاز قىلاتتى . بەزىدە رۇسىيىنىڭ كونا كىنولىرىنى قوياتتى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇلى ياكى خەنزۇلارنىڭ تىياتىرلىرىمۇ قويۇلۇپ قالاتتى . ئەمما ، شۇ-نىڭدىن كېيىن بىز باشتىكىدەك مەخسۇس تەييارلانغان ياخشى ئو-يۇنلارنى تەكلىپ بىلەن كۆرۈپ باقمىدۇق . « كۇلۇب » تا ئويۇن قويۇ-

لىدىغان بولسا ، كۈنبويى ئۆگزىسىدە دۈمباق ، ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ تەشۋىق قىلىناتتى . ياز كۈنلىرى ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى بىزگىمۇ ئاڭلىناتتى .

قەشقەردە كۈتۈۋېلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشتا خۇددى ئامېرىكىدا مارافونچە ئۇسسۇل مۇسابىقىسىنى كۆرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش سەۋرچانلىق ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىناتتى . رۇسسىيىلىكلەرنىڭ كەچلىك ئولتۇرۇش ۋاقتى جۇڭگولۇقلارنىڭكىدىنمۇ ئۇزۇن ، كۆلىمى كەڭ بولاتتى . بۇنىڭ تىپىك سوۋېتلىكلەرنىڭ مېھماندوستلۇق روھى ياكى ئەمەسلىكىنى مەن پەقەت بىلەلمىدىم . بەلكىم بۇ رۇسىيە باش كونسۇلخانىسىنىڭ شۇ چاغدا قەشقەردە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرغانلىقىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن . لېكىن ، پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئوخشاش چوڭ بايراملاردىن باشقا چاغلاردا ، كىچىك تىپتىكى ، ئىناق كەيپىياتتىكى زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزۈشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق . رۇسسىيىلىكلەر دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزگەندە ، بىزنى چاقىرماي قالمايتتى . رۇسىيە باش كونسۇلى ئىچىدە سەھنىسى بار چوڭ زال بار ئىدى . مېھمانلار سەھنىگە قاراپ پاكار ، لېكىن ناھايىتى ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرەتتى . ئويۇن بەزىدە كىنو ، بەزىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى بولاتتى . بىز يەپ ـ ئىچكەچ ئويۇن كۆرەتتۇق . بۇنداق كۈتۈۋېلىشلار تۆت سائەت داۋام قىلاتتى ، لېكىن كۆڭۈللۈك ئىدى . كەسپىي سەنئەتچىلەرنىڭ ئويۇنى تۈگىگەندىن كېيىن ، ئۇلار مېھمانلارنى تانسىغا تەكلىپ قىلاتتى . پاتېفوندىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاككاردىيون مۇزىكىسىغا تېگى ئېگىز ـ پەس گىلەم ئۈستىدە ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۆزىمىزنىڭ ھىندىستانلىق خىزمەتكارلىرىمىزنىڭ نەزەرى ئاستىدا ( ئۇلارغا تانسا ئوينىشىمىز قىزىقارلىق ۋە سىرلىق تۇيۇلاتتى ) تانسا ئويناشنى قاتتىق بىر سىناق دېيىشمۇ يامان كەتمەيتتى . مەندە دائىم ، بىزنىڭ ئەسەبىيلەرچە پىرقىراپ ، قۇچاقلىشىپ دېگۈدەك تانسا ئوينىشىمىز شەرقلىكلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئەۋزەللىكىگە چوڭقۇر ئىشەنچ پەيدا قىلىدىغاندەك ئالاھىدە بىر تۇيغۇدا بولاتتىم .

بۇنداق سورۇنلاردا بالدۇرراق كېتەيلى دېسەك، قانچە قارشىلىققا ئۇچرايتتۇق. بۇخىل قارشىلىق تەكەللۇپ ئارىلاش ئارىلىقىدىكى قائىدە — يوسۇن نەزەردە تۇتۇلغان ئۇنىماسلىق بولماستىن، ھەجۇرىي يوسۇندىكى رەت قىلىش ئىدى. شۇڭا، بىز بىر پەيتنى پايلاپ كېيىنكە ھەرىكەن قىلساقمۇ، بىز ئەتىسى سەھەر سائەت ئىككى — ئۈچلەردە، قائىدە — يوسۇن دېگەننىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويمىساق بولمايدىغان چاغدا، ئاندىن كېتەلەيتتۇق. مەن بۇ خەقنىڭ بىزنى چاقچاق ۋە خاپىلىق ئارىلاش تۇتۇپ قېلىشلىرىنىڭ، ئەتىسى سەھەر ئىككى — ئۈچلەردە، ئاندىن قويۇپ بېرىدىغانلىقىنىڭ زادى نېمە مەنىسى بارلىقىنى ئويلاپ ھېچ تېگىگە يېتەلمىدىم. روشەنكى، سورۇندىكىلەر ھېرىپ كەتكەنلىكتىن گەپ قىلىشتىنمۇ ئېرىنەتتى. تەرجىمانلار لايدەك بوشاپ مۆگدەپ قېلىشاتتى. مېھمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيقۇسى كەلگەنلىكىنى يوشۇرمايتتى. ئەمما، ساھىبخانىلار روھلۇق، تېتىك يۈرەتتى.

بىر يىلى، بىز رۇسىيىلىكلەرنىڭ يېڭى يىللىق پائالىيىتىگە قاتناشتۇق. يېرىم كېچىدىن باشلاپ ئانچە — مۇنچە توقۇنۇشلار بولۇپ تۇردى. كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆي ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن، ئوتتۇرىدا بىر تۈپ ئارچا دەرىخى بار ئىدى. تورۇستىن سۈنئىي قار يېغىپ تۇراتتى. باشتا ئۇسسۇللارنى قىزىقىپ، كۆڭۈللۈك كۆردۇق. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، مېھمانلار سولاشقىلى تۇردى. ساھىبخانىلار دەرھال پەردىنى ئۆزگەرتىپ، رەڭدار قەغەز لېنتا ۋە كەمپۈتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ چېچىشقا باشلىدى. بۇ ماڭا، بىر قېتىم بىز ئولتۇرغان پاراخوت بوران — چاپقۇنلۇق شىددەتلىك دولقۇنلاۋاتقان دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا، پاراخوتتا «كاتتا بەزمە» ئۆتكۈزۈلگەن، جۇشقۇن بەزى يولۇچىلار چىداپ ئاخىرغىچە قاتناشقان، چىدىماسلىرى يېتىپ ئۇخلىۋالغان، يولۇچىلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرىدىغان بوران — چاپقۇنلۇق كېچىنى بىر ئاماللاپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇ بەزمىنى تىرىشىپ قىزىتقاندەك ئىشلارنى ئەسلەتتى. رۇسىيىلىكلەرنىڭ بۇ يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىشىدا قارىسام، ھىندىستانلىق ئۈچ چاكىرىمىز

ئانـدا ـ ساندا مۇگىدەپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپتۇ . هاراقتىن پەرهىز قىلـ-
غـاچقا، ئۇلار سەگەك ئىدى ، لېكىن گەپ ـ سۆز قىلىشمايتتى ، كۆلكد-
دىن ئەسەر يوق ، چىرايىدىن زېرىككەنلىكى مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىپ
تۇراتتى . ئۇشتۇمتۇت ناهايىتى ئۇياتچان ، ئەمما قاۋۇل بىر قىز ئۇلارنىڭ
بېشىغا رەگدار لېنتىلارنى چاچتى . ئەمما ، ئۇلار مىدىر ـ سىدىر قىلمى-
دى ، بۇ لېنتىلار بىلەن ئۇلار گويا گۈلچەمبىرەك ئېسىۋالغاندەك بولۇپ
قـالـدى . ئۇلار قەغەز لېنتىلارنى قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىپ يەنە ئۇخلاپ
قالدى .

مـەن قەشقەردە هاراق ئىچىشكە مۇناسىۋەتلىك روهىي هالەت ۋە
هەرىكەتلەرنى بۇرۇنقىدىن بەكرەك چۈشەندىم ، لېكىن بۇنىڭدىن بەكرەك
گـاڭگىراپ قالدىم . ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام ، ئۆزۈم هارىقى ئىچىشكە
ئامراق ئىدىم . مەن يەنە هەممە ئادەمدە بىر خىل هەۋەس بولۇشى ، كىم
قانداق هاراقنى ، قانچىلىك ئىچىشنى خالىسا شۇنى ئىچىش ۋە قانغۇدەك
ئىچىشى كېرەك ، دەپ قارايتتىم . ئەمما ، كىشىلەر نېمىشقىدۇر هاراققا ئا-
جايىپ زورلاپ كېتىدىكەن ، ئەگەر بىر ئادەم قۇلۇلە گۆشى بىلەن خۇشى
يوق بولسا ياكى ئازراقلا يېيەلىسە ، بۇنى ئۇ ئادەمدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ
هەمدە بۇ ئادەم بولمايدىكەن ، دېيىشكىمۇ بولمايدۇ . ئەمما ، هاراق ئىچ-
مەيتتىم دەيدىغانلار ، بەكرەك يۈرەكلىك بولمىسا زادى بولمايدىكەن . بۇ
ئىش ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەر ئارىسىدا بەكرەك ئېغىر بولىدىكەن . شۇ-
گا ، كېيىسپ ئېيتالايمەنكى ، سانسىزلىغان ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ۋىسكىنى
يـاقتۇرمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلىيالمايدۇ ياكى ئۆزىگە هاراق تۇتۇلغاندا ئا-
رىسالدى بولۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى پەقەت چاندۇرمايدۇ .

مـەن قايسى بىر كىتابتا ئېلگىرى پرۇسسىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ
مەخسۇس هاراق ئىچىشتە ئالاهىدە تەربىيىلىنىدىغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم .
پرۇسسىيە ئوفىتسېرلىرى ئۈنۈمگە بەك ئەهمىيەت بېرىدىكەن ، ئۇلار كۆ-
ڭۈل ئېچىشقا مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك هوزۇر ـ هالاۋەتنى دەبدەبى-
لىك ، مۇقەددەس مەسئۇلىيەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدىكەن . شىنجاڭدىكى
رۇسـىيىلىكلەرنى كۆزىتىشىمدىن ئالغاندا ، مەست بولغۇچە ئىچىش ئۇلار-

نىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈلمىگىنى بىلەن ئۇلارنىڭ پرۇسسىيە ئوفىتسېرلى-رىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كەچۈرمىشلىرى باردەك قىلىدۇ. بۇ يەردە هاراق ئىچىش بىر خىل مەسئۇلىيەتكە ئايلانغان. ئۈزۈلدۈرمەي تۇتۇلغان هاراقلاردىن هېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

بىز قەشقەرگە يېڭى كەلگەندە ئۆتكۈزگەن بىرنەچچە قېتىملىق زىياپەتتە، مەن قائىدە ئۇقماي خاتالاشتىم، يەنى هاراق ئىچكەندە بىر ئوتلاپلا قويۇپ قويۇپتىمەن ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. چۈنكى، مەن تاماق يېيىلىپ بولغاندا، ئاندىن رەسمىي هاراق تۇتۇش شەكلىگە ئادەتلىنىپ قالغانىدىم. لېكىن، مەيلى رۇسىيە-لىكلەر ياكى جۇڭگولۇقلار بولسۇن، هاراقنى تەكلىپ قىلىنمىغۇچە قولىغا ئېلىپ ئىچمەيدىكەن، تەكلىپ قىلىنغان بولسا، رومكىنى بىراقلا بوشى-تىدىكەن، ئەگەر ئىچكۈچى سەل ئارىسالدى بولۇپ قالسا، تەكلىپ قىلى-غۇچى بۇنى ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ياكى هاقارەت قىلغانلىق، دەپ قارايدىكەن. رۇسىيىلىكلەر ۋودكا ياكى براندى ئىچمەي ئۈزۈم هارىقى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەرنى خوتۇن كىشىگە ئوخشايدۇ، دەي-دىكەن. مېھمانلار قىلىقىمغا قاراپ مېنى چوقۇم مېھماندوست ئەمەسكەن، دەپ ئويلىدى. بىزنىڭ هاراق ئىچمەيدىغان مۇسۇلمان خىزمەتكارلىرى-مىزمۇ رۇسىيىلىكلەرنىڭ خوتۇن كىشىگە ئوخشاتقان ئېيتقىسىز مەسخىرە ياكى زاڭلىق قىلىشلىرىغا ئۇچرايدىكەن. شۇڭا، هاراق ئىچىش مەسى-لىسى مېنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان ۋە ئاچچىقىمنى كەلتۈرىدىغان بىر ئىشقا ئايلاندى. بارا ــ بارا مەن ساھىبخانىلار ياكى مېھمانلارنى كۆڭلىنى دەپ ئولتۇرماستىن، ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىمغا قاراپ ئىچىدىغان بولدۇم، هەرقانچە زورلىسىمۇ بىر يۇتۇم ئارتۇق ئىچمىدىم.

لېكىن، ئارايىك ۋە مەن شۇنى بايقىدۇقكى، بىزنىڭ بۇنداق قەت-ئىيلىكىمىز جۇڭگولۇقلارغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئۇلارنىڭ هاراقنى كۆپ ئىچكەنلىككە پەرۋا قىلماسلىقى، بۇنى بىر خىل مېھمان كۈتۈش قائىدىسى، مېھماندوستلۇقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىغانلىقىمۇ ــ قانداق، دەپ ئويلاپ قالدۇق. جاۋ گېنېرال تۇتقان هاراقنى بىراقلا ئى-

چىلىپ تۆگىتەتتى، بىراق چىرايىدا چىدىيالمايۋاتقان، ناھايىتى قىيىنلىپ ئىچىۋاتقان بىر ئىپادە ئەكس ئېتەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئىچكىنى جۇڭگو-نىڭ گۇرۇچ ھارىقى بولسا، ئۇنىڭ ھالىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، چۈنكى بۇ ھاراق ئىچكۈچە ئادەمنى بەك بىئارام قىلىدۇ. باشتا كىشىلەرنىڭ ھو-زۇرلىنىپ ھاراق ئىچىۋېتىپ، ھاراق ئىچىشكە ئالاقىدار «ھاراق ئىچە-لەيدۇ» (ھاراق كۆتۈرەلەيدۇ) دېگەن ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولاتتىم. كېيىن ـ كېيىن بۇنىڭغا كۆنۈپمۇ كەتتىم.

بىر قېتىم جاۋ گېنېرال رۇسىيىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى توشقۇزۇپ قايتىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتكە بىزنىمۇ تەكلىپ قىلدى. زىياپەتتە گەپ ھاراق ئىچىشكىلا مەركەزلەشتى. كىشىلەر ئازراقمۇ ئارامچىلىق بەرمەي ئارقا ـ ئارقىدىن قەدەھ تۇتۇشتى. جاۋ گېنېرال چىرايى ئادەتتىكىدەكلا بىر خەنزۇ ئايالنى كۆرسىتىپ، پەخىرلەنگەن ھالدا، ئۇ تۆت بوتۇلكا براندى ئىچىۋېتەلەيدۇ، ئازراقمۇ بېشى قايمايدۇ، دېدى. ھاراق ئىچىشنىڭ بۇ چېمپىيو-نىمۇ ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشقا بەل باغلىدى بولغاي، ئۇزۇن ئۆت-مەيلا گېنېرالنىڭ سۆزىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشتە رۇسىيە-لىكلەرنى نىشان قىلدى. ئۇ ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ قەدەھ تۇتتى ۋە ئۆزى بىر كۆتۈرۈشتىلا قويماي ئىچىۋەتتى. رۇسىيىلىكلەرمۇ ئۇنىڭغا ئىختى-يارسىز ئەگەشتى. باشقا مېھمانلار بوش ئاۋازدا ئۆزئارا قەدەھ تۇتۇشتى ۋە ئالدىدىكى نازۇ ـ نېمەتلەر ئىچىدىن كۆكلىگە ياققانىنى يەپ تۇردى. كۆپ ئۆتمەي ھەممىنىڭ نەزەرى ھېلىقى چېمپىيونغا ئاغدۇرۇلدى. بۇ چاغدا، ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دوستلۇقى ھەققىدە گەپ ساتتى. ئۇ ھەر بىر قەدەھنى ئىچكەندە، ساھىبخانىمىز چاۋاك چېلىپ ئۇنى رىغبەت-لەندۈردى. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان چېمپىيون قەدەھنى قويۇپ ھاراقنى بوتۇلكا بىلەنلا ئىچىشكە باشلىدى. بوشىغان بوتۇلكا ئورنىغا يېڭىسىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

مەن بۇنداق ئىشلاردىن بەك بىزار ئىدىم، شۇڭا خەنزۇلارنىڭ قەدەھ تۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن گېنېرالنىڭ دىققىتىنى ئۆزۈمگە تارتىشقا

ھەرىكەت قىلدىم . بىراق گېنېرال ھېلىقى ھاراق ئىچەلەيدىغان خانىسىنىڭ كارامىتىگە مەپتۇن بولۇپ ، بىزگە ئۇنى بەك قالتىس دەپ ماختاپ كەت-تى . شۇنىڭ بىلەن مەن تاماق ـ قورۇمىلاردىن يەپ ئولتۇردۇم . ھېلىقى ياخشى ماڭا ھېچكىم ھاراق زورلىمىدى . ھېلىقى ھاراق كۆتۈرەلەيدىغان چوكاننىڭ يۈزى قۇلاقلىرىغىچە شەلپەردەك قىزىرىپ ، گېپى كۆپەيدى ھەم تاپتىن چىققىلى تۇردى . بۇنى كۆرۈپ ئۇنى ماختاپ ـ ئۇچۇرۇۋات-قان گېنېرالمۇ ئۇنىڭغا سەل دېمىگىزنى ئېلىۋېلىڭ ، دېگەن مەنىدە ئىشا-رەت قىلىشقا ئۆتتى . ئەمما ، ئۇ چولپان ئىشارەتكە پەرۋا قىلماي بىر قولىغا قۇرۇق بوتۇلكا ئېلىپ ، بىر قولىنى تاۋۇزدەك يوغان قورسىقىغا قويۇپ تاماشا چىقارغىلى تۇردى . بۇنىڭ بىلەن گېنېرالنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى . بۇ چولپاننىڭ ئېرىمۇ ( ئوتتۇرا بوي ، كەمسۆز ، ھاراقنى ئاغزىغا ئالمايدىغان ئادەم ) ئۇنى تىنجىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى . ئېرى ئەمدى بولدى قىلىڭ دېگەنىسېرى ، ئۆزىنى بىلمەي ئېرىنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ ، ئاۋازىنى قويۇ-ۋەتتى . كۆزلىرى قىزىرىپ چوغدەك يېنىپ تۇراتتى . بىر بوتۇلكىنى ھەدەپ پۇلاڭلىتاتتى . كېيىن ئۇقساق ، بىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ، سىزنىڭ ئىچىۋاتقىنىڭىز براندى ئەمەس ، سوغۇق چاي دېگەن ۋە ئۇنى تىللىغانىكەن ، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ، بار ئاۋازى بىلەن تىللاشقا چۈشۈپتۇ . سورۇندىكى ئۈچ گېنېرال ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتتى ـ دە ، ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئۆيدىن ئاچىقىپ كەتتى . ئۇ تىللاپ ، يىغلاپ ، تى-رەجەپ جېدەل قىلدى . كېيىن ئۇنى قايتا كۆرمىدىم .

بۇ كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىكتە گېنېرال ئۆزىنى شۇنداق تەمكىن تۇتتىكى ، ھەممە قول قويدى . زىياپەت داۋاملىشىۋەردى .

بىز ئۇچراتقان خەنزۇلار ئانچە ھاراق كۆتۈرەلمەيتتى . ئازراق ئىچسىلا تۈگىشىپ كېتەتتى . بۇ ئۇلارنىڭ غەربلىكلەرنىڭ ھاراق ۋە « ھاراق كۆتۈرەلەيدىغان » لارغا بولغان ھۆرمىتىنى قوبۇل قىلغانلى-قىمۇ ياكى ئۆزلىرىدە ئەسلىدىن مۇشۇنداق بىر ھۆرمەت تۇيغۇسى بارمۇ ، بۇنى زادىلا ئاڭقىرالمىدىم . ئارايىك ئىككىمىز قەشقەر ھەققىدە دەسلەپ قىلىپ پاراڭلاشقان چاغدا ئۇ ماڭا ، ئۇ يەردە خەنزۇلار ، ئۇيغۇرلار ، رۇ-

سىيلىكلەر ۋە كونسۇلخانىمىزدىكى ئادەملەردىن باشقا ، چەت ئەللىكلەر ئۇيۇشتۇرغان جەمئىيەتلەر يوق ، دېگەندى . لېكىن ، 1942 ـ يىلى شىنجاڭ هۆكۈمىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى . بۇ ئۆزگىرىش چەت ئەللىكلەرگە قارىتىلغان سىياسەتتىمۇ زۆر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى . جۇڭگو مەركىزىي هۆكۈمەت شىنجاڭغا كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى چەت ئەللىكلەرگە ، بولۇپمۇ چەت ئەل مۇخبىرلىرىغا ۋىزا تارقىتىشقا باشلىدى . شۇ سەۋەبتىن بىزمۇ چەت ئەللەردىن قەشقەرگە كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدۇق . ئىككى قېتىم بارلىق ئۆيىمىز ( مېھمانخانا ئۆيلىرى ) چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن لىق تولدى .

دەسلەپ قىلىپ ئىككى شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچى كېلىپ ، تاش كارىدورنىڭ ئايغىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆيدە تۇردى . ئۇچ ۋاخلىق تاماقنى كونسۇلخانىنىڭ دوختۇرلىرى بىلەن بىللە يېدى . قەشقەردە تۆت ئاي تۇرۇپ ، بىزگە ياخشى تەسىر بەردى ھەمدە كونسۇلخانىمىزدىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە جەمئىيىتىمىزگە شاد ۋە خۇشاللىق بەخش ئەتتى .

1947 ـ يىلى ، ئاپرىلنىڭ بىر كۈنى ، مەن ئاشخانىدا تورت پىشۇرۇۋاتاتتىم . گېيالگېن كىرىپ رۇسىيىلىك بىر خانىم كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى . ئىلگىرى رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىن خانىملا كەلسە ،رۇسىيە باش كونسۇلى بىللە كېلىدىغان بولغاچقا ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران بولدۇم . بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا دەرۋازىغا قارىغۇچىلار يەتكۈزگەن بولۇپ ، ئۇلار ئۆزلىرى تونۇمايدىغان ئاق تەنلىك ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىلا رۇسىيىلىك دەۋالاتتى . لېكىن ، بۇ نۆۋەت كەلگىنى يېڭىلا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ياش بىر ئامېرىكىلىق مۇخبىر ئىدى . ئۇنىڭ ئىسمى سىدىيففت بولۇپ ، بەكمۇ ئوچۇق ، تەشەببۇسكار ھەم باتۇر ، يۈرەكلىك ئىكەن . ئۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى كېزىپ ئۇدۇل قەشقەرگە كەپتۇ . بىز بىلەن ئۈچ ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، ئاتلىق خوتەنگە كەتتى . بۇنداق ۋاقىتتا ، بۇنداق ناچار مۇھىتتا شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا ئاتلىق سەپەر قىلىش چوقۇم بىر ئازابلىق سەپەر بولىدۇ . ئۇ قەشقەرگە قايتقان چاغدا ، بىز تاغقا چىقىپ كەتكەنىدۇق . ئاۋغۇستتا بىز ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچ-

www.uyghurkitap.com

كىرى جايلىرىغا ئايروپىلان بىلەن قايتىۋاتقاندا ، ئايروپىلان ھادىسىسىدە قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بەك قايغۇردۇق . ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدە ئۆزى يالغۇز مىڭ بىر مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن ئىلىشقان، يېقىن كىشىلىرىدىن ئۇزاق ۋاقت ئايرىلغان. مۇشۇ سەپەردىن كېيىنلا ئۆيگە قايتىپ كەتمەكچى بولغان . شۇنداق ۋاقىتتا بۇنداق پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشى ناھايىتىمۇ ئېچىنارلىق بىر ئىش ئىدى .

ئۇ قېتىملىق ئايروپىلان ھادىسىسى خەۋىرىنىمۇ بىزگە بىر مۇخبىر ئېلىپ كەلدى . ئۇ ئاۋستىرالىيىدىن كەلگەن لانگسۇن روبېرتسون ئىسىملىك مۇخبىر ئىدى . ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرلىرى بىر كۈنى ، ئۇ ئامېرىكىلىق سۆيگىنى بىلەن باش كونسۇلخانىمىزغا كەلدى ۋە بىز بىلەن ئىككى ئايغا يېقىن تۇردى . بىز ئۆرۈمچىگە زىيارەتكە بارىدىغان چاغدا ، يەنە بىز بىلەن بىللە ئۆرۈمچىگە باردى . ئۇلار باش كونسۇلخانىدا تۇرۇۋاتقاندا ، ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە قەشقەرگە چۈشكەن ئامېرىكىلىق بىر جۈپ ئەر ـ ئاياللمۇ شۇ يەردە تۇردى . بۇ ئەر ـ ئاياللار تولىمۇ قىزىقچى ، خۇش چاقچاق ئىكەن . ئۇلار كېلىشى بىلەنلا كونسۇلخانىمىز كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن بۆلەكچە جانلىنىپ كەتتى . بىز لانگسۇن ئەر ـ ئايالنى قىشنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكە كۆپ تەۋسىيە قىلدۇق . چۈنكى ، ئۇلار بىلەن قىلىشىدىغان گېپىمىز تۈگىمەيتتى . ئاخشىمى بىر ئولتۇرساق ئەتىسى سەھەر سائەت ئىككى بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالاتتۇق . بەلكىم ئۇلار بىزنىڭ تۈگىمەس ، ئايىغى چىقماس بەس ـ مۇنازىرىمىزدىن چارچاپمۇ كېتىدىغاندۇ . چۈنكى ، بىز قىزىقىدىغان مەسىلىلەر ۋە نەزەرىيىلەر تۈگەپ قالسا ، يەنە يېڭى پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىمىز چىقىپ تۇراتتى . ئەمما ، ئۇلار ئون كۈن تۇرۇپلا ، جاھان كېزىش سەپىرىگە ئاتلاندى .

ئىككىنچى يىلى يانۋار ، قەشقەرگە فرانسىيىلىك بىر مۇخبىر زىيارەتكە كەلدى ، لېكىن ئۇ بىزنىڭ كونسۇلخانىمىزدا تۇرۇش تەكلىپىمىزنى رەت قىلدى . مېنىڭچە ، ئۇ سىرتتا يەرلىك خەنزۇلار ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە تۇرسام ، بۇ رايون بىلەن تېخىمۇ ئوبدان تونۇشۇپ چىقالايمەن ، دەپ ئويلىغاندۇ . ۋەھالەنكى ، ئۇ ئىنگلىزچىنى شۇنداق ئوبدان سۆزلەي-

دىكەن ، شۇڭا بىزگە ئازادە پاراڭلىششقا يەنە پۇرسەت چىقتى . بۇ يەر ئارايىلىك ئىككىمىزلا ئۇزۇن ۋاقىت بىرگە بولغاچقا ، كۆز قاراش ۋە پىكىرلىرىمىز بىلەن ئۆزئارا تونۇشۇپ بولغان ، گەپلىرىمىزمۇ تۈگەپ قالغانىدى . بىرەر يېڭىچە ئەھۋالنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، بۇنداق مېھمانلارنىڭ كېلىپ - كېتىپ تۇرۇشى بىزگە يېڭى پىكىرلەر ۋە يېڭىلىقلارمۇ كېلىپ تۇراتتى - دە ، كۆڭلىمىز كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى .

قەشقەردىن ئىبارەت بۇ يىراق ، چەت جايدا ، مەن زىيارەتكە كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتىن تولىمۇ خۇشال بولاتتىم ۋە كۈتۈلمىگەنلىك ھېس قىلاتتىم . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيىلىك بىر جۈپ ئەر - ئايالدىن باشقىلىرى ، ئۈرۈمچىدىن ماشىنا بىلەن كەلگەنىدى . يېقىندىن بېرى بۇ يول خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان ، جۇڭگو دائىرىلىرىمۇ چەت ئەللىكلەرگە كۆپ ياردەم قىلىدىغان ، قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، بۇ يول ئۇنچە جاپالىق ئەمەس ئىدى . ئەلۋەتتە ، بۇنداق ئۇزۇن سەپەردە يول ئازابى تارتمايدۇ ، دېگىلىمۇ بولمايتتى . سىياسىي ۋەزىيەت ياكى يەرلىك ۋەزىيەتتە بۇرۇلۇش بولسا بىر گەپ ، بولمىسا قەشقەر ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە بىر ئىزىدا توختاپ قېلىش ۋە بېكىنمە ھالىتىنى مەلۇم دەرىجىدە يوقىتىپ قويىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش ئادرېسى

يەتتىنچى باب

# خىلۋەت جىلغىدىكى ئىزدىنىش

1974 ـ يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرلىرى، شۆپتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچى موخىن ئەپەندى بىلەن روبىنتىس ئەپەندى باش كونسۇلخانىغا كەلدى. بۇلار بىر قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى تۈركۈمدىكى چەت ئەللىك مېھمانلار ئىدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن ئۇرۇمچىگە، ئاندىن بۇ يەرگە كەلگەن.

1939 ـ يىلى، شۆپتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، داغدۇغىلىق دىن تارقىتىش ئىشلىرى توختاپ قالغانىدى. بۇ ئىككىيلەن بۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ۋەزىيىتىنى ئىگىلەش ۋە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈمىدى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇلار ئىنگلىزچىنى سۇدەك سۆزلەيدىغان بولغاچقا، بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئېچىلىپ قالدى. ئۇلار كۆپ نەرسىلەرگە قىزىقاتتى: ئۇيغۇرلارغا ئامراق ئىدى، ئۇيغۇرچىنى ئىنگلىزچىدىنمۇ ياخشى سۆزلەيتتى؛ چويلا توپ ئويناشنى، ئوۋ قىلىشنى ۋە يېزىلارنى ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار بۇرۇن قەشقەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغاچقا، ئۇلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالاتتۇق. ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق مەن غەرب مەدەنىيىتىگە بولغان ھېس ـ تۇيغۇمنى دەللىلىدىم. بۇ ئىككى ياۋروپالىق بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا پەقەت تىل ۋە بەزى ئۆرپ ـ ئادەت پەرقىلا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشى، ئۇلاردىكى يۇمۇرىستىك تۇيغۇ، كۆپ تەرەپلىمە ھەۋەس ۋە قىزىقىش بىزگە بۇرۇندىن تونۇشتەك، ناھايىتى قىممەتلىكتەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئۇلار بىلەن قىلچە قورۇنماستىن

ھەرقانداق مەسىلە ئۈستىدە ئەركىن پىكىرلىشەتتۇق.
شىۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردىكى مال ـ مۈلكى-
نىڭ بىر قىسمى پامىر ئېگىزلىكى ئېتىكىدىكى بوستانلىق جىلغا ئىچىگە
سېلىنغان بىر ئۆيدە ئىدى. بۇرۇن دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى
يازدا دائىم شۇ يەرگە بېرىپ دەم ئالاتتى. ئارايىك ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىدىن
خەۋەر ئېلىشقا ياردەملەشمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قەشقەردىكى
مال ـ مۈلكىنى تەكشۈرۈپ چىقىشى، جۈملىدىن ئۇ ئۆي ـ ئىمارەتنىمۇ
كۆرۈپ بېقىشى لازىم ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن بېرىپ ئۇ ئىمارەتنى كۆ-
رۈپ كەلمەكچى بولدۇق. بۇنداق بولغاندا، بىز ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن
دەم ئېلىشنى بىرلا ۋاقىتتا قىلالايتتۇق. ئارايىك ئۇ يەرگە بارماقچى بولغان-
لىقىنى جۇڭگو دائىرىلىرىگە ئۇقتۇردى. خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن،
بۇنداق ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئىشخانىدىن بىر كاتىپ سىلەر بىلەن
بىللە بارىدۇ، ئەمما شۇ كۈنىلا قايتىپ كېلىدۇ، دېگەن جاۋابنى ئالدى.
شۇنىڭ بىلەن بىز ئەتىسى سائەت توققۇزدا يولغا چىقىش تەييارلىقىنى
قىلدۇق. بۇ بىپايان، كۆلىمى كەڭ رايوننى ئاساسىي جەھەتتىن بىلگەن-
لىكىم ئۈچۈن، ئاسىيادا مەيلى قەيەرگىلا بارمايلى بەش مىنۇت ئىچىدىلا
قونالغۇ تېپىش مۇمكىن ئەمەس، دېگەن قاراشتا ئىدىم. ۋەھالەنكى،
شىنجاڭدا لاياقەتلىك يوللار يوق، ئارىلىق مەسىلىسىمۇ مۇرەككەپ
ئەھۋالدا كاتىپ 120 ئىنگلىز مىلى يولنى بىر كۈندە مېڭىپ، ئىشىمنى شۇ
كۈنىلا تۈگىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى!
بىز ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا بېرىلگەن بۇ بۇيرۇققا پەرۋا
قىلماي سىرتتا سەككىز كۈن تۇرۇپ، ئەتراپتىكى تاغلاردا ئېكسپېدىتى-
سىيە قىلىش تەييارلىقىنى ئىشلىدۇق. مارتىننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىز تۆتى-
مىز، دائىم سىرتقا چىققاندا ئېلىپ ماڭىدىغان خىزمەتكارىمىز ۋە ئىككى
جۇڭگو ئەمەلدارى بىلەن يولغا چىقتۇق. شىۋېتسىيىلىك ئۇ يەرگە ئىل-
گىرى ئاتلىق ياكى مەپىلىك بارىدىكەن. بىز ئوپالغىچە ماشىنىدا بارماقچى
بولدۇق.
مەيلى قايسى پەسىل بولمىسۇن، يېزا يوللىرى بەكمۇ ناچار،

www.uyghurkitap.com

ئوي ـ دۆك ، كاتاك ئىدى . بولۇپمۇ 3 ـ ئايدا يوللار تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتەتتى . چۈنكى ، قارلار ئېرىپ يوللار پاتقاق بولۇپ كېتەتتى . شۇڭا ، بىز كۆپ ماڭمايلا ماشىنا بىلەن بەلگىنىمىزگە پۇشايمان قىلدۇق . ماشىنىمىز شىلىمدەك يېپىشقاق پاتقاققا پېتىپ قالدى . مىل خۇمزا بىلەن يۇسۇپ قاتتىق كۈچىنىپ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى . لېكىن ، ماشىنا سەت گۈركىرىسىمۇ جايىدىن مىدىرلىمايتتى . ئاران دېگەندە ئۇ يەردىن چىقىپ ، ھەر قەدەمدە بىر جاپا بىلەن ئاخىر بۇ يولدىن قۇتۇلۇپ كەڭ چۆلگە چىقتۇق . ئەمدى ئۇھ دەيلى دەپ تۇرساق ، ماشىنا يەنە يۇمشاق قۇملۇققا كىردى . بىز بورىلارنى كېسىپ چاقنىڭ ئاستىغا قويۇپ ، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن يەنە ئېلىپ ، ئالدى تەرەپكە سېلىپ دېگەندەك تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئاران ئىلگىرىلىدۇق .

30 ئىنگلىز مىلى يولنى توپتوغرا سەككىز سائەت ماڭدۇق . مەن ئىختىيارسىز ھالدا ، مۇشۇنچىلىك ئارىلىقتىكى مۈشكۈلات ۋە جاپالار بۇ ئىككى ئۈمىدۋار جۇڭگو ئەمەلدارىغا چوڭقۇر تەسىر قىلغاندىمۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىم .

ئۇيالدا بىزنى بىر بەگ كۈتۈۋالدى . بۇ بەگ مۇشۇ يېزىنىڭ باشلىقى ، ناھايىتى باي ئۇيغۇر ئىدى . بىز كەلگۈچە ئارىلىقتا ئۇ تېز ھەرىكەت قىلىپ بىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئەتراپتىكى ئادەملەردىن سېلىق يىغقان بولۇشى مۇمكىن . مېنىڭ بىلىشىمچە ، بۇ تۈزۈم كۆپ ھاللاردا بەگنىڭ چۆنتىكىنى ناھايىتى تېز توشقۇزىدىكەن ، شۇنداق بولغاچقا ، مەن بەك خىجىل بولاتتىم . ئەمما ، بىز بۇنداق جايلاردا ئەڭ ئابرۇيلۇق ئادەملەرنىڭكىگە چۈشمىسەك بولمايتتى ، شۇنداقلا يەرلىكنىڭ بۇنداق ئادىتىنى ئۆزگەرتىش قولىمىزدىن كەلمەيتتى .

ئەتىسى ، بىز ماشىنىنى يېزىدا قويۇپ ، ئات ـ تۆگىلەرگە مىنىپ ، پامىر تاغ تىزمىلىرىغا قاراپ يولغا چىقتۇق .

تاغ تىزمىلىرى ئېنىق كۆرۈنەتتى ، مۇز تاغ قۇياش نۇرىدا ئەينەكتەك يالت ـ يۇلت قىلاتتى . شىمال تەرەپتىكى پاكارراق تاغلار قوڭۇر رەڭ ياكى تۆمۈر دېتى رەڭگىدە ئىدى ؛ ئالدىمىزدىكى دالا قۇپقۇرۇق ،

زېرىكىشلىك ئىدى . مەن بۇ يەردىن ئات مىنىپ ئۆتكىنىمدىن خۇشال بولدۇم . بۇ ئۇزۇن يولدا چەت ـ چۆرىسىگە كۆز يەتمەيدىغان دالا ، يىراقتىكى رەڭدار بوياق بىلەن بويالغاندەك تاغلار ، يېڭى بىر جايغا بارغاندىن كېيىنكى ھاياجان سەپەر ھارغىنلىقىمىزنى چىقىراتتى . كەڭ دالىدا قاچان بوستانلىقنىڭ قارىسى كۆرۈنەركىن ، دەپ تەلمۈرەتتۇق ، لېكىن كۆرەلمەي تىت ـ تىت بولاتتۇق . ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ، سىز بارىدىغان جىلغا بىرنەچچە سائەت ئىلگىرىلا ياراقتىن كۆزگە چېلىقىدۇ ، لېكىن سىز خۇددى يۆتكىلىۋاتقان پولغا قاپسىلىپ قالغاندەك ، پول يۆتكەلسىمۇ ، سىز كۆزلىگەن يەرگە بارالمايۋاتقاندەك ، كۆرۈنگەن جايغا ماڭسا ـ ماڭسا يېتىپ بارغىلى بولمايتتى . بۇنىڭدىن تولىمۇ بىزار ئىدىم . شۇڭا ، ئىختىيارسىز يەنە بۇ مېڭىشىمىز ھەمراھىمىز بولغان جۇڭگو ئەمەلدارلىرىدا بىرەر تەسىرات قالدۇرمىدۇمۇ ـ قانداق ، دەپ ئويلىدىم . چۈنكى ، ئۇ ئوتتۇز نەچچە ئىنگلىز چاقىرىم يولنى پەسەنتىگە ئالماي ، بوستانلىققا بىر كۈن ئىچىدە بېرىپ قايتىمەن ، دەپ گەپنى يوغان قىلغانىدى . ئەمما ، ئۇ بۇ يەرگە سائەت بەشلەردە كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن ، ئۇ شۇ كۈنى قايتىپ كېتەلمىدى .

شۋېتسىيىلىكلەر جىلغىدىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . ئەسلىدىكى چىرايلىق ئۆيلەر قاراۋۇلخانىغا ئۆزگەرتىلگەن ، ئۆيلەرنىڭ سىرتىغا ئېگىز تام چۆرۈلۈپ ، كۆزىتىش مۇنارى ياسالغان ، چۆرىسىگە تام تۇسالغان بولسىمۇ ، ئۆيلەر ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى . 1945 ـ يىلىدىكى توپىلاڭدا ، بۇ قاراۋۇلخانا چېگرىدىن ئۆتۈپ كىرگەن قىرغىزلارنىڭ ( رۇسىيە زېمىنىدىكى ) ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ، قاراۋۇلخانىدىكى ئازغىنا ئەسكەرلەر قېچىپ كەتكەن . ئۆيلەر تاغ باغرىنىڭ بىر تەرىپىگە سېلىنغانلىقى ئۈچۈن ، مۇداپىئەگە لايىق كەلمەيتتى ، بىرقانچە مەرگەن تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چۈشسىلا ئۇدۇل قاراۋۇلخانىغا ھۇجۇم قىلالايتتى .

بىز شۇنى ئۇقتۇقكى ، ئەمەلىيەتتە بۇ قاراۋۇلخانىغا ھۇجۇم قىلغانلار ھەتتا قاراۋۇلخانىدىكى ئەسكەرلەر قېچىپ كېتىپمۇ خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۇ جاينى ئوققا تۇتقان . مەيلى ئۇلار نېمە مەقسەت بىلەن ھۇجۇم

قىلغان بولمىسۇن ، جىمى بولغۇلۇق بۇ جىلغىدا ئولتۇرۇشلۇق ئائىلە قىرغىزلارغا بولغان . بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، تاجاۋۇزچىلار يەرلىك ئائىلىنىڭ پادىلىرى ۋە ئائىلىرىنى بۇلاپ كېتىپ ، ئۇلارنى قاق سەنەم قىلىپ قويغان . بۇ ئىككى شۋېتسىيى-لىك كەلگەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى نۇرغۇن قىرغىز دوستلىرى كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى سورىدى . بۇلارغا ئىچى ئاغرىغان شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار ناھايىتى ساددىلىق بىلەن بىزدىن ، بۇلار رۇسىيە باش كونسۇلىغا بېرىپ زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولارمۇ ، دەپ سورىدى . چۈنكى ، ئۇلار بۇ توپىلاڭنىڭ مەنبەئى رۇسىيە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى . ھازىر بۇ قاراۋۇلخانىنى ئاچچىقى يامان بىر تاتار ئوفىتسېر بىلەن بىرقانچە ساقچى ساقلايتتى . ئۇ ھاپىلا ـ شاپىلا ئالدى-مىزغا چىقىپ كۆتۈۋالدى ۋە بىزگە ئوبدانىراق شارائىت يارىتىپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلدى . لېكىن ، بىزنىڭ بۇ ۋەيرانە قاراۋۇلخانىدا تۇرغۇمىز يوق ئىدى . ئىشنى بېجىرىپ بولۇپلا ، ئىككى جۇڭگو ئەمەلدارى قايتىپ كەتتى . بىز تاتار ئوفىتسېرغا جىلغىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئېگىزرەك جايغا چېدىر تىكىپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق . ئۇ ، ئۇ يەر سوغۇق ، تۇرۇشقا لايىق جاي ئەمەس ، كۆرگۈدەك يېرى ۋە نەرسىسىمۇ يوق ، شۇڭا ئۇ يەردە تۇرساڭلار قىيىنلىپ قالىسىلەر ، دېدى . بىز ئۇ يەردە تۇرۇش پىكرىمىزدە سىلىقلىق بىلەن چىڭ تۇرغاندىن كېيىن ، ئوفىتسېر ئۇ يەرگە بېرىشىمىزغا قوشۇلدى ، ئەمما بىزگە ئىككى ساقچىنى قوشۇپ بەردى .

جۇڭگو دائىرىلىرى بىزنىڭ ئادىيىغىنا بارگاھ قۇرۇپ ، ساقچىلار-نىڭ ھەمراھلىقى يوق ئەھۋالدا ئەركىن تۇرۇشتەك كىچىككىنە ئارزۇيى-مىزنىمۇ پەقەت چۈشەنمىدى . ئۇلارنىڭ بۇ ساقچىلارنى بىزنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن قوشۇپ بەرگەنلىكى ياكى بىر باش كونسۇلغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتى تۈپەيلى قوشۇپ بەرگەنلىكىنى پەقەتلا ئۇقالمىدىم . بەلكىم بۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشتىن قورقۇپلا شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن . قانداق بولمىسۇن ، بىز ھەممە

ئىشنىڭ ئاددىيلا بولۇشىنى ، ئوچۇق جايدا يېتىپ ـ قوپۇشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق ، بۇنى ئۇلار پەقەتلا چۈشىنەلمىدى . مەن ھازىر بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئاددىي ، ئەمما چۈپەيرەك كارۋىنىمىز ئۇلارغا سالاپىتىمىزگە تازا توغرا كەلمىگەندەك بىلىندىمۇ ـ قانداق ، دېگەننى ئويلاپ قالدىم .

شۋېتسىيىلىكلەر چۆلدىن ئۆچكە ئۈۋلىغىلى بولىدۇ ، دەپ بوسـ تانتېرەكتە تۇرماقچى بولدى . بىز گېيالگېن ، روزابەگ ۋە ئىككى ساقچى بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق . ئۈستىگە چىققانسېرى قارىغايلىققا يېقىن كەلدۇق . قەشقەردە زېرىكىشلىك ، توپىلىق قىشنى ئۆتكۈزگەندىن كېـ يىن ، بۇ يېشىلچىلىقنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز يايراپ كەتتى . قارىغايزارلىق ئۇنچە چىرايلىق ئەمەس بولۇپ ، نۇرغۇنى رەھىمسىزلەرچە كېسىپ كېـ تىلگەن ، ئەمما ئورنىغا يېڭىنى تىكىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەـ نىدى . بىز بىر تەرىپى خېلى ئوبدان قارىغايلىق ، بىر تەرىپى سۈپسۈزۈك سۇ ئاقىدىغان ئېرىق بار جايغا چېدىر تىكتۇق .

پۈتۈن بىر چۈشتىن كېيىن ، قونالغۇمىزنىڭ ئوبدانلىقىدىن سۆـ يۈنۈپ ھېچ ئىش خۇشياقماي قارىغايلار تۈۋىدە ياتتۇق . كېيىن سەيلە قىلدۇق . ئارايك قۇياشنىڭ پېتىۋاتقان پەيتىنى ۋە ئاخىرقى نۇرلىرىنى كـۆرۈشنى بەك ياخشى كۆرەتتى . تاغ يانباغرىغا كېلىپلا يۇقىرىغا ياماشـ تۇق ۋە جىلغىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ تۆپىسىگە چىقتۇق . بـۇ يەر ئانچە ئېگىز ئەمەس ، ئەمما قارىغايلار كۆپ ئىدى . قارىغايلىقتىن ئۆتۈپ يۇقىرىغا چىققۇچە مەن قول ، پۇتۇمنى تەك ئىشقا سېلىپ ، ناھاـ يىتى قىينىلىپ تەسلىكتە ماڭدىم .

بىز تۇرغان جىلغىنىڭ ئايىغىدىكى قىيا تاشلاردىن ھاسىل بولغان تاغ ۋە قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان چوققىلار غەربكە پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدا قارامتۇل ، يوغان ۋە بەك ئېگىز كۆرۈنەتتى . شەرق تەرەپتە كەچكى شەپەققە چۆمۈلگەن تۈزلەڭلىك گاھ كۆرۈنۈپ ، گاھ كۆرۈنمەيتتى . ئىللىق يورۇقلۇق ، رەڭدار ئاسمان ، ئۆزگىرىشچان تاغلار ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ، كۆركەم ، رەڭدار ، چىرايلىق بىر سۈرەتنى ھاسىل قىلغانىدى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى

بىز تاغ ئۈستىدە قارلارنى كېچىپ ، قارىغايلىقلاردىن ئۆتۈپ ئالدىمىزغا ماڭدۇق . تويۇقسىز ، ئايىغىمىز ئاستىدىن دېگۈدەك بىر توپ ئۇلار چۆچۈپ سايراپ ئۇچتى . بىز ناھايىتى كۆچەپ تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقتۇق . قۇياش تاغ ئارقىسىدىكى ماكانىدىن ئورۇن ئالغان ، ئاداققى نۇرلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆچكەندە ، بىردىنلا چىدىغۇسىز سوغۇق بولۇپ كېتىدىكەن . تاغدىن چۈشكۈچە ھېرىپ ھاسراپ كەتتۇق . ئارايلىك ماڭا قانداق سىرىلىپ چۈشۈشنى ، تاغقا چىققۇچە ئىشلەتكەن تاياقنى « تورمۇز » ئورنىدا قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگەتتى . باشتا بەك چىددىيلىشىپ ، ئۆزۈمنى ئوبدان باشقۇرالمىدىم ، نەچچە رەت يىقىلدىم . پەسكە چۈشكەنسېرى تېخنىكام ئۆسۈپ ، چەبدەس بولۇپ كەتتىم . تاغدىن ئاساسەن سىرىلىپ چۈشتۇق . قونالغۇغا كەلگەندە ، قاراڭغۇ چۈشكەن ، ھارغان ، ئاچقان ، دېمىمىز كېسىلگەندى ، ئەمما كۆڭلىمىز ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمگەندى .

مەن ئىككى جۈگگو ساقچىسىنىڭ غېمىنى يەپ كەتتىم . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ چېدىرى يوق ، ئەكەلگەن ئورۇن ـ كۆرپىسىمۇ ئاز ، بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن يەتتە مىڭ ئىنگلىزچىسى ئېگىز بولغاچقا ، ناھايىتى سوغۇق ئىدى . ئاخشىمى ئارايكنى بۇ ئىككى ساقچىنى شۆبىسىيلىكلەرگە خەت ئاپىرىپ بېرىشقا ئەۋەتىپ ، ئۇلار ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ھېلىقى تاتار ئوفىتسېرغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا ئۇناتتىم . بىز بۇ ئىشىمىزدىن مەمنۇن بولۇپ قالدۇق . ئەتىسى ئەتىگەندە ، قوي تېرىسىگە ئورىنىپ ، ئۆچكەن گۈلخان يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم . گېيالگىن ماڭا ، بۇ ئىككى ساقچىنىڭ باشلىقىدىن راسا ئەدىبىنى يەپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . تاتار ئوفىتسېر بىز خەتتە يازغان ئەھۋالغا پەرۋا قىلماي قاتتىق ئاچچىقلاپ كېتىپتۇ . ئۇلارغا ئۆلسەڭلەر مۇشۇ يەردە ئۆلۈڭلار ، جايىڭلاردىن قوزغالماي چىڭ تۇرۇڭلار ، دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ . بۇ تاتار ئۆز مىللىتىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلىغاندەك بولدى .

بىز بۇ قونالغۇدا ئىككى كۈن تۇردۇق . كۈندۈزى ئەتراپتىكى

تاغلاردىن ئۇلار ئىزدىدۇق . ئاخىرقى كۈنىمىز ئاجايىپ ئالدىراشچىلىقتا ئۆتتى . ئارايىك بىلەن گېيالگېن ئۇلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن هاياجانلىنىپ ئېگىزگە يامىشىپ كېتىۋەردى ، مەن ئۇلارغا يېتىشمەن دەپ جىق جاپا تارتتىم . ئارايىك گېيالگېن بىلەن مېنى خېلى يىراققا تاشلىۋېتىپ ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ شەپە چىقارماي ئۇلارغا يېقىنلاشتى ، ئەمما يېقىن بارغاندا ئۇلار ئۇچۇپ كەتتى .

پەسرەك چوققىنى بويلاپ مېڭىۋەردۇق . جىلغىنىڭ ئۇ بېشىغا بارغاندا ، چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز تاغ ئالدىمىزنى توستى . بەزى جايلاردا قار ئازگاللىرى بار ئىكەن ، مەن يىقىلىپ چۈشۈپ بېلىمغىچە قارغا كۆمۈلۈپ قالدىم . گېيالگېن خېلى ئېگىز جايدىن پالاقلاپ چۈشۈپ ، مېنى قۇتقۇزىۋالدى . باش كونسۇلخانىدا ئۇنىڭدىن قانداق سەۋەنلىك ئۆتۈلگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ، تاغ ئىچىدە ئېكسپېدىتسىيە قىلغاندا ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم ، ئۇ زادىلا ھارمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى . مەن ئۈمىدسىزلىك ، قورقۇش تۈپەيلى ئۆزۈمنى تۇتالماي چېچىلىپ كەتسەم ، ئۇ ھەمىشە مېنى سوغۇققانلىق بىلەن رىغبەتلەندۈرەتتى ، تەسەللى بېرەتتى . دائىم سىز چوققۇم جۇمۇلاڭما چوققىسىغا چىقالايسىز ، دەپ تۇرۇۋالاتتى . مېنى تار تاش ئارىلىقلاردىن ياكى بوشلۇق ئەگىمىلەردىن ئۆتەلەمدۇ - قانداق ، دېگەندەك ، بىر جايدا توختاپ مېنى ساقلايتتى . تاسادىپىي ئەھۋاللاردىلا ، ئۇ ئارىسالدى بولۇپ قالاتتى . بۇنداق چاغدا ئارايىك ئۆزى يالغۇز كېتىۋېرەتتى . گېيالگېن قارلىق تاغلاردىن قورقۇپ قالمايتتى . ئۇ بىر قېتىم ماڭا ، مەن پەقەت تىك قىياغا چىققاندا قورقىمەن ، دېدى .

ئۇ كۈنى بىز قونالغۇغا قايتقاندىن كېيىن ، قاراۋۇلخانىغا يەنە ئىككى سائەتتە باردۇق . ئۈچىمىز ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتتۇق ، كەيپىياتىمىزمۇ بەك تۆۋەن ئىدى . ئىككى ساقچى باشلىقىدىن دەككە يېگەندىن كېيىن ، بىز بارغانلىقى يەرگە بېرىشقا ھەرىكەت قىلدى - دە ، بىزنى ئۆز مەيلىمىزگە قويۇۋەتتى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن مىننەتدار ئىدۇق ، ھەتتا يالغان ئېيتىپ ، ئۇلارنىڭ باشلىقىغا ، ئۇلار بىزگە جىق ياردەم-

لەشتى ، بىزنى بەك قوللىدى ، دېيىشكىمۇ تەييار ئىدۇق.

موخىن ئەپەندى بىرقانچە ئۆچكە ئوۋلاپتۇ . ئەمما ، [illegible] 20 نەچچە پاي ئوق ئېتىپ بىرىنىمۇ تەگكۈزەلمەي قاتتىق ئوسال بوپتۇ.

ئەتىسى ، ئوپالغا ئاتلىق قايتىپ كەلدۇق . بۇ كۈنى خۇددى لوڭدۇندىكىدەك تۇمانلىق كۈن بولدى ، بۇنىڭدىن بەكمۇ ئىچىمىز سىقىلدى . بوستانلىققا ئاز قالغاندا ، تۇمان ئېگىزرەككە كۆتۈرۈلدى . بوستانلىق چېتىدىكى تىك قيادىن پەسكە قارىسا ، تېرىلغۇ ئېتىزلار كۆزگە تاشلىناتتى . باھارنىڭ ئەلچىسى بولغان مېۋىلىك دەرخلەردىكى قىزىل ، ئاق رەڭلىك دۇخاۋىدەك تاۋلىنىپ تۇرغان چېچەكلەرنى كۆرۈپ ھاياجانلاندۇق . قەشقەر شەھىرىگە قايتقۇچە يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى باغلار ، يوللاردا ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلەرنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز ئاجايىپ يايراپ كەتتى . ئۆيگە كەلسەك ، قورۇدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭمۇ چېچىكى ئېچىلىپ ، تولىمۇ كۆركەم تۈس ئالغانلىقىنى كۆردۇق . پاتقاقلار كۆرۈنمەيتتى . شەھەرگە قايتقۇچە چۆلدىن ئۆتىدىغان چاغدا ، باشقا يوللاردىن قېچىپ قۇملۇق بىر يول بىلەن ماڭدۇق .

ماي ئېيىدا ، بىزگە سىرتقا چىقىشقا يەنە بىر پۇرسەت كەلدى . ئارايىك چاكراگىل تېغىغا بارىدىغان بىر جىراغا بۆلەكچە بىر ئىشتىياق باغلىغانىدى . بۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ دائىرىسى ئېنىق ، تۈزۈلۈشى ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ ، ئۇ بىزگە خېلىدىن بېرى تونۇش ئىدى . بىز ئەمدى ئۇنى يېقىن بېرىپ كۆرمەكچى بولدۇق ۋە بۇ پىلانىمىزدىن خېلى ۋاقىتقىچە ھاياجانلاندۇق .

شۋېتسىيىلىكلەر ھىندىستانغا ماڭغان كۈنى بىزمۇ باش كونسۇلخانىدىن ئايرىلدۇق ۋە ماشىنىدا ئىككى سائەت مېڭىپ يامانيار دەرياسىغا كەلدۇق . دەريانىڭ تېگى بوش ئىكەن ، ماشىنىدا ئۆتۈشىمىزگە تازا ئىشەنچىمىز يوق ، شۇنداقلا بۇنداق قىلىش ھەم خەتەرلىك ئىدى ، شۇڭا دەريا بويىغا ئاتلارنى بالدۇرلا ئەكىلىپ تەييار قىلىپ تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدۇق . بۇ ئاتلار يۈك ـ تاقىلىرىمىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ ، كۆزلىگەن يېرىمىزگە ئاپىراتتى . ئۆزىمىز پىيادە ماڭماقچى

ئىدۇق . بىراق ، ئۇچرىششقا كېلىشكەن جايغا كەلسەك ، ئاتلارنىڭ قارىسىمۇ يوق .

بۇ كۈنى ھاۋا بەكمۇ ئىچۇق ، بۇلۇتسىز ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى . ئاق تون كىيگەن قارلىق چوققىلار بەكلا يېقىن كۆرۈنەتتى . ئەمما ، يېنىمىزدىكى دەريا سۈيى گويا بىزنىڭ كېلىشىمىزنى ياقتۇرمىغاندەك شاۋقۇن سېلىپ ، ئاق بۇژغۇنلار چاچرىتىپ ئېقىۋاتاتتى . كاككۇكنىڭ سايرىشىنى ئاڭلىدۇق . كاككۇكنىڭ سايرىشى ئەنگلىيىدىكىگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى . بىز ئۇ يەردە ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ساقلاپ ، ئالدىن قىلغان ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز بىر تىنىن بولدى ، دەپ تۇرغاندا ، ئاتلار پەيدا بولدى . ئۇلار بىز كېلىشكەن جايدا ئەمەس ، باشقا بىر جايدا بىزنى سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپتۇ . ئات مىنىشتىن قۇتۇلارمەن ، دەپ ئويلاپ تۇرسام ، كارۋاندىن يۈك ئارتىدىغان تۆگىلەردىن باشقا ، ئادەملەر مىنىشكە ئەكەلگەن يەنە بەش ئات بارلىقىنى كۆرۈپ ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۇچتى . ئارايىك ئىككىمىز پىيادە ماڭماقچى بولۇپ ، كۈننىڭ قىزىقىدا باتۇرلۇق بىلەن يولغا چىقتۇق . لوكىسى بار تۆگىگە يۈك ئارتىۋاتقاندا ، ماشىنا گۈركىرەپ ئۆتكەنىدى ، تۆگە ئۈركۈپ قاچتى . كارۋاندىكى ئادەملەر ئاتلىق ، پىيادە قوغلىدى . تۆگە ئادەتتىكى ياۋاش ، سەۋرچان ئادىتىنى بۇزۇپ ، گويا نەرسىلىرىمىزنى ۋەيرانە قىلىشقا بەل باغلىغاندەك تەلۋىلەرچە چېپىپ يۈرەتتى . كىشىلەر ئاخىر ئۇنى بويسۇندۇردى . ئۇ ياۋاشلىغاندا قارىساق ، ھېچنەرسە چېقىلماپتۇ ، بۇزۇلماپتۇ . شۇنىڭغا دىققەت قىلدىمكى ، بۇنداق مىجەزى تۇراقسىز تۆگىلەرنىڭ بۇرنىغا ئارغامچا ئۆتكۈزۈپ قويىدىكەن .

ئارايىك ئىككىمىز توپا - چاڭ ئۈرلەپ تۇرغان يولدا قىينىلىپ كېتىۋاتاتتۇق ، تاشمىلىققا قاچان بارىمىز ، دەپ پات - پات سورايتتۇق .

— ئىككى بېكەت ( بەش ئىنگلىز مىلى ) قالدى ، — دېدى بىر كارۋانچى .

بىر ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن ، يەنە بىر كارۋانچى :

— يەنە بەش بېكەت ( 12.5 ئىنگلىز مىلى ) يول بار ، — دېدى .

بىر بېكەتلا يول قالغاندۇ ، دېۋىدىم ، ئۇ خۇشاللىق بىلەن پىك-
رىمگە قوشۇلدى .

ئۇيغۇرلار سەپەردە بىزگە قارىغاندا تەمكىن ، ئېغىر - بېسىق بو-
لۇپ ، كۆزلىگەن جايغا بارغۇچە جىممىدە مېڭىۋېرىدىكەن . ئارايىلىق بۇ-
ئارىلىقنى ئون ئىنگلىز مىلى مۆلچەرلىگەنىدى ، ئەمما بۇنىڭ بەكمۇ ئۇ-
مىدۋار مۆلچەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق . شۇڭا ، مەن خۇشاللىق بى-
لەن ئاتقا مىنىپ ماڭدىم . بوستانلىقتىن ئۆتۈپلا بوش توپىلىق يولغا
چۈشكەچكە ، ئاتلىق مېڭىش ئاجايىپ ھۇزۇر ئىدى . مىنگىنىم پۈتۈنلەي
تونۇش ئات بولسىمۇ ، بارغانسېرى ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىدىم . بۈگۈن
يەكشەنبە بولغان بولسا ، بازاردىن قېتىق سېتىۋالاتتۇق ، ئەمما شەنبە بول-
غاچقا ، يېزا جىمجىت بىر ئادەممۇ يوق ئىدى .

بىز ناھايىتى ئاستا ماڭدۇق . بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان ئارايىك ئې-
تىنى قامچىلاپ چاپتۇرۇشقا باشلىدى . ئارقىدىنلا گېيالگېن چاپتى .
روزابەگ بىلەن بىر يول باشلىغۇچىمۇ ئۇلاردىن قالماسلىققا تىرىشتى .
روزابەگ تاغقا چىقىشقا ئالدىراڭغۇلۇق قىلغاندەك ، يول ماڭسىمۇ ئاستا ،
خاتىرجەم ماڭاي دېمەيتتى . ئۇ ئات مىنىشنى ئۆگىنىش مەكتەپلىرىدە
ئۆگەتكەندەك ، ئات مىنىشنىڭ چىرايلىق ، ئېسىل ھەرىكەتلىرىنى بىلمە-
گىنى بىلەن بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ، ئاتنىڭ خۇي - پەيلىنى
ئوبدان بىلەتتى ، ھېچنېمىدىن قورقماي ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇراتتى .
ناھايىتى سولاش ئاتلارنىمۇ ئويغىتىپ ئۆز رايى بويىچە چاپىدىغان قىلد-
ۋەتەتتى . گېيالگېن خىيالىدا يوق كېتىۋاتقاندا ، ئۇ ئاستا كەينىدىن بې-
رىپ ئۇنىڭ ئېتىنى راسا قامچا ئۇرۇپ چاپتۇرۇۋېتەتتى . بۇنداق كۆڭۈل-
لۈك ئويۇننى كۆرسەم ، مېنىڭ ئېتىممۇ ئۇلارنىڭكىنى دوراپ چېپىپ كې-
تەرمىكىن ، دەپ قورقۇپ يۈرەكئالدى بولاتتىم .شۇنداقتىمۇ بۇنداق چاغدا
مېنىڭ ئېتىم ئۇلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىماي ، مېنىڭ توسقىنىمغىمۇ
ئۇنىماي يورغىلاشقا چۈشەتتى .

ھەممىنىڭ كەينىدە قالغان بولسامۇ ، ئاتنىڭ يورغىلىشىدىن ھې-
رىپ ھاسىراپ كەتتىم ، ئەمما ئاتتىن چۈشۈپ كەتمەي ماڭغىنىمغا خۇ-

شال ئىدىم. قۇملۇققا كەلسەم، ئالدىمدا ماڭغانلار قېتىق ئىچىپ ئولتۇ-
رۇپتۇ. بىزگە قىزىققان كەنت ئاھالىسى ئەتراپىمىزغا ئولاشتى، لېكىن
گەپ قىلمىدى. قېتىقنى ئىچىپ بولۇپ پۇل بەرسەك، ئۇلار زادىلا ئالغىلى
ئۇنىمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە پۇل بەرمەكچى بولغىنىمىزدىن ھەيران بو-
لۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ھەممە يېرى يېشىللىققا پۈركەنگەن چىرايلىق
كەنت ئىدى. قەشقەردە بۇنداق جايلار كۆپ ئەمەس، چۈنكى شەھەر ۋە
شەھەر ئەتراپىدا پاكار ـ پاكار سۆگەت، تېرەكلەر بار. ئېگىزرەك ئۆس-
كەنلىرىنى كىشىلەر كېسىپ تۇرىدۇ. ئاچچىق ـ چۈچۈك، مۇزدەك قې-
تىقنى ئىچىپ ھەممىمىزگە جان كىردى. بىز ئاتلارغا مىنىپ چۆلگە قاراپ
ماڭدۇق.

بىز بىردەم ئاتلىق، بىردەم پىيادە 18 ئىنگلىز مىلىدەك يول يۈرۈپ
تاشمىلىققا كەلدۇق. بىزنى تەييارلاپ قويغان ئېگىز، سالقىن ئۆيلەرگە
باشلىدى. ياستۇقلارغا يۆلىنىپ، گىلەملەردە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدۇق ۋە
شۇنچىلىك مىننەتدار بولدۇق. ساھىبخان ئاپتۇۋا چىلاپچىغا ئىسسىق سۇ
ئەكىلىپ، قولىمىزغا سۇ بەردى، ئاندىن نان بىلەن قارا چاي ئەكەلدى.
ئارقىدىن ھورى چىقىپ تۇرغان سۇيۇقئاش كەلتۈردى. سۇيۇقئاشقا
ئۇششاق توغرالغان گۆش، كۆكتات ۋە تېتىتقۇلار سېلىنغانىدى. سا-
ھىبخان باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا سىپايە، قائىدە يوسۇنلۇق، مۇلايىم
ئىدى. بىزنى خاتىرجەم تاماق يەپ، ئارام ئېلىۋالسۇن، دەپ بىئارام
قىلمىدى. خېلىدىن كېيىن ئىنىسى بىلەن بىللە كىرىپ بىز بىلەن كۆ-
رۈشتى. ئۇلار ئايىغىنى سېلىپ دالاندا قويۇپ ئۆيگە كىردى. يۈز ـ كۆ-
زىنى ۋە ساقىلىنى سىلاپ (ساقىلى يوقلارمۇ شۇنداق قىلىدىكەن) دۇئا
قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئېگىلىپ بىزگە سالام بەردى. تەكەللۇپ بىلەن يول-
دىكى ئەھۋاللارنى، قانداق تەلەپلىرىمىز بارلىقىنى سورىدى. مەن ئۇلار-
نىڭ بىزگە بەرگەن چىرايلىق ئۆيىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۆيدە
ھېچقانداق ئۆي جاھازلىرى يوق، ئەمما تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنغانىدى.
قورۇسىنىڭ ياغاچلىرىغا ناھايىتى چىرايلىق ئويمىلار ئويۇلۇپ گۈل ۋە
ھەر خىل شەكىللەر چىقىرىلغان، دېرىزىسى مۇرەككەپ شەكىلدە ياسال-

غان ، ياغاچتىن قانات ( ئېچىلىپ ـ يېپىلىدىغان قوش ئىشىك ) ياپالغا-
نىدى .
ئەتىسى ، ئەتىگەنلىك تاماقنى سەھەر يېدۇق ، يەنى ئۇخۇم،
سۈت بىلەن چاي ئىچتۇق . ئارايك بىلەن مەن تاشمىلىقنىڭ ئادەمنى
مەھلىيا قىلىدىغان سايە يوللىرىدا يۈرۈپ كەتتۇق . يولنىڭ ئىككى قاس-
نىقىدىكى ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەنىدى . پات ـ پات ئۇچرىغان ئې-
رىقلاردىن ئايلىنىپ ئۆتەتتۇق . ئۇچرىغانلىكى كىشى بىزگە قىزىقسىنغان
هالدا قارىشاتتى ۋە دوستانە سالام بېرەتتى . بىز دائىم ئۇچرىتىپ تۇرى-
دىغان كىشىلەرگە ئوخشاش ، ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئات مىنمەي پىيادە ماڭغى-
نىمىزدىن ھەيران ئىدى . بوستانلىقتىن چىقىپ چۆلگە كىرىشىمىزگە
ئىسسىق ئۇرۇلدى . بۇ چاغدا بىر يېزىدىكى ئادەملەرنىڭ بىزنىڭ ئات
مىنمەي پىيادە ماڭغانلىقىمىزغا نېمە ئۈچۈن ھەيران قالغانلىقىنى چۈشەن-
دۇق . شۇڭا ، بىز يەنە ئات مىنىپ ھەممە يېرى تاشلىق ، يولمۇ يوق قا-
قاسلىقتا ماڭدۇق . بۇ كۈنمۇ ھاۋا ئوچۇق ، ئالدىمىزدىكى زۇمرەت ئاس-
مانغا تاقاشقان پامىر ئېگىزلىكى تولىمۇ ھەيۋەتلىك ، كۆركەم ئىدى . ئې-
گىزلىكتىكى چوققىلار گويا باش ئۈستىمىزدىلا ئېسىلىپ تۇرغاندەك كۆ-
رۈنەتتى ؛ بولۇپمۇ قوڭۇر چوققىسى ئاجايىپ سۈرلۈك ، ھەيۋەتلىك ،
سالاپەتلىك بولۇپ ، كىشىگە گويا ئېسىل سۈپەت بىر جاناپ ئالدىغا كې-
لىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ بېرەتتى . شىمال تەرەپتە تۆشۈكتاغ تىزمىلىرىنىڭ
ھەرىسىمان شەكلى غۇۋا كۆرۈنەتتى . بىز يىراقتىن قاراپمۇ ھىلىقى مەش-
ھۇر گۈمبەزسىمان تاغنىڭ ئورنىنى ئاساسەن ئېنىقلىيالايتتۇق . تېخىمۇ
يىراقتىكى كۆكۈچ تاغلار ئەگرى ـ بۈگرى ھالەتتە ئۇيۇقتا تۇتىشىپ
كېتەتتى ؛ چەكسىز كەتكەن تۈپتۈز قۇملۇقنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت
كۆكۈچ رەڭلىك توپا قاپلىغان بولۇپ ، ئاندا ـ ساندا يالت ـ يۇلت
قىلاتتى ؛ ئۇزۇن بىر تۆگە كارۋىنى بۇ چۆلدە ئاستا كېتىپ باراتتى . مانا
بۇ تىپىك ئوتتۇرا ئاسىيا مەنزىرىسى ئىدى .
ناھايىتى تېز ئېقىۋاتقان خېلى چوڭقۇر بىر دەريا بويىغا كەلدۇق .
« سۇرا » جىددىي ئېقىن بىلەن باتۇرانە ئېلىشىشقا باشلىدى ، بىز ئۇنىڭ

تاماشىسىنى ھەۋەس بىلەن كۆردۇق . بىر چاغدا ئۇنى ئېقىتىپ خېلى يىراققا ئەكەتتى ، لېكىن ئۇ بىر نېمىلەرنى قىلىپ قىرغاققا چىقىۋالدى . بىز كارۋاندىن ئۆتۈپ كەتتۇق . ئۇلار ھىندىستانغا بارىدىغان يىراق سەپەرگە يېڭىلا ئاتلانغان بولۇپ ، ئالدىدىكى ئاشۇ تاغۇ ـ داۋانلاردىن ئۆتەتتى . بىز ئۇلارغا بەخت ، سەپىرگە ئاقيول تىلىدۇق . بۇ قەدىمىي يول بىلەن گىلگىتكە بارغىلى بولاتتى . ئادەتتە بۇ يول بىلەن ئاز ساندىكى سودىگەرلەرلا ماڭاتتى . چۈنكى ، ئالدىدىكى تاغ جىلغىسىدا چاتقاللار كۆپ بولغاچقا ، كارۋان بەك چوڭ بولۇپ كەتسە ئۆتەلمەيتتى ، شۇڭا سودىگەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى خەتەرلىكرەك بولسىمۇ ، قارا قۇرۇم تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭاتتى .

گىياھ ئۈنمەيدىغان ، تونۇردەك قۇملۇق چۆلنىڭ ئايىغىغا چىققىلى بولمايدىغاندەكلا بىلىنەتتى . قۇياش بىزنى گويا كۆيدۈرۈپ كاۋاپ قىلىۋېتىدىغاندەك قىزدۇراتتى ؛ يىراقتىكى بىز بارىدىغان تاغلار ماڭساق ـ ماڭساق يېقىنلىمايتتى . پىيادە بىر سائەتتىن كۆپرەك ماڭغاندىن كېيىن ، يىلان باغرى ئېقىۋاتقان دەريا ئېقىنىنى بويلاپ ئايلىنىپ ، ئەگىپ يۈرۈشكە باشلىدۇق . دەريا سۈيىدىن قانچىلىك ئىچىپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن ، توختاپ ئالدىنقى كۈنلىرى ئېشىپ قالغان قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسىلەر بىلەن قورساق گوللىدۇق ، دەم ئالغاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپتىكى جىراغا كىردۇق ، بۇ جىرا ناھايىتى ئىسسىق ھەم تاشلىق ، ئەمما بىز كېيىن كىرگەن ئاساسىي جىرادىن تار ھەم تىك ئىدى . بىر يەردىكى ئوتلۇققا كەلگەندە ، توختاپ چاي قاينىتىپ ئىچىپ ئىككى سائەتتىن ئارتۇق دەم ئالدۇق . شالاڭ ، ئەمما بىردىنبىر ئوتلۇققا يېتىپ سالقىن كېچىنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۇق . ئوت ـ چۆپلەردە تىكەن تولا بولسىمۇ ، ھەر ھالدا بىزنى ئاپتاپنىڭ يالقۇنىدىن توستى .

بۇ جىرانىڭ ئىككى تەرىپى شەكلى مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان ئېگىز قىيا بولۇپ ، بەئەينى بۈيۈك گوت شەكلىدىكى چېركاۋنىڭ ئېگىز تاملىرىغا ئوخشايتتى ، شۇنداقلا ھەم غايەت يوغان ئورگان ( سۇنايلىق چالغۇ ئەسۋابى ) نىڭ سۇنايلىرىغا ، ھەمدە نازۇك ، نەپىس ، ئېگىز مۇ-

نارغا ئوخشايتتى. بەزى جايلاردىكى يار توق قىزىل رەڭلىك بولۇپ، قۇ-ياش نۇرىدا شەلپەردەك تاۋلىناتتى. بىر ئەگمىدىن ئۆتۈشى-مىزگە، بىردىنلا بۆك - باراقسان بوستانلىق كۆز ئالدىمىزدا نا-مايان بولدى. دەل - دەرەخلەر بۆككىدە، ئوت - چۆپلىرى يېشىل مەخمەلدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇ بوستانلىق گوياكى تاغ ئې-چىگە جايلاشقان خۇددى ئەنگلىيەدىكى شانگرى - لا① ئوخشايتتى. ئويتاغ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جاينى بىز پەقەت بىلمەيدىكەنمىز، شۇنداقلا بۇ يەردە بىر ساياھەتچى بارلىقىنىمۇ ئۇقمايدىكەنمىز، ئۇ بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى، ئاندىن بىزنى پەسرەكتىكى ئۆيگە باشلىدى. بۇ چوڭقۇر جىرانىڭ يىراق بىر جايىدا ناھايىتى لاي سۇ ئاقىدىغان دەريا بار ئىكەن. قونالغۇنى ئۆزىمىز تاللاشنى ياخشى كۆرەتتۇق، لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرالماي ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەسكە چۈشتۇق. ھاۋا رەڭ ئىرىس گۈللىرى قاپلىغان، تېگى يېشىل، ئاجايىپ رەڭدار، چىرايلىق توقۇلغان گىلەم سېلىنغان، ھەممە ياقنى خۇش ھىد تولدۇرغان جايدىن ئۆتۈپ، بىر يېزىنىڭ بېشىغا كېلىپ توختىدۇق. قەدىمكى زامان چېدىرلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆگەتلىك كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. ساھىبخانىمىز مېھمان كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى بول-غاي، ئۆيدىن زادىلا چىقمىدى.

ئۇنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك ھويلىسىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئات، تۆگە، قوي باغلايدىغان قوزۇق، تۇۋرۇكلەر بار ئىدى. ئېگىز بىر سۇ-پىدا ئىككى ياغاچ كارىۋات، بىر شىرە بار ئىدى. بىز كارىۋاتتا ئولتۇ-رۇپ، ناھايىتى ئېگىز بىر جايغا چىقىۋالغاندەك بوپقالدۇق. گويا پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئەزاسى ياكى سىرلىق ئۆمىكتىدىكى دۇمباقچى قىزىقچىغا ئوخ-شاش، خىزمەتكارلىرىمىز، ئۆينىڭ ئىگىسى، شۇ يەردىكى مەكتەپنىڭ مۇدىرى ۋە كەلگىنىمىزدىن خەۋەر تېپىپ كەلگەن قولۇم - قوشنىلار پەستە، ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتىمىزگە دىققەت قىلىپ ئولتۇردى. بىز-نىڭ كەلگىنىمىزدىن ئەجەبلەنگەن ئاياللار ئاستا كېلىپ بىزگە ئۇياتچان-

---

① شانگرى - لا — ئەنگلىيەدىكى مەشھۇر بىر مېھمانخانىنىڭ نامى.

لىق بىلەن قاراپ قويۇپ يەنە ئۆتنىك چىقىپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار ساھىبخان بەرگەن نەرسىلەرنى ئېلىشنى، بىكارلىق نەرسىلەردىن لەززەتلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىز بۇنداق كۆرگەزمە بولۇشقا كۆنۈپ كەتكەندۇق، شۇڭا بېشىمىزنى ئېچىمىزگە تىقىپ، ئالدىمىزغا كەلتۈرۈلگەن زاغراناننى قېتىققا چىلاپ يېدۇق. كېيىن ئالدىمىزغا يەنە سۈيۇقئاش، چاي ئەكەلدى. بىزدىن پەسرەكتە ئولتۇرغان خىزمەتكارلىرىمىز ۋە «تاماشىبىنلار» مۇ قۇرۇق قالماي سۈيۇقئاشنى تازىمۇ ئاۋازلىق ئىچىپ مەززە قىلىشتى ۋە ماختاپ كېتىشتى. ئادەتتىكىدەك، ساھىبخان تاماقنى مېھمانلار بىللە ئولتۇرۇپ يېمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتى ماڭا پەقەت ياقمىدى. نېمىشقا دېگەندە، ئادەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساھىبخان ئىكەنلىكىنى مېھمانلارغا بىلدۈرمەسلىك مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا ئاغا-تاغىلىرى، دوست-يارەنلىرى ياكى يىراق-يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى چىقىرىپ قويىدىكەن. بۇ شەرەپكە مۇيەسسەر بولغىنىدىن ئۇلارمۇ خۇش ئىكەن. ئەگەر بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى كىم، دەپ سورىساق، بىر بۇلۇڭدىن بىر ئادەم گەپ-سۆزسىز چىقىپ كېلىدىكەن.

تاماقتىن كېيىن ئارايىك ئىككىمىز پېتىۋاتقان قۇياش نۇرىدا بىردەم سەيلە قىلدۇق، ئاندىن يېتىپ ئۇخلىدۇق. مەن، بىز خەقنىڭ كۆزىدىلا مۇشۇ كارىۋاتلاردا ياتارمىزمۇ، دەپ ئويلاپ تۇرسام، ساھىبخان بىزنى قاراڭغۇراق كېسەك ئۆيگە باشلىدى. بۇ ئۆيگە يورۇقلۇق تورۇستىكى تۈڭلۈكتىن چۈشەتتى. ھويلىدا كىشىلەر قىزغىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردى، بىز يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتۇق. ئەتىسى سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرساق، قارا بوران جىمى يەرنى قېلىن توپا بىلەن كۆمۈپتۇ، ھېچنەرسىنى كۆرگىلىمۇ بولمايتتى. ئادەمنىڭ دېمىنى سىقىدىغان ۋە غەلىتە بىر قاراڭغۇلۇقتا ئارايىك ئىككىمىز جىرانى بويلاپ يۇقىرىغا ماڭدۇق. ئېتىز-ئېرىقلار تېزلا كۆزدىن يوقاپ، تىكەنلىك چاتقاللار پەيدا بولدى. تۇساتتىن تىكەنلىك خوخا-يانتاقلارنى مەززە قىلىپ يەۋاتقان بىر تۆگە ئۇچرىدى. بىز پىيادە مېڭىشنى پىلانلىغىنىمىز ئۈچۈن، يۇك-تاق ئارتىپ مېڭىش ئۈچۈنلا ئىككى تۆگە ئېلىۋالغانىدۇق. بىز مېڭىپ يېرىم

سائەتتىن كېيىن ، روزابەگ بىلەن گېيالگېن بىزدىن ئۆتۈپ كەتتى .
ئۇلار خۇشال ھالدا ئىككى ئاتنى مىنىۋالغانىدى ، ئەمما ئاتنىڭ چىرايىدىن
ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇلار ئىززىتىنى ساقلاش ئۈچۈن
تۇغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا ، پىيادە مېڭىش بىلەن خۇشى يوقلۇقىدىن ،
ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىككى ئات تاپتۇرغانىدى . شۇنىڭ بىلەن
تۆتىمىز ئىككى ئاتنى نۆۋەتلىشىپ مىنىپ ئاستا ماڭدۇق . بۇ سەپىرىمىزدە
تۇپىنىڭ ئىچىدە ھېچ يەرنى تۈزۈك كۆرەلمىگەچكە ، بىز ئۈچۈن بىر تا-
يىنى يوق ، زېرىكىشلىك سەپەر بولدى . ھېلىمۇ ياخشى قېتىقنى كۆپ
ئېلىۋالغانىكەنمىز ، شۇنى ئىچىپ ماڭدۇق . چۈشتە راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ
تويغۇچە غىزالىنىۋالدۇق . قىيا تاشلىق كىچىكرەك بىر تاغقا كەلدۇق .
تاغدىكى كىچىك – كىچىك قارىغايلارنى كۆرۈپ كەيپىمىز تېخىمۇ
ئۆچتى . چۈنكى ، بىز بۇ يەردە ئاسمان پەلەك ئېگىز ۋە كۆپ قارىغايلارنى
كۆرىمىز ، دەپ ئويلىغانىدۇق . ھالبۇكى ، تاغنىڭ ئۈستىگە چىققانسېرى
قارىغايلارمۇ كۆپىيىشكە ۋە ئېگىزلەشكە باشلىدى . ئېگىزدىن نەزەر سال-
ساق ، تاغنىڭ ياناباغرىنىڭ ئىككى چېتىدىكى قارىغايلىقنىڭ چېتى كۆرۈ-
نەتتى . ئۇلار ماڭا ياپپېشىل دەرەخ ئوت – چۆپلەر كۆپ ، سۈيى كۆ-
مۈشتەك يالتىراپ ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بار بىر تاغ ئىچىدە مې-
ڭىشنى مەسلىھەت بېرىشتى ھەمدە بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ياخشى ، مۇشۇ
يەردىن ماڭسا چوقۇم ئوبدان قونالغۇ تاپقىلى بولىدۇ ، دېيىشتى . تازا
ئىشەنچىم بولمىسىمۇ ، ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدىم . قوشۇنىمىز تېز كۆپەي-
گەن بولۇپ ، چارۋىچىلار يازلىق چۈشكۈنگە ھەيدەپ كېتىۋاتقان كالا ،
قوي ، ئېشەك ۋە تۆگىلەر بار ئىدى . « سۇرا » يول بويى ماللارغا توخ-
تىماي ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنى ئازابلىدى ، بۇ ئىش كۆڭلىمىزنى خېلى
ئاچتى .

پۈتۈنلەي ھالىمىزدىن كەتكەن بىر چاغدا ، ئالدىمىزدىكى بۇ جاي
شۇنچىلىك مەنزىرىلىك ، گۈزەل ئىدىكى ، پەقەتلا ماڭغۇمىز كەلمىدى .
ئەتراپ ئاسمان – پەلەك ئۆسكەن قارىغاي ، ئېگىز ، گويا بۇغدايدەك يەل-
پۈنۈپ تۇرغان ئوتلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى . بۇ جاي بىز بېسىپ

ئۆتكەن ئىسسىق ، قاغجىرىغان چۆل ـ جەزىرە قاقاس تاغلار بىلەن شۇنداق كۆچلۈك سېلىشتۇرما بولدىكى ، بىز گويا باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدۇق .

قونالغۇ تاللاشتا بۇرۇنقىدەكلا تالاش ـ تارتىش باشلاندى . بىز كۆڭۈلدىكىدەك قونالغۇ تېپىش ئۈچۈن ئۇيان ـ بۇيان ئايلاندۇق . تۈر-كۈم ـ تۈركۈملەپ مېھمانلارنى كۈتىدىغان خىزمەتكارلار قونالغۇنى تۈز ، كەڭ چۆپلۈكتە قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى . بىز بولساق ياپپېشىل بىر يانباغرىنى تاللىدۇق . بۇ يەردە بىزنى قارىغايلار مۇھاپىزەت قىلاتتى .

چاي ئىچىپ بولۇپ بىز ئەتراپنى ئايلىنىپ چىقىپ يەر شارائىتى ۋە مۇھىت بىلەن تونۇشتۇق . ئاندىن مۇزلۇققا قاراپ ماڭدۇق . ئەتراپنى يەنىلا تۇپىلىق تۇمان قاپلىغانىدى ، شۇنداقتىمۇ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى خېلى ئېنىق كۆرەلىدۇق . بىر تاغ چوققىسىنىڭ ئۈستى ئاجايىپ بولۇپ ، باشقا چوققىلارغا قارىغاندا ئېنىقراق كۆرۈنەتتى ۋە تەڭداشسىز بىر ھەيۋەتتى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى . ئويلايمەنكى ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرسام ، مەن چوقۇم ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا تەسەۋۋۇر قىلالايمەن . بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇدا گەرچە ھەممە نەرسە غۇۋا ، ئېنىقسىز ، ئادەم تازا قانائەتلەنمىسىمۇ ، لېكىن ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان بىرخىل ئامىل بار ئىدى . توپا پەردىسى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلگەندە ، ئۇ بەئەينى قىلىن چۈمپەردە ئىچىگە كىرىۋالغان تەڭداشسىز ساھىبجامال كەبى بىزگە تېگىگە يېتىپ بولالمايدىغان بىر خىل گۈزەللىكنى نامايان قىلاتتى .

ئەتىسى سەھەردە ، بۇ چۈمپەردە پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىلگەنىدى . مەن ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا چېدىردىن چىقىپ سۈرلۈك ، ئېنىق ، ھەيۋەتلىك چاكراگىل چوققىسىنىڭ قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . بىز تۇرغان جىرانىڭ تېگىدىن ھېسابلىغاندا ، يېرىم چەمبەر شەكىللىك مۇز تام قارلىق لىنىيە ۋە تۆت ئەتراپتىكى چوققىلارنى ئورىغانىدى ؛ تاغ تىزمىلىرى ئىچىدىكى ئىككى چوققا بۇلارغا نەزەر سېلىپ تۇراتتى . ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان توپا يەنە تۈزلەڭلىكتىن تۈرۈلۈپ كېلىپ كۆڭلىمىزنى لەسسىدە قىلدى . ئەمما ، چاگراگىل چوق-

قىسى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە توپىغا كۆمۈلمەي پاكىز ۋە سۈزۈك پېتى قەد كۆتۈرۈپ تۇردى .

ئەتىسىگەن سائەت يەتتىدە ئۇلار ئوۋلاش ئۈچۈن ماڭدۇق . چار ۋىچىلار چۈشكۈن قىلغان بىر جايدىن ئۆتكەندە ، كىشىلەر بىزگە قور- قۇش ئارىلاش قىزىقىش بىلەن قاراپ كەتتى . ئۆزىنى قالتىس ئوۋچى دەپ ئاتىۋالغان بىرى بىزگە يول باشلىغۇچى بولۇشقا ماقۇل بولدى ۋە بىزنى ئوتتۇرھال بىر يانتۇلۇق بىلەن ئېلىپ ماڭدى . ئۇلارنىڭ سايراش- لىرىنى ئاڭلاپ قەدىمىمىزنى تېزلەتتۇق ، ئارقىدىنلا قانات قېقىشلىرىمۇ ئاڭلىنىۋىدى ، تەقەززالىقىمىز يەنىمۇ ئاشتى . خېلى ئېگىز گە چىققاندۇق . قارىغايلار ئارقىمىزدا قالدى ، لېكىن ئەتراپ دۇخاۋىدەك يەلپۈنگەن ئوت - چۆپلۈك ئىدى . ئۇيەر - بۇيەردە ھەر خىل رەڭلىك گۈللەرمۇ كۆرۈ- نەتتى . ئۈستىگە ماڭغانسېرى ھەممە يەر تاشلىققا ئايلاندى . ئۇلار بىزنى دەيدەيگە سېلىپ يەنىمۇ ئېگىز گە چىقتىلار ، دېگەندەك تىنماي سايرى- شاتتى ؛ پات - پات سۇغۇرنىڭ ھۆر كىرىشىنى ئاڭلاپ تېنىمىز تىكەنلى- شەتتى . كىچىك قوڭۇر ئېيىققا ئوخشايدىغان بۇ كىچىك ھايۋان بىزنى جەلپ قىلىۋالدى . بۇ كىچىك جانىۋارلار يىراقتىكى ئۇۋىلىرى ئالدىدا تىك تۇرۇپ كېتەتتى ، روشەنكى ئۇلار سەگەكلىك بىلەن بىزنى كۆزى- تەتتى ، تۇيۇقسىزلار چىرقىراپ غىپپىدە ئۇۋىلىرىغا كىرىپ كېتەتتى .

بىر قىيالىق تاغ يانباغىرلىرىدا خاتىرجەم ئوزۇقلىنىۋاتقان ئىككى ئۇلارنى كۆرۈپ قالدۇق . ئارايىك پۈتىنىڭ ئۈچىدا يېقىنلاپ بېرىپ ، بىردىنلا ئۇلارنى تۇتىمەن دەپ ئۆزىنى ئاتتى . ئۇلار دەرھال چىقىش قى- يىن بىر قىياغا قاراپ قاچتى . بۇ مۇسابىقىنى مەن ھاياجان ئىلكىدە كۆ- زىتىپ تۇردۇم . ئارايىك ئوق ئاتتى ، بۇ بىر توپ ئۇلار ئىچىدىكى بىرى خۇددى بىزگە ئاتچە يىراق بولمىغان ئورمانلىق ئىچىگە چۈشتى ، لېكىن بىز خېلى ئۇزۇن ئىزدەپ ئۇنى تاپالمىدۇق . كېيىن يەنە يۇقىرىغا ماڭ- دۇق ، ئەمما ئوۋغا كۆڭلىمىز تارتمىدى ، لېكىن توپا ئۈستىدىن كۆرۈن- گەن مەنزىرىنى تاماشا قىلغۇمىز كەلدى . توپىلىق تۇمان يەردىمۇ قويۇق- لىشىپ ، ھەتتا چاكىر گىل چوققىسىمۇ سىرلىق توپا كىيىم كىيگەنىدى .

سەل قىيپاش قىياغا يۆلىنىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدۇق.

بۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا كەيپىم ئۇچتى. قايتىدىغان يولدىنمۇ ئۈمىدۋار ئەمەس ئىدىم؛ يول باشلىغۇچىنىڭ «ئوبدان بىر يول بار» دېگەن گېپىمۇ ئويلىغىنىمدىن خېلى يىراق ئىدى. ئەمما، قايتقۇچە راست دېگەندەك يولنىڭ خېلى ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. يول بويى ئۇلار كۆرۈنەرمىكىن، دەپ كۆزىمىز ئەتراپتا بولدى، لېكىن بىرىنىمۇ ئۇچراتمىدۇق. سائەت بەشتە قونالغۇغا كەلسەك، روزابەگ ئۆزى يالغۇز بىر ساندۇقچا ئۈستىگە چاي راسلاپ ئولتۇرۇپتۇ. يېنىدا قارىغاي شاخلىرى ۋە كىچىك پالازدىن ياسالغان ئورۇندۇق تۇرۇپتۇ. ياتما ئورۇندۇق ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، خېلى ئېسىل كۆرۈنەتتى. ئاخشىمى قارىغاي شاخلىرىدىن چوڭ گۈلخان ياقتۇق، قارىغاي شاخلىرى خۇش پۇراق تارقىتىپ چاراسلاپ كۆيەتتى، ئوت ئۇچقۇنلىرى ھاۋاغا چاچرايتتى.

ئەتىسى سائەت ئالتە يېرىمدا، چاكراگىل چوققىسىنى لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇت قاپلىغانىدى، تۇمان سۈس بولغان چوققىسىلا كۆرۈنەتتى. مۇزلۇق چوققا ۋە ئەتراپتىكى چوققىلار لەيلەپ يۈرگەن ئاق تۇمان ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيتتى. بىر شېغىللىق ۋە مەينەت مۇزلار ئۈستىدە قىينىلىپ مېڭىپ، ئاساسىي مۇزلۇقتىن ئۆتۈپ، كىچىككىنە، ئەمما يېشىللىققا پۈركەنگەن جىراغا كەلدۇق. جىرا ئەگرى - بۈگرى يۇقىرىغا سوزۇلۇپ، چاكراگىل چوققىسىنىڭ قېلىن مۇز تېمى يېنىغا باراتتى. ئۆتكىلى بولمايدىغان مۇز تام ئاستىدىكى بۇ جىرا بەئەينى غايىۋى جەننەت ئىدى. قوتازلار جىمىدە ئوتلاپ يۈرۈشەتتى، ئۇلارغا قارايدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى.

ئۇلارنىڭ سىرلىق ئىزىنى ئىزدەپ ئېگىزگە چىقتۇق. كۆكۈلنى يايرىتىدىغان يېشىلچىلىق قارلىق تاغ جىنسى بىلەن قاپلانغان يانباغرىنى ئايلاندۇق. ئۇلارنىڭ سايراشلىرىدىن ھاياجانلىنىپ يۈرىكىمىز دۈپۈلدەپ سوقاتتى. يۇقىرىغا چىقىش تېخىمۇ قىيىنلاشتى، پەقەت بولالمىغاندا، مەن توختاپ قالدىم. بۆرتۈپ چىققان بىر قىيا ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ئىككى ئۇلارغا تۇيدۇرماي يېقىنلىشىشىنى تاماشا قىلدىم. ئارايىك قارىغا

ئالغۇچىلا ئۇلار ئۇچۇپ كەتتى. ئوۋچىلار ناھايىتى قىيىندا يېنىپ چۈشتى. روزابەگ يىقىلىپ قارلىق ئورەككە چۈشۈپ كەتتى، قاتتىق تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تەسلىكتە چىقتى، ھەممە يېرى ھۆل بولغان، ھېرىپ ھالى قالمىغانىدى. ئۇ مەغلۇپ بولغانلىقىنى تەن ئالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. ئۇ «ئۆلگىلى تاس قالدىم» دېدى. ئۇ بىزنىڭ گېپىمىز بىلەن قونالغۇغا قايتىپ كەتتى.

ئارايىك بىلەن ئىككىمىزلا قېلىپ، يۇقىرىغا چىقىۋەردۇق. ئېرىگەن قار سۈيى يوللارنى پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى. بىز چاكىراگىل چوققىسىدىكى مۇز تام يېنىدىن پاتقاق كېچىپ ئۆتتۇق. مۇز تامدىن ساڭگىلاپ چۈشكەن مۇز چوكىلىرى، مۇز لەمپىلىرى، مۇز لەمپىلەردە ئېسىلىپ تۇرغان بىگىزلەر ۋە ئۈزۈلمەي قالغان مۇزلۇقلار ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇزلۇق ئوردا ھاسىل قىلىپ باش ئۈستىمىزدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قۇياش نۇرىدا چاقناپ كۆزلەرنى چېقىپ ئاغرىتاتتى.

يۇقىرىدىن پات ـ پات مۇزلارنىڭ ئاجراپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇزۇن تۇرۇشقا پېتىنالماي دەرھال ئۇ يەردىن كەتتۇق ۋە خېلى كەڭ، پاكىز جايغا كەلدۇق. مۇزلۇقلاردا كىچىك ـ كىچىك كۆلچەكلەر كۆپ ئىدى؛ تارام ـ تارام سۇلار ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان مۇز ئۈستىدىن ئېرىق ھاسىل قىلىپ يول تالىشىپ پەسكە ئاقاتتى ـ دە، يوقىلىپ كېتەتتى ياكى مۇز ئاستىغا كىرىپ كېتەتتى؛ ئاستىمىزدىكى مۇز قاتلىمىدىن گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ سۇ ئېقىۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇز قاتلىمى ئاستىدىكى سۇنىڭ ئاۋازىنى شارقىراتمىدىن چىقىۋاتقان قورقۇنچلۇق ۋە قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك ئاۋازى بېسىپ كەتتى. جىرا تەرەپتە ئىگىز قىيادىن بىر نەچچە تارام ئېقىن گۈلدۈرلەپ ۋە ئۆركەشلەپ ئېقىپ مۇزلۇق ئاستىغا كىرىپ غايىب بولاتتى.

قۇرۇقراق بىر جايغا كېلىپ يەنە بىر جىرانى كۆردۇق ۋە مەپتۇن بولۇپ تۇرۇپ قالدۇق. جىرادىكى سېرىق گۈللەر گويا يېشىل چىمەنلىككە سېلىنغان يوغان گىلەملەرگە ئوخشايتتى، ئارىسىدا كىچىك ـ

كىچىك ، ئاسان كۆزگە چېلىقمايدىغان گۈللەرمۇ بار ئىدى . بىز يېشىل
چۆپلۈككە ئىللىق قۇياش ئاپتىپىغا ئۆزىمىزنى قاقلاپ ياتاتتۇق . پەسكە
قارىساق ، يانباغرىدا قوي پادىلىرى بەھۇزۇر ئوتلاۋېتىپتۇ . يىراقتىكى
ئويىماندا تاشتا ياسالغان ئاددىيلا قوتانلار بار ئىدى ، لېكىن ئادەمنىڭ قا-
رىسى كۆرۈنمەيتتى . ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان ، چىققىلى بولمايدىغان
ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل چوققىلار ، جىرا ئېغىزىغا نەزەر سېلىپ تۇرغان
مۇزلۇقلاردىن ساڭگىلاپ چۈشكەن قىرلىق مۇزلار ، مۇزلۇق سۇلىرىدىن
ھاسىل بولغان ۋە ئۆركەشلەپ ئېقىپ چۈشكەن ئېقىنلار بۇ ئىللىق ،
جىمجىت ، يېشىللىققا پۈركەنگەن گۈزەل مەنزىرىگە روشەن سېلىشتۇرما
بولۇپ ، بۇ يەردىكى جىمى نەرسىگە بىر خىل مەپتۇن قىلارلىق سېھرىي
تۈس بەخش ئەتكەنىدى . كۆز ئالدىمدىكى تاغ ، قۇياش نۇرى ۋە كائى-
نات كۆركەملىكىدىن خىيالىم قاناتلىنىپ ، كاللامدا تۈرلۈك تەسەۋۋۇر ۋە
ئوي خىياللار پەيدا بولۇشقا باشلىدى . توساتتىن ئالدىمىزدا چۆچەكلەردە
تەسۋىرلىنىدىغان پەرىزاتتەك بىرى پەيدا بولۇپ ، بىزگە ئۈچ ياخشى تى-
لەك تىلىسە ياكى بىزدىن بۇ جەننەت كەبى مۇقەددەس ۋە پاك ماكانغا
نېمدەپ كەلدىڭلار دەپ سورىسا ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم . بۇ تەسەۋ-
ۋۇرلىرىم ئۆزۈمگە ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال ئەمەستەك بىلىنىپ
كەتتى . بىردەمدىن كېيىن ، ساياھىتىمىزنى باشلىۋەتتۇق . ناھايىتى
مۈشكۈلدە يۇقىرىغا مېڭىپ ، تېگىنى كۆرگىلى بولمايدىغان تار سايدىن
ئەگىپ ئۆتۈپ تۆۋەنگە ماڭدۇق . قويۇق قارىغايلىقتىن ئۆتكۈچە ، چى-
رىگەن ياغاچلار يولىمىزنى توستى . بەزى جايلاردا ئۇزۇن يىللاردىن بۇ-
يان چىرىگەن ياغاچ دۆۋىلىرى تىزىمىزغا كەلدى . قارىغايلىقتىن ئۇزۇن
ۋاقىتتا ئاران چىقىپ ، قارا رەڭلىك مۇزدىن ئۆتۈپ قونالغۇغا تېزراق بې-
رىپ چاي ئىچىشكە ئالدىرىدۇق .

ناھايىتى جىق يەرنى ئايلىنىش ، مۇزلۇقنىڭ ئىككى يېنىدىكى
تۈپتۈز تاغ ۋادىسىنى كۆرۈش ، قار ـ مۇز دۇنياسىنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە
ھەيۋەتلىك ، كۆركەم مەنزىرىسىنى قانغۇچە تاماشا قىلىش بىزدە ئۇنتۇل-
غۇسىز تەسىر قالدۇردى . بىز خېلى چارچىغاچقا ، ئولتۇرۇپ ئارام ئې-

لىشتىن پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز ئېرىپ ھۇزۇرلىنىپ كەتتى. لېكىن بۇ بولالماي قالغانلىق تۇيغۇسى ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق ۋە راھەتلىنىشتىن كېيىنكى بىر خىل لەززەت ئىدى. مەن يۇمشاق ساپما كەش كىيىپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ كەينى ـ كەينىدىن چاي ئىچتىم؛ روزابەگ ياسىغان ياتما ئورۇندۇقتا يېتىپ كىتاب ئوقۇدۇم. بۇ چاغدا، كۆڭلۈم شۇ قەدەر ئازادە، خاتىرجەم ئىدى.

قونالغۇدىكى ئاخىرقى كۈنى، شىمالدىكى ئاساسىي مۇزلۇق بىلەن تۇتاش يەنە بىر مۇزلۇقنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنى پىلانلىدۇق. بۇ جىرادا تۇرىدىغان بىرنەچچە دوست بىلەن ئوبدان تونۇشۇۋالغانىدۇق، ئۇلار بىزگە گۆش، سۈت بېرەتتى. بىز ئەكەلگەن دورىلىرىمىز بىلەن داۋالاپ قويۇش، يارىلىرىنى تېڭىپ قويۇش يولى بىلەن ئۇلارغا جاۋاب قايتۇراتتۇق. شۇڭا، ئۇ كۈنى ئەتىگەندە بىز تاغقا چىقايلى دەپ تۇرساق، بىرقانچەيلەن بىزنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى.

ئۇلارنىڭ ئۆيى كىگىزدىن ياسالغان يۇملاق چېدىر بولۇپ، ئاسانلا ئۆرۈلۈپ كېتەتتى. قىرغىزلار ئۇنى «ئاكرىيس» (ئاق ئۆي) دەپ ئاتايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چارۋىچىلار قەدىمكى زاماندىن تارتىپ مۇشۇنداق چېدىر ياكى مۇشۇنداق چېدىرغا ئوخشايدىغان كىگىز ئۆيلەردە ياشايتتى. مەن بىر كىتابتىن بۇنداق كىگىز ئۆي مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردە سكىفلارنىڭ ئۆيى، دېگەن تەسۋىرنى ئوقۇغانىدىم. يەنە مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، مارك پولو بۇنداق كىگىز ئۆيلەرنى خېلىلا ئېنىق تەسۋىرلىگەنىدى. قەدىمكى سكىفانلارنىڭ بەزى ئادەتلىرىگە، مەسىلەن، قىمىز ئىچىش قاتارلىقلارغا ھازىرمۇ چارۋىچىلار ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە. كىگىز ئۆينىڭ ئىچى رەڭدار بېزەلگەن، ناھايىتى ئازادە ئىكەن. كىگىز ئۆيلەرنىڭ بېزىلىشى ئۆي ئىگىسىنىڭ باي ـ كەمبەغەللىكىگە قاراپ زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىكەن. بىر تەرەپتىكى تامغا، ھەرخىل ياپقۇچلار، گىلەملەر، ئەدىياللار تارتىلغان؛ تۆۋەنگە بىرقانچە سىرلانغان ساندۇق قويۇلغان، چۈشۈقتىن توقۇلغان بىر پەردە ئاشخانىنى ئايرىپ تۇرىدىكەن ياكى ئۇ يەردە يېڭى تۇغۇلغان قوزىلار بېقىلىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

قالانغان ئوتنىڭ ئىسسى چىقىپ كېتىدىغانغا تورۇستىن يوغان بىر تۆشۈك ئېچىلغان، كىرەكلىك ئۆي ۋە تۆشۈك سايمانلىرى جاي ــ جايىغا رەتلىك قويۇلغان، پاكىز كۆرۈنەتتى. بىز بىر ئايالنىڭ بۇغداي ئۇنىدا توقاچ پىشۇرغانلىقىغا قاراپ ئولتۇردۇق. ئۇ خېمىرنى ئاستى تۈز قازاندا پىشۇردى. بۇنداق نان بەك مەززىلىك، يېيىشلىك بولىدىكەن. بۇ بىزنى چوڭ مېھمان قىلغىنى ئىكەن. ئۆزلىرى ئادەتتە زاغرا نان بىلەن قېتىقنى ئاساسىي ئوزۇق قىلىدىكەن، بۇمۇ بەك ياخشى تاماق ئىكەن. ئۆي ئىگىسى ئاكا ــ ئۇكا قېرىنداشلار بولۇپ، ناھايىتى ياش، بىز بۇ تاغلاردا ئۇچراتقان بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى ئوچۇق، مېھماندوست ئىكەن. كىگىز ئۆينىڭ ئاراچلىرىدىن سىرتتا بىرمۇنچە ئۇششاق باللارنىڭ مارىشىۋاتقانلىقىنى، پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق. روشەنكى، ئۇلار بىزدەك كەم كۆرۈلىدىغان مېھماننى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

بىز كىگىز ئۆيدىن چىقىپ، ئاساسىي مۇزلۇق يېنىدىكى ھېلىقى مۇزلۇققا قاراپ ماڭدۇق ھەمدە ياندىكى جىرا بىلەن يۇقىرىغا چىقتۇق. بۇك ــ باراقسان قارىغايلىقتىن ئۆتۈپ، مۇزلۇقنىڭ مەينەت مورېنا (مۇزلۇق ئۇيۇم) غا ياماشقاندىمۇ توپىلىق تۇمان تېخى تارقىمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ بىز باشقا بىر تەرەپتىن بۇ يەردىكى مۇزلۇق چوققىنى ئېنىق كۆردۇق. شېغىل تاشلىق، تىك يانباغىرىدىن ماڭغاچقا، يول بەك ناچار ئىدى. مېنىڭ قارىغايلىققا قايتقۇملا كېلەتتى. جىراغا بارىدىغان يانباغىردا، يەنى مورېنانىڭ چېتىدە توساتتىن يېشىل ئوتلاقنى كۆردۇق. بۇ، كۆلىمى كىچىك، ئەمما ياپيېشىل ئوت ــ چۆپ، رەڭمۇ رەڭ تاغ گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلغان جاي ئىدى. بەزى ئوتلاقلار يۇقىرىدا بولۇپ، گويا باش ئۈستىمىزدىلا تۇرغاندەك بىلىنەتتى؛ بەزى ئوت ــ چۆپلەر تاشلار ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىققانىدى. ئارقىدىنلا مۇزلۇق ئارشاڭ يولىمىزنى توستى. ئارشاڭ كۆكۈچ مۇزلاردىن ناھايىتى مۇرەككەپ شەكىلدە ھاسىل بولغانىدى. يۇقىرىدىن پات ــ پات ھەر يوغان مۇز تۈۋرۈكلەرنىڭ پەسكە چۈشۈشى ۋە قارنىڭ گۈمۈرلۈشىدىن قورقۇنچلۇق، ئەتراپنى

لەرزىگە سالىدىغان گۈلدۈر ـ گۇمبۇرلەر ئاڭلىناتتى . بۇ دەھشەتلىك ئاۋاز ئوك يېنىمدىكى قىيالارغا كەلگەندە ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ، بۇ گۈلدۈرلەشلەرنى تېخىمۇ ياڭراق ۋە قورقۇنچلۇق قىلىۋېتەتتى . [illegible] يوغان مۇزلار ئارىلىقلاردا ئۇچۇپ يۈرگەن ياۋا كەپتەرلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق .

يولىمىزنى مۇز ئارىشاڭ توسقانلىقتىن ، نائىلاج كەينىمىزگە ياندۇق . ئالاھىدە بىر مەقسىتىمىز بولمىسىمۇ ، قارىغايلىققا قاراپ مېڭىپ ، ئوت ـ چۆپلۈك تاغ ئومۇرۇتقىسىغا چىقتۇق ، ئاندىن باشقا بىر جىرا ئىچى بىلەن كەينىمىزگە ياندۇق . ھېلىدىن ـ ھېلى توختايتتۇق . كېيىن چۆپلۈكتە گۈزەل مۇزلۇق چوققىغا قاراپ ياتتۇق ، مۇزلۇق چوققا ئەينەكتەك يالتىراپ ، ئاجايىپ كۆركەم تۈس ئالغانىدى . قەلبىمىز بىر خىل چەكسىز ئارامبەخشلىك ، ئېيتقۇسىز گۈزەللىك ، يېگانە بىر ھۆرمەت تۇيغۇسىدىن ھاياجانغا تولدى . كېيىن قوي پادىسى يېنىدىن ئۆتتۇق ، قويلار ئوتلاۋاتاتتى ، پادىچىلار چۆپلۈكتە بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى ؛ كەچكى قۇياش نۇرى ھايات ياشناۋاتقان ئوتلاقلار ، يىراقتىكى مۇزلۇق ۋە مۇز تاغلارغا شۇ قەدەر گۈزەل رەڭ بەرگەنىدى .

قايتىش يولىمىزدا بىر قىرغىز چارۋىچىنىڭ ئائىلىسىنى يوقلىدۇق ۋە قىرغىز كۆتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق . ئۇ يەردە نۇرغۇن نەرسە يېگەن بولساقمۇ ، قونالغۇمىزغا كېلىپ يەنە راۋۇرۇس چاي ئىچتۇق . ئويتاغدىكى بىز بىر كېچە قونغان ئۆيدىكى ئايال خوجايىن بىزنى ئىزدەپ كەپتۇ ۋە ناھايىتى جىق شويلا قىلىپ كەپتۇ . بىز يەپ تۈگىتەلمىدۇق . ئايال خوجايىن يازلىق يايلاققا ئېرىدىن بۇرۇن كەلگەنىكەن ، يالغۇزلۇق ئۇنى باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خالايدىغان ، گەپنى تولا قىلىدىغان قىلىپ قويۇپتۇ . ئۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا دوستلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ ، ئۇ بىر بالىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قويۇشىمىزنى ئىلتىماس قىلدى . بالىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈۋاتقىنىمدا ، جىددىيلىشىپ كەتكەن بىر توپ ئايال ئەتراپىمغا ئولىشىۋالدى ، ئەمما مېنىڭ « دوختۇرلۇق تېخنىكام » ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى .

ئەتىسى بىزگە چەكسىز خۇشاللىق بەخش ئەتكەن جىرادىن ئايرىلىپ ئويتاغقا كېلىپ بىر كېچە قوندۇق. ئەمما، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئاساسىي مۇزلۇق ئەتراپىغا كېلىپ راسا ئايلاندۇق. تاغ ئىچىدىكى جىرادا ئۇتلاپ يۈرگەن قوتازلارنى كۆردۇق. بۇ كۈنى ئەتىگەن ھاۋا ئۆزگىرىشچان بولۇپ، چاكراگىل چوققىسىمۇ قىياپىتىنى پات – پات ئۆزگەرتىپ تۇردى: بىردەم زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆرۈنسە، بىردەمدىلا يەنە ئۇنى قارا بۇلۇت قوينىغا ئېلىپ، چوققىلىرىلا ئاران – ئاران كۆرۈنەتتى، كېيىن يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئويتاغقا كەلگۈچە، بىردەم – بىردەم توختاپ ماڭدۇق، تاغدىكىگە ئوخشاش بىرۋاخ تاماق يەپ قېتىقنى راسا ئىچتۇق. بىردەم ئاتلىق، بىردەم پىيادە يۈرۈپ، قارىغايلىق يانباغرىدىن چۈشتۇق. ئەمما، جىرادىكى مەنزىرە كۆز ئالدىمىغا كېلىۋېلىپ، ئايرىلغۇمىز كەلمەي يېنىپ كەلگىنىمىزگە سەل پۇشايمانمۇ قىلدۇق.

بىز ئويتاغقا ئازقالغاندا، سۈيى سۈپسۈزۈك ئۆستەڭگە يېقىن جايغا چېدىر تىكىپ قونماقچى بولغانىدۇق. ئەمما، ھېلىقى ئايال خوجايىن تاغدىن چۈشۈۋاتقان چاغدىلا، ئۆيىمىزدە سىلەرگە جىمى نەرسىنى تەييارلاپ قويدۇق، ئېرىمنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويساڭلا بولمايدۇ، دەپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ بىزنى كۆزگە ئىلمىدى، دەپ قالمىسۇن دېگەن ئوي بىلەن ئازراق ئارىسالدى بولۇپ، يەنىلا ئېگىز سۇپىلىققا باردۇق. ئەمما، خوجايىن ئەتىسى يازلىق ئوتلاقىقا بارماقچى بولۇپ، بارلىق نەرسە – كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خوتۇنۇمغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، دەپ باشقىلاردىن ئويتاغقا ماڭغۇزىۋەتكەنىكەن. ئۇلارنى بىسەرەمجان قىلماي، باشقا تەييارلىقلىرىنى قىلىۋېلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە، بىز بوش بىر ئۆيگە چۈشۈپ ئۆزىمىزگە ۋە ئەر خوجايىنغا تاماق ئەتتۇق. ئەر خوجايىن خىجىل بولغانىدەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى؛ بەلكىم ئۇ ئىچىدە كۆڭۈلچەكلىكىنى ئاشۇرۇپ قىلىۋەتكەن ھەمدە ئويدان ئويلاشماي بىزنى تەكلىپ قىلىپ قويغان خوتۇنىنى مىڭنى تىللاۋاتقاندى.

تاشمىلىقنىڭ يولى ناھايىتى ئىسسىق بولسىمۇ تېز ماڭدۇق. ھې-

لىقى يېگانە چاتقاللىقتا كەلگەندە چاي ئىچىپ تاماق يەۋالدۇق. ئۇ يەردە كارۋانغا قاراپ قالغانلار ئۇشتۇمتۇت دەريادىن قانداق ئۆتەرمىز، دەپ غەم قىلىۋاتىمىز، دېدى. تاغدىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشى بىلەن كۈندۈزى دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ كېتىدىكەن. ۋاقتىنى تېجەش ئۈچۈن كېيالگىين بىلەن مەن بىر ئاتقا مىندۇق. ئۇ تېزراق ماڭايلى، دەپ ئاتنى يورغىلىتىپ ماڭغۇزدى. دەريادا سۇ خېلى چوڭقۇر ئىكەن. دەريادىن ئۆتكۈچە ئىككى ئات يىقىلىپ چۈشتى. ئاتقا مىنگەنلەر ئىگەرگە چىڭ ئېسىلىۋالغان بولسىمۇ، سۇغا چۈشكەن توخۇدەك ھۆل بولۇپ كەتتى.

تاشمىلىقتا ئاز قالغان چاغدا، سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئۇزاق توختىدۇق. ئېرىق بويىغا بېرىپ سۇ چېچىشىپ ئوينىدۇق؛ رەھمىسىز قاغجىرىما چۆل ئىسسىقىغا قارىغاندا بوستانلىقنىڭ جىق سالقىن، جانغا ھوزۇر ئىكەنلىكىنى بۇ يەردە چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ئاخىرقى بىر سائەتلىك يولنى كەچنىڭ سالقىن ھاۋاسىدا ئاستا مېڭىپ تۈگەتتۇق.

تاشمىلىققا كېلىپ، بىزنى يېڭى جايغا ئورۇنلارشتۇرغانلىقىنى بىلدۇق. ئۆي ئىگىسى چاي قويدى ۋە ھەر تۈرلۈك ئۇيغۇرچە تاماقلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئەكىلىپ تۈردى. ھەر قېتىمقى تاماق كەلگەندە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، بەك تويۇپ كەتكەنلىكىمىزنى، مىننەتدارلىقىمىزنى ئېيتىپ تۇرساقمۇ قۇلاق سالماي، يېڭى ـ يېڭى تاماقلارنى ئەكەلدى. تاماق ئاخىرلاشقاندا بىز تويغىنىمىزدىن ھېرىپ كەتتۇق ۋە مىدىرلىيالماي قېلىپ، ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ياكى گىلەمدە سوزۇلۇپ يېتىپ ئارام ئالدۇق. بىردەمدىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى كىرىپ تەكەللۇپ بىلەن كەچلىك تاماققا نېمە يېيىشلىكىنى، دەپ سورىدى.

ئۇخلاشتىن بۇرۇن، سىرتقا چىقىپ بىرپەس ئايلاندۇق. ھىندىستاندىن كەلگەن ۋە بۇ يەردىن ئۆتۈپ بىزگە يېقىن ئۆيگە چۈشكەن سودا كارۋىنىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىز لېھتىن يولغا چىققاندىن كېيىن، سەپەردە تونۇشۇپ قالغان بىر دوستىمىز بار ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ يەنىلا بۇ مۇشەققەتلىك قەدىمي كارۋان يولىدا قاتناپ يۈرگەنلىكى، مۇشۇ چاغدىمۇ تاغ چوققىلاردىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىغا ئادەمنىڭ

ھېچ ئەقلى يەتمەيتتى . بۇ ئادەملەر ناھايىتى ساغلام ، بەقۇۋۋەت كۆرۈ-
نەتتى . مەندە تۇيۇقسىز مۇشۇلار بىلەن بىللە ئېكسپېدىتسىيە قىلىش
ئىستىكى پەيدا بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا قاراقۇرۇم تاغلىرىدا ئۇلار
بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەر ۋە مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەر يادىمغا
كەلدى .

ئەتىسى سەھەر سائەت تۆت يېرىمدا ، بىزنى خورازلارنىڭ
چىللاشلىرى ئويغىتىۋەتتى . بۇ ، يېزىلارغا خاس ئالاھىدە يېقىملىق ئور-
كېستىر ئىدى : بىر خوراز بىز ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىدە تۇرۇپ بويىنىنى
ئۇزۇن سوزۇپ چىللىدى ؛ بىر ئېشەك قورقۇنچلۇق ھاڭراپ كەتتى ؛
كەپتەرلەر گۇگۇلاپ خورغا قوشۇلدۇ ؛ بىز ياتقان ئۆيدە بولسا بىر خىل
ئەنسىز كىتىرلاشتىن بەدەنلەر تىكەنلىشەتتى . مەن ، چوقۇم چاشقانلار
چېپىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلاپ ، ئارايكىنى ئويغىتىپ ،
ئۆينى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئېيتتىم .

— ئۇ چاشقان ئەمەس ، ئۆچكە ئىكەن ! — دېدى ئۇ قاراپ بې-
قىپ ۋە ئۇيقۇسىنى توزۇك ئاچالماي يەنە يېتىپ ئۇخلىدى . مەن ئۆچكى-
نىڭ مەرەشلىرىنى ئاڭلاپ ياتتىم .

ئەتىگەنلىك تاماق بەك ۋاخچە تەييار بولدى . بىز بىرقانچە قېتىم
سۈيلىدۇق . ھەر قېتىم : « مانا ھازىر تەييار بولىدۇ » دېگەن جاۋابنىلا
ئالاتتۇق . ئاخىر ، بىرنەچچە چىنىدىن سۈت ئىچىپ ، نان يەپ ، سائەت
يەتتە يېرىمدا يولغا چىقتۇق .

ئىككى سائەتچە تۈز ، ئەمما توپىلىق يولدا ماڭدۇق . قۇ-
ياش ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى . يولدا بىر يەردە توختاپ ، يەرلىك ما-
شىنىدا شال سوققانلىنى كۆردۇق . ماشىنا نەپىس ياسالغانىدى ، ئەمما ناھا-
يىتى ئېغىر ھەرىكەتلىنەتتى . ئۇزۇن ئۇچ ياغاچ بادرىنى سۇ ھەرىكەت-
لەندۈرەتتى . بادرىلار خۇددى مەست ئادەم دەلدەڭشىپ ماڭغانغا ئوخ-
شاش ، بىرى يۇقىرىغا چىقسا ، بىرى تۆۋەنگە چۈشۈپ قالايمىقان ھەر-
كەتلىنەتتى . بىز ئاتلىق خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ، يول بويىدىكى
ئاشپۇزۇل يېنىدا توختىدۇق . ئاشپۇزۇلنىڭ سالقىن كېسەك ئۆيىدە قېتىق

ئېچتۇق . كېيىن ، مەن مىنگەن ئاتنىڭ ئاقساپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئەرۋاھىم ئۇچتى . چۈنكى ، بۇ ئاتنى مىنىشكە ئىشلەتكىلى تېخى ئۇزۇن بولمىغانىدى . ئۇنىڭغا مىنىپ بىرپەس ماڭغاندىن كېيىن ، ئىچىم سىقىلىپ پىيادە ماڭماقچى بولدۇم . بۇ قارارىمدىن كارۋاننىڭ خوجايىنى ئەنسىزلىككە چۈشتى ( ئۇ بىز بىلەن قەشقەرگە بېرىپ ، ئۆزگە ھىندىستانغا بارىدىغان ۋىزا ئالاتتى ) ، ئۇ مېنى بىز چۈشكەن ئۆينىڭ خوجايىنى مىنگەن ئاتنى ئالماشتۇرۇۋېلىڭ ، دەپ تۇرۇۋالدى . كارۋاننىڭ خوجايىنى مەن مىنگەن ئاقساق ئاتنىڭ بىئارام قىلىشىغا پەرۋا قىلمىدى ، تېخى ئۇنى قامچىلاپ يورغىلىتىپ ماڭدى .

بۇ كۈنى يەكشەنبە بولغاچقا ، بىز « يەكشەنبە بازار » غا كەلگەن ھارۋا ۋە ئادەملەر ئېقىمى ئارىسىدا قالدۇق . مەرتىۋىلىكلەر ئاتلاردا گىدىيىپ ئولتۇراتتى ؛ بەزىلەر ئىگەرنىڭ ئالدىغا قوينى ئېلىۋالغان ؛ بەزى ئاياللار باللىرىنى ( بوۋاق ) كۆتۈرۈپ پىيادە ماڭغان ؛ گايلىرى ئۈچ بالىسى بىلەن ئېشەككە مىنىۋالغان ؛ ئېشەكلەرگە تىرىك توخۇلار سېلىنغان سېۋەتلەرنى ئارتقانلارمۇ ، دەستىلەنگەن سېۋەتلەرنى تاڭغانلارمۇ كېتىۋاتاتتى . ھەممىلا ئادەم بازارغا ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇلارنى سېتىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتى . ئادەملەر ، ئۇلاغلار ، ھارۋىلار بىر ـ بىرىدىن ئالدىراش ماڭغاچقا ، توپا ـ تۇماندا نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى . بۇ ھال خۇددى ساقچىلارنىڭ كارى بولمىغان لوندون قاتناش ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى .

سىرتقا ساياھەتكە چىققاندا ، ئالدىرىماي ماڭمىسىمۇ بولمايتتى ، شۇڭا بىز ئۆتكەندە توختىغان ئېگىز دەرەخلىك يېزىدا يەنە توختىدۇق . بىزنى بىر ئۆيگە باشلىدى ، بۇ يەردە بىز ئۆزىمىز تاماقنى ئېتىپ ، ھەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ ئەتىگەنلىك تاماق يېدۇق . ئۆي ئىگىسى چاي قاينىتىپ بەردى . شۇنىڭغىچە ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن ئۆي ئىگىسى ئايال كىرىپ بىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ، ئاكام بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭسا ، گالار بولامدۇ ـ بولمامدۇ ؟ دەپ سورىدى . بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ، ماڭىدىغان چاغدا كۆرۈشۈپ ماڭىدىغان

بولدۇق . بىزنى بىرى باشقا بىر ئۆيگە باشلىدى . بۇ ئۆي ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن ، يەرگە توشقۇزۇپ گىلەم سېلىنغان ، ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىنىپ ، ئۈزۈم ، يوغان پەتنۇسقا ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەر قويۇلغاندى . ئىشىكنىڭ پەردىسى ئارقىسىدا ياغلىق ۋە كۆڭلەكلەرنى كۆرۈپ ، ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ كۈلۈشكەن ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ، بۇ ئۆيدىكى ئاياللار بىلەن كۆرۈشىسەم بولامدۇ ، دەپ سورىدىم . ئەر خوجا- يىن ماقۇل بولۇپ ، ئۈچ خوتۇننى چاقىرىپ ماڭا تونۇشتۇردى . ئۇلار- دىن بىرى ئەدەپ بىلەن پۈتۈمدا يېتىۋالغان بوۋاقلارنى كۆتۈرۈۋالدى . چوڭ خوتۇنى ماڭا ھال ئېيتىپ دەردىنى ئېيتتى . ئۇنىڭ سۆزىنى تەر- جىمە قىلغۇچە تەرجىمان بەك ئوڭايسىزلىق ئىچىدە تەرجىمە قىلىپ بەردى . ئۇ ، تۇغماس ئىكەن ، مېنىڭ ئۇنىڭغا دورا بېرىشىمنى ، ئۇنى يەپ جىق بالا تۇغۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن . مەن ئەپسۇسلۇق بىلەن ئۇ- نىڭغا ، مەندە بۇنداق خاسىيەتلىك ۋە ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورا يوقلۇقىنى ئېيتتىم .

بۇ ئۆيدىن چىقىپ ، يەنە ھېلىقى چوڭ ئېقىن ئارىسىدا بازارغا ماڭدۇق . ئۆتكەندە بىرمۇ ئادەم يوق جىمجىت بۇ يېزا بۈگۈن قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەندى . تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر بۇ يەرگە گويا ئې- قىن سۇدەك كېلىپ جۇغلىناتتى ؛ يايمىچىلار قاتار يايما يېيىشقان ، ئۇلار- نىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلاشلىرى ، گەپ - سۆزلەر ھەممە يەرنى بىر ئالغاندى . ئەرلەر بار ئاۋازى بىلەن توۋلىشاتتى ، ماللىرىنى سېتىشاتتى ، باھا تالىشىپ سودىلىشاتتى ؛ قايناق بازارنىڭ سىرتىدىكى دەرەخ سايىلى- رىدا ئاياللار ۋە باللار ئۇخلىشاتتى ؛ بىر مەيدان قاتار باغلانغان ئېشەك- لەر ، ھارۋا مۇسابىقىسى مەيداندا ئوبدان تەشكىللەنگەن ھارۋىلار قاتار تۇرۇشقاندەك ، سەۋرچانلىق بىلەن تۇرۇشاتتى . ياشانغان بىر ئايال يې- ڭىلا سېتىۋالغان موزىينى يېتىلەپ ئادەملەر ئېقىنى ئارىسىدىن چىقتى . ئۇشتۇمتۇت موزاي ئارغامچىدىن بوشىنىپ قېچىپ كەتتى . ئەتراپتا تۇر- غانلار دەرھال قاچقان موزاينى توستى ،. لېكىن ئۇنچە كۈچەت كەتمىدى . بىر ياكى ئاتتىن چۈشۈپ ، موزاي قوغلايدىغانلار قاتارىغا كىرسەك ، ياكى

ئاتلىق ئالدىغا ئۆتۈپ موزاينى توسساق بولاتتى. مېنىڭچە، بۇنداق بىر ئادەم بىلەن ئىشنى تېخىمۇ قالايمىقان قىلىۋېتەتتۇق. كېيىن قارىساق، موزاي قېچىپ يىراقلاپ كېتىپتۇ، موماي بىر نانىنى تۇتۇپ، موزاينى تۇتۇۋېلىپ قوغلاۋېتىپتۇ.

بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن، يامانيار دەرياسىغا كەلدۇق. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ماشىنىمىز تۇراتتى. كېچىككە يېقىن جايدا بىر ئادەم ئىچىدىغان نەرسە سېتىۋاتاتتى. بىرنەچچە لىگەندە مېۋە تەييارلاپ تۇرغان راپكانى كۆرۈپ قالدۇق. ئۇ باش كونسۇلخانىدىكى مېۋىلەرنى ئۈزۈپ بۇ يەرگە ئەكەلگەنىدى. كۈن چۈش بولغان، ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھارغان ۋاقتىمىزدا قارىئۆرۈك، ئۆرۈك، ئۈجمە، بىرىنچى قېتىم تېرىۋېلىنغان بۆلجۈرگەننى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق ۋە خۇشاللاندۇق. بىردىنلا سالقىنداپ قالغاندەك بولدۇق. بىز خوجايىنغا بۆلجۈرگەن بەردۇق. ئۇنىڭ بۇنداق نەرسىنى تۇنجى قېتىم يەپ بېقىشى ئىكەن. ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلدۇق.

## سەككىزىنچى باب

# شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالى ۋە قەشقەر ۋەزىيىتى

ئادەم بىرەر دۆلەت ياكى رايوندا تۇرسا ، مۇقەررەر يوسۇندا ئۇ يەرنىڭ تارىخى ھەمدە رېئال سىياسىي ئەھۋالىغا قىزىقىشتىن خالىي بولالمايدۇ . ھالبۇكى ، مەن شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە سىياسىي ئەھۋالى دېگەن بۇ تېمىغا كەلگەندە ، ئالدىمدا تۇرغان تۈرلۈك قىلتاقلارنى ناھايىتى ئېنىق تونۇپ يەتتىم ۋە بۇنىڭدىن ھودۇقۇپ قالدىم . مەن ئۇچرىغان قىلتاقنىڭ بىرىنچىسى ، ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىغا ئىگە بولغانلىقى ، ئۇزاق بىر پەردە ھاسىل قىلغانىدى ؛ ئىككىنچىسى شۇكى ، ھەرقانداق بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىدا مۇجمەل ۋە بىر تەرەپلىمىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېغىر بىر پەردە بولىدۇ ، شۇ سەۋەبتىن ھەق ـ ناھەقنى ، ئاق ـ قارىنى ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدۇ ، بەزى جايلارنىڭ تارىخى چوقۇم مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىلگەن ، بەزىلىرىنىڭ يوشۇرۇلغان ، يەنە بەزىلىرىنىڭ بۇرالغان ، بۇرمىلانغان بولىدۇ .

مەن ئىلگىرى جاۋ گېنېرالدىن ، خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا قانچىلىك ۋاقىت بولغاندۇ ، دەپ سورىغانىدىم ، ئۇ ماڭا جۇڭگونىڭ بۇ ئۆلكىگە مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزگەن ئەھۋالى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋەزىيىتىگە ئاساسەن ئوخشىمايدۇ ، دېگەن ، بۇنى مەن بۇرۇنلا بىلگەنىدىم . ئۇ يەنە ، جۇڭگو بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 ـ يىلى باشلانغان ، دېگەنىدى . باشقا زاتلارنىڭ قارىشى ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 101 ـ يىلى ، جۇڭگو بۇ ئۆلكىنى

www.uyghurkitap.com

مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرغان. تېخىمۇ ئېنىقراق ۋاقتىنى دېسەك، مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭنى مەمۇرىي باشقۇرغان. جۇڭگونىڭ ئۆتكەنكى ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە بۇ رايونغا يۈرگۈزگەن باشقۇرۇش ھوقۇقى دەم ئۈزۈلگەن، دەم ئەسلىگە كەلگەن ھالدا داۋاملاشقان، دېسە توغرا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. جۇڭگو پادىشاھلىرى كۈچەيگەن، چېگرا جايلارنى كېڭەيتىش ھەۋىسى قوزغالغان چاغلاردا، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى جايلارنى ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىستېلا قىلغان. بولۇپمۇ ئۇلار بىرقانچە ئەسىر ئىچىدە، ھۇنلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق ئۇرۇشلارنى قىلغان؛ ئەمما، پادىشاھلار ئاجىزلىشىپ ھالسىزلانغان ياكى چېگرا جايلارنى ئېچىش، ئىمپېرىيىنى ئىدارە قىلىشقا قىزىقمىغاندا، جۇڭگونىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلاردىكى تەسىر ئاجىزلاشقان ياكى يوقىلىپ تۈگىگەن. بەزى چاغلاردا بەنچاۋغا ئوخشاش بۈيۈك زاتلار (ئۇ غەربىي دىيارنىڭ قورۇقچىبېگى بولغان) جۇڭگونىڭ بۇ رايوندىكى ئابرۇيى ۋە ھوقۇقىنى تازا ئۆستۈرگەن ۋە كۈچەيتكەن؛ ئەمما، گايىدا جۇڭگونىڭ بۇ رايونلاردىكى ھوقۇقى ئاجىزلاپ، بىر خىل سىمۋول مەنىسىدىلا ساقلىنىپ قالغان.

1911 ـ يىلى، جۇڭگو جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، تاكى 1924 ـ يىلغا قەدەر، جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى نامدىلا بار بولۇپ، ئايرىم خەنزۇلار شەخسىيېتىدىلا بۇ رايوندا ھوقۇق تۇتقانىدى. ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تۆھپىسىنى مەركىزىي دائىرىلەرگە مەنسۇپ، دەپ قارىمايتتى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى بەكمۇ قاتتىق، شۇنداقلا ئىنتايىن دانالىق ۋە تەدبىرلىك بىلەن باشقۇرغان. ئۇ، 1911 ـ يىلدىن تاكى 1928 ـ يىلى قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەنگە قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدە، مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ئارىلاشتۇرماي، شىنجاڭدا پۈتۈنلەي شەخسىي ھاكىم مۇتلەقلىق ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى يۈرگۈزگەن. نۇرغۇن ئادەملەر ياڭ زېڭشىندەك ئادەمنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق بىلەن ئىدارە قىلىش شەكلى، قاتمال، ئەمما ئۈ-

نۆملۆك ، دانا ، ئەمما مەجبۇرىي بولۇپ ، ئاددىي دېھقانلار جەمئىيىتىنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ھۆكۈمەت شەكلى ، دەپ ھېسابلايدۇ . بەلكىم ئۇلارنىڭ بۇ كۆز قارىشى توغرىدۇ ، دەپ ئويلايمەن . ئەمەلىيەتتە ، شىنجاڭ ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتا قارىغاندا بەكرەك گۈللەنگەن ۋە تىنچ بولغان .

ياڭ زېڭشىن ئۆلگەندىن كېيىن ، شىنجاڭدا ئۇزۇنغىچە توپىلاڭ ھېلى كۆتۈرۈلۈپ ، ھېلى بېسىققان ، ۋەزىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپلەشكەن . ئىچكى ئۇرۇش توختىمىغان ، ھەرقايسى جايلار بۆلۈنۈپ ،ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن . بۇ ، مۇشۇ دەۋرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان ؛ بۇنداق ۋەزىيەتتە ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رولى ئەرزىمەس بىر نېمىگە ئايلانغان ، سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ رولى كۈنسېرى ئاشقان ۋە كۈچەيگەن . بەزى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ، مەسىلەن ، بېلىروسلاردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇھلار ، تۇڭگانلاردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇھلار ۋەزىيەتنى تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن . كېيىن ، رۇسىيىلىكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن شېڭ شىسەي دېگەن خەنزۇ گېنېرال پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىنى كونترول قىلغان . شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا مەلۇم دەرىجىدە بىرلىك بارلىققا كەلگەن . يېڭىچە بىر مۇستەبىتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ، بۇ زېمىندا مەلۇم دەرىجىدە خاتىرجەملىك ۋە گۈللىنىش بولغان . شېڭ شىسەي پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى توسقان ، مەكتەپ سالدۇرغان ۋە يوللارنى ياساتقان . ۋاھالەنكى ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ ۋە بۇ ئۆلكە بەدەل تۆلىگەن . شېڭ شىسەينىڭ ئارزۇسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ پۈتۈنلەي رۇسىيىلىكلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە بولغان ( شېڭ شىسەينىڭ ئۆز قوللىغۇچىسى بولغان رۇسىيىلىكلەرنى زادى قانچىلىك ياقتۇرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ) . ئۇنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىغا رۇسىيىلىكلەر ياردەملەشكەن ، رۇسىيىلىكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇ يوللارنى ياساتقان ، مەكتەپلەرنى سالدۇرغان ، يەنە شۇ رۇسىيىلىكلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ، ئۇ شىنجاڭنى باشقا چەت دۆلەتلەرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشقان ھەمدە باي ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

پومېشچىكلارنى ۋە دىنىي رەھبەرلەرنى يوقاتقان .

بىر ئادەمنىڭ سوۋېتپەرەسكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ، ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر پاجىئەلىك دەۋر ياكى ياخشى دەۋر بولدى ، دەپ قارىشىنى بەلگىلىگەن . بۇ مەسىلىدە رۇسىيىدىن ئىبارەت ئامىلنى ئىنكار قىلىش تولىمۇ قىيىن . ئەلۋەتتە ، بۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەت جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدا ئوخشىمايدۇ . شىمالىي شىنجاڭدا مەۋجۇت ئەھۋاللار جەنۇبىي شىنجاڭدا دائىم كۆرۈلمەيدۇ . بەلكىم شېڭ دۇبەن جەنۇبىي شىنجاڭنى قولىدا چىڭ تۇتۇپ تۇرالمىغاندۇ ياكى جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ تېز سۈرئەتتە « سوۋېتلىشىش » ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى خالىمىغاندۇ ، ئەمما بۇخىل ئەھۋال بۇ يەردىمۇ ھەقىقەتەن پەيدا بولدى . شۇ مەزگىلدە قەشقەردىكى ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسى قولايسىزلىق ۋە قارشىلىقلارغا ئۇچرىدى . بىزنىڭ خادىملىرىمىزنىڭ بازاردىن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشى قىيىن بولدى ، ھەممە يەرگە بىزنى پايلايدىغان جاسۇسلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن ، كىشىلەر بىز بىلەن سۆزلەشكەنلىكى بايقىلىپ قېلىشىنى خالىمىدى . ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىرلار ( ئۇلارنىڭ ھەممىسى سودىگەرلەر ياكى مۈلۈك ئىگىلىرى ) ھەر قايسى ناھىيىلەردىن قوغلاندى . ئۇلارغا كۆپىنچە نەچچە سائەت ئىچىدە ئائىلىسىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىش ئۇقتۇرۇلاتتى ، ئۇلار ئۆيلىرىدىن قوغلانغاندىن كېيىن ، ھىندىستانغا قايتىش سەپىرىدە ناھايىتى جاپا تارتتى ، بەزىلىرى يولدا ئۆلۈپ كەتتى . شۋېتسىيىنىڭ بۇ رايوندىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى پېچەتلەندى ، دىن تارقاتقۇچىلار شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلدى . شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار يالغۇز چەت ئەللىكلەر ئەمەس ئىدى ، ئۇيغۇر بايلار ، ئۆي - مۈلۈك ئىگىلىرى ، پۇلدار ۋە تەسىرى بار كىشىلەرنى تازىلاش ، ئۆلتۈرۈش ياكى ئۇلارنىڭ غەلىتە بىر ھالەتتە يوقىلىپ كېتىش ۋەقەلىرى دائىم بولۇپ تۇراتتى . شېڭ شىسەينىڭ قىلغان بۇ ئەسكىلىكلىرى رۇسىيىلىكلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن . ئۇ ناھايىتى رەھىمسىز ، شەپقەتسىز ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ يېزىلاردىكى

ئادەتتىكى ئادەملەر ئارىسىدىكى تەسىرىدىن گومانلىنىشقا ئەرزىيدۇ. بەل-
كىم دېھقانلار خاتىرجەملىككە ئېرىشكىنىدىن مىننەتدار بولۇشى مۇمكىن،
چۈنكى بۇنداق خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۇلار يەرلىرىنى تېرىپ، مال -
چارۋىلىرىنى باقالايتتى. لېكىن، شەھەرلەردە، شېڭ شىسەي پۇلدار ئا-
دەملەرنى قامىدى، قورقۇتتى.

شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى 1934 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە
داۋام قىلدى. بۇ ئون يىلدا ئۇ بىر قېتىملا توپىلاڭ بولغانلىقىدىن خۇشال
بولسا بولىدۇ. ماخۇشەن① دېگەن بىر تۇڭگان شېڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
قورالىق قارشى چىقتى، لېكىن مەغلۇپ بولۇپ ھىندىستانغا قېچىپ
كەتتى. 1942 - يىلى، شېڭ شىسەي ئۇشتۇمتۇت 180 گرادۇس بۇرۇ-
لۇپ، رۇسىيىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش نىيىتىگە كەلدى. كىشىلەر
بۇ ھەقتە تۈرلۈك پەرەزلەرنى قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇنى بۇ نىيەتكە كەل-
تۈرگەن ئامىلنىڭ نېمىلىكى يەنىلا بىر سىر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن
شىنجاڭنىڭ پوتكول سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىشلەر بولدى. شېڭ
شىسەي جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولدى. كېيىنكى ئىككى
يىلدا ئۇ يەنىلا شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولدى. لېكىن، شىنجاڭغا جۇڭگو
مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.
بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئۆزگىرىش ئىدى. مې-
نىڭ بۇنى قارىغۇلارچە چۈشۈندۈرگۈم يوق. ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ،
قەشقەردىكى ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسىغا بولغان بېسىم يوق-
الدى. 1942 - يىلى، ئارايلىق ئۆرۈمچىگە باردى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ
قائىدىلىك، ئىنتايىن دوستانە، ناھايىتى كاتتا كۈتۈۋېلىنىۋاتقانلىقىنى
ھېس قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە باش كونسۇلخانىسىغا تۈرلۈك
كۆڭۈلسىزلىك ۋە قىيىنچىلىق كەلتۈرىدىغان يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ۋاھا-

---

① ماخۇشەن ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەم. ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قې-
چىپ كەتكەندىن كېيىن، قالغان قوشۇنىغا باشچىلىق قىلغان. خوتەننى ئاساس قىلغان ھالدا،
شېڭ شىسەي بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تالاشقان. مەغلۇپ بولغاندىن
كېيىن، قېچىپ ھىندىستانغا كەتكەن. بۇ يەردە «تۇڭگانلار» دەپ خۇيزۇلارنى كۆزدە تۇ-
تىدۇ.

لەنكى ، 1940 ـ يىلى ، ئۇ شىنجاڭغا ئەنگلىيىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كونسۇلى بولۇپ كېلىشىگىلا تۈرمىگە سولىنىپ ، [illegible] كۆن سولاقتا ياتقان ۋە كۆرمىگەننى كۆرگەنىدى .

1945 ـ يىلى ، شېڭ شىسەي ئاغدۇرۇلدى . جۇڭگو مەركىزىي هۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا يېڭى ئۆلكە ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەشكە باشلىغانلىقى ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى هوقۇقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى . ئەمما ، 1945 ـ يىلى شىنجاڭدا يەنە توپىلاڭ بولدى . بۇ توپىلاڭ شىنجاڭنىڭ هەرقايسى رايونلىرىدىمۇ كۆتۈرۈلدى[1] . بۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئۆزىگە كەلگەن ، ئەمما يەنە ئىچكى ئۇرۇش قايىنىمىدا تېرىنىشىپ ـ تېرمىشۋاتقان هۆكۈمەتنىڭ زور قىيىنچىلىقىنى يەنىمۇ كۆپەيتتى . شىنجاڭنىڭ چەت ـ ياقىدىكى نۇرغۇن رايونلىرىدا مەسىلەن ، تاشقورغان قاتارلىق جايلاردا هۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن خەنزۇ ئەمەلدارلىرى ئۆلتۈرۈلدى . غۇلجا[2] بازا قىلىنغان توپىلاڭچى كۈچلەر هۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ئارمىيىسىنى تەلتۆكۈس يوقىتىمىز ، دەپ تەهدىت سالدى . ئەمما ، ئۆلكىلىك هۆكۈمەتكە قارىتىلغان تەهدىت ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى ، غۇلجا ( ئىلى ) تەرەپنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى قانائەتلەندۈرۈلگەندەك قىلاتتى ، بۇ تەلەپلەرنىڭ ئاساسلىق ئىككى تەرىپى ، هۆكۈمەتتە ئۆز ئادەملىرىنى كۆپرەك ۋەزىپىگە قويۇش ، تېخىمۇ كۆپ هوقۇق بېرىش ۋە « رادىكال ئارمىيە تەشكىللەش » ئىدى . لېكىن ، بۇ بىتىم تۈزۈلۈپ ، باشتىلا پاراكەندىچىلىك پەيدا بولدى . غۇلجا ( ئىلى ) تەرەپ بۇ بىتىم ئىجرا قىلىنمىدى ، دەپ ئۇرۇمچىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا قىستاپ كېلىپ ، بۇ شەهەرنىڭ پۈتۈن ئۆلكە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ، شىنجاڭ هۆكۈمىتىگە تېخىمۇ كۆپ ۋە چوڭ ئىش تېرىپ بەردى .

1947 ـ يىلى ، بىز شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە

---

① بۇ يەردە « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى » يەنى ئىلى ، چۆچەك ، ئالتاي ئاساس قىلىنغان گومىنداڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى ۋەقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

② غۇلجا ، شىنجاڭ ئىلىنىڭ بۇرۇنقى نامى .

باردۇق . شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەنزىرىسى گۈزەل ، ياخشى جاي غۇلجىغا بارماقچى بولدۇق ، لېكىن بارالمىدۇق ، چۈنكى بىزنى ئۇ « يات پىكىرلىك » لەر زېمىنىغا ئەۋەتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغان ئادەم چىقمىدى . بۇ خۇددى شوتلاندىيە ئەنگلىيىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن ، تۆېددىن چىقىپلا كەتسە ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىغاندەكلا بىر ئىش ئىدى . غۇلجىنىڭ رۇسىيە چېگرىسىغا بەك يېقىن جاي بولغانلىقى ، ئادەمدە سوۋېت رۇسىيىسى شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە يەنە بىر قېتىم رول ئېلىپ ، 1945 - يىلىدىكى توپىلاڭنى قوللىغانمىكىن ، دېگەن ئوي پەيدا بولاتتى . بەلكىم ئۇلار ھازىرمۇ غۇلجا ئەتراپىدىكى رايونلارغا توپلانغان ، ئەمدىلا مەزمۇت تۇرۇۋاتقان ھەممە غەلىبىگە ئېرىشىۋاتقان گۇرۇھنى قوللاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن بۇ بىر پەرەزلا ، خالاس .

بىز ئۆزىمىزنى شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە سىياسىتىنىڭ مۇرەككەپ جېدەل - ماجىرالاردىن نېرى تۇتۇشقا تىرىشىپ كەلدۇق . ئەمما ، بىز مۇشۇ رايوندا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇ دۇچ كېلىۋاتقان ئىشلار ۋە ئۇنىڭدا بولۇۋاتقان مەسىلىلەر چېگرا سىرتىدا تۇرۇۋاتقانلارغا قارىغاندا بەكرەك مۇھىم ۋە رېئال بىر ئىش ھېسابلىناتتى . بۇ خۇددى مەن ئۈچۈن ، لاتىن ئامېرىكىسىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭ ۋە ئىنقىلاب ئاڭلىغۇم كەلمەيدىغان ، چۈشەنمەيدىغان بىر ئىش بولغان بىلەن شۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ، شەك - شۈبھىسىزكى ، ئۇلار ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش بولغاندەكلا بىر گەپ ئىدى . بۇ بابتا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان تېمىدا مەن ئىمكانىقەدەر ئۇيىاققىمۇ ، بۇياققىمۇ يان باسماي ئادىل بولۇشقا تىرىشتىم . ئەمما ، مەن تەسۋىرلەۋاتقان ، ئانچە كۆزگە چۈشمەيدىغان بۇ ئەھۋال ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ، ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە رېئاللىقىنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم . كىشىلەر ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ، شىنجاڭ ئىككى چوڭ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى پەسەيتىش رايونى بولۇش سۈپىتىدە ، كەلگۈسىدە خەلقئارا جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىدۇ ، دەپ كەلگەنىدى . كىشى-

لەر ئېيتقاندەك ، ئۇ بىر مەيدان تالىشىش ئۇچىقىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . بۇخىل ئىستىقبال ، ئۇنى دىققەت مەركىزىگە ئايلاندۇ-رۇپ ، ئۇنىڭدىكى ئەسلىدە بار بولغان ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ئاۋارىچى-لىكلەرنى يەنىمۇ بەك چوڭقۇرلىتىۋەتكەندەك قىلاتتى . ئەمما ، ھازىرقى دۇنيادا ، قىزىق نۇقتا ۋە خەتەرلىك رايونلار شۇنچىلىك كۆپ ، ئانچە نە-زەرگە ئېلىنمايدىغان ياكى مۆتىدىل رايونلاردا نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلار كۆتۈرۈلمەكتە ، مەسىلىلەر ئېغىز ئالماقتا ياكى كېسەل پەيدا قىلماقتا ، شۇڭا مەن شىنجاڭدىكى مەسىلىلەر دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدىكى مەسى-لىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم ، دەپ ئېيتالمايمەن .

مەيلى چوڭ ئىش تېرىلىش ـ تېرىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈگۈن ـ توقۇناقلىرى بار . ناھايىتى كۈچلۈك قوشنىسىنىڭ تەسىرىدە ، ئۇنىڭ ھېچقانچە تالاش ئىمكانىيىتى يوق . سانى ئاز بولمىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر سوۋېت رۇ-سىيىسىنى ياخشى كۆرىدۇ ؛ نۇرغۇن ياشلار ، ئانچە باي ئەمەس زىيا-لىيلار ، بىرقىسىم كىشىلەر خەنزۇلارنىڭ ئۇنۇمى يۇقىرى بولمىغان ھۆ-كۈمرانلىقىدىن نارازى ؛ باشقا بىر گۇرۇھ ، جۈملىدىن بايراق كىشىلەر ، دىنىي رەھبەرلەر سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئىدىيىسىدىن ۋەھىمىگە چۈ-شۈپ ، خەنزۇلار ھۆكۈمرانلىقىنى قوللايدۇ . يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ، يەنە خىيالپەرەسلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مۇستەقىل بولۇش خىيالىنى قىلىشىدۇ . مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ، ئادەتتىكى دېھ-قانلار ئۆزلىرىگە كىمنىڭ ھۆكۈمران بولۇشىغا قىلچە قىزىقمايدۇ . ئۇلارغا ئېتىزلىرىنى سۇغىرىشقا يېتەرلىك مىقداردا سۇ بولسىلا ( شىنجاڭدا سۇ تەقسىماتى باش ئاغرىتىدىغان بىر ئىش ، ئاسان جېدەل ـ ماجىرا قوزغاي-دىغان مەسىلە بولۇپ ، ئۇلار بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا دائىم كىچىك كۆلەملىك تالاش ـ تارتىش ، جېدەل بولۇپ تۇرىدۇ ) كۇپايە ، ئۇلار شۇ تۇرمۇشقا رازى بولىدۇ . قانداقلا بولمىسۇن ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا يەرلەر مۇنبەت بولغانلىقتىن ، بىر قەدەر چوڭ كۆلەملىك ئاچارچىلىق بولغانلى-قىنى ئاڭلاپمۇ باقمىدۇق . خەۋپى ناھايىتى زور زىيانداش ھاشاراتلار

يوق ، هاۋا كىلىماتىدىمۇ بىر ئىسسىپ ، بىر سوۋۇپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەيدىغان ، قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن بولىدىغان ياكى قۇرغاقچىلىق بولىدىغان ئىشلارمۇ يوق بولغاچقا ، زىرائەتلەر ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمايدۇ ، دېھقانلارنىڭ يۈكىمۇ ئېغىر ئەمەس . دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسىمۇ ئاددىي ، ئۇلار ياغاچتىن ياسالغان ساپان ئىشلىتىدۇ ، زىرائەتلەرنى قولدا ئورىدۇ ، خامانىنى ئۇلاغلارنى توختاتماي چۆرگىلىتىپ ئالىدۇ ، داننى شامال كۈچى بىلەن سورۇپ ئايرىيدۇ . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، دېھقانلار ئانچە كۈچىمەيلا يېتەرلىك ئاشلىق ئالالايدۇ . بىلىشىمچە ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى 1947 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى . پۇقرالار ، مەيلى ئەر ياكى ئايال ۋە ياكى بالىلار بولسۇن ، ناھايىتى ساغلام ، كىيىم ـ كېچەكمۇ يامان ئەمەس . دېۋانىلەر ناھايىتى ئاز ، مانا بۇ قالتىس بىر ئىش . شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ئوزۇق ـ تۈلۈك ، كىيىم ـ كېچەك يېتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ، قەشقەردە ياكى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ھىندىستاندا داۋاملىق ئۇچرىتىدىغان ئورۇق ، ئاۋاق ، ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك ئاتلارنى كۆرمىدىم . مانا مۇشۇنداق ئاتلار ئادەملەرنى ھىندىستان بولمايدىغان بىر يەر ئىكەن ، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ . شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا بەزى توكۇر ئات ، ئىگەر غىجىپ يارا قىلىۋەتكەن ئاتلارنىلا كۆردۇق ، ئۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئات ـ ئېشەكلەر ئوبدان بېقىلىدىكەن .

ئەيىب ـ نۇقسان ، چىرىكلىشىش ، ئۈنۈم تۆۋەنلىك ۋە تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلار ، سەۋەنلىكلەر دېگەن دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتتە بار ئىش ، شىنجاڭمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . ئەمەلىيەتتە ، بۇ يەردىكى ھۆكۈمەت خەلققە دوختۇرخانا سېلىپ بەرمىگەن ، شېڭ شىسەي سالدۇرغان مەكتەپلەرمۇ ئاستا ـ ئاستا كونىراپ ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن . ھازىرقى زامان ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىگەندە ، قاتناش ـ ترانسپورت ۋە سانائەت جەھەتتە شىنجاڭ ئۆلكە بويىچە جىق قالاق ، ئەھۋال بەك يامان ئىدى . بۇنداق بولۇشى ، بىرىنچىدىن ، جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى

ھازىرقى زاماندا بۇ ئۆلكىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز قولىدا تۇتالىغان ، بو-
لۇپمۇ ئۆتكەن تۆت يىل ئىچىدە ؛ ئىككىنچىدىن ، ئىچكى ئۇرۇش ئۇزۇل-
مەي بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ ھۆكۈمەت ئىچكى ئۇرۇش بىلەن
بولۇپ كەتتى ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنتايىن قالاق بىر را-
يوننى زامانىۋىلاشقان رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ، شەكسىزكى ، تو-
لىمۇ مۇشكۇل . ھەتتا سىناپ كۆرۈش نىيىتىدىكى ئادەممۇ ئارىسالدى بو-
لۇپ جىمىۋالىدۇ . ئادەتتىكى ئۇيغۇر پۇقرالار پويىز ياكى زاۋۇتلارنى چىن
كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدۇ ، دېسە مەن پەقەت ئىشەنمەيمەن . ئەلۋەتتە ،
ئىمكانىيەت يار بەرسىلا ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئاز ـ تولا ياخشى
ئىشلارنى قىلىش كېرەك ، دەپ قارايمەن . ئادەم يىراق قەدىمىي دەۋردىكى
بوش بىكار ، نادانلىقتا ئۆتكەن تۇرمۇش شەكلىنى ياخشى كۆرىمەن ،
دەپلا ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك ياخشى تەرەپلەرنى قوبۇل
قىلمىسىمۇ بولمايدۇ . ئەمما ، ئىسلاھاتچىلار دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر ،
ئەگەر سۇ ئېلېكتر پىلانى ۋە سانائەتلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەنلا بار-
لىق يامان ، رەزىل نەرسىلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ ، دەپ قارىسا ، ئۇ ھالدا
ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى بەكمۇ يۈزەكىي بولغان بولىدۇ .

جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئەر-
كىنلىكتىن بەھرىمەن بولماقتا ، ئەمما ئۇلار بۇنداق ئەركىنلىكنىڭ قەدى-
رىگە يېتىشنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن . ئەلۋەتتە ،
بۇنداق ئەركىنلىك ئۆزلىرىگە ياخشىلىق ئاتا قىلغىنى بىلەن ھۆكۈمرانلار
ھەددىدىن زىيادە بېپەرۋا بولغاچقا ، بۇ پەقەت بىرخىل تاسادىپىيلىق بو-
لۇشى مۇمكىن ، دەپمۇ قارايدىغاندۇ . شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلار باج ـ
سېلىقنى يىغالىسىلا ، مەنپەئەت ئالالىسىلا ، باشقا ئىشلارنى ئۆز ئىختىيارىغا
قويۇپ بېرىدىكەن ۋە ئۆزلىرىنى خۇش قىلىپ يۈرۈۋېرىدىكەن . شۇنداق-
تىمۇ ، ئەركىنلىكنى قەدىرلەش كېرەك . ئۇيغۇرلار پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ
ئۇسۇلى بويىچە ياشايدىكەن ، ئىبادەت قىلىدىكەن ، سودا قىلىدىكەن ،
ساياھەتكە چىقىدىكەن ، ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلى-
دىكەن . شۇنداق قاراشقا كەلدىمكى ، ئادەتتىكى ئۇيغۇرلار ھازىر غەرب-

تىكى دېموكراتىك دۆلەتلەردە كىشىلەر ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان سى-ياسىي ئەركىنلىككە ئىنتىلمەيدىكەن. ئاسىيا دۆلەتلىرىدە نوپۇس ھەققى-دىكى پۈتكۈل كۆز قاراش ھېلىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. دىنىي كەڭچىلىك ۋە سىنىپىي باراۋەرلىك قاتارلىق جەھەتلەردە، جۇڭگو باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە قارىغاندا، كۆپ ئىلغار ئىكەن. ئەگەر كىشىلەر ئۇي-غۇرلارنىڭ تولۇق مۇستەقىل بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن پاكىتنى قوبۇل قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، شەخسەن مەن جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىشىدا ئۇلار نۇرغۇن ياخشىلىقلاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ، شۇنداقلا بۇ بىر ئاقىلانە تاللاش ھېسابلىنىدۇ، دېگەن قاراشقا مايىلمەن. مەن مۇ-شۇنداق ھېسابلايمەنكى، جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى مۇرەككەپ سىياسىي ئىشلار ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلا بولسا، جۇڭگو شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەدرىجى ھالدا تېخىمۇ كۆپ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولۇ-شىغا يول قويىدۇ، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىش قىلىپ بېرىدۇ. مەن شىن-جاڭدا تۇرغان ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىتتىمۇ، ئۇيغۇرلار بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى كۆپ ھوقۇققا ئىگە بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈ-مەتتىكى نۇرغۇن ئەمەلدارلار يەرلىك كىشىلەردىن ئىدى. بىر ئۇيغۇرنى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئېغىر ـ يېنىكلىك، تېز ـ ئاستىلىق دەرىجىسى ئايرىلمىغان، تەھلىل قىلماي قارىسىغىلا قوبۇل قىلىنىدىغان، ھەددىدىن زىيادە تەۋەككۈلچىلىككە، ئالدىراڭغۇلۇققا ياتىدىغان بۇنداق ئۇسۇل ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، ھەر جەھەتتىن بەكمۇ قالاق، ئۆز دىنىغا سادىق خەلققە كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەت كەلتۈردى. ئەمما، مەن ئېيتىۋاتقان بۇ خىل رادىكال، ئالدىراڭغۇلۇق سىياسىتىنى كۆككە كۆتۈ-رۈش بەكمۇ ئوڭاي، ھالبۇكى، ئازراقلا ۋاللداپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىسلاھات، ئەمەلىيەتتە ئادەم ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ ناھايىتى ئاستا بو-لۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، سوۋېت رۇسىيىسى بۇ يەرنى باش-قۇرسا، بۇ بىردىنبىر تاللاش بولىدىكەن، دېگەن قاراشقا كەلمەكتە.

ئەگەر بىر ئادەم ئاددىي نەرسىلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكى؛ ئۆزى

تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يەردىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ناھايىتى قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقى ؛ كالا بىلەن ئىشەكنىڭ تەڭ قېتىلىپ سابان بىلەن يەر ھەيدەۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكى ؛ قاۋۇل تۆگىلەرنى ، ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىلاردا ئولتۇرۇپ يىپ ئېگىرىۋاتقان ئاياللارنى كۆرگەنلىكى ؛ ئىككى ئەرنىڭ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن مەيىن شامال چىقىرىۋاتقانلىقى ، شامال ئېگىز خامان دۆۋىسىدىن ئۆتكەندە زوقلىنىپ كۈلۈمسىرىگەنلىكى ، ئۈچىنچى ئەرنىڭ بۇغدايىنى سورۇپ دان ئايرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكى ، بۇلارنىڭ لىرىك شېئىرىي تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقى ؛ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ « زامانىۋى ئىلغارلىق » ئالدىدا شۇنچىلىك بىغەم ، ئەركىن يۈرگەنلىكى ، ھېچنېمىگە ئالدىرىمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك ، ئۇنىڭدا خۇددى بۇرۇنقى زامانىنى ئەسلىگەندە ، ئەگەر 19 ـ ئەسىردە ياشىغان بولساق ، قانچىلىك خۇشال ، قانچىلىك مەنىلىك ياشىغان بولار ئىدۇق ـ ھە ، دەپ ئويلىغانغا ئوخشاش ، ئىپتىدائىي ، ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈش خاھىشى پەيدا بولىدۇ . لېكىن ، دراما « بىر كېلىپ مەيدانى » نىڭ باش قەھرىمانىدەك ، سىز ئەگەر شۇنداق ئىپتىدائىي تۇرمۇشنى بىۋاستە باشتىن كەچۈرۈپ كۆرسىڭىز ، ئۇ چاغدا ، نۇرغۇن ھەرىكەت شەكلى ۋە ئادەتلەرنىڭ ئادەمنى ئۇنچە ئۆزىگە تارتمايدىغانلىقى ، شۇنداق كۆپ بىسەرەمجانلىق بارلىقى ، كىشىلەرنىڭ بۇنداق « ئىپتىدائىي تۇرمۇش » قا ئەمدى كۆنەلمەيدىغانلىقىنى بايقايسىز .

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاددىي تۇرمۇشىدا ، بەلكىم بىزدە يوق نۇرغۇن ئوبدان نەرسىلەر باردۇ . ۋاھالەنكى ، ئەگەر بىرى ئۇنى بۇرۇنقىدەك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلسا ، ئۇ ھالدا ئۇ بۇ تىپما ھەققىدىكى كۆڭۈللۈك ، رومانتىك تەساۋۋۇرلىرىدىن مەھرۇم بولىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئارايىك مەندىن قىرغىز ئاياللىرىدەك ھەقىقىي ، ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالامسىز ياكى ئەنگلىيىدىكى ئائىلە ئاياللىرىغا ئوخشاش چەكلىمە ئىچىدە ياشاشنى خالامسىز ؟ دەپ سوراپ قويىدۇ . ئارزۇ ـ ھەۋەسىمدىن ئېلىپ ئېيتسام ، ئەنگلىيىدىكى ئاياللاردەك چەكلىمە ئىچىدە ياشاشنى ئويى-

لىساملا ، ئىچمىگە بىر قورقۇنچ چۈشىدۇ ، شۇنداقلا قىرغىز ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىنى غايىۋىلەشتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ . ئەمما ، راستىمنى ئېيتسام ، هازىرقى ئەنگلىيىچە تۇرمۇشۇمدىكى ئارامبەخش ، راهەت نەرسىلەردىن ، قولاي هېس قىلىدىغان ، مېنى خۇشال قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان نەرسىلەردىن ۋاز كېچىپ ، چارۋىچى مىللەتلەرنىڭكىدەك بىر خىلدىكى ئەمما كەڭ تەبىئەت قوينىدا ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىنتىلىدىغان ياكى ئىنتىلمەيدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن .

كىتابخانىلارنىڭ مېنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ چېچىلاڭغۇ ، بوشاڭ هۆكۈمرانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىمگە قاراپلا ، شىنجاڭ بىر كىچىك جەننەت ئىكەن ، بۇ كىچىك جەننەتتە قورسىقى توق ۋە غەمسىز دېھقانلارنىڭ توققۇزى تەل ئىكەن ، چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىكەن ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، مۇنداق بىر تونۇشنى توغرىلاپ قويماقچىمەن : ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئۇنداقمۇ ئەمەس ، باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش ، شىنجاڭدىمۇ نامراتلىق ، كېسەللىك ، شەپقەتسىز زوراۋانلىق مەۋجۇت . ۋەهالەنكى ، ئاسىيادىكى مەلۇم بىر رايونغا غەربنىڭ ئۆلچىمى بىلەن هۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆزى كۈلكىلىك بىر ئىش . ئوخشاشلا ، كىشىلەر كۈنىگە تۆت ۋاخ تاماق يېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئاچ قېلىۋاتىدۇ ، كىتاب ئوقۇيالمايدۇ ، خەت يازالمايدۇ ، ھەپتىدە بىر قېتىم كارى كوئوپېرنى كۆرەلمەسلىكىمۇ كىشىلەرنى تۇرمۇشتىكى خۇشاللىقتىن مەھرۇم قىلىۋاتىدۇ ، دەپ قاراشمۇ بىمەنىلىك . بەزى چەت ئەل مۇخبىرلىرى شىنجاڭغا پالاقلاپ كېلىشىدۇ ، بىر ـ ئىككى ئاي تۇرغاندىن كېيىن ، بۇ رايوننى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرۇپ ، بۇ يەردە ھەممە نېمە شۇنداق رەسۋا ، يامان ئىكەن ، دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ ـ دە ، جۇڭگو هۆكۈمىتىنى ئەيىبلەشكە چۈشىدۇ . چەت ئەللىك بۇ مۇخبىر ئاق ، قارا ئىككى رەڭدىلا رەسىم سىزسام ، قارا رەڭنى كۆپرەك ئىشلەتسەم دەپلا ئويلايدۇ ، شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسى ۋە پۈتكۈل ئاسىيانىڭ سەۋىيىسىگە بولسا سەل قارايدۇ .

شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەختىيار ياشاۋاتقانلىقى ياكى بەختىيار ئە-

مەسلىكىگە مېنىڭ ياكى ئىش تېرىغۇچى چەت ئەل ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى تازىمۇ بىمەنىلىك . ئەمما ، مەن ھەقىقەتەن شۇنداق قارايمەنكى ، ئۇچقاندەك تېز ، ھەممىنى يوق قىلىۋېتىدىغان ، پۈتكۈل رېتىمنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئىسلاھاتقا قارىغاندا ، ئاستا ، ئىچكى ۋە ئەتراپلىق ياخشىلاش بۇ رايوننىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ، ئۆز لايىقىدىكى تەدبىر . شۇڭا ، بۇنىڭ يەرلىك خەلققە تېخىمۇ كۆپ ياردىمى تېگىدۇ . ئەگەر ماڭا قويۇپ بېرىدىغان بولسا ، مەن بىرىنچى بولۇپ ، داۋالاش ئەسلىھەلىرىنى بەرپا قىلغان ۋە داۋالاش خادىملىرىنى تەشكىللىگەن بولاتتىم ؛ بۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تىرىشىپ ناھايىتى ئەتراپلىق ، ئۆز لايىقىدا ياخشىلىغان بولاتتىم ؛ باشقۇرۇش بىر قەدەر ئاسان بولغان « ئائىلىۋى سانائەت » قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرغان بولاتتىم . مۇنتىزىم تەربىيىلەشتىن كېلىدىغان پايدا ، سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن كېلىدىغان نەپلەرنى كېيىنرەك قىلاتتىم . مەن بۇ ئىشلارنىڭمۇ بۇ رايونغا ھامان يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلساممۇ ، ئەمما بۇ ئىشلار بىر ـ بىرلەپ ، قەدەممۇ قەدەم يېتىپ كېلەتتى .

مەن تۆرلۈك پەرەزلىرىمنى ، جەمئىيەت ئىسلاھاتىغا دائىر پىشمىغان ئوي ـ پىكىرلىرىمنى ۋە شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسىگە قارىتا شەخسىي تەساۋۋۇرلىرىمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرۇپ ، قەشقەر ۋە قەشقەر خەلقىگە دائىر كىچىكرەك ، ئەمما ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر رەسىم سىزىپ چىقىشنى خۇشاللىق ، دەپ بىلىمەن . مەن ئۆزۈمنى شىنجاڭنىڭ شىمالىنى چۈشىنىمەن ، دەپ ئېيتالمايمەن ، چۈنكى ئۇ يەرلەردە خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپ ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازاقلار ، موڭغۇللار تېخىمۇ كۆپ ، ئۇنىڭدىن باشقا مىللەتلەرمۇ بار ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلغان . مەن قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارنى ئاز ئايلاندىم . ئەمما ، ئويلايمەنكى ، ئۇ يەرلەر بىلەن قەشقەر بوستانلىقىنىڭ ئاساسىي پەرقى ئانچە چوڭ ۋە كۆپ ئەمەس . تاغ ئىچىدە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى چوقۇم ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ . بۇ ئەھۋاللارنى مەن

كىتابىمنىڭ باشقا بابلىرىدا ئىمكانقەدەر تەسۋىرلىدىم . قەشقەرنى تەسۋىرلىگەندە ، ماي بوياق ئىشلەتمەكچى ئەمەسمەن ، چۈنكى ماي بوياق بىرقانچە يىل ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغاندا ، ئاندىن مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدىغان بىر خىل سەنئەت . چەت ئەل ھەققىدىكى يېزىق ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن جانلىق سۈرەتلەردە تەپسىلاتلار مول ، ئىلھامبەخش كۆچى زور بولغىنى بىلەن مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا ، بۇلارنى ستېرېئولاشتۇرۇش ، جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلىش مۈشكۈل بىر ئىش . قانداقلا بولمىسۇن ، شىنجاڭ بەس ـ بەستە ، كۆپ تەسۋىرلەندى . مېنىڭ قىلالايدىغىنىم ۋە قولۇمدىن كېلىدىغىنى پەقەت ئۆزۈمنىڭ تەسرات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە كۆز قارىشىمنى ئېيتىپ ئۆتۈشلا ، خالاس .

مەن كىتابخانلارغا تەقدىم قىلماقچى بولغان بۇ « رەسىم » دىكى ئاساسلىق رەڭ ئىسسىق رەڭ ھېسابلىنىدىغان ، خۇددى قوڭۇر سېرىق توپىغا ئوخشايدىغان سارغۇچ قوڭۇر رەڭ . قەشقەر رايونىنىڭ كەڭ زېمىنى ، يوللىرى ، ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدىغان يوغان ـ يوغان خىشلىرى ، قەشقەرنى مۇھاپىزەت قىلىش رولىنى ئوينايدىغان كەڭ ۋە قېلىن شەھەر سېپىللىرى ، ئۇنىڭدىن باشقا ، قەبرىلىرى ئىنتايىن تۈجۈپىلەپ ، چىرايلىق ياسىلىدىكەن ، ئەمما ئۇزۇنغا بارمايلا ئۆرۈلۈپ ياكى ئولتۇرۇشۇپ كېتىدىكەن . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل رەڭدە بولۇپ ، قىلچە پەرق قىلمايدۇ . ۋەھالەنكى ، تاڭ سەھەردە ياكى كۈن ئولتۇرغان چاغدا ، ئەگەر ھاۋا ئوچۇق ، قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان بولسا ، پارلاق قۇياش نۇرى جانسىز توپا رەڭ ئارىلاش سېرىق سېپىل تاملىرىنى قىزىق رەڭدە بوياپ ، ئۇلارنى يارقىن ۋە نۇرلۇق تۈسكە كىرگۈزۈپ ، ئادەمگە گويا ئۇلار بارلىق نۇر ۋە يورۇقلۇقنى سۈمۈرۈۋالغاندەك تۇيغۇ بېرىپ ، ئۇلارنى بەكمۇ ئۆزگىچە ، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان قىزغۇچ سېرىق رەڭدە جۇلالىتىدۇ .

يامغۇر ناھايىتى ئاز ياغقانلىقتىن ، بۇ يەردە ئالاھىدە ئىشلەپ ناھايىتى پۇختا ئۆي ـ ئىمارەت ياساشنىڭ ھاجىتى يوق . ناھايىتى پۇختا سېلىنغان ، خېلى ئوبدان زىننەتلەنگەن جۇڭگو گازارمىلىرى ياكى يا-

مۇللارنى ( هۆكۈمەت ئىشخانىسى جايلاشقان ئورۇن ) ئاسادىيىپ كۆرۈپ قالىسىز . بۇ ئىمارەتلەرنى باشقا ئىمارەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆكۈچ رەڭ بېرىلىدۇ . ئەمما ، يەرلىك ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرى يەرلىك ماتېرىياللاردىن سېرىق توپىلىق يەرگىلا سېلىنىدۇ ، بىرخىل رەڭدە بوش ، رەتسىز بولىدۇ . بەزى ئۆيلەر تاغ باغرىدىن ئۈسۈپ چىققان ، مايماق ، لىڭشىپ تۇرغان هالەتتە بولۇپ ، ياغاچتىن ياسالغان ، ئارانلا تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بالكۇنلار بەكمۇ خەتەرلىكتەك بىلىنىدۇ . كىشىلەر مەسچىتلەرنى ناهايىتى تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ ، هەيۋەتلىك ، پۇختا سالىدۇ ، مەسچىتكە نەقىشلىك تۈۋرۈكلەر ، ناهايىتى چىرايلىق ئويمىلار چىقىرىلغان رۇجەكلىك دېرىزىلەر قويۇلىدۇ ، ئۇنىڭ ئىچى ناهايىتى پاكىز ، سۈرلۈك بولىدۇ .

مەسچىت ئەرلەر يىغىلىدىغان ئورۇن . بىر مەسچىتنىڭ ئالدىدا ناهايىتى ئابرۇيلۇق ، مەرتىۋىلىك ، ساقال قويۇۋالغان ، بېشىغا سەللە ئورىغان ئۈچ مويسىپىتنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى ، يەنە بىر مەسچىت ئالدىدا ، پاراڭ سېلىشىۋاتقان ياكى ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار هەققىدە مۇلاهىزە قىلىشىۋاتقان بىر توپ كىشىنى كۆرىسىز . قەشقەردە ئىسلام دىنى ئۇنىڭدىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنىڭ ئەڭ مۇهىم بىر تەركىبىي قىسمى . ئەنە ئېگىز يار ئۈستىدىكى زىچ قەبرىلەر ئارىسىدا بىر توپ ئادەم مېيىت دەپنە قىلىۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ قوشاق قوشۇپ ، قايغۇلۇق هالدا يىغلاپ نالە قىلىشلىرى ، رىتىمنىڭ ئۆز گىرىشچانلىقى ، ياڭراقلىقى ئافرىقىدىكى بەزى قەبىلىلەرنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئەسلىتىپ ، بۇ جانسىز ، تىمتاس ماكاندىكى كىشىلەرگە تازا ماس كەلمەيدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ . بارا ـ بارا قوشاقلار ، يىغا ـ زار پەسلەيدۇ ۋە توختايدۇ ـ دە ، كىشىلەرنىڭ باشتىكى ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالماي ئىختىيارسىز قوشاق قوشۇپ يىغلىغاندىكى قايغۇلۇق هېسسىياتىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ . كىشىلەر دائىم بىرەر ئايالنىڭ بىرەر قەبرە يېنىدا يىگانە ئولتۇرۇپ ، بىرخىل رىتىم ۋە ئاهاڭغا سېلىپ ، قوشاق ئېيتىپ يىغلاۋاتقانلىقى ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ . ئېتىزلاردا ئىشلەۋاتقان بىرەر ئەر ، ئىش ئارىلى-

قىدا توختاپ ، ناماز ئۇقۇيدۇ ، ئولتۇرۇپ ، ئېڭىشىپ ۋە قوپۇپ دېگەن-دەك ، مۇسۇلمانلار ئوقۇيدىغان نامازنىڭ مۇرەككەپ ھەرىكەتلىرىنى تەكرار - تەكرار ئىشلەيدۇ .

لېكىن ، بۇ ئەرلەر دىنىي ئېتىقادقا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدۇ . ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆلچىگەندە ، بۇ ئادەملەر دىنىي قائىدە - مىزانلارغا ئۇنچە قاتتىق ئەمەل قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ . مەسى-لەن ، بىز ئاياللارنىڭ دىنىي قائىدىلەرگە ئاساسەن مەستۇرىلەرچە كى-يىنگەنلىكىنى كۆرمىدۇق ، ئايرىم ئاياللار ئۇزۇن ، يېڭى تار ، ئەمما ئىش-لىتىلمەيدىغان ئاق پەرىجىگە مەھكەم ئورىنىپ ، يۈزىنى قارا رەڭ-لىك « چۈمپەردە » بىلەن توسۇپ ، گويا كىچىك چېدىرلار يۆتكىلىۋات-قاندەك ئالدىراپ مېڭىشىدىكەن . ۋەھالەنكى ، كۆپلىكىدىن ئاياللارغا نىس-بەتەن ئېيتقاندا ، بۇنداق كىيىم خۇددى خان جەمەتى فىللىس مىلتىق پولكىنىڭ ئەسكەرلىرى چاچلىرىنى مايلاپ ئۆرۈۋالىدىغان بولغىنىدىن تارتىپ ، ئۇلار كىيگەن ھەربىي كىيىم بىلەن پاگون گويا بىر بېزەك بو-لۇپ قالغانغا ئوخشاش بىرخىل ئەنئەنە ئىكەن . ئاياللار ئاق پەرىجە كىي-گەندىن باشقا ، كىچىكرەك رومالLarنى ئارتىۋالىدىكەن . چىرايلىق كۆرۈ-نۈش ئۈچۈن تېخى رومالنى دوپپا ئۈستىدىن ئارتىدىكەن . قىسمەن ئا-ياللار بېشىغا خۇددى تاسادىپىي چۈشۈپ قالغاندەك بىر تەرزدە يىپەك رومالLarنى سىلىقۋالىدىكەن .

شەھەرنىڭ ئېگىز سېپىلى ئۈستىگە مەلۇم ئارىلىقتا بىردىن قورغان ئورنىدا كۆتۈرمىلەر قىلىنغان ؛ بۇ يەردە بازاردىكى ھەر قانداق بىر يامان ئىش - ھەرىكەتلەرنى ، شۇنداقلا ھەر قايسى يوللاردىكى ئېتىز - داللار-دىكى بوش - بىكار تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرغىلى ، نازارەت قىلغىلى بولىدىكەن . شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئاسما كۆۋرۈك ۋە ئۈستىدىكى ئەگمە ئىشىك ، شەھەردىكى خەنزۇلار بۇتخانىسى ، ئۆزگىچە قىيپاش ، قايرىما لەمپىسى بار ئۆگزىلەرلا بۇ يەرگە كىملەر ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ تۇراتتى . ئالاھىدە كۆنلەر شەھەر ئىمارەت-لەر ئۈستىگە جۇڭگوچە بايراقلار قادىلاتتى . ئەگمە دەرۋازا ئۈستىگە قى-

زىل لوزۇنكا تارتىلغان، خەنزۇچە خەتلەر چىرايلىق ھۆسنخەتتە كاسىدە قىزىل بايراقلار ئۈستىگە يېزىلغان چاغدا، بۇ خىل ھۆكۈمرانلىق ئالەمـ ىنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتاتتى.

خەنزۇلار قەشقەر شەھرىدىن ئالتە ئىنگلىز مىلى يىراقتىكى جايغا يېڭىدىن شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنى يېڭى شەھەر (خەنزۇ شەھىرى) دەپ ئاتىغان. بۇ شەھەرمۇ غايەت يوغان سېپىللار ئىچىگە ئېلىنغان. ئۇ خەنزۇلار تۇرىدىغان جاي بولغىنى بىلەن ھېچقانداق ئالاھىدە ۋە ئەۋزەل يېرى يوق ئىدى، سۇر ـ ھەيۋىتىمۇ ھەم يوق ئىدى. ئەمما، شەھەر كەيپىياتى تۈپتىن ئوخشمايتتى. شەھەردە خەنزۇلار پاسونىدا سېلىنغان ئۆي ـ ئىمارەتلەر، خەنزۇلار ئاچقان بەزى دۇكانلار بار بولۇپ، خەنزۇ دۇكاندارلار ئۆلچەملىك پوكەيلەر كەيىندە تۇراتتى؛ دۇكانىنىڭ ئالدىغا پانۇسلار، خەنزۇچە خەت يېزىلغان ۋىۋىسكىلار ئېسىلغان بولاتتى؛ بازارلاردا خەنزۇلار قەشقەر شەھرىدىكىدىن كۆپرەك ئىدى. خەنزۇ ئاـ ياللار ئۆزگىچە خاس تۈزۈلا تىكىلگەن، ئۆلچەملىك كۆك رەڭلىك يىپ رەختتە كىيىم كىيەتتى؛ بوۋاقلار بۇدرۇق، ئەمما قىسىق كۆز ئىدى. ياـ شانغانراق ئەرلەر ئادەمنى سەل ھەيران قىلىپ قالپاق كىيىۋالاتتى. ئەمما، بۇ باشقا يۇرت پۇرىقىنى بېرەتتى. مېنىڭچە، سۇرگۈنلۈك تۇيغۇسىنى ئۇنتۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل پاجىئەلىك ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەسـ تەك قىلاتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەشقەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار ماكانى ئىدى. ئۆزىنى مەھكەم ئورىۋالغان ئاياللار؛ ئۇزۇن ساقاللىق، يۈزى سوزۇك، كېلىشكەن ئەرلەر (ئۇلارنىڭ تېرىسى ئادەم ھاڭ ـ تاڭ قالغۇـ دەك ئاق ۋە سۈزۈك ئىدى)؛ ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆتۈپ تۇرغان ئېشەكـ لەر، غىچىرلىغان مەپىلەر ياكى يارى ـ يار ھارۋىلار (ئۇلارنىڭ چاقىنىڭ يوغانلىقى ئادەمنى ئەندىشىگە سالاتتى)؛ چىرايلىق توقۇلغان ئاتلار، بوينىغا ئېسىلغان كىچىككىنە كولدۇرمىلار ۋە پولاتلاپ تۇرىدىغان پوـ پوكلەر؛ چاچلىرىنى نۇرغۇن كىچىك ئۆرۈم قىلىپ ئۆرگەن، دوپپا كىيگەن قىزلار ۋە قىزچاقلار؛ ئاندا ـ ساندا مۇڭلۇق نەي چېلىپ ئۆتـ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەن ئوغۇل باللار؛ يول بويىدا قوغۇن ـ تاۋۇز سېتىۋاتقان باققاللار — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تىپىك ئۇيغۇرلار كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلاتتى. ئادەمگە بىرەر جايىنى ئەسلىتىدىغان نەرسە بەلكىم كۆرگەن نەرسىگە قارىغاندا، ناھايىتى يېقىملىق، تەسىرلىك ئاۋاز بولسا كېرەك. قەشقەردە ئاۋازلار ئادەمگە ھەمىشە يېقىملىق ئاڭلىنىۋەرمەيدۇ، لېكىن ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ ئاۋاز بۇ شەھەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو ئەسكەرلىرى مەيداندا مەشىق قىلغاندا، رەتلىك كومانىدا بەرگەن ۋە تەڭلا ۋارقىرىغان بىلەن قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدۇ. ئەمما، تۈگمەنچىنىڭ كىشىلەرنى ئۆز تۈگمىنىگە چىللاپ بۇرغا چېلىشى؛ ناۋايلارنىڭ نان ئېلىڭلار، دەپ توۋلاشلىرى؛ ناماز ۋاقتى بولغاندا مولللارنىڭ مۇرىتلارنى نامازغا چاقىرىپ سوزۇپ ئەزان توۋلاشلىرى؛ كۆكتە كەپتەرلەرنىڭ قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىشلىرى ۋە موللاق ئېتىپ ئويناشلىرى ئادەمنى شۇ قەدەر مەپتۇن قىلاتتى ۋە ھاياجانغا سالاتتى. بولۇپمۇ «موللاقچى كەپتەر» لەرنىڭ تەڭداشسىز ماھارىتى ئەقىلنى لال قىلاتتى، ئۇلار بەئەينى ئۆلگەن قۇش تىرىلگەندەك ئويۇن كۆرسىتەتتى، يەنى بىر موللاق ئېتىش بىلەن تەڭ تىككىدە چۈشۈپ كېتىپ، يەنە لەپپىدە ئۆرلەپ يۇقىرىغا چىقىپ قانات قاقاتتى، بەزىلىرىنىڭ قۇيرۇقىغا پۇشتەك باغلاپ قويۇلاتتى. كەپتەرلەر ئۇچقاندا، شۇنداق ياڭراق ۋە يېقىملىق مۇزىكا ساداسىدەك ئاۋاز چىقاتتى. شەھەردە پات ـ پات ئېشەكلەرنىڭ بار ئاۋازى بىلەن سۈرلۈك ھاڭراشلىرى ئاڭلىناتتى، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىكتىن ياكى خۇشاللىقتىن ھاڭرىغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. توساتتىن بىرەر ئەرنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئېيتقان ناخشىسى ياڭرايتتى، ئاھاڭنىڭ كۆتۈرۈلىدىغان جايىغا كەلگەندە ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ قۇلاقنى پاك قىلغۇدەك قاتتىق توۋلايتتى. يىراقتىن يەنە بىر ئەر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭ ناخشىسىغا جور بولاتتى. ئورما ۋاقىتلىرىدا، ئۆزگىرىشى كۆپ بولمىغان، بىر خىل ئاھاڭدا دېگۈدەك ئېيتىلىدىغان ناخشىلار ئۈزۈلمەيتتى. بىر كۈنى سەھەر، مەن سەيلىگە چىققانىدىم. بىر بوۋاي روھى چۈشكۈن ئىككى ئېشەك بىلەن خامان تې-

پېۋاتقانىكەن، ئېشەكلەر ئاستا چۆرگىلەۋاتاتتى، بوۋاي بولسا ئۆزىنىڭ قولىقىنى ئېتىۋېلىپ، بار ئاۋازى بىلەن شۇنچىلىك ئېرىلىپ ناخشا توۋلاۋاتاتتى.

قەشقەرنىڭ ئادەملىرى ھورۇن، چېچىلاڭغۇ، ئەمما تىنچ، ئىناق ياشايدىكەن. ئۇلار ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مۇشۇنداق ياشاپ كەلگەنكەن. ھازىر شۇنداق تىنچ ياشاۋېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇلاردا ئېسكىموسلار① دەك جاسارەت ۋە قەيسەرلىك يوق، پاردانلاردەك ئۇرۇشخۇمار مىجەزىنىمۇ يېتىلدۈرمىگەنىدى. ئۇلاردا تىبەتلىكلەردىكىدەك جۇشقۇنلۇق، ئېتىكلىك، كەشمىرلىكلەردىكىدەك قولى گۈل، چېۋەرلىكىنىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئەمما، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ھەر قانداق بىر جايدىكى ئاددىي ـ ساددا كىشىلەرگە ئوخشاشلا دوستانە، مېھماندوست. ئۇلار ئاددىيىسى بىرەر لەتىپىنىمۇ سىز بىلەن تەڭ بەھر ئېلىشنى خالايتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ يالقاۋلىقى جانغا تېگەتتى. قىلغان ئىشىمۇ كۆڭۈلگە ياقمايتتى. ۋەھالەنكى، ئۇلارغا ئارتۇقچە تەلەپ قويمىسىڭىزلا، ئۇلار شۇنچىلىك جەلپكار، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىدى.

بۇ باھايىم ئانچە يۇقىرى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، تەلۋىلەشكەن، ئادەمنى ئارامىدا قويمايدىغان دۇنيادا، قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئادەمگە خۇشاللىق ۋە بەختىيارلىق تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىدۇ.

① ئېسكىموسلار ئاساسەن شىمالىي ئامېرىكا، شىمالىي قۇتۇپ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان مىللەت. ئۇنىڭدىن باشقا رۇسىيە، دانىيە قاتارلىق جايلاردىمۇ ئاز ساندا ئېسكىموسلار بار.



www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

# چېگرىنى ئايلىنىپ چىقىش

مەن تۇنجى قېتىم قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلاردا قىرغىزلار بىلەن تونۇشتۇم ۋە ئۇلارنى چۈشىنىپ ئامراق بولۇپ قالدىم. بۇ قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بوستانلىقتىكى خەلققە قارىغاندا قەيسەر، جاسارەتلىك كېلىدىكەن، خاس ئالاھىدىلىكمۇ روشەن ئىكەن. مەن تاغلىقلار بىلەن تۈزلەڭلىكتىكىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلمايمۇ بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى مىللەتنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ قىيىن ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. قىرغىزلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىدا موڭغۇللار ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆپرەك بولۇپ، پېشانە ۋە مەڭزى سۆڭەكلىرى ئېگىز، كۆزلىرى سوزۇق ۋە كىچىك كېلىدىكەن؛ تۈزلەڭلىكتىكى كىشىلەردە بولسا، ياۋروئىدلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆپرەك بولۇپ، ئۇلار كېلىشكەن، چىرايلىق كېلىدىكەن. مەن بارا ـ بارا بۇ ئىككى مىللەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىمۇ زور پەرق بارلىقىنى چۈشەندىم ـ دە، چارۋىچى قىرغىزلارغا ئىچ ـ ئىچىمدىن ئامراق بولۇپ قالدىم ۋە ئۇلارغا ھۆرمىتىم ئاشتى. ئەمما، ئۇيغۇرلارغا قارىتا مەندە بۇنداق قايناق ھېسسىيات بولمىغان.

مەن بۇ كىتابىمدا، تۈزلەڭلىكتە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خەنزۇلار ۋە قازاق، قىرغىزلاردىن ئىبارەت كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، «ئۇيغۇر» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىدىم. مەندە مۇرەككەپ، ئىنچىكە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىرقلار ۋە مىللەتلەرگە نام بېرىشكە ئۇرۇنۇشتەك نىيەت ـ مەقسەت پە-

قەتلا يوق .

بىز لاچىن ئىزدەپ دائىم دىگۈدەك قەشقەردىن 30 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئىشتىك قاراۋۇل تېغىغا بېرىپ تۇراتتۇق . بۇ ئەترابنى بىر رىنچى قېتىم ئېكسپېدىتسىيە قىلغاندا ، ماشىنا بىلەن ئاۋۋال ئۇرۇمچىگە بارىدىغان تاش يولدا ، ئارقىدىن قايرىلىپ قۇم ۋە چۆل ئىچىدە ماڭدۇق .

بۇ تاشلىق چۆلدە ، بىز بۇ قۇملۇق چۆلنى كېسىپ ئۆتكەن قەدىمىي يول ئىزىنى كۆرۈپ كۆپىنچە ھەيران بولاتتۇق . بەزى جايلاردا ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغان يولنىڭ ئىزلىرىنى سۇ بۇزۇۋەتكەنىدى . ئەمما ، ھېلى ئۇزۇلۇپ ، ھېلى ئۇلىنىپ كېتىۋاتقان قەدىمىي يول ئىزىنى يەنىلا تونۇيالايتتۇق . بۇ يول ھەققىدىكى بىزنىڭ ئەقلىمىز يەتمىگەن بىر ئەھۋال شۇكى ، كىشىلەر نېمىشقىدۇر بۇ يولنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قاراپ ، سوۋېت رۇسىيىسى چېگرىسىنىڭ شىمالىدىكى چۆلنى كېسىپ ئۆتىدىغان يول ياساش كويىغا چۈشكەنىدى . كىشىلەر بىزگە ئېيتىپ بەرگەن بۇ يول ھەققىدىكى بىردەك بولغان بىردىنبىر ئەھۋال شۇكى ، بۇ يول ئەڭ ئاخىرقى چار پادىشاھ ۋاقتىدا ياسالغان ، كېيىن يەنە 14 يىللار ئالدىدا ، تۇڭگان توپىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى ما جۇڭيىڭ بۇ يولنى رۇسىيىلىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قايتا ياسىغان بولۇشى مۇمكىن . 1934 ـ يىلى ، ئۇ مەغلۇپ بولغاندا ، مۇشۇ يول بىلەن رۇسىيىگە قېچىپ كەتكەن .

قىرغىز دوستىمىز قۇربان بىزگە ، رۇسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىر كۈچى زور يىللاردا ، چېگرىدىكى رۇسىيىلىكلەرنىڭ تانكا ۋە قوراللىق ماشىنا ئەترەتلىرى بىلەن بۇ تەرەپكە كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى . بۇ جانلىق ، تەسىرلىك ھېكايە ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى . ئەپسۇسكى بۇنى ئىسپاتلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن ، كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى تەكرارلاپلا قويدۇم ، خالاس .

بۇ يولنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بىز بۇ يول بىلەن ئىشتىك قاراۋۇل تېغىغا بىرنەچچە قېتىم باردۇق . پەقەت

1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ، بىز بۇ يېزىدىن ئۆتۈپ تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ پەسرەك تاغ رايونلىرىدا ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنى پىلانلىدۇق . قاتناش قورالىرى جەھەتتە ئىقتىساتچانىراق بولۇش ئۈچۈن ، يۈك ـ تاقلارنى ئىككى ئېشەككە ئارتىپ ، ئۆزىمىز ئىككى ئات يالاپ مىنىپ بارماقچى بولدۇق . باشتا ماشىنا بىلەن ئىشتىنىڭ قاراۋۇلغا باردۇق ، ئات ـ ئېشەكلەرنى شۇ يەردىن ئالدۇق . باش كونسۇلخانىدىكى سو تۇشۇغۇچى سالى ئاخۇن ئېشەكلەرگە قارىدى . بىز دەرۋازىۋەنىمىز ئاتىنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلمەن ، دەپ ئاتلارغا ئىگە بولدى . دەرۋازىۋەنىنىڭ بېشى ئاجايىپ يوغان ، ئەمما يۈزى كىچىك باللارنىڭكىدەك كىچىككىنە ، سەبىي چىراي ئىدى . ئۇ چاققان ، چېچەن بولمىسىمۇ ، مىجەزى ئوبدان ، ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، بارا ـ بارا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇق . كېيىن ئۇ ئارايىكنىڭ ئات باقارى بولدى . كىشىلەر ئۇنى « قاپاق » دەيتتى . كېيىن گېيالگېن ماڭا بۇ گەپنىڭ مەنىسى قاپاق باش ، كالۋا دېگەنلىك بولىدۇ ، دېدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى . بۇ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزدە گېيالگېن ۋە روزا بەگنى قوشقاندا ئالتە ئادەم بار ئىدى .

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ، قەشقەردە ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كېتەتتى ، چىۋىن قايناپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇراتتى . شۇڭا ، بىز سالقىن جاي ئىزدەپ تاغلارغا چىقىپ كېتەتتۇق . بىز ئىشتىنىڭ قاراۋۇلدا تاماق يېگەندىن كېيىن ، خۇشال ـ خۇرام ھالدا يولغا ئاتلاندۇق . ئەمما ، ئۇزۇن ماڭمايلا ئىككى ئېشەك يۈك ـ تاقلىرىمىزنى كۆتۈرەلمەي قالدى .

يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ، مەن ئارايىكنىڭ سەپەرگە « يېنىك ئاتلىنىش » تەك قاتتىق تەلپىگە ئاساسەن ، يۈك ـ تاقنى ناھايىتى ئىخچام ، ئاددىي قىلغانىدىم . لېكىن ، يول بويى يوغان تاغار ، يەشىكلەر قوشۇلۇپ تۇردى . بۇ گېيالگېننىڭ ئىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسلىرىمۇ تولۇق ئىدى . ئەمما ، مەن پات ـ پات ئۇنىڭ قالايمىقان نەرسىلىرىنى تۈيۈقسىز تەكشۈرۈپ ، بوش قۇتىلارنى تاشلىۋېتەتتىم ، يېرىم ـ يېرىم ئىككى قۇتىنىڭ نەرسىلىرىنى بىرگە پاتقۇزاتتىم ، ئاۋايلاپ ئەكتىۋاتقان ،

ئەمما سېسىپ قالغان كۆكتاتلارنى ، قۇرۇپ كەتكەن بولكىلارنى تاشلاتـ قۇزاتتىم . بۇزۇلۇپ كەتكەن قىممەتلىك نەرسىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە تالىشىپ كېتەتتۇق . ئەمما ، بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتەرـ ئۆتـمەيلا ، ئۇنىڭ بوغچا ـ بۇغۇندىلىرى يەنە پەيدا بولاتتى . مەن يەنە تـەكشۈرۈشكە كىرىشەتتىم . ئەمما ، بۇ نۆۋەت ئۇ ئەڭ لازىملىق نەرسـ لـەرنى ئالغان بولسىمۇ ، ئېشەكلەر كۆتۈرەلمىدى . شۇڭا ، توختاپ ، جـىمى نەرسىنى ئاتقا ئارتتۇق ، ئېشەكلەر راھەتكە چىقىپ قالدى . بۇ ئىشلاردىن كېيىن ، يولىمىزنى داۋام قىلدۇق .

ئىشتىكتە بىر يول باشلىغۇچى تاپقانىدۇق ، ئەمما ئۇ كېيىن بۇ ئىشنى قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى . يول بويى بىزدىن ئاغـ رىـندى . سۇ ، ئۆسۈملۈك ۋە قونالغۇ ھەققىدە خىلمۇ خىل گەپلەرنى قىلدى . تۆت يېرىم ئىنگلىز مىلى مېڭىپلا ، توختاپ مۇشۇ يەردە قونايـ لى ، دېدى . ھەرقانچە نارازىلىق بىلدۈرسەكمۇ ئۆز دېگىنىدە چىڭ تۇ- رۇۋالـدى . ئامالسىز بىر يولۇچىدىن ئالدىمىزدىكى يول ئەھۋالىنى سۈـ رۈشتۈردۇق . ئۇ ئادەم خېلى غەرەز ئۇقىدىغان ، بۇ ئەتراپنىمۇ پىششىق بـىلىدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ ئالدى تەرەپتە سۇ بار ، لېكىن يېزا يوق ، دېدى . شۇنىڭ بىلەن بىز غەرەز ئۇقمايدىغان يول باشلىغۇچىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي مېڭىۋەرمەكچى بولدۇق . ئەگەر كىشىلەر نەدە سۇ بارلىقىنى بـىلسە ، بەلكىم ئىزدەپ تاپالىشى مۇمكىن ، لېكىن بىز بۇنى بىلمەيتتۇق . شـۇڭا ، كېيىنكى 24 سائەت ئىچىدە سۇ تاپالمىدۇق . ئاخشىمى سائەت سەككىزدىن كېيىنمۇ سۇ ئىزدەپ ساراڭ بولۇپ كەتتۇق . ئارايىك بىلەن « قاپاق » ئەتراپتىكى جىلغىلارنى تەكشۈرۈپ كەلدى . ئاخىرىدا سۇدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ، توختىغان جايىمىزغا قونالغۇ راسلىدۇق .

گىيا ئۈنمەيـدىغان تاشـلىق چۆلـدە شـامال چىقىۋاتاتتى . شامال بارا ـ بارا كۈچىيىپ جېنىمىزغا تەگكىلى تۇردى . قورساقنىڭ ئاچلىقىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ، مېۋە سۈيىگە بىر بوتۇلكا سۈتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئازراقـ تىن ئىچىپلا يېتىپ قالدۇق .

ئىنسانلارنىڭ بىر خىللا ئادەتلەنگىنى بىر خاتالىق ئىكەن . ئەتىسى

سائەت بەشتە ئورنىمىزدىن تۇردۇق ، ئادەت بولۇپ كەتكەن چېيىمىز يوق راسا قىينالدۇق . بىر نەرسە يېگۈمىزمۇ كەلمەي ، ئاچ قورساق يۈرۈپ كەتتۇق .

تۈنۈگۈن باشلانغان بوران ھېلىمۇ قاتتىق چىقىۋاتاتتى ، قۇم - تاشلارنى يۈزىمىزگە ئۇراتتى ، ھەتتا ئىچلىرىمىزگىمۇ تاش كىرىپ كەتتى . تۈنۈگۈن ئەتىگەندىلا نەس باسقىلى تۇرغاچقا ، ھەممە نېمە جىبىنىمغا تېگەتتى . بىر جىلغىغا كىردۇق ، بۇ جىلغا كۆزۈمگە مەن ھازىرغىچە كۆرگەن ئەڭ قاقاس ، ئەڭ زېرىكەرلىك جىلغا كۆرۈندى . ئادەمنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك مەنزىرە يوق ئىدى . يول بويى كۆزۈمگە بىر پىيالە ئىسسىق چايدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى . چاي ئىچىش ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە تەلەپ ئەمەس ئىدى . بۇرۇنقى كۆكتۆللۈك ئېكسپېدىتسىيە ھەققىدە پاراڭ بولغان ياكى ئۇنى ئويلىغان چاغلاردا ، بۇ ئىش خىيالىمدىن سەل نېرى بولاتتى . ئادەم قاتتىق چارچىغان ، توڭغان ، ئىسسىپ كەتكەن ياكى قورسىقى ئېچىپ كەتكەن چاغلاردا ، ياكى ئاسان چېچىلىدىغان بولۇپ قالغاندا ، بۇرۇنقى ئالاھىدە كەچۈرمىشلەردىنمۇ سۆيۈنمەيدىغان ياكى خۇشال بولمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن . ناۋادا ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندا تولىمۇ ئالاھىدە نەرسىلەر بىردىنلا ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىپادىلەپ ۋە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈشلەرمۇ ئادەمگە قاتتىق تەسىر قىلىپ ، ئادەملەردىكى ئىسسىق چاي ئىچىش ياكى بالدۇرراق قونىدىغان يەرگە بېرىۋېلىشتەك قىزغىن ئىستەكنى پۈتۈنلەي بېسىپ كېتىدىكەن . بۇمۇ ئۆز كەيپىياتىنى كونترول قىلىش - قىلالماسلىققا ياتىدىغان بىر مەسىلە ، ئەمما مەندە بۇنداق چىدام - تاقەت پەقەتلا يوق ئىدى . مەن دائىم ، گېيالگېن ، « قاپاق » ياكى بىزگە ھەمرا بولغان قىرغىزلاردەك ئادەملەردە مېنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك ، چىدام - تاقەت بارمىدۇ ياكى ئۇلار بەك قەيسەرمىدۇ ؟ دەپ ئويلايتتىم . ئۇلارنى مېنىڭكىدىن قەيسەررەك ، ئەمما سەزگۈر ئەمەستەك قاراشقا مايىل ئىدىم . ئۇلار ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇنچە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى . مەن بىر كۈندە بىر قانچە قېتىم كىيىم ئالماشتۇراتتىم . ئۇلار سوغۇق سەھەردە پاختىلىق چاپان كىيىۋال-

سا ، چۈشنىك ئىسسىقلىرىدىمۇ سېلىۋەتمەيتتى . ئاقسان ئاتقا منىش ، چېۋىنلەرنىك ھۇجۇملىرى ، ئىس قايىنىغان چېدىرلاردا يېتىشتەك ئىشلارغا پەرۋا قىلمايتتى ، ۋايسمايتتى . بەلكىم بۇ روھىي جەھەتتىكى گاللىتى پەيدا قىلغان سەزمەسلىك ، باشقا تەرەپلەردىكى ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن ، ئەمما ئۇلارنىك بۇ تەرىپىگە ھەۋىسىم كېلەتتى . بۇ تەرەپلەرنى ئۆگەنسەم ، بۇ ئەقلىي ئىقتىدار بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىش پەيدا قىلامدۇ ـ قانداق ، دېگەندەك گۇمانلاردىمۇ بولاتتىم .

تاغ ئىچىدە پىيادە يۈرۈپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىش بىمەنە بىر چارە بولۇپ قالدى . غەلىتە تاشلار ، جىرا ـ جىلغىلار ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر باشقا چىقىمىقىمىز ناھايىتى تەس ئىدى .

بىز ئاندا ـ ساندا ئۇچراتقان ئادەملەردىن يول ۋە يۆنىلىشلەرنى سورىدۇق ، لېكىن ئۇلارنىك نا ئېنىق ، زىددىيەتلىك جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ ئەرۋايىمىز قىرىق گەز ئۇچاتتى . ئەمەلىيەتتە بىزنى تولۇق ۋە ئېنىق ئەھۋال بىلەن تەمىنلەيدىغان بىرمۇ ئادەم ئۇچراتمىدۇق . بۇ خىل ئەھۋال ئەنگلىيىدىكى يول سوراش ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى . ئۇ يەردىمۇ يول سورىغان ئادەم ئېنىق ئەھۋال ئۇقالمايتتى . شۇڭا ، بۇنداق ئىشلاردىن بۇ يەردىمۇ ئەجەبلەنمىسەك بولغۇدەك ، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم . مەن ، بۇ كىشىلەر ۋاقىت ۋە ئارىلىققا قىزىقمايدىكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايدىكەن ، دېگەندىن باشقا ، ئىدىيىۋى جەھەتتىكى چەكلىمە تىل جەھەتتىكى چەكلىمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم . ئۇلار يولنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان سۆزلەرنى تۈزۈك ئۇقمايدىكەن ، يەنى ئۇلار : « بۇ جىرانى بويلاپ ئىككى ئىنگلىز چاقىرىم ماڭسىڭىز يەنە بىر جىراغا بارىسىز ؛ ئۇ جىرا بىلەن بۇ جىرا غەربتە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىدۇ ، ئۇ يەردىكى ئەگمىدىن ئۆتۈپ ئالدىڭىزغا 600 نەچچە ئىنگلىز مىلى ماڭسىڭىز ، ئوڭ تەرىپىڭلاردا ناھايىتى يوغان بىر قۇرغاق جىرانى كۆرىسىلەر ، جىرادا سۇ يوق . . . » دېگەندەك گەپلەرنى قىلماي ، ئەكسىچە ، سۇ بار جايغا ، ياكى بىر ئۆي بار جايغا ۋە ياكى ھەرقانداق بىر جايغا بولسۇن :

« يېتىپ بارالايسلەر، ئاز قالدىڭلار » دەپلا قويىدىكەن. مەن « يېقىن » ( يىراق ئەمەس ياكى ناھايىتى يېقىن مەنىدىكى سۆز ) دېگەن سۆزگە ئۆچ بولدۇم، چۈنكى بۇ گەپ بىلەن نەچچە قېتىم بەكلا ئۈمىدلەندىم ۋە ئۈمىدىم سۇغا چىلاشتى. ئۇلار ھەر قانداق بىر ئارىلىقنى، ھەتتا 20 ئىنگلىز چاقىرىم ئارىلىقنىمۇ « يېقىن » دەۋېرىدىكەن.

بىز شۇ قەدەر سولاشقان ۋە جاپا تارتقان ھالدا قانچە ۋاقىت ماڭدۇقكىن ھېچ بىلمىدىم. كېيىن ئەسلىگىنىمدە ئۈنچىلىك سولاشقاندەك، جاپا تارتقاندەك بىلىنمىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى يېرىمدا قىرغىزلارنىڭ بىر چۈشكۈنىگە كەلدۇق، ئىسسىق چاي ئىچىپ، ئاچچىقىم سەل بېسىلدى. قىرغىزلار بىزنى كىگىز ئۆيلىرىگە باشلىدى. كىگىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ، بۇ يەردىكى قايناق كەيپىياتقا مەپتۇن بولدۇم ۋە جىمى نەرسىگە قىزىقتىم. مېنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلغىنى، بىز ئۆي ئىگىسى قايىنتىپ ئەكەلگەن سۇغا، ئۇلار نەچچە ئىچكۈدەك چاي سالدۇق. بۇ يەردىكىلەر ئانچە باي ئەمەسكەن، شۇڭا ئۇلاردىن سۈتتىن باشقا ھېچنەرسە ئالمىدۇق. ئۆزىمىز تاماق ئەتتۇق، تاماق يەۋاتقان چاغدا، بىزگە قىزىققان ۋە ھەيران قالغان ئادەملەر ئولىشىۋالدى. مەنمۇ ئۇلارغا قىزىقىسىنغان نەزەردە سەپسالدىم.

كىگىز ئۆيگە ئاياللار، بالىلار توشۇپ كەتتى. ئاياللار يۈزىنى ياپمايدىكەن، قەشقەر ئاياللىرىغا قارىغاندا ئۆزگە ئىشىنىدىكەن. كېيىن ئىگىلىشىمچە، جەمئىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەسئۇلىيىتى ۋە مۇستەھكەم ئورنى بار ئىكەن. بۇ ئاياللار ناھايىتى ئىشچان، تىرىشچان كېلىدىكەن، ئىشنى بېرىلىپ، جان - دىلى بىلەن ئىشلەيدىكەن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىكەن. ئۆيدىكى ئىككى قىزنىڭ بىرى ئاجايىپ چىرايلىق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنىڭ ئۇچىغا ئۆرۈۋالغان ئېغىر بېزەكلەرگە زوقۇم كەلدى. مەن قىرغىزلار بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدا، ئاياللارغا قەشقەر بازىرىدىن سېتىۋالغان ئۈزۈك، چازىدەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلماقچى بولغانىدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ھەۋىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شۇنچە چىرايـ

لىق ۋە ئېسىل بېزەكلىرىنىڭ كۆز چاقنىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاد-دىي ، ئەرزان سوۋغاتلىرىمنى خىجىل بولۇپ چىقىرالمىدىم . كېيىن ، ئۇلارنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم . ئۇلار مېھمانلارنىڭ پۇلىنى ئاساسەن ئالغىلى ئۇنىمايدىكەن . ئەمما ، مېھمانلار چاي ، گۈرۈچ ، ئۇن ، رەخت ۋە ئەينەك قاتارلىق نەرسىلەرنى بەرسە خۇشال بولىدىكەن . باللارغا بېرىلگەن سوۋغاتلارمۇ قارشى ئېلىنىدىكەن . ئاياللارغا يىپ ، تاماكا ۋە باشقا ھەرقانداق بىر نەرسىنى بەرسە ، ئۇلار قولىغا ئېلىپلا ، باللىرىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىكەن .

كىگىز ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە باللار بولىدىكەن ، ئۆينى شۇلار ئاۋات قىلىدىكەن . بۇ باللارنىڭ قانداق چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلىدىغانلىقى مەن ئۈچۈن تا ھازىرغىچە بىر سىر . چۈنكى ، مېنىڭ كاللامدا ، باللارنى « ھازىرقى زامان » ئېڭى بىلەن قانداق تەربىيىلەش ئويىلا بار ئىدى . لېكىن ، بۇ يەردە باللارنى كۆرپىگە قاتمۇ ـ قات ئوراپ باغلاپ قويىدىغانلىقى ، كىچىككىنە بۆشۈكلەرگە بۆلەپ ، ئۈستىگە قېلىن ئەدىياللارنى ، كۆرپىلەرنى يېپىپ قويىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم ۋە قورقۇپ قالدىم . ئانىلار باللىرىنى ئېمىتىدىغان چاغدا ، باللار ( بوۋاقلار ) گويا تۇرمىگە قامالغاندەك بولۇپ كېتىدىكەن . قىياسىمچە ، بۇ يەردە بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەن بولمىسا كېرەك .

تاماقتىن كېيىن ، كىشىلەر بىزنى ئوراپ جىرانىڭ يۇقىرىسىدىكى چۇشكۇنگە ئېلىپ ماڭدى . كاللامغا ، ئۇلار بىزنى ئۇ يەردە تېخىمۇ كاتتا مېھمان قىلىدۇ ، دەپ ئويلىسا كېرەك ، دېگەن ئوي كەچتى . بىزنى كەڭ بىر كىگىز ئۆيگە باشلاپ ، ياشانغان ، ئەمما ناھايىتى سالاپەتلىك ئايالغا تونۇشتۇرۇشتى . قارىغاندا ئۇ مۇھىم ئەربابتەك قىلاتتى . ئادەتتىمۇ ناھايىتى قائىدە ـ يوسۇنلۇق قىرغىزلار ، بىزنى قېلىن كىگىز مىلەكزىنى قايرىپ ئۆيگە باشلىدى . ئالدىراپ ـ تېنەپ ، يەرگە شىرداق ، كۆرپە سالدى . توسۇقنىڭ كەينىدىن بىرگە كەينى ـ كەينىدىن چاي ، قېتىق ۋە پىشلاق ئاچىقتى . ئايال خوجايىن دەرھال تاماققا تۇتۇش قىلىپ ، خېمىر يۇغۇردى ، يايدى ، ئارىسىغا بىر نېمىلەرنى سۈركەپ ، ناھايىتى

تەملىك ۋە يېيىشلىك «چوڭ تورت» (پېتىر پوشكال) پىشۇرۇپ بەردى. قايماق، سېرىق ماي سۈركەپ، نېپىز ۋە قات ـ قات قىلىپ پىشۇرۇلغان پوشكالنى قىزىقىدا يېمىسە بولمايدىكەن. بۇ، مەن بىلگەن ئەڭ يېيىشلىك، ئەمما ئاسان ھەزىم بولمايدىغان تاماق ئىكەن. يازدا بىز قەيەردىكى قىرغىزلارنىڭ چۈشكۈنلىرىدە تۈرمايلى، سۈت، قايماق، قېتىق ئىچىپ سەمرىپ كېتەتتۇق. ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش، ئاسىيادا ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئوخشاش ئالاھىدە پىشلاق ياساش تېخنىكىسى يوق ئىكەن. ئويلاپ باقايلى، ياۋروپادا پىشلاقنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، بۇ يەردىكى چارۋىچى مىللەتلەر بولسا، سۈت مەھسۇلاتلىرىغا شۇنچىلىك موھتاج تۇرۇپ، ھېچقانداق تەمى يوق، بىر خىللا قۇرۇق پىشلاق يەيدىكەن.

گەرچە ئايال خوجايىن قىرغىزلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ناھايىتى باي بولسىمۇ، لېكىن چاقىرىلمىغان بۇ بىر ئائىلە مېھمانىنىڭ تامىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايتتۇق. بىز ئۇنىڭغا ئۇن بەردۇق، ئۇ ئايال سىلەرگە تاماق قىلىپ بەرسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، دەپ تۇرۇۋېلىپ، بىزگە ۋە ئۆيىدىكىلەرگە سۇيۇقئاش ئەتتى. سويىدىغان قوينى بىزگە كۆرسەتكىنى ئەكىردى، بىزنى قوي سويۇپ مېھمان قىلىشنى پەقەت خالىمايتتىم، چۈنكى قوينى ئالدىمىزغا ئەكىرسە، گويا مەن ئۇنىڭ ئۆلۈم خېتىگە ئىمزا قويغاندەك ھېسسىياتتا بولاتتىم. قانداقلا بولمىسۇن، ئارايىك ۋە مەن ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغان قوي سويۇپ مېھمان قىلىدىغان ئىشنى ئانچە ياقتۇرمايتتۇق. يەنە كېلىپ گۆشنىمۇ چالا ـ بۇلا پىشۇرۇپلا ئەكىرەتتى، يېسە چىش ئۆتمەيتتى. شۇڭا، گېپالگېننىڭ تېز پىشۇرىدىغان تامىقىنى يېيىشكە ئامراق ئىدۇق. لېكىن، باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش، ساھىبخانلارنىڭ كۆڭلىگە قارىمىساقمۇ بولمايتتى.

تاماق تەييار بولغاندىن كېيىن، ئادەت بويىچە بىر مۇنچە كىشى بىرگە ئولتۇرۇپ يېدۇق. كۆپچىلىك سۆڭەكلەرنى قاراسلىتىپ ئۇشتۇپ، مالاشلاپ ئاۋاز چىقىرىپ يېيىشەتتى. ئارايىك ئىككىمىز، قائىدىنى بۇزمىغان بولساقمۇ، ئامال بار ئاز يېدۇق.

تـاماقتىن كېيىن ، خوجايىنغا ئۆزىمىزنىڭ تۇرۇش ـ تۇرمۇشى ، كـەچۈرمىشلىرى ، ئائىلە ئەھۋالىمىز قاتارلىق ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردۇق ھەمدە بۇ يەرگە كېلىشتىكى پىلانىمىزنى چۈشەندۈردۇق . ئۆيدىكىلەر ھەم مەيلەن پىلانىمىزنى بىرلىكتە مۇزاكىرىلەشتى ، ئەتىسى داۋاملىق ئالدىـ مىزغا مېڭىشقا قوشۇلدى ۋە يول باشلىغۇچىلىققا ئايال خوجايىننىڭ جىـ يەننى بەلگىلىدى . ئارايېك ئېلىپ يۈرىدىغان خەرىتە ھەمىشە كىشىلەردە زور قـىـزىقىش پەيدا قىلاتتى . بۇ يەردىكىلەرمۇ ، ئارايىكنىڭ چەت دۆلەتـ تىن كەلگەن تۇرۇپ ، بۇ يەردىكى جايلارنىڭ نامى ۋە يوللارنى بىلىدىـ غانلىقىدىن ھەيران بولۇشاتتى . مەن چېغىمدا خەرىتىنى ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان شەيئى ، دەپ قارايدىغان تۇرسام ، ئۇنى چارۋىچىلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ قىيىن ئىدى .

ئەتـىسى ئەتىگەندە ، بىز سوۋغا ـ سالاملىرىمىزنى تارقىتىپ ، ھاـ ياجان ئىچىدە ئايال خوجايىن ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن خوشلاشتۇق .

ھېلىقى دوستانە ئايال قەبىلە باشلىقى بىزنى ئۆزىتىپ قويدى ۋە ماڭا ئۆزىنىڭ مەڭگۈ بىزنىڭ دوستىمىز بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىـ غانلىقىنى ئېيتتى . يەر شارائىتى ناچار بىر تاغ ئېغىزىدىكى ( داۋاندىكى ) يول قاراتېكە ، دەپ ئاتىلاتتى ( دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 12 مىڭ ئىنگـ لىز چاقىرىم كېلەتتى ) . بۇ كۈنى بوران چىقىۋاتاتتى ، بىز ھېچقانچە ماڭمايلا چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى . مەيلى راكپا ياكى سالى بولسۇن ، ئۇلاغلارنىڭ يۈك ـ تاقلارنى مەزمۇت ئېلىپ مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلالـ مايدىغاندەك كۆرۈنەتتى . بۇ يول بىزگە قاتتىق بىر سىناق بولدى . يۇـ قىرىغا چىقىدىغان ھەمدە بىز تاللىغان يول ناھايىتى تىك ، تار ھەم ناچار ئىـدى . شۇڭا ، داۋانغا چىققۇچە ۋە چۈشكۈچە پات ـ پات توختاپ ، ئۇلاغلاردىـكى يۈكلەرنى ئوڭشاپ ۋە چىڭ باغلاپ ماڭدۇق . يامغۇر ھەـ دەپ ياغاتتى ، قارا بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ ، قايناپ سۈرۈلۈپ ئاسمان ۋە يەرنى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتتى . بىز ناھايىتى قىيىندا يۇقىرىغا چىقاتتۇق ، پات ـ پات توختايتتۇق . بىر ئېشەك بىر قانچە قېتىم يىقىلىپ چۈشتى ، بىز ئۇنى تەسلىكتە تۇرغۇزدۇق .

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، قىرغىز يول باشلىغۇچى بەل قويۇۋەتتى . چىققاندا ، ئۇ قايتىپ كېتىمەن ، دەپ تۇرۇۋالدى . يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ، پۇل بېرىپ ، تەھدىت سېلىپ ، ھەتتا تىللاپ ، كەتمەسلىككە ئاران كۆندۈردۇق . ئۇ كۆزلىگەن جايغا بارغاندىن كېيىن ، ئىشتىك قاراۋۇلغا قايتىپ كەتتى . بۇ تۇراقسىز بىر ئادەم ئىكەن . ئەھۋال ياخشى بولغاندا كۆلكە ـ چاقچاق بىلەن ماڭدى ، ئاغزى بېسىلمىدى ، بىزنى باشقا قىرغىزلارغا تونۇشتۇردى ؛ ئۇنىڭ يول ساۋادىغا ئانچە ئىشەنگىلى بولمايدىكەن ، ئاسانلا بەل قويۇۋېتىدىكەن .

قاراتېكە داۋىنىدىن چۈشۈش چىقىشتىن بەكرەك تەس بولدى . ئات ـ ئېشەكنى بىر ئادەم بېشىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ ، بىر ئادەم قۇيرۇقىدىن كەينىگە تارتىپ ماڭدى . ئۈستىدىكى يۈكلەر ھېلىدىن ـ ھېلى سېرىلىپ چۈشۈپ بىزنى بەك پاراكەندە قىلدى . ئارايىك بىلەن مەن بۇنداق ئاستا مېڭىشتىن زېرىكىپ ، ئۆزىمىزلا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك پەسكە چۈشۈۋالدۇق .

قارا يامغۇر تارام ـ تارام ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغانىدى . ئېغىزدىكى قارا رەڭلىك تاختا ـ تاختا تاشلىق يول بىزنى يېشىل مەخمەلدەك چۆپلەر ئۆسكەن ، كىچىك گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ، يېرى يۇمشاق باشقا بىر ۋادىغا ئېلىپ كەلدى . ھەممە نەرسە شۇنداق تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ ، ئاجايىپ جۇشقۇن ، جانلىق مەنزىرە پەيدا بولدىكى ، كۆڭلىمىز يايراپ كەتتى . كۆلدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندا ( كېمىدە ) شامال ئۇنىڭ يۈزىنىشتە چىقسا خۇشال بولۇپ كەتكەندەك ، خۇشاللىقىمىزنى ئىچىمىزگە سىغدۇرالماي ، پۈتۈن بەدىنىمىز چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكۈچە يۈگۈرۈپ يۈردۇق . قەشقەردىن ئايرىلمىغان بولساق ، بىز بۇنداق چېلەكلەپ ياغقان يامغۇرنى كۆرەلمىگەن بولاتتۇق . گىياھسىز ، قۇرغاق جىرادا ئۇسساپ ، ھېرىپ چارچاپ ئاران ماڭغان تۆنۈگۈنكى سەپىرىمىزگە بۇنى زادىلا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى .

بىز ئەسلىدىكى پىلانىمىز بويىچە ، بۇ كىچىك ۋادا بىلەن چاقماق دەرياسىنىڭ كەڭرەك جايىدىن جىرا تۇتاشقان جايدا قىرغىزلارنىڭ

چۈشكۈنىنى تاپالايتتۇق. شۇڭا، يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە تۇرماقچى بولغانىدۇق. ھالبۇكى، جىرا بىلەن دەريا ۋادىسى تۇتاشقان جايغا كېلىپ، بىرمۇ ئادەم، بىرمۇ كىگىز ئۆينى كۆرمىدۇق. كۆرگىنىمىز پەقەت قىيالىق، تاشلىق ۋە شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا بولدى. شۇئان بايىقى خۇشاللىقىمىز ئاللىقاياقلارغا يوقالدى.

ئەھۋالدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ، سۇغا چۈشكەن توخۇدەك بولۇپ، توڭلاپ كەتكىنىمىزنى ھېس قىلدۇق. يامغۇر يەنىمۇ كۈچەيدى، قىيانىڭ تېگى تەرەپتىكى ھېچنېمە يوق جايغا بېرىپ پاناھلانغاچ كارۋىنىمىزنىڭ كېلىشىنى ساقلىدۇق. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئادەم تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بىر خام خىش ئۆينى كۆردۇق. سەپسېلىپ قاراپ، بۇنىڭ تاشلاندۇق ئۆي ئىكەنلىكىنى بىلىپ قانچىلىك مەيۈسلەنگەنلىكىمىزنى دېمەيلا قوياي.

نەس باسقان ئات — ئېشەكلىك كارۋىنىمىز ئاخىر كەلدى. يول باشلىغۇچىدىن سۈرۈشتۈرسەك، ئۇ بۇ ئەتراپتا خېلى ئۇزۇن ماڭغىنىمىز بىلەنمۇ كەنت ياكى چارۋىچىلارنىڭ چۈشكۈنى يوق، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تاشلاندۇق ئۆيلا بىز گە ماكان بولالايدۇ، دېدى. دەريادىن كېچىپ ئۆتتۇق. ئۇ قاتقا چىقىپلا باشقىلارغا قارىماي ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم، ئىچىمدە «خۇدايىم، بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسى بار بولغاي» دەپ تىلىدىم. خۇداغا مىڭ شۈكۈر، ئۆينىڭ ئۆگزىسى بار ئىكەن!

ئۆينىڭ ئۆگزىسى بولغىنى بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكى مەھكەم تاقاقلىق ئىدى. يامغۇر توختىماي يېغىۋەرگەنلىكى، بەك سوغۇق بولۇۋاتقانلىقى، ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك كەيپىياتى ئەقلىمىزنى گاللاشتۇرۇپ، كاللىمىزنى ئىشلىمەس قىلىپ قويىدى. ئىشىكنىڭ تاقىقىنى ئېلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتۇق، لېكىن ئاچالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز بىرلىكتە ئىشىكنى تېپىپ، ئۇرۇپ ئاچتۇق. ئۆي ئۈچ ئېغىز، ئوتتۇن — چاۋامۇ بار ئىكەن. ئۇلاغلاردىن تارتىپ ھەممىمىز تەڭلا ئۆيگە كىردۇق. سوغۇق ۋە يامغۇرلۇق تالادىن ئىسسىق ۋە قۇرۇق ئۆيگە كىرىپ، ئىختىيارسىز كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. سەپەرگە چىققاندا، بەزىدە مۇ-

شۇنداق ساراڭدەك تۇيغۇلاردا بولمىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى . ئەل-ۋەتتە ، سەپەر ئازابلىرى ۋە يۇگەنسىز ئاتتەك بەڭۋاشلىقلار كۆڭۈل خۇشلۇقۇمنى بۇزاتتى ، ئۆيگە قايتىپ كېتىش مېنى خۇش قىلىپ ، ئارام-بەخش ئېتەتتى . لېكىن ، ھەيۋەتلىك تاغ - چوققىلارنىڭ ئادەمدە بۇ خىل سۇبىيېكتىپ خۇشاللىقى ۋە ئارام بەخشتىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدىغان ئاجايىپ زور شادلىق ۋە بەختىيارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى بىلەن سىزدە مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە چوڭقۇر ھۆرمەت بولاتتى .

ئەڭ چوڭ ئۆينى ئارايىك ئىككىمىز ئىگىلىدۇق . باشقىلار « ئاش-خانا » غا ئورۇنلاشتى . ئۇلاغلار « دالان » دا تۇردى ۋە كۆپرەك ۋاقىت بىزنىڭ ئۆيگە كىرىۋېلىپ ، سامان ، قۇرۇق ئوتلارنى يېدى .

گېيالگېن ھەش - پەش دېگۈچە چاي قاينىتىپ ، تاماق ئەتتى . بىز تۇرغان ئۆيدىن يامغۇر ئۆتۈپ ، سوغۇق بولۇپ كەتكەچكە ، بىزمۇ باشقىلارغا قوشۇلۇپ ئوت سىنىپ ئولتۇردۇق . شىبا خىزمەتكارلىرىمىز ئۇزۇن ۋاقىت ياۋروپالىقلار بىلەن تۇرغاچقا ، ئوبدان تونۇشاتتۇق ، شۇڭا ئۇلاردا بىر خىل تەبىئىي دوستلۇق ۋە ئىشەنچ بار ئىدى . باشقا نۇرغۇن يەرلىك كىشىلەرگە قارىغاندا ، خوجايىنلىرى ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن تۇ-تاتتى ، تارتىنىپ ، قورۇنۇپ يۈرمەيتتى . شۇ سەۋەبتىن گېيالگېن پاتلا بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە ، گۈلخان يېنىدا پاراڭ سېلىشقا كۆندى . ئەمما ، ئۇيغۇر خىزمەتكارلارنى گېيالگېنغا ئوخشاش بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش ۋە پاراڭ قىلىشقا بەك قىيىندا كۆندۈردۇق ، چۈنكى بۇلار بەكلا تارتىنچاق ئىدى . جىددىيلەشكەن ھالدا ، ئىززەت - ئېكرام بىلدۈرۈپ يېنىمىزدا ئۆرە تۇراتتى .

گۈگۈم مەھەلدە ، يامغۇر توختاپ ، قۇياشنىڭ چىرايى ئېچىلدى . بوران - چاپقۇندىن كېيىنكى ئاسمان - زېمىن ناھايىتى پاكىز ، ھاۋا ئا-جايىپ ساپ ئىدى .

بۈگۈن ئۇزۇن يول ماڭمىغاچقا ، پەقەت ھارمىدۇق . تاماقتىن كېيىن ، ۋۇجۇدىمىزدىكى « مەنىۋى بارومېتر » بىردىنلا ئۆرلەپ كەتتى ( ئىلھامىمىز قايناپ كەتتى ) . تاغ باغرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە

www.uyghurkitap.com

چاققانلىق بىلەن تاقلاپ، ئاتلاپ يۇقىرى چىقىپ كېتىۋاتقان جەرەننى كۆردۇق . شۇنىڭ بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ ئۇلار ئىزدەپ ماڭدۇق . ئاق چىكرەك تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، تەبىئەتنىڭ ئۆزگىچە، گۈزەل ۋە مەپتۇن قىلارلىق مەنزىرىسىنى كۆردۇق . قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى قاتمۇ قات تاغ تىزمىلىرى ئۈستىدە ئوينايتتى، قۇياش نۇرى تەگمىگەن جايلىرى بىردە قېنىق، بىردە سۇس كۆكۈچ رەڭدە ۋە بىغىر رەڭدە كۆرۈنۈپ ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى؛ قاراتېكە داۋىنى بوران - چاپقۇن ئۇچۇرۇپ كەلگەن قار ئۇچقۇنلىرىدىن نېپىز ئاق يىپەك لىباس كىيگەندەك كۆركەم تۈس ئالغانىدى . ھايات ئادەمگە شۇ قەدەر گۈزەل جەلپكاردەك بىلىنەتتى .

ئەتىسى ئەتىگەن، بىز بىر كىچە چاقىرىلمىغان مېھمان سۈپىتىدە بۇ جايىنى ئىگىلىگەنلىكىمىز ھەققى ئۈچۈن ئازراق پۇلنى ئوتۇنغا باسۇرۇپ قويۇپ، سائەت يەتتە يېرىمدا يولغا چىقتۇق . ئۇزۇن ماڭمايلا بىر ئادەم ئۇچرىغانىدى، يول باشلىغۇچى، ئۇ چوقۇم ئۆينىڭ ئىگىسى، دېدى . بىز دەرھال ئۇنىڭغا تونۇگىنىكى ئىشلارنى، بىز قويۇپ قويغان پۇلنى نە- دىن، قانداق تاپىدىغانلىقنى ئېيتىپ بەردۇق . ئۇنىڭ چىرايىدا پۈتۈنلەي ھەيران قېلىش ۋە گاڭگىراش ئالامىتى كۆرۈنەتتى . ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، بىز كۈلۈپ تۇرۇپ، ھەممىمىز تەڭ سۆزلەپ ئەھۋالنى چۈشەندۇردۇق . لېكىن، مېنىڭچە ئۇ ئۆز ئۆيىدە نېمە ئىشلار بولغانلىقنى پەقەتلا ئاڭقىرالمىدى .

بىز مېڭىۋاتقان جىرانىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، نۇر- غۇن ئېرىق - ئۆستەڭ ھېلى ئۇ تەرەپكە، ھېلى بۇ تەرەپكە قايرىلىپ كېتەتتى، بىز ئۇلارنى ئايلىنىپ ماڭاتتۇق . روزابەگ ئادەتتىكىدەك دەر- ياغا چۈشۈپ چوڭقۇرلۇقنى ئۆلچىدى، باشقىلىرىمىز ئېشەكنى ئۇنىڭغا يېتىلىتىپ، نۆۋەت بىلەن بىر - بىرلەپ ئۆتتۇق . بەك ھېرىپ كەتكەن چاغدا، بىردەم ئېشەك مىنىپ ماڭدىم . ئۇنىمۇ باشقۇرۇپ ماڭدۇرۇشقا ئالاھىدە ماھارەت كېتىدىكەن . مەن بۇ ماھارەتنى بىلمىگەچكە، ئۇنى «قىخ - چۇ» دەپ ۋارقىراپ، ئۇرۇپ، پۇتلىرىمدا بىقىنىغا تېپىپ، يې-

رىم سائەتتىلا تېخىمۇ چارچاپ ۋايجېنىم چىقاتتى ، شۇڭا ئېشەكتىن
چۈشۈۋېلىپ پىيادە ماڭاتتىم . ئاتقىمۇ ئارتىلغان يۈكلەر ئاز ئەمەس ئى-
دى . لېكىن ، راكپا بىلەن سالى ئېگىز يۈك ئۈستىدە بەئەينى پىل ئۈس-
تىدە ئولتۇرغان سۇدانلىقلاردەك ئولتۇرۇپ ماڭاتتى .
يول باشلىغۇچىنىڭ جىرانىڭ خېلى بىر يەرلىرىگىچە بارساقمۇ
ئادەم يوق ، دېگەن گېپى توغرا چىقتى . لېكىن ، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ
ئارىلىق ئۇقۇمىمىزنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيتتى .
چۈشتىن كېيىن سائەت بىرلەردە ، بىز دەريادىن يىراقلىشىدىغان چاغدا ،
ئۇنىڭدىن ئالدىمىزدا خېلى يېقىن يەردىن سۇ تېپىلارمۇ ، دەپ سورىغا-
نىدۇق ، ئۇ قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن « تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەن جاي » دا
قىرغىزلار چۈشكۈنى بار ، دېدى ھەمدە ئۇ يەرگە بارغاندا ، دوستلىرى-
مىزنىڭ كىگىز ئۆيىگە چۈشۈپ ، ئوبدان غىزالىنىپ ، قانغۇچە چاي ئى-
چىپ ئارام ئالايلى ، دەپ ئۆزىچە بىزنى تەكلىپ قىلدى . بىز ماقۇل
بولدۇقتە ، ئۇ ئېيتقان تاغ ئېغىزىدىن يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدۇق . بۇ تاغ
ئېغىزى تېسىدا ئېغىزى ، دەپ ئاتىلىدىكەن . يول ئانچە يامان ئەمەس ئى-
كەن ، لېكىن مەن ئۈچۈن بۇ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان « جاپالىق ھەربىي
يۈرۈش » تەك بىلىندى . سەھەردە ئازراقلا ناشتا قىلغاندىن بېرى ، ھا-
زىرغىچە ھېچنېمە يېمىگەچكە ، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ، پۇتلىرىم ئې-
غىرلىشىپ ، سولىشىپلا قالدىم . ئەمما ، بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى
كۆرۈپ ئەنگلىيىدىكى ۋىلتشىر ۋىلايىتىنىڭ مەنزىرىسى ئېسىمگە كەلدى .
مەلۇم تاغلارنىڭ رەڭگى ۋىلتشىر ۋىلايىتىنىڭ مەنزىرىسىگە پۈتۈنلەي
ئوخشىمايتتى ۋە پەرقى ناھايىتى روشەن ئىدى . يەنى بۇ ئەتراپتىكى
تاغلار ئىچىدە مۇشۇ تاغلا ئېنىق قوڭۇر ، سۇس سېرىق رەڭدە بولۇپ ،
سايىلار ئارىسىدىن يەنە تۆمۈر دېتى رەڭ ، شاپتۇل چېچىكى رەڭ پەيدا
بولۇپ ، ئاخىرىغا بېرىپ قېنىق قىزىل رەڭگە ئايلىناتتى ، پۈتۈن تاغ را-
يونىغا ئاجايىپ چىرايلىق رەڭدار لىباس كىيگۈزگەنىدى .
تېسىدا تاغ ئېغىزى ئۈستىنىڭ شەكلى ئانچە ئېنىق ئەمەس ئى-
دى ، بۇ يەردە بىز يول باشلىغۇچىنىڭ بىر تۇغقىنى بىلەن ئۇچرىشىپ

www.uyghurkitap.com

قالدۇق. قىياسىمچە ئۇ، ھېلىقى ياشانغان ئايال خوجايىنىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ خوتۇنىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىۋاتقانىكەن. بىزنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ، ئۇمۇ ئانىسىغا ئوخشاشلا بىزگە ئىنتايىن قىزغىن، دوستانە مۇئامىلىدە بولدى. ئېلىۋالغان قىمىزنى (ئاتنىڭ سۈتى) ئېتىپ بېقىشىمىزغا تۇتتى. بۇنداق ئىچىملىكنى تۇنجى قېتىم ئىچىشىم ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇسساپ كەتكەچكە، ناھايىتى ئوبدان تېتىدى، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ياقتۇرۇپ ئىچىپ باقمىدىم. ئايال خوجايىننىڭ ياش كېلىنى چىرايلىق ياسانغانىدى. قاتمۇقات كىيىم كىيىۋالغاچقا، سېمىز كۆرۈنەتتى. ئۇچىسىدا ئۇزۇن، قىزىل مەخمەل چاپان، بېشىدا سېرىق يىپەك ياغلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ياراشقان، رەڭلەرمۇ ماس كەلگەنىدى. چېچىنغا مەن ھازىرغىچە كۆرگەن ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئېغىر بېزەكلەر تاقىغان ۋە ئۆرۈۋالغانىدى. ئۇنى ئات ئۈستىدە، ئېگىز چوققىدا چىرايلىق كىيىملەر بىلەن روھلۇق ھالدا كۆرۈپ ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ قالدىم، چۈنكى ئۇ چاغدا ئۈستۈۋېشىم توپا-چاڭ، قاتتىق چارچىغان ھالەتتە ئاستا مېڭىپ تۆۋەنگە چۈشۈۋاتاتتىم. ئارايىڭ سىلەر كېتىۋېرىڭلار، مەن ئالدىمىزدىكى تاغنى كۆرۈپ كېلەي، دېدى. يول باشلىغۇچى مېنى ئېلىپ دوستۇمنىڭ ئۆيى بار، دېگەن جايغا ماڭدى. مەن ئۇنىڭ دوستى بارلىقىغا تازا ئىشەنمەيتتىم. مېڭىپ-مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە ئولتۇرۇۋالدىم-دە، ئازراق بىر نېمە يەۋالدىم. بىر سائەتچە ماڭغاندا، يىراقتىن كىگىز ئۆيلەر غۇۋا كۆرۈندى.

كىگىز ئۆيلەرگە يېقىنلاشقاندا، «قارشى ئېلىش» تىن قورقۇپ جېنىمىز چىقاي دېدى. يەنى بىز تاغلاردا دائىم كۆرىدىغان قوي پادىلىرى بىلەن يۈرىدىغان ئىتلار ئۆي-ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى. ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋالمىغان بولساق، بىچارە «سۇرا» نى ئۇلار تالاپ پارچە-پارچە قىلىۋېتەتتى. ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ بىزگە بەزدەك قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاجايىپ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. يول باشلىغۇچى دەرھال ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر نېمىلەرنى دېگەنىدى، بىزنى بىر

كىگىز ئۆيگە باشلىدى . ئۇزۇن ئۆتمەي كەلگىنىمىزدىن خەۋەر تېپىپ كەلگەن ئاياللار بىزنى قاتمۇ قات ئورىۋالدى . ئارايىك كەلگەندە ، ئاندىن بىزنى ئاساسلىق كىگىز ئۆيگە باشلىدى . ئۇ يەردە بىزنى رەسمىي يو-سۇندا دوستانە كۈتۈش باشلاندى ، چايمۇ كەلتۈرۈلدى ، شىرداققىلا داستىخان سېلىندى ( قاسماق ، يوغانراق قول ياغلىقىغا ئوخشاپ كې-تەتتى ) ۋە كىچىك توقاچلار قويۇلدى . بىز ئۇلارغا ئەينەك ، چاي ، تا-ماكا بەردۇق . بۇ رۇسىيە چېگرىسىغا ناھايىتى يېقىن جاي ئىدى . بۇ ئورنى جەھەتتە سەزگۈر جاي بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى مېنىڭ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ بىلمىدىم ، ھەر ھالدا ئۇلار بىزگە ئىن-تايىن دوستانىكەن ، دېگەن تەسىرات پەيدا قىلدى .

بىزنىڭ نىشانىمىز تويۇن ئىدى ، ئۇ يەرگە يەنە ئالتە ئىنگلىز مىلى ماڭساقلا باراتتۇق ، بۇ يەردە قىرغىزلارنىڭ كىگىز ئۆيىدە تاماق يەپ ، چاي ئىچىپ ، كۆكۈللۈك ئوينان - كۈلۈپ يايرىغىنىمىز بىلەن تويۇنغا بارىدىغان يولدىن چەتنەپ كەتتۇق .

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى ، يول ئۇزىراپ كەتكەندەك بىلە-نەتتى . يەنە يامغۇر ياغدى . بىز بۇ يەرلەرگە قەشقەردىكى قاتتىق ئىس-سىقتىن قېچىپ كەلگەندۇق . لېكىن ، بۇ يەردە بوران - چاپقۇن بولۇپ ، بۇنداق سوغۇق بولۇشىنى كىم بىلسۇن . شۇڭا ، بىز ئىسسىقراق كىيىم ، يامغۇردىن دالدا بولغۇدەك ھېچ نەرسە ئالماپتۇق . يولدا بىر نەچچە كىگىز ئۆينى كۆردۇقتە ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بىرىگە كىرىۋالدۇق . ئۆي ئىگىسى باشتا قورقۇپ كەتتى . كېيىن ئۇزنى تۇتۇۋېلىپ بىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئۆي ئاددىي بولسىمۇ ، شاخ - شۇمبا ، كالا تېزىكىدە قالانغان ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى ، ناھايىتى ئىسسىق ئى-دى . ئۆي ئىگىسى بىزنى قوي سۈتى بىلەن مېھمان قىلدى . بۇ سۈت ساغىدىغان مەھەل بولغاچقا ، سېغىن قويلار باغلىۋېتىلگەن ، قوزىلار ئاي-رىم قوتانغا سولانغانىدى . ئۇلارنىڭ مەرەشلىرى قۇلاق - مېڭىنى يەيت-تى .

تويۇندا بىر كۈن تۇرۇش قارارىغا كەلدۇق . پىلانىمىز رۇسىيە

چېگرىسىنى ئايلىنىپ كۆرۈش ئىدى. ئۇلارغا بۇ پىلانىمىزنى ئېيتماستىن بۇ ئەتراپنى ئايلاندۇرىدىغان بىر يول باشلىغۇچى سورىدۇق. ئارايلىقتا بىلەن مەن ئۆز ئېتىمىزغا مىندۇق. ئاتنىڭ غەلىتە خۇيى جىق ئىكەنلىكىنى بىلدىنمۇ، مېنىڭ ئات مىنىش بىلەن پەقەت خۇشۇم يوق ئىدى. بۈگۈن بىز مىنگەن ئاتنىڭ بىرى قارا، بىرى چىلانتورۇق ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ بىزنى بەك ئوسال قىلدى. بولۇپمۇ مەن مىنگەن ئاتنى پەقەت باشقۇرالماي، يول باشلىغۇچى بىلەن ئات ئالماشتۇردۇم. بۇ بايتال بولۇپ، ئېگىز ئەمەس، لېكىن مىختا، كۈچلۈك ۋە چاققان ئىكەن. كېيىن بىزنىڭ ئاتلىرىمىزنىڭ باشقا ئات بىرەرىگە يېقىنلاشسا، قىزغىنىپ تەلۋىلىشىدىغانلىقىنى بايقاپ، بىر ـ بىرىمىزدىن يىراق، ئايرىم ـ ئايرىم ماڭدۇق. ئەمما، بۇ قېتىم مەن مىنگەن ئېتىمدىن رازى بولدۇم. سەۋەب، بۇ بايتال ئۆزىگە كۆز تاشلاۋاتقان ئىككى ئايغىرغا ئوخشاشلا قىزىقمىدى، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، ياۋاشلىق بىلەن ماڭدى، ماڭا بويسۇندى. باشتا ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يورغىلاشقا سالدىم، ئاندىن ئاستا چاپتۇردۇم. كېيىن يۈرىكىمنى توم قىلىپ كەڭ ئوتلاقتا ئۇنى راسا چاپتۇردۇم.

جۇڭگو بىلەن رۇسىيە زېمىنىنى ئايرىپ تۇرغان تاغ ئېغىزى يېنىغا باردۇق. جۇڭگو تەرەپ خېلى ئۇزۇن يەرلەرگىچە تاغ ۋە تۈزلەڭلىك تۇتىشىپ كەتكەن، ياپيېشىللىقتا پۈركەنگەن، مال ـ چارۋا باقىدىغان ئېسىل يايلاق ئىدى. ئەمما، بۇ يايلاقتا بىرمۇ قوي ـ كالا كۆرۈنمەيتتى. كېيىن ئۇقساق، بۇ يەردىكى مەلۇم دائىرە ئىچىدە قىرغىزلارنىڭ چۈشكۈن قىلىشى، مال بېقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. بۇ يەرلەردە ئايلىنىپ يۈرسەك كۆزگە ئاسان چېلىقىپ قالىدىغانلىقىمىزنى نەزەردە تۇتۇپ، غەرب تەرەپتىكى يانباغىرغا باردۇقتە، ئاتتىن چۈشۈپ، ئىككىمىزلا ئۈستىگە چىقىشقا باشلىدۇق. ئاندىن تىك قىيا تاشلىق تاغ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇ تاغ ئېغىزىنى كۆرۈپ چىقتۇق. تاغقا چىققۇچە بەكمۇ قىينالدۇق. بىز ئاۋاز چىقارمايلى دېگەنسېرى، قېرىشقاندەك پارچىلىنىپ كەتكەن تاشلار ھېلىدىن ـ ھېلى گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ، تىرىشچانلىقىمىزنى بىكار قىلىۋەتتى. ئاقىۋەت بۇ تاغقا چىقتۇق. ئەمەلىيەتتە بولسا

رۇسىيە زېمىنىدا تۇرۇپ ، رۇسىيە تەرەپكە نەزەر سالدۇق ، ئۇ تەرەپمۇ جۇڭگو تەرەپكە ئوخشاش ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ، ئادەمزاتسىز ، بوش دالا ئىدى .

چېگرا ھەققىدە ھەمىشە قىزىقارلىق گەپ - سۆزلەر بولىدۇ . بىزنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىمىز چوڭ بىر تەۋەككۈلچىلىك ، شۇنداقلا ئازراق ئەخمەقلىق ئىدى . ھازىر بۇ يەر قۇرۇق ، ئادەم يوقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن بىرلىرى قاراۋۇللۇق قىلىپ كېلىپ قالسا ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ بىزنى تۇتۇۋالاتتى ۋە سوراق قىلاتتى . ئەمەلىيەتتىمۇ ، بۇ ئەتراپتىكى چېگرا ئۈنۈملۈك تۈردە قوغدىلاتتى . كېيىن ، تاغ ئېغىزىغا قارىغان بىر يوشۇرۇنۇش ئورنىنى كۆردۇق . بۇ يەردە تاماكا قالدۇقلىرى تۇراتتى . يوشۇرۇنۇش ئورنى چېگرا سىزىقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ، چېگرا سىزىقى بولسا ئېغىز ئۈستىدىكى بىر تۈۋرۈك بىلەن بەلگە قىلىنغانىدى . جۇڭگو تەرەپتە بىر چىغىر يول بولۇپ ، ئۇ چېگرا سىزىقىغا كەلگەندە كۆرۈنمەيتتى ؛ رۇسىيە تەرەپتە بولسا ، ئوبدان ياسالغان تاشيول ئۇلارنىڭ چېگرىسى ئىچكىرىسىگە كېتەتتى .

يىراقتىن گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ بىزگە ئوغرىلىقچە ئىشىمىزغا بېرىلگەن يامان بىشارەتتەك بىلىنىپ ، بىزدىكى گۇناھكارلىق ھېسسىياتىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى . بوران - چاپقۇن يېتىپ كەلمەستىنلا ، ھاۋا تۇتۇلۇپ ، قارا بۇلۇت بېسىپ كېلىشكە باشلىدى . بىز ئالمان - تالمان شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە چۈشۈۋالدۇق .

پەسكە چۈشكەندە يامغۇر تىنىشدى . بىز ئاۋۋال ئازراق تاماق يەۋېلىپ ، ئاندىن قايتماقچى بولدۇق . ئاتلارنى يىراق - يىراق ئارىلىق قويۇپ دەرەخلەرگە چىڭ باغلىۋەتتۇق . قېتىق بىلەن نان يەپ ئولتۇراتتۇق ، قارا ئايغىر ئارغامچىدىن بوشىنىپ رەقىبىگە ھۇجۇم قىلدى . مەن ئۆمرۈمدە ئاتلارنىڭ سوقۇشۇشىنى كۆرمىگەنىدىم ، بۈگۈن بۇ قورقۇنچلۇق ئىشنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم . ئۇلار توساتتىن باشقىچە بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك ، ئارقا پۇتلىرى بىلەن ئۆرە بولۇپ ، ئالدى پۇتلىرىدا بىر - بىرىنى تېپەتتى . ئايلىنىپ يۈرۈپ چىشلىشەتتى . بۇ

قاتتىق ئېلىشىش بولغاچقا، بىر قورقۇپ ئاتلارنىڭ يېنىغا يېقىنلىشالمى-
دۇق. بىر چاغدا ياۋاشراق چىلانتورۇق قېچىپ ئۇدۇلدىكى پايانلىققا
چىقىپ كەتتى. بۇ جەرياندا مەن مىنگەن بايتال خۇددى بۇ ئېلىشىش
ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك غېمىدە يوق ئوتلاپ يۈردى. بىر قانچە
ئاتنى تۇتۇۋېلىپ چىلىك باغلىۋەتتۇق؛ يول باشلىغۇچى بايتالنى يەمچۈك
قىلىپ ئالدىغا سېلىپ بېرىپ چىلانتورۇق ئاتنى ئەكەلدى. مەن مۇھەب-
بەت ماجىراسىدىن چىققان بۇ «دۇئېل» دىن ھاياجانلىنىپ، بۇ ئىككى
رەقىب جېدىلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدىم.

ئاتلىق ئارقىمىزغا ياندۇق ۋە بارغان چاغدىكىدىن تېز ماڭدۇق.
يولغا چىقىپ تۇرۇشىمىزغا بوران ـ چاپقۇن باشلاندى. ئاتلارنى كەڭ
يايلاقتا بولۇشىغا چېپىشقا قويۇۋەتتۇق. باش ئۈستىمىزدە قاراس ـ قۇ-
رۇس قىلىپ چاقماق چاقاتتى، تاغ ـ داللاردىن ئەكس سادا قايتاتتى.
مۆلدۈر تاراسلاپ يۈزىمىزگە تېگىپ، قامچا تەگكەندەك ئېچىشتۇراتتى.
مەن بىر شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ئاتلارنىڭ ئۇچقاندەك چېپىشتەك مەنزى-
رىسىنى ھېس قىلدىم. توڭۇپ كەتتىم، لېكىن ھاياجان ۋە قورقۇش
مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى، چۈنكى ئىلگىرى مەن ئاتقا مىنىپ بۇنداق
ئۇزاققا قاتتىق چاپتۇرمىغانىدىم.

بارا ـ بارا يامغۇر بېسىقتى، ئاتلارمۇ ئەسەبىيلەرچە چېپىشتىن
توختىدى. تويۇنغا ئاز قالغاندا، ئىككى جۇڭگولۇق ساقچى ئۇچرىدى.
ئۇلارنىڭ بىرى خەنزۇ، بىرى ئۇيغۇر ئىدى. روشەنكى، بىزنىڭ بۇ
يەرگە ساياھەتكە كەلگەنلىكىمىز چاقماق تېزلىكىدە چېگرا مۇداپىئەسى-
دىكى قوماندانلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن. ئۇلار بۇلارنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا
ئەۋەتكەنىدى. ئوخشاشلا بۇ قېتىممۇ بىز بۇلارنىڭ نازارەت قىلىشقا ئە-
ۋەتىلگەنلىكى ياكى ئارايىك ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش
كونسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزنى قارشى ئېلىش ۋە بىزگە سالام بې-
رىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى پەقەت بىلەلمىدۇق. ئۇلار ئىنتايىن تە-
كەللۇپ بىلەن بىزنى تويۇن خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە چايغا تەكلىپ قىل-
دى. ئاردا بىرى ئارايىكنى بىر چەتكە تارتىپ، مەن سىلەرنىڭ چېگرىغا

بارغانلىقىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم . بۇ مەن ئۈچۈن ھېچقانچە بىر ئىش ئە-
مەس دەپتۇ ، ئەمما يەنە ، بۇ ئىشنى ھەرگىز باشقىلارغا دەپ سالماڭلار ،
دەپ تاپىلاپتۇ .

ئۇلار بىزنى يوقلاپ كەلگەن ئارىلىقتا ، قارا ئات يەنە ئەسەبىيلە-
شىپ بىر مۇنچە ئىش تۇغدۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇ-
رۇشقا ئادەم چىقاردۇق . مەن ئۇ ئاتلارغا مىنىپ كەلگەن « قاپاق » بىلەن
سالىنى كۆرۈپ ، ئاتلارغا زادىلا ئىچ ئاغرىتمىدىم .

شۇ كۈنى ئاخشىمى ، بىز قونالغۇ قىلغان جاي ئەتراپىدىكى بارلىق
قويلارنىڭ ئىگىسى ئاتۇشتىن كەلدى . بىزنى كۈتۈۋالغان ساھىبخانىنىڭ
بۇ كاتتا زات پۇل بېرىپ ياللىۋالغان قويلارغا قاراشقا مەسئۇل ئادەم ئى-
كەنلىكىنى بىلدۇق . كۈندۈزكى ئېكسپېدىتسىيىدىن مەمنۇن بولغان بىلەن
بەكمۇ ھېرىپ كەتكەنىدۇق ، شۇڭا كېلىپلا چېدىرىمىزغا كىرىپ ئارام
ئالدۇق . گېپىلگېن قىرغاۋۇل گۆشىدە ناھايىتى ئوخشىتىپ تاماق قىلدى .
كېيىن باي خوجايىنىنىڭ بىزنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن قوي سويىدىغان-
لىقىنى بىلدۇق . بۇ كاتتا مېھماندارچىلىقنى ئارايىقا ئۆتۈنۈپ ، قوي
گۆشى يېيىشكە ئۇنىلا ئەۋەتتىم . ئارايىك ئۇزۇن ئۆتمەيلا قايتىپ كەلدى
ۋە قوي گۆشىنى خىزمەتكارلارغا بەردى . ئەتىسى گېپىلگېن بىزگە ،
گۆش پىشۇرۇپ يەيمىز ، دەپ كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقىنى ، گۆش يېرىم
كېچىدىن ئۆتكەندە ئاران پىشقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى .

شۇ كۈنى 25 ئىنگلىز مىلى يول يۈرۈپ چاقماققا كەلدۇق . كۈن
ئۇزۇن ئىدى . بولالماي قالغاندا ، ئاندا - ساندا ئېشەككە مىندىم . كۆپ
چاغلاردا پىيادە ماڭغاچقا ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم . ئەمما ، روھىم كۆ-
تۈرۈلۈپ ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ ، بۇگۈنكى سەپەردىن تولىمۇ مەمنۇن بول-
دۇم . چۈنكى ، ئۇ كۈنى مېنى بىزار قىلىدىغان ، كۆڭلۈمگە تېگىدىغان
ئىشلار بولمىدى .

يامغۇردا قېلىپ سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ كەتكەچكە ،
چاقماق قاراۋۇلخانىسىغا كەلگەندە ، بىزدە « سۆلەت - سالاپەت » دېگەن-
دىن ئەسەر قالمىغانىدى . كۈن بويى ئەس - يادىمىز قاراۋۇلخانىدىن

www.uyghurkitap.com

نېرى بولۇش ، ئۇ يەردە قونماسلىقتا بولدى . لېكىن ، بۇ قاراۋۇلخانا ئۆتەر يولسىمىز بولغانلىقى ، يەنە كېلىپ يېنىمىزدىكى ئىككى ساقچى بىزنىڭ كىيىمدىغانلىقىمىزنى ئۇلارغا خەۋەر قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ يەردە قور نۇشتەك قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمىدى . بۇنداق قاراڭغۇ ، مەينەت قاراۋۇلخانىدا يېتىشتىن بېشىمىز ئاغرىيتتى . مېنىڭچە ، بۇ يەرگە مەسئۇل ئوفىتسېر بىز بىلەن ياتقۇسى كېلىپ ئەمەس ، شۇنداق قىلىش زۆرۈر بولغاچقىلا بىزنى تەكلىپ قىلىۋاتاتتى . شۇڭا ، بۇ تەكلىپنى رەت قىلىش قىيىن ئىدى . ئۆزىمىزنىڭ چېدىرىدا ياكى قىرغىزلارنىڭ رەڭدار ، ئازادە كىگىز ئۆيلىرىدە يېتىپ ـ قوپقاندىن كېيىن ، بىردىنلا بەكمۇ كونىراپ كەتكەن ، قاراڭغۇ ، چاشقانلار ئادەمنى قورقۇتۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرگەن ئۆيلەردە ، قارىسا كۆڭلى ئېلىشقۇدەك كارىۋاتلاردا يېتىش ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بۆلەكچە قىلاتتى . بۇ يەردىكى ئوفىتسېرلار ، ھەتتا خەنزۇ ئوفىتسېرلارمۇ بۇ يىگانە قاراۋۇلخانىدا شۇنچە ئۇزۇن يىللار تۇرۇپمۇ ، بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش ، ئۆيلەرنى ئازادىرەك قىلىپ ياساش ، رېمونت قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ، كۈن ئۆتسىلا بولدى ، دەپ ياشىغانىدى . ۋەھالەنكى ، ئۇلار بىزگە « ناھايىتى قالاق » ، « بەكمۇ ئىپتىدائىي » قىرغىزلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى ۋە يامان ھاۋادا جاپا تارتىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى . ئۇلار بىزنىڭ ئەركىن ساياھەت قىلىپ ئېچىلىپ ـ يايراپ خۇشال بولغانلىقىمىزنى ، چارۋىچىلار بىلەن دوست بولۇپ ، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمىزنى ، ئۇلار بىلەن بىللە بولغان چاغدا ھەقىقىي راھەت ھېس قىلغانلىقىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ ساددا ، ئاددىي تۇرمۇشىغا توغرا قاراشتا بولغانلىقىمىزنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى .

چاقماق قاراۋۇلخانىسىدىكى جۇڭگو ئوفىتسېرلىرىنىڭ تەمناتى كەمچىل بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلاپ ، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرمىدۇق ، چۈنكى بىزنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز يېتەرلىك ئىدى . ئەمەلىي ھوقۇقى بار بۇ قاراۋۇلخانا بىلەن ھېچقانداق ھوقۇقى يوق قىرغىزلار ئارىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بارلىقىنى بىز ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ ئۆيدىن

باشقا بىر گە ھېچنەرسە بەرمىگەنلىكىدىن تېخىمۇ ئېنىق بىلدۇق .
ئەتىسى ، ئوفىتسېر بىزنى ئۈزىتىپ بېرىشقا بىرنەچچە ئەسكەرنى بۇيرۇدى ۋە سۇيى كۆپەيگەن چاقماق دەرياسىدىن ئۆتۈۋېلىڭلار ، دەپ مەردلىك بىلەن بىر قانچە ئات بەردى . قاۋۇل ھەربىي ئاتلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم ـ دە ، ئۇنى باشقۇرۇشنى گېيالگېنغا تاپشۇرۇپ ، ئۆزۈم ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرماقچى بولدۇم . چاقماق دەرياسى تىك قىيالار ئارىسىدا ئەگىپ ئاققاچقا ، بىزمۇ ھېلى دەريانى كېچىپ ئۇ تەرەپتە ، ھېلى بۇ تەرەپتە ماڭدۇق . « سۇرا » جىددىي ئېقىن بىلەن ئېلىشىپ جىق ئاۋارىچىلىككە يولۇقتى ، مەن ئۇنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلدىم ! ئېشەكلىرىمىزمۇ جىق تىركىشىپ تەسلىكتە ئۆتتى ، ئۇنىڭغا مىنىپ ئۆتمىگىنىمىزگە مىڭ شۈكۈر دېدىم . ئىگەرنىڭ كەينىدە قېلىنراق نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئولتۇرالماي بەك قىينالدىم ، شۇڭا دەريادىن ئۆتۈپ بولۇپلا ، ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدىم ، دەريادىن ئۆتىدىغان چاغدا يەنە مىندىم . بىز مىل خۇمزىغا بىر كېتىپ ئالتىنچى كۈنى ماشىنىنى چاقماق تەرەپكە ھەيدەپ كېلىشنى ، ماشىنا ماڭالايدىغانلا بولسا ، ئىمكانقەدەر يېقىنراق كېلىشنى بۇيرۇغانىدۇق . بىز چاقماق دەرياسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، ئىشتىك قاراۋۇلغا بارىدىغان تاغ ئېغىزىدىن ئۆتتۇق . تاغ ئېغىزى ئېگىز بولمىغاچقا ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالايمىزغۇ ، دەپ ئويلىدۇق .
مۇشۇ تاغ ئېغىزىنىڭ ئۈستىگە چىققاندا ، بىزنى ئەكىلىۋاتقان قاراۋۇللار قايتىپ كەتتى . ئۆزىمىزنىڭ ئات ـ ئېشەكلىرى بىلەنلا قالدۇق . بوران توختاپ ، ھاۋا ئىسسىپ كەتتى . سۇ تاپقىلى بولمايتتى . سەپەر ماڭا يەنە مەنىسىز ، زېرىكەرلىك بىلىنىشكە باشلىدى . ئارايىك مەنزىرىنىڭ گۈزەل ياكى قاقاس بولۇشى ئادەمنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشكە باغلىق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ، بۇ ئاجايىپ قىزىق جىرا ئىكەن ، گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ئىنتايىن قىزىقارلىق ، بەكمۇ رەڭدار ئىكەن ، دېدى . ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . كېيىن بۇ يەرلەرگە قىلغان بىرقانچە قېتىملىق سەپىرىمىزدە مەن

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەندىم ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ يەرلەرنىڭ قاقاس ، چۆل ، پىنھان بولغاندىن سىرتىپ، ئاجايىپ جەلپكار تەرىپىمۇ بارلىقىنى بايقىدىم . ئەمما ، ئەتىگەنكى شاللىق ۋە جۇشقۇنلۇقلىرىمنى ئۇسسۇزلۇق ۋە چارچاش يوق قىلىۋەتكەندەك بولدى. يول بويى ماشىنا چاقىنىڭ ئىزىنى كۆردۇق . مىل خۇمزا بۇ يەرلەرگە كەلگەن ، ئەمما كېتىپ قالغانىدى .

چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىلەردە يىراقتىن تېرەكلەر غۇۋا كۆرۈندى . تېرەك بوستانلىقتىن دېرەك بېرەتتى . يېرىم سائەتتىن كېيىن ، بىز كىچىككىنە بىر ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇق . مىل خۇمزا ئۇ يەردە چاي تەييارلاپ بىزنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن . ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ، دېگەن قەرەلدە ھېلىقى جىراغا كىرىپ خېلى ئۇزۇن ماڭغان ، كېيىن سۇ تېپىش ئۈچۈن بۇ كىچىك كەنتكە كېلىشكە مەجبۇر بولغان ۋە بىزنى مۇشۇ يەردە كۈتۈش نىيىتىگە كەلگەنىكەن . مۇشۇ كىچىك كەنتتە بىز قىرغىز قوربان بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشتۇق .

« سۇرا » مۇ ماڭا ئوخشاش ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى ، يولنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە ئۇ دەلدەڭشىپ ، ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سۆرەپ ئاران ماڭدى ، ئەمما بىز ئالدىمىزغا قاراپ كېتىۋەردۇق . كەچكە يېقىن ئۇنىڭ ئالدىغا « قاپاق » نى ئەۋەتتۇق . « قاپاق » ئۇنى مىڭ بىر جاپادا ئېلىپ كەلدى . ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقىپ ، سائەت ئونلاردىلا قەشقەر شەھىرىگە كەلدۇق .

« ماجۇڭىنىڭ يولى » نىڭ ئىزلىرىنى بىز تاغ ئىچىدىكى يوللاردا تاكى ھېلىقى كىچىك تاغ ئېغىزىغىچە كۆرۈپ ماڭدۇق . ئەمما ، بۇ يولنىڭ بىزگە ھېچقانچە ياردىمى تەگمىدى . بىز بىرىنچى يول باشلىغۇچىنى مەلۇم ئارىلىققىچە ماشىنىغا سېلىپ قويدۇق . ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ماشىنىدا ئولتۇرغان بۇ ئادەم ئىشتىكتە چۈشۈۋالدى . بىز تاغ ئىچىدە ئالتە كۈن ئېكسپېدىتسىيە قىلدۇق . بىر كۈن بىر كۈنگە ئوخشمايتتى . مەنىلىك ئۆتكەن ھەربىر كۈن بىزگە ئۆيدىكى ئادەتتىكى كۈندىن ئۇزۇن بىلىندى . ماڭا بۇ ۋىجىك ، پاكار ئادەم بىلەن ( بىرىنچى يول باشلىغۇچىنى

دېمەكچى ) تونۇشقىنىمىزغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغانلىقتىن ئۆيلىنىپ، ئۇ كەتكەندە خۇددى بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالدىم. ۋاھالەنكى، ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش، ئازادە ئۆيۈمگە كەلگىنىمدىن شۇنچىلىك خۇشال بولدۇم؛ ئوخشاشلا، قەشقەردە ئۇزاق ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، يەنە خۇشاللىق بىلەن قايتا ئېكسپېدىتسىيىگە چىقتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئونىنچى باب

# مۇز تاغ ئاتا

1940 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە ۋەزىپە ئۆتىگەندە ، ئارايىكنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەت ئەركىنلىكى قاتتىق چەكلەنگەندى . 1946 ـ يىلى ئۇ مېنى ئېلىپ شىنجاڭغا قايتا بارغان چاغدا ، قەشقەر ۋە شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئۇ بىرىنچى قېتىم كەلگەندىكىدىن زور پەرقلىنەتتى . قەيەرگە بېرىپ ئايلىنىپ كېلىشنى بىز ئۆزىمىز ئەركىن تاللايتتۇق . ئەل-ۋەتتە ، يەرلىك دائىرىلەر بىزنىڭ قەيەرگە بېرىش ، قاچان يولغا چىقىشىمىزنى ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلاتتى . بىزنىڭ تەلەپلىرىمىز دائىم تەستىقلىناتتى ھەمدە بىز يەرلىك دائىرىلەردىن كېرەكلىك ياردەمگە ئېرىشەلەيتتۇق .

ئارايىك ئۆزۈندىن بۇيان ئۇمۇم ۋە شەخسىي ئىشنى قوشۇپ سارىقول ( تاشقورغان ) رايونىغا بىر بېرىپ كېلىشنى پىلانلاپ يۈرگەندى . ئۇمۇم ئىشى دېگەندە ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلىرى بار ئىدى ؛ شەخسىي ئىش دېگەندە ، ئۇ يەرگە بېرىپ دوستى بىل تىيېرمان بىلەن كۆرۈشكۈسى بار ئىدى . تىيېرمان ئەپەندى خۇنزا رايونىدا تاغقا چىقىش ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدىن كېيىن ، شىنجاڭغا كېلىشنى نىيەت قىلغانىدى . بۇ پىلانىمىز ئاخىر 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئېنىق بولۇپ ، ھەممە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى .

مەن ساياھەت پىلانىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ، شۇنداقلا سىرتقا چىقىش ئالدىدا يۈك ـ تاق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاشنى ياخشى كۆرەتتىم . بۇنداق بولۇشى ، پىلان تۈزۈش ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى تەييارلاش ۋاقتىدا ، ئادەم پىلان تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ۋە سەپەرگە

چىقمىزغۇ ، دېگەن ئوي ـ خىيالدىن ھاياجانلىناتتى ؛ بولغۇسى سەپەر ئۈستىدە بولىدىغان تۈرلۈك ئىشلارنى قىياس قىلىش ۋە كۆز ئالدىغا كەلـ تۈرۈشتىن ئىلھاملىناتتى ؛ تېخى يولغا چىقىدىغان چاغدىكى ھەر تۈرلۈك ئوي ـ خىياللار ۋە تەساۋۋۇرلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ، ئادەمنى شادلاندۇراتتى ۋە تەقەززا قىلاتتى . ھەر قېتىم جىمى ئىش تەخ بولۇپ ، بىز باش كونسۇلخانا قورۇسىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا ، نېمشقىدۇر بالـ لىق چاغلىرىمىزدىن باشلاپ ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگىنى بويىغا بېرىپ دەم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيدىن ئايرىلغان چاغدىكى مەنزىرە يادىمغا كېلەتتى . ئادەتتە بىز رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ـ يوسۇنلار بوشاپ ، ھەممىمىز خىيالىمىز بويىچە كىيىنەتتۇق ۋە ئادەتتىكى چاغلار- دىكىگە ئانچە ئوخشىماي قالغاندەك كۆرۈنەتتۇق . قولىمىزغا سېۋەتلەر ۋە گۈرجەكلەرنى ئېلىشىمىز بىلەنلا كۆڭلىمىز دېڭىز ، دېڭىز بويىدىكى سا- ھىلغا كېتىپ قالاتتى .

بۇ نۆۋەت بىز باش كونسۇلخانىنىڭ پوچتىكەشلىرى ماڭىدىغان يولنى بويلاپ پامىرغا باراتتۇق . ئوخشمايدىغان بىرلا يېرى ، ئېگىزيار ( Ighizyar ) غىچە بولغان 63 ئىنگلىز مىلى يولنى پۈتۈنلەي ئاپتوموبىلدا باساتتۇق . گېيالگېن ، روزا بەگ ، « قاپاق » بىز بىلەن بىللە باردى .

قاتناش قورالىنى تېپىش بىر قىيىن ئىش بولدى . گەرچە بۇرۇنلا ئالاقىلىشىپ قويغان بولساقمۇ ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ناھايىتى قىيىندا ئاران ئۈچ ئات تاپتۇق ، قالغىنىغا ئېشەكلەرنى ئىشلەتمەي ئامال بولمىدى . ئېگىزياردا يەرلىك بىر باي مۆتىۋەر بىزنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالىدى- غانلىقىنى ئېيتقاندى ، مەن ئۇ ئارايىقا ياخشىچاق بولماقچى بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىغانىدىم . ئۇ يەرگە بارساق دېگەندەك ئۇ تاماق تەييارلاپ ، دەرۋازىسىغا قىزىل شەلپەرلەرنى ئېسىپ يولىمىزغا قاراپ تۇرۇپتۇ . بۇ مۆ- تىۋەر ئۇنىمىغىنىمىزغا ئۇنىماي ئىككى ئات ئارىيەت بەردى . ئۇنىڭ مەرد- لىكىدىن تەسىرلىنىپ بىزمۇ ئۇنىڭغا ئىككى ئات ياللىغاندىن جىغراق قىم- مەتتىكى سوۋغا ـ سالاملارنى بەردۇق . شۇنىڭ بىلەن بىز بىر پەس ھە- پىلەشكەندىن كېيىن ، گېيالگېننىڭ ئىچىدە نېمىلەر بارلىقىنى بىلىپ بول-

مايدىغان چوڭ ـ كىچىك بوپا ، تاغارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۆكلەرنى ئالتە ئىشەككە ئارتتۇق . ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ ئۈچ ئاتقا ئارتتۇق . ئات ـ ئىشەك كارۋىنىمىزنى ھەيدەيدىغانغا بىر كىچىك بالا بىلەن بىر يىگىتنى ئورۇنلاشتۇردۇق .

ئارايىك چاققان بىر قارا ئاتنى تاللىۋالدى ، مەن بىغىر رەڭ ئالىچىپار ئاتقا مىندىم . باشتا بۇ ئاتتىن خېلى مەمنۇن بولدۇم . ئۇ چاپچىپ ئالدىغا ئېتىلىپ تۇرسىمۇ ، باشقۇرۇش ئاسان ئىدى . ئەمما ، تۆت ھەپتىدىن كېيىن بۇ ئاتتىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇم . بەلكىم بۇ مېنىڭدىكى دائىم كۆرۈلىدىغان نۇقسان — ئاتقا تاقابىل تۇرالماسلىقىم — بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ئويلايمەنكى ، بۇ ئاتنى ئىچمىزدىن كىملا مىنمىسۇن ، ئىلگىرى ـ كېيىن ھۇرۇن ، خۇيى ناھايىتى ئەسكى ئىكەن ، دېمەي قالمايدۇ . ئەگەر ئۇ باشقا « دوستلىرى » بىلەن ماڭسا خېلى ئوبدان ، ئەمما يالغۇز قالدىمۇ ـ بولدى ، سۆرۈلۈپ ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى . قامچىلاپ تۇرمىسام تېخى توختىۋالاتتى . سەپەر جەريانىدا ئۇ بىر قېتىملا مېنىڭمۇ رۇخسىتىمنى ئالماي ئۆزىچە چېپىپ كەتتى .

بىر قىسىم يۈكنى بىر تۆگىگە ئارتقانىدۇق ، « سۇرا » ئۇنى ئۇركۈتىۋېتەتتى . شۇئان ئەنگلىيە چۆچىكى « جېكنىڭ ئۆيى » دە تەسۋىرلەنگەندەك ئەھۋال يۈز بەردى . ئۇركۈپ كەتكەن تۆگە ئېتىمنىمۇ ئۇركۈتىۋېتەتتى ـ دە ، ئات مېنى ئېلىپ قاچتى ، تۆگە ئۇنى قوغلىدى . تۆگىگە ئارتىلغان يۈكنىڭ يېرىمى چۇۋۇلۇپ يەرگە چۈشتى ، يېرىمى سۆرۈلۈپ ماڭدى . بۇلۇپمۇ يەشىكلەرنىڭ سۆرەلگەندىكى تاراق ـ تۇرۇقى تۆگىنى تېخىمۇ قورقۇتىۋېتەتتى . بۇ دەھشەتلىك بەيگىنىڭ ئايىغى چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . بىر چاغدا مەن بىر ئامال قىلىپ ئاتنى توختاتتىم . ھەر قېتىمقىغا ئوخشاشلا ، گېيالگىن كېلىپ ئاتنى تىنجىتىشقا ياردەملەشتى . ئۇ مېنىڭ چېچىلىپ كايىشلىرىمغا پەرۋا قىلماي ، تېخىچە تىترەپ تۇرغان ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى . تۆگە بىر قانچە يەشىكنى بۇزۇۋېتىپتۇ . بىرزىنت سومكىغا سالغان بىر تۇلۇڭ ماي تۆكۈلۈپ ، باشقا نەرسىلەرنى رەسۋا قىلىۋېتىپتۇ . بۇلارنى بىز كېيىن بايقىدۇق .



www.uyghurkitap.com

تاشقورغانغا بارغۇچە يەتتە كۆنلۈك سەپەر تىنىچ ۋە كۆڭۈللۈك بولدى. بۇ بىرھەپتە ھەممە ئىش ئاساندەك، خۇشاللىققا تولغاندەك بىلىندى. مېنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى، كەيپىياتىم ئۈستۈن بولدى. بۇ ئەتراپتا ئادەملەر ناھايىتى شالاڭ ئولتۇراقلاشقاچقا، ئاساسەن ئۆزىمىز ئېلىۋالغان ئوزۇققا تاياندۇق. بىز ئاندا ـ ساندا كىچىككىرەك، ئېشەكلەرلا بار كارۋانلارنى ئۇچراتتۇق. بۇنداق بولۇشى، ئېھتىمال ئېشەكنىڭ ئات ـ تۆگىگە قارىغاندا يېمى ئاز، چىدامىلىق، ئىشەنچلىك، ئەرزان بولغانلىقىدىندۇر. ئەمما، ئۇلار سۈيى جىق ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن ئۆتەلمەيتتى، شۇڭا بۇنىڭغا پەقەت ئەقلىم يەتمىدى. چۈنكى، 10 ـ ئايلاردا مەن قاراقۇرۇم قەدىمىي يولىدا كارۋانچىلارنىڭ كىنىدىكىگە كېلىدىغان سۇ ئىچىدە تۇرۇپ ئېشەكلەرنى سۇدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. بۇ قېتىم تاشقورغانغا بارغۇچە، بىزنىڭ كارۋانلىرىمىزمۇ ھەربىر ئېقىن ـ دەريادىن ئۆتكۈچە شۇنداق قىلىشتى. سۇ ئانچە سوغۇق بولمىغىنى بىلەن دەريا چوڭقۇر ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ئاتتا قىينالمايلا سۇدىن ئۆتكەندە، ئۆزۈمچە بىرخىل گۇناھكاردەك ھېسسىياتتا بولدۇم.

بىز تەنگىتادىن (Tangita) ئۆتكەندىن كېيىن، ناھايىتى ئوسال بىر ئېقىنغا دۇچ كەلدۇق. بۇ دەريا ناھايىتى تار جىلغىغا كىرىدىغان ئېغىزدا ئىكەن. بىز كىرگەندىن كېيىن، بۇ جىلغا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر يەرگە ئايلاندى. دەريادىن ئۆتكۈچە، بىز ئېشەكلەردىكى يۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئاتلارغا ئارتىپ بىر نەچچە مەرتەم ئۆتكۈزدۇق. تازىمۇ ھېرىپ ـ چارچىتىدىغان بۇ ئىشنى كۆرۈپ، ئەگەر ئالدىمىزدا مۇشۇنداق دەريادىن يەنە بىر قانچىسى بولسا بىزنى رەسمىي نەس بېسىپتۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، تەنگىتادىن ئۆتۈپ ئازراق مېڭىۋىدۇق، بىزنى «قۇتقۇزۇش» ئۈچۈن كەلگەنلەر ئۇچرىدى. تاشقورغاندا بىزنىڭ پوچتا نازارەتچىمىز بار بولۇپ، ئىسمى فات ئەلى ئىدى. جۇڭگو تەرەپ بىزدىن تاشقورغاندىكى پوچتا بېكىتى ۋە يول بويىدىكى پوچتىكەشلەر چۈشۈپ ئارام ئالىدىغان ئۆتەڭ ـ سارايلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى بىر قانچە قېتىم تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز تاشقورغانغا بارغۇچە ئارىلىقتا

بارلىق ئۆتەڭ ـ سارايلارنى تاقىۋەتكەن ، تاشقورغاندىكى بىرلا بېكەتنى بىر ئامال قىلىپ ساقلاپ قالغانىدۇق . پوچتىكەشلەر يول بويلىرىدا ئال باقىدىغان كىشىلەر يېنىدا قوناتتى ۋە ئارام ئالاتتى ، ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئالاتتى ، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل تۆلەيتتى . فات ئەلى بىزنى بۇ جىلغىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىنىسىنى ئىككى خىزمەتكارى ، قوتازلار بىلەن ئالدىمىزغا ئەۋەتكەنىكەن . كەلگەنلەر خۇنزالىقلار بولۇپ ، ئۇلار بېشىغا خۇنزا رايونىغا خاس قىيپاش تۈز كەلگەن مالخاي كىيگەنىدى . ئۇلار بىزنى قوتازلارنى مىنىشكە تەكلىپ قىلدى . باشتا قورقۇپ كەتتىم . باشقا ئامال بولمىغاچقا ، مەن ئىگەر ئورنىدا قېلىن پالاز ـ كۆرپە سېلىنغان قوتازغا مىندىم . بىر ئادەم قوتازنى بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئارغامچىنى تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭدى . خۇددى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندەك راھەتلەندىم . قوتاز تېز ماڭدى ھەم تېگى تاشلىق دەريانىڭ جىددىي ئېقىنىدىن مەزمۇت دەسسەپ ئۆتۈۋىدى ، خاتىرجەم بولدۇم .

دەريا چوڭ بولمىغىنى بىلەن شارقىراپ تېز ئاقاتتى . دەريا قىيالارنى ئېقىتىپ ، تاشلىرىنى يېرىپ ئارىلىقىدىن تار ساي ھاسىل قىلغانىدى . بىز بۇ دەريانى ئايلىنىپ ئەگىپ ماڭدۇق . دەريانىڭ ئىككى تەرىپى كۆككە تاقاشقان تىك قىيا ئىدى . دەريا سۈيى بىردە يۇقىرىغا ، بىردە تۆۋەنگە گۈلدۈرلەپ ئاقاتتى ۋە تاش ئىچىدە ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى . بىر جايدا ئىسسىق بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى .

ئېگىزيار بىلەن تاشقورغان ئارىلىقىدا ، ئاساسلىق تۆت تاغ ئېغىزىدىن ئۆتتۇق ، بۇنىڭ ئىككىسى دېڭىز يۈزىدىن 15 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىز ئىكەن . چىقچىرىق تاغ ئېغىزى ئەتراپىدا تۈپتۈز ، ناھايىتى كەڭرى جاي بار ئىكەن . بۇ يەردە بىز تۇنجى قېتىم مۇز تاغ چوققىسىنى ( دېڭىز يۈزىدىن 24 مىڭ 300 ئىنگلىزچى ئېگىز ) كۆردۇق . بۇ ، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ھەممىدىن ھەيۋەتلىك ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى ئىدى . قەشقەردىن قارىسا كۆرگىلى بولمايتتى . چىقچىرىق ئېغىزىدىن تۆۋەنگە ماڭىدىغان يول بارا ـ بارا پەسلەيدىغان ، تۈز يول ئىكەن . بىز ئاستا ـ

ئاستا يېشىللىق قاپلىغان بىر جايغا كەلدۇق . بۇ يەردە تېيىز ، ئەمما سۈيى تېز ئاقىدىغان بىر ئېرىق بار ئىكەن . بۇ گەپلەر قۇلاققا ئانچە ياقماسلىقى مۇمكىن ، لېكىن بىز كېچىپ ئۆتكەن ئېقىنلار ، دەريا – ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى مۇز تاغدىن ئېرىپ چۈشكەن لاي سۇ ئىدى . ئوت – چۆپلەرمۇ سولاش ، رەڭگى تۇتۇق ئىدى ، ئاندا – ساندا ياپيېشىل ئوت – گىياھلارنى ھەم ئۇچراتتۇق ، لېكىن تىكەنلىك بولغاچقا ، بىلمەي تۇتۇپ سالسىڭىز سانجىلىپ چىدىغۇسىز ئاغرىتاتتى .

ئېگىز تاغ ئېغىزىدا ، ئارايلا ئۇلار قوغلاپ كەتتى . بىز يولىمىزغا مېڭىۋەردۇق . ئاخىرقى كۈنى بىردىنلا بوشىشىپ لاسىسىدە بولۇپ قالدىم . 15 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىن چۈشكۈچە ئۇزۇن يول باستۇق . ئۇنىڭ ئۈستىگە يول يۈزى ئوڭغۇل – دوڭغۇل ئىدى . كەڭ تۈزلەڭلىكتىمۇ يوللار بىزنى بەك ئەخمەق قىلدى . تاشقورغان بولسا تېخى كۆرۈنمەيتتى . ھاۋا ئىسسىپ كەتتى . مېنىڭ يا ئاتقا مىنگۈم ، يا پىيادە ماڭغۇم كەلمىدى .

تاشقورغانغا سەككىز ئىنگلىز مىلى قالغان بىر جايدا فات ئەلى بىزنى قارشى ئالغىلى ئالدىمىزغا چىقىپتۇ . ئۇ ساغلام ، قاۋۇل ، كېلىشكەن ، چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان ئادەم ئىدى ، ئامېرىكا ئارمىيىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرىغا ئوخشاپ كېتەتتى . تەبىئىيكى ، ئۇ مېنىڭ ئاتلىق مېڭىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى . ئۇ بىز گە يەرلىك ئەمەلدارلاردىن تەشكىللەنگەن ئۆمەكنىڭ ئالدىمىزدىكى يېقىنلا جايدا بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى . ئات مىنىشنى تۈزۈك بىلمىگەنلىكىم سەۋەبلىك مەن بۇ مۇراسىمغا قاتناشماسلىقنى لايىق كۆردۈم . شۇنىڭ بىلەن ئارايلا ۋە فات ئەلى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئالدىمىزدا ماڭدى . كۆپ ئۆتمەي بۇ مېڭىشىمىز فات ئەلىنىڭ ئىنىسىنىڭ جېنىغا تەگدى . روشەنكى ، ئۇ قارشى ئېلىش مۇراسىمىدەك ھاياجانلىق كۆرۈنۈشنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمايتتى . ئۇ ھەممىنى گېپىالگېنىغا تاشلاپ بېرىپ ، بىز بىلەن غۇڭشىغان ھالدا خوشلاشتى – دە ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى . ئازراقلا قالغان يول بىزگە ئىنتايىن ئۇزۇن بىلىنىپ

كەتتى . تاشقورغاننىڭ يېشىل ئوتلۇق ، ئەمما دەرەخسىز كەڭ داللىرىدا ئالدىنقى سەپ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ چېپىپ يۈرگەنلىرىنى كۆردۈم . مەن مىنگەن ئالىچىپار ئات تۇرۇپلا يورغىلايتتى ، تۇرۇپلا ئۈمۈلىگەندەك ئاستا ماڭاتتى . ئۇنداق چاغدا گېيالگېن كېلىپ راسا قامچىلاپ قوياتتى . تاشقورغان بازىرىغا كەلگەندە ، بۇ ئات مېنى ھاردۇرۇپ جېنىمنى قويـ‐ غانلىقىنى ھېس قىلدىم .

ئەمما ، تاماق يەپ ، چاي ئىچكەندىن كېيىن ، تېزلا ماغدۇرۇمغا كەلدىم . بىزنىڭ مۇسۇلمان خىزمەتكارلىرىمىز روزا تۇتۇۋاتاتتى ، يەنى ئۇلار كۈن ئولتۇرمىغۇچە تاماق يېسە بولمايتتى . ھازىر 30 كۈنلۈك روزىمۇ تۈگەي دەپ قالغانىدى . مۇشۇ كۈنگىچە يولدا ئارايىك ئىككىمىزلا تاماق يەپ كەلگەن ، باشقىلار قاراپ تۇرغان ، بۇنىڭدىن ئىككىمىز بەكمۇ ئوڭايسىزلانغانىدۇق .

فات ئەلى ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىغا بىزگە ئاتاپ كىگىز ئۆي ئورناتقۇزغانىدى . تىنچ ، ئەمما ئۇزۇن سەپەرنى تۈگىتىپ ئارامخۇدا دەم ئېلىشنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش ئىدى . بىز بېرىپ ئەتىسى بېل تېپىرمانمۇ پەيدا بولدى . ئۇ كېلىشى بىلەنلا ، ئارايىك بىللە خەرىتىگە چۆكۈپ ، پىلان تۈزۈشكە كىرىشتى . ئۇلار ئاخىر مۇز تاغ چوققىسىغا چىقىش قارارىغا كېلىشتى .

بىز پىلان تۈزۈۋاتقان ، يۈك ـ تاقلارنى تەييارلاپ ، ھەرخىل ئورۇنلاشتۇرۇشنى قىلىۋاتقان مەزگىلدە ، يەنە تاشقورغاندىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىمىزغا توغرا كەلدى . يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بىزنى چۈشلۈك تاماققا چاقىرىۋالدى . بىزمۇ فات ئەلىنىڭ بېسىمى بىلەن بارلىق ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ مېھمان قىلدۇق . ئەسلى مېنىڭ بۇ يەردە مېھمان چاقىرىش ئويۇم يوق ئىدى ، فات ئەلىنىڭ ئۆيىمۇ كىچىك ، نامرات ئىدى . ئاخىر بىز چۈشكەن كىگىز ئۆيگىلا چاقىردۇق . ئۇنىڭ ـ بۇنىڭدىن جوزا ـ ئورۇندۇق ، چىنە ـ قاچا ئارىيەت ئالدۇق . بۇ يەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ، ھەر كۈنى ئاخشىمى بوران چىقىدىكەن . بىز مېھمان چاقىرغان كۈنىمۇ بوران چىقتى . ئاران كۆيۈۋاتقان شاملىرىمىزنى

ئۆچۈرمەسلىكىنىڭ ئامالىنى قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى . ئادەم ئەۋە-
تىپ چىراغ تاپتۇردۇق . ئۆيىنىڭ تۆكىلۆكىنى پالازدا ئېتىپ قويىدىكەن ،
لېكىن ئۇنى بوران ئۇچۇرۇپ تاشلايتتى . كىگىز ئۆيلەرنىڭ كۆپىدە
ۋاقتى كەلگەندە تۆكىلۆكىنى ياپىدىغان سىرلىغۇچ بىر نەرسە بولىدىكەن .
لېكىن ، بىزنىڭكىدە ئۇ يوق ئىكەن .

گېيالگىن بىلەن روزابەگ ناھايىتى ئوخشىتىپ ئۈچ خىل تاماق
قىلدى . مەن « كېسەل داۋالاش » نى كۆزدە تۇتۇپ ئېلىۋالغان بىر بو-
تۇلكا براندىنى مېھمانلارغا بېرىۋەتتىم . بىر چاغدا ، تاشقورغاننىڭ ھاكى-
مىنىڭ ئالدىدىكى قەلەي ئىستاكاندىكى براندىنى بىر كۆتۈرۈپلا قويماي
ئىچىۋەتكەنلىكىنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالدىم ــ دە ، چۆچۈپ كەتتىم . قا-
رىغاندا ئۇنى چاي ، دەپ ئىچىپ سالغاندەك قىلاتتى . قارىسام ، ئۇنىڭ
چىرايىدا باشتا ھەيرانلىق ، ئارقىدىنلا بىئاراملىق ئەكس ئەتتى . ئۇ دەر-
ھال چەينەكنى ئېلىپلا جوغىسىدىن گۈپۈلدىتىپ سۇ ئىچتى .

تاشقورغاندا بىز ئادەملەرنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇردۇق . « قاپاق »
بىلەن ئاتقا قارايدىغان ئادەم ئارىيەت ئالغان ئات ۋە ئېشەكلەرنى ئېلىپ
ئېگىزيارغا قايتتى . ھازىردىن باشلاپ بىز قاتناش قورالىنى مۇشۇ يەردىن
تاپمىساق بولمايتتى . ئېگىزياردىن كەلگەن ئامىرىخان ئىسىملىك بالا قې-
لىپ ، ئۆزىنىڭ ئېشىكى بىلەن بىز مىنىدىغان ئىككى ئاتقا قارايدىغان
بولدى . توكۇر خۇمزالىق نىيات شاھنى تەرجىمان قىلىپ ئۆزىمىزگە
قوشۇۋالدۇق . سارىقول رايونىغا بىر ــ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان
تۆرلۈك ئىرق ۋە تىلدىكى ئادەملەر يىغىلغانىدى . ئاز ساندىكى خەنزۇ
ئەمەلدارلارمۇ بار ئىدى . يەنە قىرغىزلار ، تاجىكلار ، ۋاكىسلار ۋە خۇنزا-
لىقلار بار ئىدى . نىيات خەنزۇچىدىن باشقا ، ھەممە ئادەمنىڭ تىلىنى بى-
لەتتى ۋە بىمالال سۆزلىشەلەيتتى . ئوردۇچىنىمۇ بىلەتتى . بىز ئۇنىڭ بى-
لەن ئوردۇ تىلىدىلا سۆزلىشەلەيتتۇق . كېيىن ، پامىردىكى بۇ ئېكسپې-
دىتسىيىمىزدە بۇ تىلغا تايىنىشلا كۆپايە قىلمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى .

8 ــ ئاينىڭ 8 ــ كۈنى ، بىز تاشقورغاندىن ئايرىلدۇق . ئادەتتىكى
چاغلاردىكىدەك ، بىل بىلەن ئارايك ئاتلىق ئالدىمىزدا ماڭدى . مەن پې-

يادە، گېپالگېن ئاتلىق كەينىدە ئالدىرىماي ماڭدى . يېنىلا تاشقۇرغاننىڭ ئەمەلدارلىرى كېلىپ بىزنى ئۇزىتىپ قويدى . ئۇزاتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قايتىپ بىزنى ئۇزاتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گېپالگېن ، ئەمدى بىر پەس ئاتقا مىنمىسىڭىز بەكمۇ سەت بولىدۇ ، دەپ تۇرۇۋالدى . مەن نائىلاج ئاتقا مىنىپ ، گىدەيگەن هالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردىم ۋە ئۇلار- نىڭ ياخشى تىلەك ، كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى قوبۇل قىلدىم . ئۇلار ئۇزاپ كېتىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ، ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدىم . بۇ بىرنەچچە كۈن توپىلىق تۇمان يۇتۇن كائىناتنى ئىلكىگە ئېلىپ سەپە- رىمىزنىڭ پەيزىنى ئۇچۇردى . بەشقورغان يولىدىمۇ ئەھۋال ئۆزگەرمە- دى . چاڭ ـ توپىدىن هاسىل بولغان سارغۇچ تۇمان ئەتراپتىكى تاغلارنى گويا غايەت زور ئەديىال يېپىلغاندەك تۇسكە كىرگۈزگەندى . بىز ئالدىمىزدىكى مۇز تاغنىڭ دائىرىسىنى غۇۋا كۆرۈپ ، ناهايىتى ئېچە- مىز پۇشتى . بىزنى قوغداپ كېتىۋاتقانلار كۆپ بولۇپ ، فات ئەلى ، ئىككى ساقچى ، ئىككى يول باشلىغۇچى بار ئىدى . بۇنچە كۆپ ئادەم بىلەن بىرەر پىنهان جايغا ئاددىيلا قونالغۇ قىلىپ تىنچ ئارام ئېلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى . بىزنى بەشقورغان بېگىنىڭ ئۆيىگە باشلىدى . ھەممىمىز چاققانغىنا بىر مېهمانخانىغا تىقىلدۇق . مېهمانخانىدا يوغان سۇپا بولۇپ ، يوغان قۇلۇپ سېلىنغان ، يەنە بىر ئۆيگە بارىدىغان تارلا ئارىلىق قالدۇرۇلغانىدى . ناهايىتى قاۋۇل ، تەمبەل ، ئەمما چاققان ، چەبدەس بىر ئايال قۇلۇپنى ئېچىپ ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . بىر پەس هايالشىغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ ، گويا بىر مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتقاندەك ، ئىشىككە قۇلۇپنى چىڭ سالدى . بىزنىڭ كەلگىنىمىزدىن هەيران بولغان ئايال ئۇ ئۆيگە كىرىش باهانىسىدە بىزنى « كۆزدىن كەچۈرۈش » ئۈچۈن- دىمۇ ـ قانداق ، دەپ ئويلاپ قالدىم . دېمەك ، ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا كىلىپ ـ كېتىشىدە مەلۇم سەۋەب بار ئىدى . ئۇ بىزنىڭ نەدە يېتىشىمىز ، نەدە تاماق يېيىشىمىز بىلەن كارى بولماي ، كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتامدۇ قانداق ، دەپمۇ قويماي غىپ ـ غىپ مېڭىپ هېلىقى سىرلىق ئۆيگە بىر- دەم ـ بىردەم كىرىپ چىقتى .

تـۈن تەڭ مەھەل، يىراقتىن ئىتنىڭ قاۋىشى ئاڭلىنىپ، ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. بۇ يەردە ئادەملەر ئىتنى ياخشى كۆرمەيتتى. پەقەت ئۆيلىرى ۋە مال - چارۋىلىرىغا قارىتىش ئۈچۈنلا ئىت باقاتتى. شۇڭا، ئىتلارنىڭ ھەممىسىلا گۈلدۈرى بار يامغۇرى يوق قورقۇنچاق، قاۋاشنىلا بىلىدىغان ئىتلار ئىدى. مەن ئىتلارنىڭ بۇ خۇيىغا زادىلا كۆنەلمىدىم. قەشقەردىمۇ يېرىم كېچە بولغاندا ئىتلار تەڭلا قاۋاپ، بۇ شەھەرنى بە-ئەينى بىر ساراڭلار دوختۇرخانىسىدەك قىلىپ قوياتتى. بۇ جەھەتتە ئارايـىك ماڭا پەقەت خەير خاھلىق قىلمايتتى. دەيدىغىنى پەقەت، بۇ يەر-دىكى ئىتلارنى بىز ھېچنەرسە قىلالمايمىز، ئامال يوق، دېگەن گەپ ئىدى. شۇڭا، ئىتنىڭ قاۋاشلىرىنى ئاڭلىماي، دەپ قۇلىقىمنى ئېتىۋې-لىشنى ئۆگىنىۋالدىم.

ئارايـىك فات ئەلىنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشى بىلەن بىزنى ئۇزىتىپ كەلگۈچىلەرگە بىزنىڭ پىلانىمىزنى ئوبدان چۈشەندۈردى. ھالبۇكى، بىزگە ياردەم بەرگۈچىلەر كۆپىيىپ كەتسە قالايمىقانچىلىقمۇ كۆپ بولاتتى. ئەتە بىزنى ئېلىپ ماڭىدىغان قاتناش قوراللىرىنىڭ يوقلۇقى بېشىمىزنى قاتۇردى. ئەمما، ئەتىسى بىز ھەر ھالدا يولغا چىقالىدۇق، لېكىن يول باشلىغۇچىلار بىزنى باشقا تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپتۇ. فات ئەلى-نىڭ يوليورۇقىنى ھېچكىم چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى، ھەتتا ئۇمۇ بىزنىڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمىزنى چۈشەنمىگەنىدى. ئۇ قايتىپ كەت-كەچكە، نىيات شاھقىلا تايىنىشىمىزغا توغرا كەلدى. شۇڭا، ھاۋانىڭ قىزىقىدا بىكاردىن - بىكار بىر مۇنچە يول مېڭىپ ئاۋارە بولدۇق.

تـاغقا چىققۇچە يۇمشاق قۇملۇق يولدا مېڭىشتىن قىيىن ۋە ئادەم-نىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك. بۇنداق يولدا ئادەمنىڭ پۇتىغا گويا يوغان تاش باغلاپ قويۇلغاندەك ئېغىرلىشىپ كېتەتتى، ماڭ-غانسېرى يولنىڭ ئايىغى چىقمايتتى. ئادەتتىكىدەك گېپىلگېن ۋە روزا-بەگلەر بىلەن ئاتنى نۆۋەتلىشىپ، گاھىدا ئىككى ئادەم مىنىپ ماڭدۇق. بۇنداق كۈنلەردە، مەن ئارايىكنىڭ ئاسىيادا ئات مىنىشنى ئۆگەنمىسە بول-مايدۇ، دېگەن كۆز قارىشىغا تولۇق قوشۇلاتتىم. ناۋادا ئۇ گىدەيگەن

ھالدا ، قانداق ، مەن غەلىبە قىلدىممۇ ، مېنىڭ دېگىنىم توغرا چىقتىمۇ ، دەپ قالسا ، مەن گەپ تېپىپ بېرەلمەيتتىم .

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ، يۈك ئارتىلغان ئاتلار يېنىمىزغا كەلدى . مەن نىيات شاھقا بىز قاراسۇغا بېرىپ قونىمىز ، دېگەن گەپنى تاپىلاپ قويدۇم . ئۇلار تېز مېڭىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن يىتتى . بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاستا ماڭدۇق . بىز ئايلىنىپ مۇز تاغنىڭ ئۇزۇلمە بەلۋېغىدىن ئۆتكۈچە ، مۇز تاغ چوققىسىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ تۇردى . جەنۇب تەرەپ يۇمىلاق ھالەتتىن باشلانغانىدى ، غەربكە كېلىپ قارىساق ، چېگرىسى ناھايىتى ئېنىق ئۈچ چوققىغا ئايلاندى . ئاساسىي چوققىسى غايەت يوغان مۇز تورتىنىڭ بىر تەرىپىگە ئوخشايتتى ، يەنى قار ـ مۇز قاپلىغان بىر يار ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىغا چىقىپ كەتكەن بىر يانتۇلۇققا ئوخشايتتى . ئۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 23 مىڭ 300 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى .

چۈشتىن كېيىن سائەت بەش يېرىمدا قاراسۇغا يېتىپ كەلدۇق . بۇ جاي خەرىتىدە ناھايىتى ھەيۋەت بەلگە قىلىنغان بولۇپ ، ناھايىتى قالتىس بىر جايدەك بىلىنگەنىدى . لېكىن ، بۇ يەردە بىر بۇلاقتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن . كارۋاننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى ، روشەنكى ، نىيات ۋە كارۋانچىلار بىخەستەلىك قىلىپ ئۆتۈپ كېتىپ قالغانىدى . بۇ پاكار توكۇرغا شۇنچىلىك ئۆچلۈكۈم كەلدى ! ئەگەر سىز ھېرىپ ـ ئاچقان ، ئەمما ئاخشاملىققا قونالغۇغا بېرىپ ئىسسىق چاي ئىچىپ ئارام ئالىمەنغۇ ، دېگەن ئۈي بىلەن ئۆزىڭىزگە مەدەت بېرىپ ماڭغان ، لېكىن قونالغۇغا كەلگەندە قۇرۇق يەرنى كۆرۈپ ، لەككىدە بولۇپ ، چىشىڭىزنى چىشلەپ ئالدىڭىزغا مېڭىشقا مەجبۇر بولغان بولسىڭىز ، ئۇ ھالدا مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھېس تۇيغۇلىرىمنى بىلەلەيسىز .

بىر ساقچى كارۋانلارنى توسۇپ كېلىش ئۈچۈن ئات چاپتۇرۇپ كەتتى ، قالغانلىرىمىز ئالدىمىزغا ماڭدۇق . ھاۋا خېلىلا سوۋۇغانىدى . جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەنلىكتىن ، مەن چىداپ غەيرەت قىلىپ ، ھېچ نەرسىنى مەنسىتمەسلىك روھى بىلەن ماڭدىم . بۇ ئۆزۈمگە ئۆزۈم جەك

ئېلان قىلغىنىم ئىدى. ئەلۋەتتە، نىيات شاھ ئاتلىق ئىدى، ئىككى يول باشلىغۇچىمۇ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى. بەشىمىزگە ئاران ئىككى ئات قالغاچقا، نۆۋەتلىشىپ مىندۇق. روزابەگ ھەر قېتىم نۆۋىتى كەلگەندە، ئىگەرنىڭ كەينىدىكى كۆرپىدە ئولتۇرۇۋالاتتى! بىز بىلەن كېلىۋاتقان ساقچىلارنىڭ ئېتى ئاقساپ قالغاچقا، يېتىلەپ ماڭاتتى. بۇ ھال «ئون نىگېر بالا» دېگەن چۆچەكنى ئېسىمگە سالدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلىدۇق. بىز ئۇچۇن ئەڭ مۇرەككەپ بىر ئىش دېڭىز يۈزىدىن 15 مىڭ ئىنگلىز مىلى ئېگىز تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈش ئىدى. بۇ ئېغىزنىڭ يانتۇلۇقى ئانچە چوڭ بولمىغان بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى. ئارىلىقلاردا چوققىغا ئوخشايدىغان بىرقانچە جاي بار ئىدى. ھەقىقىي چوققىغا چىققىنىمىزدا، ئۇنتۇلغۇسىز، ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ، بۇ يەرگە چىققۇچە تارتقان جاپايىمىزنى ئۇنتۇپ قالدۇق. بۇ، چەكسىز كەتكەن ھاۋا بوشلۇقى، ھەيۋەتلىك، كۆركەم مەنزىرە، ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلۇپ ياتقان تاغنىڭ كۆلەڭگىسى ۋە ئۇ-پۇق سىزىقىدىن ھاسىل بولغان، كەچكى شەپەق نۇرىدىن شۇ قەدەر چىرايلىق رەڭلەر بېرىلگەن ئاجايىپ قالتىس بىر مەنزىرە ئىدى. تاغ ئې-غىزىدا تۇرغان كارۋانلىرىمىزنىڭ قارىسى بۇ نەپىس، گۈزەل مەنزىرىگە ئۆزگىچە ھۆسن قوشقانىدى. بۇلارنى كۆرۈش شۇنچىلىك ھوزۇر ئى-دى.

بىز كارۋانلىرىمىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، دەرھال ئاتلىنىپ ئەڭ يېقىن، سۇ بار جايغا بېرىپ، سائەت سەككىز يېرىمدە قونالغۇغا ئورۇنلاشتۇق. بىز ھازىر كەڭ كەتكەن، تۈپتۈز ئوتلاقتا ئىدۇق، شامال چىقىپ تۇراتتى. چېدىرنى تەسلىكتە ئورنىتىپ، ئوتنى ئاران ياقتۇق. گېپىالگېن كالا تېزىكىدە ئوت قالاشقا ئۇستا ئىدى. ھايال ئۆتمەي ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈپ، ئۈستىگە قويۇلغان چاي چەينىكى كىزىلداشقا باش-لىدى. ئۇ ھەرقانداق شارائىتتا يەرنى كولاپ ياكى خىشنى تىزىپلا ئوچاق ياسايتتى ـ دە، ھەر قانداق ناچار، ئاسان كۆيمەيدىغان يېقىلغۇنىمۇ بىردەمدىلا گۈرۈلدىتىپ كۆيدۈرەتتى. بىرلا ئەيىبى چاينى ئوبدان دەم-

لمىيەلمەيتتى . بۇگۈنمۇ شۇنداق بەتتام چاي دەملىدى . لېكىن ، ھېرىپ ئۇسسىغاندا بۇ چايمۇ بىزگە بەك تېتىپ كەتتى . بىز كارۋانچىلارغا چاي ۋە سىگارت بەردۇق . ئانچە خالىمىساقمۇ ، قىلچە كارغا كەلمىگەن ئىككى يول باشلىغۇچىنىمۇ نېسىۋىسىز قويمىدۇق .

بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى ، بىر ساقچى يېتىلەپ ماڭغان ئاقساق ئات پەقەت ماڭالماي قالغانىدى . بىز يەنە بىر ساقچىنى كۆرمىدۇق ۋە خەۋىرىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق . مەن ئامىرىخاندىن غەم يەپ كەتتىم . ئۇنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كۆرمىگەنىدۇق . ئۇ چاغدا ، ئۇ بىر ئات ، بىر ئېشەك ، « سۇرا » بىلەن كېتىۋاتاتتى . رۇسىيە چېگرا سىزىقى قاراسۇدىكى چارۋىچىلار يولىغا يېقىن ئىدى ، شۇڭا ئۇلارنى ئۇقماي چېگرا سىزىقى تەرەپكە كېتىپ قالدىمىكىن ، دەپ ئەندىشىگە چۈشتۇق . ئۇلار تۈن تەك مەھەلدە قونالغۇغا كەلدى . كېيىن ئۇقساق ، « سۇرا » بۇ بىچارە بالىغا ئىش تېرىپ بېرىپتۇ . يېقىندىن بۇيان ، « سۇرا » نىڭ كۆزى ئاجىزلاپ قالدىمىكىن ، دەپ گۇماندا بولۇپ قالدۇق . ئۇ تاشلاردىن ئۆتكۈچە ھە دېسە تاشقا ئۆزىنى ئۇرۇۋالاتتى ، ئورەكلەردىن ئۆتكۈچە دائىم ئورەككە چۈشۈپ كېتەتتى . ئالدىدىكى نەرسىگە تازا دىققەت قىلمايتتى . بىز بىلەن ماڭغاندا ، بىزدىن ئايرىلىپ كېتىپ قالسا ، كەتكەن يولى بىلەن يېنىمىزغا قايتىپ كېلەلمەيتتى . شۇڭا ، ئۇنى قارىغۇ بولۇپ قالدىمىكىن ، دەپ ئويلاپ بىئارام بولدۇق ۋە بۇ ئويىمىزنىڭ خاتا بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ ، بەلكىم ئۇ بەك دۆت ، ئەخمەق بولۇپ قېلىۋاتقاندۇ ، دېگەن خىيالغىمۇ كەلدۇق . قارىماققا ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۆز تۇرمۇشىدىكى غەلىتە ئىشلىرىنى قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى ، يەنى سايىنى قوغلاشقا ، تاشنى كۆرسىلا سۇغا كىرىشكە ئامراق ئىدى .

مۇز تاغ باش ئۈستىمىزدە مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئەمما ، ئەتىسى ئۇنى تۇمان قاپلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ پەيزىمىز ئۇچتى . تۈنۈگۈن ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا تاھايىتى يىراققا مېڭىپ كېتىپتۇق ، شۇڭا بۈگۈن يانبۇلاققا بارىدىغان يېقىن يول بىلەن ماڭدۇق . يانبۇلاق مۇز تاغ چوققىسى ئاستىدىكى كىچىك بىر تاغ جىلغىسى ئىدى . بۇ يەردە بىز

بىرلا كىگىز ئۆيىنى كۆردۇق.

ئۇن ئۈچ ئادەم نامرات قىرغىز ئايال بىلەن ئۈچ بالىسى ئالدىغا تۇيۇقسىز كەلدۇق. مەن بىزنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم شەكلىدىكى زىيا-رىتىمىزدىن ئايال قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالارمىكىن، دەپ ئويلاپ، ئالمان - تالمان ئەكەلگەن چاي ۋە باشقا سوۋغا - سالاملارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئەمما، ئۇ پەقەت قورۇنماي ۋە ھودۇقماي، بىزنى قىرغىزلارغا خاس مېھماندوستلۇق ۋە قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ بىزگە ئېرىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقى، بۇگۈن جىلغىنىڭ تۆۋىنىگە كۆچمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بىزمۇ ئۇنىڭغا پىلانىمىزنى چۈشەندۈرۈپ، يان-بۇلاقتا قونۇش ئويىمىز بارلىقىنى ئېيتتۇق. ئۇ يەنە بىرقانچە كۈن كۆچ-مەي تۇرۇپ، بىزنى سۈت - قايماق بىلەن تەمىنلەشكە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. بىز يۈك - تاقلارنى ئەكىلىشىپ بەرگەن كارۋانچىلارنى ھەققىنى بېرىپ قايتۇرۇۋەتتۇق. ئىككى مۇھاپىزەتچىنىمۇ قايتىپ كېتىشكە ئاسانلا ئۇناتتۇق. بۇلار بىزگە ھېچقانچە ياردىمى تەگمەيدىغان، ياخشى مۇئامىلىدە بولمايدىغان، قارشى ئېلىنمايدىغان ھەمراھلار بولۇپ، بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيىمىزنىڭ ئۇلارغا ياقماسلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ تا-مىقىمىزنى يېگەننى ئاز دەپ، قىرغىزلاردىنمۇ يەيدىغان نەرسە ئالدى. مەن ئۇلارنىڭ مالچىلار يېنىغا بېرىپ بىر قوي ئېلىپ ھەقمۇ تۆلىمىگەنلى-كىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمىزغا قاراشقا تېپىپ بەرگەن با-لىغا ھەق بەرگەن - بەرمىگەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم. ئويۇمچە، ئۇلار بۇ بالىنىڭ ئىشىنى « ئىشقا بۇيرۇغان » ھېسابىدا ئەمەس، بەلكى « باج تۆلىگەن » قاتاردا كۆرىدىغان ئىش ھېسابىدا ھېسابلىغان بولۇشى مۇم-كىن. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايتتۇق. ئەگەر خەنزۇلارنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىدۇ، دەپ ئەيىبلەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا يەرلىك ئۇيغۇرلا، تاجىكلار، ھەتتا قىرغىزلار ئىچىدىكى كىچىك ئەمەلدارلارمۇ، ئوخشاشلا خەلققە يامان مۇئامىلە قىلاتتى.

ئەتىسى، يەنى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەڭ مۇشەققەتلىك بولدى. ئارايك، تيېرمان ۋە گېبىالگېنلار مۇز تاغقا ئالتە

www.uyghurkitap.com

كۆندە چىقىش نىيىتىدە ، ئالتە كۆنگە يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك ئالدى . ئۇلار مەشھۇر شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن① ئىلگىرى قىلغاندەك ، ئوزۇقلۇق ۋە لازىملىق نەرسىلەرنى بىر قوتازغا ئارتىپ پەرىنچى قونالغۇغا باردى . ئۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 17 مىڭ 500 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى . روزابەگ بىلەن مەن ئۇلارغا يىراقتىن ئەگەشتۇق . بۇ قېتىمقى تاغقا چىقىش ئېكسپېدىتسىيە جەريانىنى ئارايىك ئۆزىنىڭ كىتابىدا ناھايىتى تولۇق ، تەپسىلىي تەسۋىرلىگەن ، شۇڭا مەن سۆزلەۋاتقان مەزمۇننى داۋام قىلىش مەقسىتىدىلا قىسقىچە تونۇشتۇرماقچى ، شۇنىڭدەك بۇ ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا ئۆزۈم قىلغان بەزى ئىشلار ھەققىدە ئاز ـ تولا چۈشەنچە بەرمەكچىمەن .

يانبۇلاق دېڭىز يۈزىدىن 14 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى جاي بولۇپ ، يەنە ئۈچ يېرىم مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىككە چىقساق ، ئاندىن بىرىنچى قونالغۇغا باراتتۇق . چوققىدىن چۈشكەن مۇزلۇق يولىمىزنى توسۇپ ، بىزنى ئاستى تەرىپى بىلەن تۆۋەندىكى تاغ چوققىسىنى ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى . تېخى يۇقىرىغا ماڭماستىلا ، بۇ تاغ چوققىسى بىزگە ئۆزىنىڭ ھەتتا مەن قاراشتىنمۇ قورقۇدىغان چوڭ تۆپىلىكىنى نامايان قىلدى . تۆپىلىكنىڭ يانتۇلۇقى ئاستا ـ ئاستا ئېگىزلەيتتى . ئۇزۇن ئۆتمەي ماڭا ئېگىزلىك تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى . مەن ئېكانقەدەر ئارايىك دەپ بەرگەن ئاستا سۈرئەت بىلەن بىر خىلدا مېڭىشقا تىرىشتىم ، ئېگىز ، تىك چوققىلارغا چىققان چاغلاردىكىگە ئوخشاش ۋاقىت ھېسابلىدىم . بۇنىڭ بىلەن پىكرىم چېچىلىپ ، قەدەم ئېلىش رىتىمىم نورمال بولاتتى . روزابەگنى ئاستىراق مېڭىشقا ئۈنىتماقچى بولۇپ ئۈرۈنۇپ باقتىم ، لېكىن ئۇ تېز ـ تېز مېڭىپ ، بىر يەرلەرگە بارغاندا ئولتۇرۇپ ئۇزاقراق ئارام ئېلىشنى ياخشى كۆرەتتى . سائەت ئون ئىككى يېرىم بولغاندا ، ئارايىك ، بىل تېيىرمانلار جىق ئۇزاپ كەتتى ، قارىسىمۇ كۆرۈن-

---

① شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن 1894 ـ يىلى باھار ۋە يازدا بىرقانچە قېتىم مۇز تاغقا چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن ۋە ئۇنى مۇز تاغ ئاتا ، دەپ ئاتىغان . لېكىن ، ئۇ چوققىسىغا چىقالمىغان .

ـدى . كېيىن ئۇلار زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ئازراق پەسكە چۈشۈپتۇ ـ دە ، قوتاز بىلەن ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ھېرىپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ . گېپالگېن ئۇلارنى سۆيلەپ تېز ماڭدۇ. رۇپتۇ ، ئەمما شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلار زادىلا ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ . باشقا ئامال بولمىغاچقا ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۆزىمىز يۈ. دۈپ ماڭدۇق . يۈكنىڭ ھەممىدىن ئېغىرىنى گېپالگېن باشقا زاڭزۇلارغا ئوخشاش بېشىغا قويۇلغان چەمبىرەك ئۈستىگە ئېلىپ ماڭدى . مەن كى. چىكرەك بىر بوپىنى يۈدىدىم . بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر نەرسە يۈدۈپ مېڭىشىم ئىدى . تاغقا چىققۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بىرىنچى نومۇرلۇق قونالغۇغا قەدەر ئۆزىنىڭ ئوزۇقى ۋە نەرسىلىرىنى يۈ. دۈپ مېڭىش ئارتۇقچە بىر يۈك بولۇپ ، ئادەمنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋې. تەتتى . مېنىڭ بولسا قوتازدىن پۈتۈنلەي رايىم قايتتى . چېدىر تىكىلىپ چاي قاينىتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، روزابەگ بىلەن مەن قەدىمىمىزنى تېزلەتتۇق . كەينىمىزگە يانغاندا ، كۆڭلۈم ئاجايىپ بىر خىل بولۇپ كەتتى . ئارايىكنىڭ ئۆزى يالغۇز ، كۆك ئاسمانغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ بىز بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ خۇشلاشقانلىقىنى كۆرگىنىمدە ، نېمىشقىدۇر ئىچىمگە نامەلۇم بىر قورقۇنچ ۋە ۋەسۋەسە كىرىۋالدى .

بىز قونالغۇغا ئۈچ سائەتتە ئاران يېتىپ كەلدۇق . يول بويى شې. غىل تاشلىق يوللار بىلەن ماڭدۇق ، مۇزلۇقنىڭ ئاستى تەرەپتىكى يولدىن يەنە ئۆتتۇق . تاغ ئارىلىرىدىكى جىرالاردا مۇز تاغدىن ئېرىپ چۈشكەن سۇ بىلەن ئېقىنى تېز ئېقىنلار ھاسىل بولغانىكەن . بىرىنچى ئېقىندىن ئۆتكەندە ئايىغىمنى سېلىپ ئۆتكەنىدىم ، سۇ سوغۇق ئىكەن ، يەنە كې. لىپ ئۇچلۇق تاشلار پۇتۇمنى ئاغرىتىۋەتتى ، شۇڭا كېيىن ئايىغىم بىلەنلا ئۆتتۈم . كىگىز ئۆيگە كەلگەندە ، قاتتىق ھېرىپ ـ چارچاپ ۋە ئۇسساپ كەتكەنىدىم . مەن قىزىق چاينى پۈۋلەپ سوۋۇتۇپ كەينى ـ كەينىدىن بىر نەچچە قاچا ئىچتىم . بۇ يەردە ھەممە ئادەم ماڭا بەكمۇ كۆيۈندى ۋە ئوبدان خەۋەر ئالدى . ياشانغان نىيات شاھ پۇتلىرىمنى ئۇۋۇلاپ قويدى . قىرغىز ئايال يېمەكلىكلەرنى ھەدەپ ئالدىمغا سۈردى ، ئەمما ھېچنېمىگە

www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈم تارتمىدى . بۇ قىرغىزلار بەلكىم ، بىزنى بۇ خەقلەر نېمە دەپ بۇ يەرگە كېلىپ ، مۇز تاغلار بىلەن ئېلىشىپ ،ئۆزلىرىگە جاپا سا-لىدىغاندۇ ؟ مانا ، ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئېنىق تۇرمامدۇ؟ دەپ ئويلىغاندۇ . ئۇلار بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمايدۇ . كېيىنكى ئۈچ كۈنىدە، مەن ئەتراپتىكى تاغلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ، ئارايكىنىڭ قارىسىنى كۆرەر-مەنمىكىن ، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئارايكىلار چىقمىز ، دەپ ماڭغان مۇز تۆ-پىلىككە دۇربۇندا قارىدىم . ھەرخىل نۇقتىلاردىن تۇرۇپ قارىغان بول-ساممۇ ، قارا رەڭلىك قىيانىڭ تاشلىرى ۋە مۇزدىن بۆلەك نەرسە كۆرمى-دىم .

بىر قېتىم روزابەگ ۋارقىرىدى :

— قاراڭ ، ئەنە ئۇلار !

مەن دەرھال ئۇ كۆرسەتكەن جايغا قارىدىم . كىم بىلسۇن ، ئۇ كىچىك ـ كىچىك ئۈچ پارچە قارا رەڭلىك قىيانى تاغقا چىققۇچىلار ، دەپ قاپتۇ . بۇ قىيا تاشلار ئۇنىڭدىن بۇرۇن مېنىمۇ ئالدىغانىدى . بۇ كۈنلەردە ھاۋا ئاجايىپ ئوچۇق ، ئاسمان سۈپسۈزۈك ئىدى ، ئەمما شامال توختىماي چىقىپ تۇردى . مەن كىگىز ئۆيدە تاماق يەۋېتىپ ، بۇنىڭ ئادەمنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان بىر « مۇراسىم » ئىكەنلىكىنى بايقاپ قال-دىم . چۈنكى ، مەن تاماق يەۋاتقاندا ، باشقىلار مېنىڭ ھەربىر ھەرىكى-تىمگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى ۋە ئۆزئارا كۇسۇرلىشاتتى . نىيات شاھ ماڭا بەك كۆڭۈل بۆلەتتى ، ھېچ ئىش قىلالمىسىمۇ ، يېنىمدا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇراتتى . مەن ئۇنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشنى ئويلايدىغانلىقى ، لېكىن بۇنىڭ چارىسىنى تاپالمايۋاتقانلىقى ، ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيۋاتقانلىقى ، شۇڭا پەقەت ئىقتىدارسىز مىكياندەك ، ماڭا يېقىن تۇرۇپ ، مېنى مۇھاپى-زەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم . مەن كۆپىنچە كىشىلەردىن قېچىپ چېدىرىمغا كىرىۋالاتتىم . لېكىن ، ئۈچ بالا كەينىمگە كىرىۋالاتتى . كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرغان چاغلىرىمدا ، ئۈچى بېشىنى بىريەرگە قىلىپ پىچىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشەتتى .

بۇ يەردىن بەش ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا سۇباش داۋبەنى بار

ئىدى . ئۇ يەردىكى ساقچىلارنىڭ مەسئۇلى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى سۈ-رۈشتە قىلىپ ، ئىككى قېتىم بىزنى يوقلاپ كەلدى . ئۇلارنىڭ مېنى ئايال كىشى ، دەپ كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە ، گېپىمنى ئوڭشاپ قىلالمايلا قالدىم . ئۇ بىزنى ئىككىنچى قېتىم يوقلاپ كەلگەندە ، 30 نەچچە ئىنگلىز ملى نېرىدىكى يەنە بىر ساقچى ئالغاچ كەل دېگەن ، دەپ مەندىن دورا سورىدى . مەن ئوردو چە بىرنەچچىلا سۆز بىلەتتىم ، مېنىڭچە بىچارە نىيات شاھمۇ ھېچقانچە بىلمەيتتى ، شۇڭا ئۇنىڭ بېشى ئاغرىمدۇ ياكى بېشى يارىلانغانمۇ بۇنىڭغا دىئاگنوز قويۇشقا بەك قىينال-دىم . ئاخىر بېشى يارىلانغان بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئازراق دورا ۋە بىر ئورام چاپلايدىغان دورا بەردىم . يۇسۇپنىڭ تىرنىقى چىقىپ كەتكەندىن بۇيان ، ھەر قېتىم سەپەرگە چىققاندا ، ئۆزۈم ياسىۋالغان كىچىككىنە قۇ-تامغا زۆرۈر لازىملىق دورا سېلىپ ئېلىۋالىدىغان بولدۇم . ئەمما ، بۇ نۆ-ۋەت ئېكسپېدىتسىيىگە چىققاچقا ، قىرغىزلار ئۈچۈنمۇ ئازراق دورا ئې-لىۋالغان ، باش كونسۇلخانا دوختۇرىدىن بۇ دورىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرىنى بىلىۋالغانىدىم . مېنىڭ دورا ئېلىۋالغانلىقىم كىشىلەر-نىڭ قۇلىقىغا قانداق يەتكەن بىلمىدىم ،بارغانلا يېرىمدە راست ياكى يال-غان ئاغرىق بولسۇن ، بىرمۇنچە ئادەم كېسىلىمنى كۆرۈپ قويۇڭ ، دورا بېرىڭ ، دەپ كېلەتتى . ئويلايمەنكى ، ئېھتىدائىي رايونلارغا بارغان ھەر قانداق بىر ساياھەتچىلەر مۇشۇنداق ئىلتىماسلارغا ، ياردەمگە ئېرىشىش ئۈمىدىگە ، شۇنداقلا مۇشۇنداق تەسىرلىك ئىشەنچكە دۇچ كېلىشى مۇم-كىن . بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا ، ماڭا قانداق كىشىلەرنى ئاسپىرىن دې-گەن دورىنى بېرىپ يولغا سېلىشمىغا ، قانداق ئەھۋالدا ئامالىم يوقلۇقىنى ئىقرار قىلىشىمغا توغرا كېلەتتى . قارىغاندا ، قىرغىزلار ئارىسىدا ناھايىتى ئېغىر كېسەللىك يوقتەك قىلاتتى . ئەمما ، مېنىڭ « كېچىلىك ئامبولاتو-رىيە » مدە مېنىڭ مۆجىزە يارىتالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىدىغان ساقايماس بىر ئىككى كېسەل كەم بولمايتتى ياكى يىرىڭلىق ئىششىق ، يارا ئېغىزى يۇقۇملانغان كېسەللەر بولاتتى . ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى پاكىز يۇيۇپ تېڭىپ قوياتتىم . لېكىن ، مېنى ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى باش ئاغ-

www.uyghurkitap.com

رىقى ياكى ئاشقازان كېسلى بارلىقىنى ئېيتاتتى . مەن گاھىدا مۇشۇ سىرلىق ۋە بىكارلىق ئاق دورا پاراشوكى مۇشۇنچە كۆپ كېسەللەرنى قوزغاپ قويۇۋاتامدىغاندۇ، دەپمۇ گۇمانلىناتتىم. ئەگەر بىرەر كېسەلنىڭ ۋاسپالىنىيە بولغان كۆزىگە دورا تېمىتىپ قويسام، بۇ كېسەل توساتتىن « تارقىلىپ » كېتەتتى . ئەرلەر كېلىپلا ئالدىمدا يىتتۇېلىپ ، ئاغرىق باردەك قىلمايدىغان كۆزلىرىنى بىچارىلەرچە قىياپەتتە كۆرسىتەتتى . ۋەھالەنكى، مەن ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان سېستىرالىق خىزمىتى قىلىۋاتاتتىم . ئاقساق ـ چولاق ، قارىغۇلارنىڭ دەردىگە يېتەلمەي ئىچ ئاغرىتىپ كېتەتتىم ؛ ئۇلارغا قىلغان ئاددىي تېببىي ياردەملىرىممۇ ، بەزىدە بىھۇدە ۋاقىت ئىسراپ قىلىش بولاتتى. ئەمما، ئانچە چوڭ كېسلى يوقلار ئازراق ئاسپىرىن بەرگىنىم ، كۆزىگە دورا تېمىتىپ قويغىنىمدىنمۇ خۇشال بولاتتى ۋە بۇ ئىشىمدىن ھەۋەسلىنەتتى . بەلكىم بۇ دورىلىرىم بەزىدە ئاز ـ تولا پايدا قىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن .

يانبۇلاقتا ئۇچراتقان ئەڭ ئېغىر كېسەل، بىر بىچارە بالىنىڭ كېسلى ئىدى . ئۇ بالا قىزىقىپ يەردىن گراناتقا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى تېپىۋېلىپ ئوينىغانىكەن ، پارتلاپ تۆت بارمىقى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ ، يۈزىمۇ يېنىك يارىلىنىپتۇ . بۇ 1945 ـ يىلدىكى توپىلاڭدا پارتلىماي قالغان گرانات پارچىسى بولسا كېرەك . دادىسىغا بالىنى قەشقەرگە ئاپىرىپ داۋالىتىشنى كۈچەپ دەۋەت قىلدىم ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇ يىراق يەرگە بارغۇسى كەلمىدى. مەن نائىلاج قولۇمدىن كېلىشىچە ئازراق سەۋەب قىلىپ قويدۇم . لېكىن ، بۇ نېمىگە دال بولىدۇ ، دەيسىز؟

مەن يانبۇلاقتا قالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ، روزابەگ ، ئامىرىخاننى ئېلىپ مۇز تاغنىڭ ئىككى ئومۇرتقىسى ئارىلىقىدىن چۈشكەن مۇزلۇققا باردىم . مۇز چوكىلىرى ئارىلىقلىرى ۋە مۇز ئەينەكلىرى ئارىسىدا ھېچ تەجرىبىسىز يوق ئۈچ ئادەم قورقۇپ ، تىترەپلا يۈردۇق . ئىككى بالا يۇقىرىغا چىقىپ باقايلى ، دەپ تۇرۇۋالدى ، ئۇلارغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ، مەن ھېچنېمە قىلالمايتتىم . ئىككى چوققا ئومۇرتقىسى ئارىلىقىدىكى ئوقۇر شەكىللىك جايدا دەم ئۈزۈلگەن ، دەم تۇتاشقان بىر مۇزلۇق قېلىن

قار بىلەن قاپلانغان مۇز تاغ ۋادىسىنىڭ ئېغىزىغا بارغان ، مۇز تاغ ۋا-
دىسى تېخىمۇ ئېگىز جايدا بۇ ئىككى مۇزچوققا ئومۇرتقىسىغا تۇتىشىپ
كەتكەنىدى . باش ئۇستىمىزدىكى جەنۇبقا قارىغان تەرەپتە ئاساسىي مۇز
چوققا ئومۇرتقىسى كۆككە تاقىشىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . تۇرۇپ -
تۇرۇپلا يۇقىرىدىن قار گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ، ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك
ئاۋازى يەر - جاھاننى لەرزىگە سالاتتى ؛ قارلارنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشك-
ىنىنى كۆرۈپ تۇرۇشۇمغىلا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . چوققىنىڭ
ۋادىسى تەرەپكە چىقارمەن ، دەپ ئويلىغانىدىم . بىراق ئارغامچا ، ئۆتۈك ،
ئەڭ مۇھىمى يەرشەكلى ۋە تاغقا چىقىش ھەققىدە ساۋادىم يوق بولغانلىقى
ئۈچۈن ، تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم . بىز مۇزلۇقنى ئايلىنىپ
شىمال تەرەپتىكى تىك ، شېغىل تاشلىق يارلارغا چىقتۇق . قەدەمدە بىر
سىرىلىپ ، ئەتراپتىكى ئانچە چىڭ بولمىغان تاشلارنى تۇتۇپ تەسلىكتە
يۇقىرىدىكى قىيا ئومۇرتقىسىغا چىقتۇق . ئۇ يەردە بولكا ، قېتىق ، قۇرۇق
ئۈزۈم بىلەن قورساقنى توقلىدۇق . ئۇنىڭدىن كېيىن روزابەگ مەن بىلەن
يەنىمۇ ئېگىزگە چىقىشقا ئۇنىدى . مەندە ئالاھىدە نىشان - مەقسەت بول-
مىسىمۇ ، پەقەت بىكار قالماسلىق ئۈچۈن ئۇ يەرلەردە ئوبدانراق مەنزىرى-
لەرنى كۆرەرمەنمىكىن ، دېگەن ئوي بار ئىدى . چۈنكى ، قونالغۇدا يالغۇز
ئولتۇرسام مېنى غەم ، ئوي بېسىۋالاتتى . كۆڭۈل ئىكرانىمدا تاغقا چىقىپ
كەتكەن ئۈچەيلەن ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن خەتەرلىك ئەھۋالغا يولۇق-
قان كۆرۈنۈشلىرى ئۈزۈلمەي كۆرۈنەتتى .
مۇناسىۋەتلىك رەسىملەر قوشۇمچە قىلىنمىسا ، مەنزىرە تەسۋىرىمۇ
چەكلىكلا بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ . خۇددى نۇقتا ۋە نۇر ئوبدان تاللى-
نىپ تارتىلغان سۈرەت ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى نامايان قىلغاندەك ،
سۆزلەرنى ئىنچىكىلەپ تاللاپ ، لايىقىدا ئىشلەتكەندە ، ئاجايىپ چىراي-
لىق ،تەسىرلىك جۈملىلەرنى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ . لېكىن ، مەيلى يې-
زىقتا ، مەيلى سۈرەتتە بولمىسۇن ، كىشىلەرنىڭ شۇ مەيداندىكى بىۋاستە
كەيپىياتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش ، ئۇلارنىڭ ماكان ، ھاۋا ، رەڭگە
قارىتا تەسىرات ۋە ھېسسىياتىنى جايىدا تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس .

www.uyghurkitap.com

ئاپتور ياكى فوتوگرافنىڭ ئۆز ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئەتراپلىق ئىپادىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس . مەن ئىمكانىقەدەر پۈتۈن مەنزىرىنى تەسۋىرلى- مىدىم ؛ جۇغراپىيىلىك ھالەتلەرنى تەسۋىرلەشمۇ ھەم كەسپىم دائىرىسىگە كىرمەيدۇ . يەنە كېلىپ ئاجايىپ پاسائەتلىك سۆزلەر بىلەن پوئېزىيىلىك تەسۋىرلەرنى يېزىشمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ . ۋەھالەنكى ، بۇ رايوننىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان دە- رىجىدە بولۇشى ، بىزنىڭ بۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ كۆرۈش ھەۋىسىمىزنى قوزغىغان ئاساسلىق سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى ئاز ـ تولا تەس- ۋىرلىمىسەممۇ تازا قاملاشمىغۇدەك .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، مەن دېڭىز يۈزىدىن 17 مىڭ ئىنگ- لىز چىسى ئېگىز مۇزلۇق چوققا ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم . چەكسىز گۈزەل ، جانلىق ۋە ئىنتايىن ئېنىق مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىچىم ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدۇم . شىمال تەرەپتە ئاق قاردىن لىباس كىيگەن ، بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىشىپ ۋە مۈرىدىشىپ قاتار تۇرغان قوڭۇر چوققىلىرى قەد كۆتۈرگەن . چۈنكى ، ھەر بىر چوققا چېگرىسى ئېنىق ، كۆزگىمۇ روشەن ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چۈشىدۇ ؛ ئوڭ تەرىپىمدە مۇز تاغ چوققىسى يەنە بىر چوققا بىلەن بويى تالىشىپ تۇرىدۇ . پەسكە قا- رىسا ، مۇزلۇق چوققىلار پەسلەپ ۋە سوزۇلۇپ چۈشكەن ، يىراقتىكى مۇزلۇقلار ئارىسىدىكى قوڭۇر رەڭلىك تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ مۇز مۇنارلىرى ۋە مۇز قالپاقلىرىدىنمۇ ئېگىز ، ھەيۋەت كۆرۈنىدۇ . ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئېدىرلىق ئوتلاق رايونغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ جايدىن قارىسا ، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئاق رەڭلىك مۇز مۇنارلار ئاجا- يىپ ـ غارايىپ تۈستە كۆزگە تاشلىنىدۇ ؛ ئۇلار گويا كۆزگە كۆرۈنمەس دەريادا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ، ئۇپۇق سىزىقىدا ئاران ـ ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق يەلكەنلەرگە ئوخشاش ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ . غەرب تەرەپتە بولسا ، تۈزلەڭلىك ۋە پاكار ، قارا رەڭلىك ئېدىرلىقلار سوزۇلۇپ رۇسىيە زېمىنىغا كىرىپ كېتىدۇ . مۇزلۇق چوققىلار ئارىسىدا تەبىئەتنىڭ بۇ تەڭداشسىز ھەيۋەت ، كۆركەم مەنزىرىسىنى كۆرۈپ تولىمۇ مەغ-

ۇرلانـدىم ، شۇنداقلا ئۆزۈمنى شۇنچىلىك كىچىك ، ئەرزىمەس ھېس قىلدىم .
بۇ كۆركەم مەنزىرىنى ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈپ تۇرالمايتتىم . چۈنكى ، بۇ يەرگە چىققىنىمىزدىن تارتىپ شامال چىقىپ ، سوغۇق بەدەنلىرىمىزنى چېقىپ بىئارام قىلىۋاتاتتى . ئامرىخان تۆزلەڭلىكتە چوڭ بولغان بالا بولۇپ ، ئۆمرىگە كېلىپ بۇنداق ئېگىز جايغا چىقىپ باقمىغان بولسا كېرەك ، ئېگىز تاغ كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى . تېخى ھېچقانچە ئېگىزگە چىقماستىنلا ، ئۇنى ئۇيقۇ باستى ، مېنىڭمۇ بېشىم ئاغرىشقا باشلىدى ، مۇبادا قونالغۇغا قايتىپ بىرەر پىيالە قىزىق چاي ئىچىۋالسام بەك ياخشى بولاتتى . قاتتىق ھارغىنىمدىنمۇ خۇشال بولدۇم . شۇنداق بولغاندا ، قونالغۇغا قايتىپ بالدۇرلا ئۇخلاپ قالاتتىم ــ دە ، ئىچىمدىكى ۋەسۋەسە ، غەم ــ ئەندىشىلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەتتىم .
بىرەر نەرسە يۈدىگەندىن باشقا چاغلاردا ، سۆزمەن ھەمراھ بىلەن مېڭىشنى ياقتۇرمايتتىم ، چۈنكى بۇنداق بولغاندا ، نەگىلا بارمايلى ، ئادەملەر كەينىمىزگە كىرىۋالاتتى . ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ، روزابەگ سۇباشقا كەتتى ، مەن يالغۇز ئايلىنىدىغان ئوبدان پۇرسەت چىققانلىقىدىن خۇشال بولدۇم . نىيات شاھ بۇنىڭغا ئۇنىمىغانىدى ، ئۇنىڭغا يىراققا بارماسلىققا ، شىمالدىكى تاغقا چىقماسلىققا ۋەدە بەردىم . قارىسام « سۇرا » نىڭمۇ قونالغۇدىن قوزغالغۇسى يوقتەك قىلدى ، شۇڭا ئۇنىمۇ ئالمىدىم . ئىككى ئېقىندىن ئاياغ بىلەنلا ئۆتۈپ ، ئاستا مېڭىپ تاغقا چىقىشقا باشلىدىم . باشتا تاشلىق تاغ جىلغىسىغا ، ئاندىن كەڭ ياناغرىغا چىقتىم . ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ، نېمىشقا بۇ چوققىنىڭ ئۈستىگە چىقىمەن ، بۇ ھېچنېمىدىن ــ ھېچنېمە يوق كۈچنى زايە قىلغانلىق ئەمەسمۇ ، يە بۇنىڭ بىرەر پايدىسى بولمىسا ، يەنە كېلىپ ھەر قانچە كۈچ سەرپ قىلغان بىلەنمۇ ، بۇنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى ، مەنىسى زادى نەدە ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ماڭدىم .
قونالغۇمىزنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە

چىقىپ ، تونۇگۈنكىدەك ئېگىز جايدىن كۆركەم مەنزىرىنى تاماشا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم . بۇ قېتىم كۆرگەن ئۆزگىچە مەنزىرە ئاينىڭ ئاستىدىكى كەڭ ۋە ئاجايىپ چىرايلىق كۆل بولدى . شامال چىقىۋاتات-تى ، باش ئۈستۈمدە قۇرغۇيلار ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك پەس ئۇچۇپ يۈرەتتى ؛ ھەيۋەتلىك كۆركەم مەنزىرە ، تەسۋىرلىگۈسىز جىم-جىتلىق شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى ، ئادەمدە بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى ، شۇنداقلا تۈرلۈك ئوي - خىيال پەيدا قىلاتتى . قۇياش پاتاي دېگەندە تاغدىن چۈشتۈم .

ئارايكتىن ئايرىلغىنىمغا ئۈچ كۈن بولدى ، لېكىن بۇ ۋاقىت ماڭا تولىمۇ ئۇزۇن بىلىندى . يولدا كېلىۋېتىپ ئۇلارنى خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم . ئۇلار بۈگۈن قايتىپ كېلەلمەيدۇ ، دەپ ئويلىدىمىيۇ ، نېمىشقا بۈگۈن قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنىڭ قايىل بولارلىق سەۋەبىنى تاپالمى-دىم . قونالغۇدا ئەگەر چېدىر تۆت بولۇپ قالسا ، بۇ ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم . لېكىن ، ئۇ يەردىكى ئۈچ چېدىرنى كۆرۈپ ، بىراقلا بوشىشىپ كەتتىم .

بىر چاغدا ، مەن تەرەپكە ئاقساپ كېلىۋاتقان نىيات شاھقا كۆزۈم چۈشتى . ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئادەم بار ئىدى . ئارايكنىڭ ئالدىمغا كې-لىۋاتقانلىقىنى بىلگىنىمدە ، ھېچنېمىگە قارىماي يۈگۈردۈم . ئۇنى كۆرۈپلا خۇشاللىقىمدىن بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى . ئۇھ ، ئامان - ئېسەن قايتىپ كەپتۇ ، دەپ يۈرىكىم جايىغا چۈشتى . بايىقى ۋە ھازىرقى خۇ-شاللىقىمدا ، ئارايك بىلەن بىللىنىڭ پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكەنلىكىگە خېلىدىن كېيىن دىققەت قىپتىمەن .

ئۇ ئىككىيلەننىڭ پۇتى ئۇششۇپ قاپتۇ . بىللىنىڭ يېنىكرەك ئى-كەن . ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمنى بېسىۋالدىم - دە ، ئۇلارغا چاي ۋە تاماق تەييارلاش بىلەن بولۇپ كەتتىم ۋە ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى شۇندا بايقىدىم . ئارايك كېلىپلا مېنى ئىزدەشكە ئادە-رىخانىنى ئەۋەتىپتۇ . ئەسلىدە گېپىالگېن نەرسە - كېرەكلەرنى ساقلاپ مۇز تاغدا قالغان ، ئارايك بىلەن بىل قاتناش قورالى تېپىش ئۈچۈن قونالغۇغا

كەلگەنىكەن. بابا مېنىڭ ئۈچ چېدىر كۆرگىنىمنى بۇ ئىش ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بەردى. بىر دەمدىن كېيىن، گېيالگېنمۇ قايتىپ كەلدى. مەن تونۇشقاندىن بېرى ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ «ئازراق ھارغان» لىقىنى تەن ئالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ شۇنچىلىك ھېرىپ كەتكەنىدىكى، كۆڭلى تاماقمۇ، چايمۇ تارتمىدى.

ئۇلارنىڭ تاغقا چىقىش ئەھۋالىنى كېيىنرەك بىلدىم. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. چوققىغا ئاز قالغاندا، مۇز تاغ ئۇلارنى تۈگەشتۈرۈپتۇ. مۇزلۇق چوققىنىڭ گۈمبەزسىمان چوققىسىغا بارىدىغان يول ناھايىتى ئۇزۇن ھەمدە قار قاپلىغان چوڭ قىيپاش يانباغىر ئىكەن. بۇ ئۈچەيلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى مەدەت بېرىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە بۇ يولنى تۈگىتىپتۇ. 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى ۋە چوققىغىچە يەنە قانچىلىك يول بارلىقىنى بېكىتىشكە ئامالسىز قاپتۇ. ھېرىپ پۈتۈنلەي ھالىدىن كېتىپتۇ. مەن تېخى خېلىلا پەستىمۇ شامالنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان ئاچچىق سوغۇقىنى خېلى تېتىدىم. ئېگىزدە شامالمۇ قاتتىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئارايىك قونالغۇغا قايتقاندا، ئاندىن پۇتىنىڭ ئۈششۈپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. روشەنكى، بۇ ئۇلارنىڭ چوققىغا قايتا چىقىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى، يەنى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۇلار كەينىگە يېنىپ تاغدىن چۈشۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇ چاغدا، مەن ئۇلارنىڭ تاغقا چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن ئېچىنماستىن، ئۇلارنى قايتا كۆرەلىگىنىم ئۈچۈن خۇداغا مىڭ شۈكۈر ئېيتتىم. ئەمما، ئارايىك بىلەن بىلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مەغلۇبىيەتلىك بىر تاغقا چىقىش پائالىيىتى بولدى. ئارايىكنىڭ پۇتىنىڭ ئۈششۈپ قېلىشى ئۇلارنىڭ كېيىنكى پىلانىنىمۇ يوققا چىقاردى. ئەمدى بىزنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالىمىز قەشقەرگە قايتىپ كېتىش بولۇپ، قانچە بالدۇر كېتەلىسەك شۇنچە ياخشى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئون بىرىنچى باب

# داۋان

ئارايىكنىڭ سول پۇتىنىڭ جىمى بارمىقى ئۇششۇك يارىسىدىن قا-رىداپ كەتتى ۋە سۇ كۆپۈپ چىقتى. ئارىمىزدىن ھېچكىم بۇنى داۋالاش-نىڭ توغرا ئۇسۇلىنى بىلمەيتتى. باشقا يەرلىك كىشىلەر قىرغىزلارنىڭ يەرلىك ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ بېقىشنى مەسلىھەت بەردى. ئۇلار پىشلاق بىلەن ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئارىلاشتۇرۇپ، قارىسا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئې-لىشقۇدەك مەلھەم ياسىدى، بۇنى بىر قېتىملا چاپساڭلار ئۈنۈمى بولىدۇ، بۇنىڭ پايدا قىلمىغىنىنى كۆرمىدۇق، دەپ تۇرۇۋالدى. بىر قېتىم چاپ-قاندىن كېيىن، ئارايىك ئىككىمىز بۇ مەلھەمنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىدىن گۇ-مانلاندۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ پۇتىغا سۇلفانىلامىد مەلھىمىنى سۈرۈپ قويدۇم. ئارايىكنىڭ پۇتى ئۇنچە ئاغرىمىدى، لېكىن بىلىنىڭ پۇتى يېڭى ئەت چىققىدىغان چاغدا بىر ـ ئىككى كېچە قاتتىق ئاغرىپ ئۇنى كۆز يۇمغۇزمىدى. تاغقا چىققان ئۇچەيلەنىنىڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىر قانچە كۈن قولىشىپ ئارام بەرمىدى. ئارايىك، مەن بىر قانچە قېتىم تاغ ۋە چوققىغا چىقىپ، بۇ قېتىمدىكىدەك قاتتىق سوغۇقنى ۋە سۆڭەك ـ سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامالنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم، دېدى.

بىز يانبۇلاقتا بىر كۈن دەم ئېلىپلا، سۇباشقا يۆتكەلدۇق. ئۇ يەرنىڭ بېگى بىلەن ساقچى باشلىقى بىزنى مېھمان قىلىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغانىكەن.

بۇ يەر قىرغىزلارنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر چۆشكۈنى ئىكەن، بەگ-نىڭ كىگىز ئۆيى بىز كۆرگەن كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ

چىرايلىقى بولۇپ ، پاكىز ، ناھايىتى كاتتا ، بەكمۇ رەڭدار ، چوغدەك بېزەلگەن بۇ كىگىز ئۆي بىلەن ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدىغان ساقچىخانا ئىشخانىسى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ئىدى . ساقچىخانىغا رەسمىيەت يۈزىسىدىلا پەتە ئوقۇپ قويدۇق . بەگنىڭ ئۆيىدە غۇلجا قوشقىرى ( ماركوپولو قويى ) ①نىڭ گۆشىنى يېدۇق . بۇ گۆش بەك تاتلىق ئىكەن ، تاجىك ساقچى باشلىقى ئۆزىنىڭ ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ دائىم تاغلاردىن بۇ ياۋايى ھايۋاننى ئوۋلاپ يەيدىغانلىقىنى ئېيتتى .

سۇباشتا كىگىز ئۆينى چۇۋۇغاننى تاماشا قىلدۇق . سىرتتىكى كىگىز ئېلىۋېتىلسە ، ئىچىدىكى جىمى نەرسە مانا مەن ، دەپ كۆرۈنۈپ قالىدىكەن . ناھايىتى مۇرەككەپ شەكىلدە قوراشتۇرۇلغان جازا ئۈست ـ ئۈستلەپ قاتلاپ ئېلىنىپ ئۇلاغلارغا ئارتقۇدەك چىڭ ، ئىخچام تېگىلىدىكەن . كىگىز ئۆينى ئىچىدىن جازىلارغا چىڭ باغلاپ پۇختىلايدىغان ، قولدا توقۇلغان تاسمىلار ئاددىي ، ئەمما چىرايلىق ، ئۆزگىچە ئۇسلۇپتا بولۇپ ، بۇنىڭدىكى ئۆي ئىگىلىرىنىڭ تەبىئىي ، ئېسىل ھەۋىسى ۋە تەبىئىي رەڭلەرنى ياخشى كۆرۈشتەك پەزىلىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . بۇ ، مەن قەشقەردە كۆرمىگەن بىر خىل ئېستېتىك زوق ـ ھەۋەس ئىدى . قىرغىزلار كىگىز ئۆيلەرگە ئىشلىتىدىغان قېنىق قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك تاسمىلارنى توقۇغىنى بىلەن گىلەم توقۇماس بولۇپ قالغانلىقىنى تەن ئالدى . ئۇلارنىڭ نېمىشقا گىلەم توقۇماس بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا بىلەلمىدىم . خەنزۇلار توقۇغان گىلەملەرنىڭ رەڭگى تۇتۇق ، لايىھىلىنىشىمۇ ، ئۇسلۇبىمۇ قاتمال ، سۈپىتى ناچار ئىدى . لېكىن ، مۇشۇنداق گىلەملەرنىڭ قىرغىزلارنىڭ ئۆيىگە كىرىشى گويا بىر پاجىئە ئىدى .

---

① غۇلجا قوشقىرى ـ بۇ قوشقارنىڭ مۈڭگۈزى ناھايىتى يوغان ھەم بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ ، تەخسە شەكلىنى ھاسىل قىلغاچقا ، بۇرۇن « چوڭ مۈڭگۈزلۈك قوي » دەپ ئاتىلاتتى . ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ داڭقى چىققان ھەم ماركوپولو قويى ، دەپ ئاتالغان . يېرىم ئەسىرنىڭ ئالدىدا سۋېن ھېدىنمۇ بۇ يەردە بۇ قوشقارنى كۆرگەن .

سۇباشنىڭ بېيى بىزنى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە سېخىيلىق بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە يېگەن تاماقلار پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. لېكىن، قوي سويۇش ۋە تاماق ئېتىشكە بەك ئۇزۇن ۋاقىت كەتتى. قازاندىكى گۆشنىڭ ۋاراقلاپ قاينىشى، مەززىلىك پۇرىقى يېگىمىزنى كەلتۈرۈپ نەپسىمىزنى تاقىلدىتاتتى. ئايال خوجايىن ناھايىتى تەس، مۇرەككەپ بىر خېمىر تامىقى قىلىۋاتاتتى. ھەر قېتىم خېمىرنى قازانغا سالغۇدەك قىلغاندا، بىز ئەمدى قازانغا سالىدىغان بولدى، دەپ تۇرساق، ئۇ خېمىرنى چاسا ۋە ئۇزۇن قىلىپ كېسىپ قايماق ۋە سېرىق ماينى بولۇشىغا سۈركەپ، ئىشنى باشتىن باشلايتتى. تاماق تاييارلىقى بىزنىڭ قېشىمىزدىلا قىلىنىۋاتقاچقا، بىز تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىمىزنى ئامال بار چاندۇرماي ئولتۇردۇق. لېكىن، سائەت سەككىزلەر بولغاندا، ئەر ۋە ئايال خوجايىنلار شورپىنى پىيادەپ ئىچىپ گۆشنى ماچىلدىتىپ چاينىغىلى تۇردى. ئۇلار كۈندۈزى روزا تۇتقانىكەن، شۇڭا باشتا ئازراق نەرسە يەۋالمىسا، ئەلۋەتتە بولمايتتى. بۇنىڭغا باشقىچە پىكرىمىز يوق ئىدى، لېكىن ئۇزۇن كۈتۈشتىن تاقىتىم تاق بولدى. ئاخىر داستىخان سېلىنىپ، قولىمىزنى يۇيۇشقا سۇ بېرىلدى. ئۆيىمۇ مېھمانلار بىلەن تولدى. تاماق بىتاقەت بولغىنىمىزغا ئەرزىيدىغان، ئوخشىغان تاماق ئىدى. قايماق، سېرىق مايلىرى راسا تېتىتىلغان، تىترەپ تۇرىدىغان تۇرۇم - تۇرۇم بۇ تاماق شۇنداق تېتىپ كەتتىكى، ئىلگىرى بۇنداق ئوخشىغان بۇ خىلدىكى تاماقنى زادىلا يېمىگەنىدىم. يۇمۇلاق كىگىز ئۆيدە پىلىكى ئىنچىكە جىن چىراغ لىپىلداپ يېنىپ، ئۆينى خىرە يورۇتۇپ، بىر خىل سېھىرلىك مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. كىشىلەرنىڭ قارسىلدىتىپ ئۇستىخانلارنى سۇندۇرۇش ۋە چاينىشى، يېگەن تاماقتىن مەمنۇن بولۇپ كېكىرىشلىرى ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ۋە يېقىملىق ئاككوردلاشتۇرۇلغان مۇزىكا ھاسىل قىلغانىدى. تاماقتىن كېيىن تۇزى تېتىپ كەلگەن ئەتكەن چاي ئىچتۇق. بۇ، تەمى قىرتاق زاغزۇچە چايدىن كۆپ ياخشى بولۇپ، ماڭا بەك ياراپ كەتتى. قىرغىزلار چاينى بەك چوڭ كۆرىدىكەن، تولۇق كەتمىسۇن، دەپ ئاياپ ئىشلىتىدىكەن، شۇڭا چاينى سۇس دەم-

لەپ ، ئازراق تۇز ، قارىمۇچ ۋە پۇراقلىق نەرسىلەرنى سېلىۋېتىپ دەملەي-
دىكەن . شۇڭا ، بۇ چاينى ئادەمنىڭ ئىچكەنچە ئىچكۈسى كېلىدىكەن .
بەزى قىرغىزلار ئائىلىلىرىدە تۆزۈككىنە چاي يوق بولۇپ قالسا ، بىزگە
دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن چاي دەملەپ بەردى . ئىنگلىزلارنىڭ چاي
ھەققىدىكى ئۇقۇمنى خىيالىدىن چىقىرىۋەتسىلا ، ئادەم ھەرخىل چايلار-
غىمۇ كۆنىدىكەن . بەگىنىڭ ئۆيىدە چايغا قايماق ، تۇز سېلىنغاچقا بىزگە
بۆلەكچە تېتىپ كەتتى .
بىز پىلانىمىز بويىچە ئەمەس ، نىيات شاھنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن
سۇباشتا بىر كۈننى بىكاردىن ـ بىكار زايە قىلىۋەتتۇق . بىز ئەسلى جىلـ-
غىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كۆل بويىدا قونماقچى بولغان ، بەگىنىڭ تەك-
لىپىنى بىز ئۇنىڭ ئۆيى كۆلگە يېقىن بولغاچقىلا قوبۇل قىلغانىدۇق . كې-
يىن ، بىز ئۆزىمىزنىڭ خاتا قىلغانلىقىمىزنى سەزگەن بولساقمۇ ، بەگىنىڭ
ئۆيىدىن كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدۇق . سۇباشتا نىيات شاھ بىلەن
خوشلاشتۇق . ئۇ تاشقورغانغا قايتىپ كېتەتتى . ئۇنىڭ كەتكىنىگە زادىلا
كۆڭلىمىز يېرىم بولمىدى .
8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ، بىز ئاتلىق يەتتە ـ سەككىز ئىنگلىز
مىلى يول مېڭىپ كۆل[1] بويىغا كەلدۇق . شىنجاڭدا ساياھەت قىلغان
جايلار ئىچىدە مۇشۇ كۆل ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ ، چۈنكى ئۇ ئا-
جايىپ مەنزىرىلىك گۈزەل جاي ئىدى .
شىمال تەرەپتە ، مۇز تاغ قەددىنى مەغرۇر ھالدا تىك تۇتۇپ باش
ئۈستىمىزدە تۇراتتى ، ئۇنىڭ سايىسى زۇمرەتتەك سۈزۈك ، ئەمما تىنىم-
سىز كۆل سۈيىدە جىمىرلايتتى . بۇ مەنزىرە ئالدىدا مۇز تاغ ھەققىدىكى
بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرلەر گويا بىر پارچە ياخشى تارتىلمىغان سۈرەتنى كۆر-
گەن چاغدىكىدەك جانسىز ۋە مۇكەممەل بولمىغاندەك بىلىنەتتى . سۈزۈك
ۋە پاكىز ھاۋا ، قوياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ياپيېشىل تۇرغان ئوت ـ چۆپ-
لەر ، تىپتىنچ كۆل سۈيى ، پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرى ھاسىل قىلغان
مۇكەممەل ۋە ئېسىل مەنزىرە مېنى بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرۈپ ،

---

[1] بۇ مەشھۇر ئېگىزلىكتىكى كۆل سارىقۇل كۆلى ئىدى .

ئاجايىپ مەپتۇن ۋە مەستانە قىلدى. بۇ كۆرۈنۈشنىڭ بىۋاسىتە ۋە كىچىكرەك مەنزىلەر يىراقراق ۋە ناھايىتى يىراقتىكى ھەيۋەتلىك مۇزلۇق، چوققىلار ۋە مۇزلۇقلار ئارىسىدا يارقىن يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ يەردىن قارىسا، مۇز تاغ چوققىسى ئادەمدە تېخىمۇ چوڭقۇر، يەنىمۇ يارقىن تەڭسىر قالدۇراتتى. ئۇنىڭ تەڭداشسىز يېگانىلىقى، چوققا ھالىتى ئىنتايىن روشەن، ئېنىق گەۋدىلىنەتتى. چوققىلارنىڭ ھەيۋەت سەلتەنىتىگە ھۆرمەت بىلەن باش ئەگدىم، ئۇنىڭ باغرىدا يېيىلىپ ياتقان تىنىق سۇلار قەلبىمگە ئارامبەخش ئەتتى. پارلاق قۇياش نۇرى ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتىپ ئاجايىپ ھۇزۇر ـ لەززەتكە چۆمدۈردى. مەن چەكسىز گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن ئېيتقۇسىز لەززەتلەندىم.

مەن پۈتۈن كۈن كۆل بويىدا ياتتىم. باش ئۈستۈمدە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان ياۋا غاز ـ ئۆردەكلەرنى ئېتىشقا تەييار ھالەتتە ياتقاندەك كۆرۈنگىنىم بىلەن مەقسىتىم تەبىئەتنىڭ بۇ سېھىرلىك مەنزىلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئىدى.

چۈشكە يېقىن كۆل سۈيىدە يۇيۇندۇم. سۇ سوغۇق ئىدى. ئەتراپىتا توسۇپ تۇرىدىغان نەرسە بولمىغاچقا، بىر قۇر كىيىممىنى قۇرۇتۇۋېلىشقا بىرلا. بان قىلىۋەتتىم. تىنىق زۇمرەت سۇدا ئۈزۈپ ئويناش، كۆل ۋە مۇز تاغلاردىن ھاسىل بولغان گۈزەل مەنزىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغانلىقتىن، ئۆزۈمنى مۇزلۇق چوققا ۋە كۆلگە تېخىمۇ يېقىنلاشقاندەك، ھەتتا ئۇلارنىڭ باغرىغا، گۈزەل مەنزىرە ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم.

كەچقۇرۇن باشقا بىر كۆلنى ئايلىنىپ چىقتۇق، بۇ كۆل بايىقى كۆلدىن كىچىكرەك ئىدى. بۇ يەردە كەچكى شەپەقنىڭ تاغلارغا قىزغۇچ رەڭ بېرىپ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانلىقىنى، ئاندىن بۇ رەڭلەرنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ، تاغلارنىڭ ئاۋۋالقىدەك ئاقۇش تۈس ئېلىپ پىنھانلىق ھالىتىگە قايتقانلىقىنى تاماشا قىلدۇق. ساقچى باشلىقى بىز بىلەن كۆل بويىدىكى قونالغۇغا كەلگەندىن كېيىن، قىرغاۋۇل ئوۋلىغىلى كەتتى. كەچتە ئوۋلىغان ئىككى قىرغاۋۇلنىڭ بىرىنى بىزگە بېرىۋەتتى.

كېيىن يەنە بىرىنىمۇ گېيالگېنىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇق.

— تاجىكلار بەك پىخسىق خەق، يۈزلىگىنى قىلىپ قىلىپ سوراپ ئالمىساڭ، ئۇلاردىن ھېچنەرسە چىقمايدۇ، — دېدى گېيالگېن كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدە نېمە ئاساسى بارلىقىنى بىلمىدىم، ئەمما بىر قىرغاۋۇلغا ئېرىشكەنلىكىمىزدىن مەمنۇن بولدۇم.

ساقچى باشلىقى بىزنى قوغداشقا ئىككى ساقچىنى قالدۇرۇپ سۇ-باشقا قايتىپ كەتتى. بۇ ئىككى ساقچى خېلى ئوكلۇق، چىقىشقاق ئادەم-لەر ئىكەن، لېكىن كۆپلىگەن يول باشلىغۇچى ۋە ساقچىلىرىمىزغا ئوخ-شاشلا، بىزگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدى. ئەتىسى ئۇلار يۈك ـ تاق كارۋىنىمىزنىڭ ئالدىن مېڭىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئەمما، ئۇلار مېڭىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىزگە تۇيۇقسىزلا سۈيى ئۇلۇغ دەريادىن ئۆتمەسلىك ئۈچۈن، تاغ ئىچى بىلەن مېڭىشنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېگىز تاغ يانباغىرىدىكى چىغىر يول بىلەن ماڭدۇق. ھاۋا ئىسسىپ كەتتى. بىر ساقچى بېرىپ، يۈك ـ تاق كارۋىنىنى بىز ماڭغان يولغا باشلاپ كەلدى.

گۇگۇم مەھەلدە بۇلۇڭكۆلگە كەلدۇق. بۇرۇن ساياھەتكە چىققان چاغلاردىكىگە ئوخشاشلا، شۇنچە قاچساقمۇ، ئىككى ساقچى قويرۇقىمىزدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئامالنىڭ يوقىدىن ھەربىي گەزەرمە قوروسىغا كىر-دۇق. ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بۇ جايدا بەكمۇ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ ھەيران بولدۇق. نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ ئىچىمىز پۇشۇپ تۇرغاندى، توساتتىن بىر ئادەم كېلىپ، بىزنى ئوبدان كۈتۈۋالالمىغان-لىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ، بۇ يەردىكى قوماندان ئالدىنقى كۈنى ئۆلۈپ كەتكەچكە شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۆلۈپ كەتكەن قوماندان، ئۆتكەندە مەن بىر ساقچىدىن ئىچىدىغان دورا ۋە چاپلايدىغان دورا بەرگەن ھېلىقى ئادەم ئىكەن! مىلتىق ئوقى كەينىگە ئېتىلىپ كېتىپ، ئوق پېشانىسىگە تېگىپ مېڭىسىگە كىرىپ كەتكەن-كەن. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئۇنىڭ مۇشۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ھايات يا-شىشى كەم كۆرۈلىدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭغا قىلغان ئەزىمەس

ياردەم يادىمغا كەلدى. لېكىن، شۇنچىلىك ياردەمنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئار-تولا مەنپەئەتى بولغانلىقىدىن سەل تەسەللى تاپتىم.

بىز بۇ ئۆلۈم ئىشىنى باھانە قىلىپ، گەزەرمىدىن يېنىپ چىقىپ، پەس تەرەپتىكى تۈزلەڭلىككە چېدىر تىكىپ جايلىشىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. بۇ يەردە ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، بىز ئادەتلەنگەن ياكى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغان دوستانە ۋە قىزغىن كۈتۈۋېلىشلاردىن ئەسەر يوق ئىدى. كىگىز ئۆيلەر كۆپ ئەمەس ھەم بەك ۋەيرانە ئىدى. كىگىز ئۆيلەردىن ۋە گەزەرمىدىن كەلگەنلەر بىزنى ئورىۋېلىپ تاماشا كۆردى ياكى دورا سورىدى. ھەقىقىي كېسەللى بارلار بوپقالمىسۇن، دەپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالمىدىم. لېكىن، كېسەللەرنىڭ كۆپ قىسمى بىكارغا بېرىدىغان دورىنى ئېلىۋېلىش ياكى مېنىڭ دورا بېرىش ئەھۋالىمنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. بىر خەنزۇ ئەسكەر مېنى داۋالاپ قويۇڭ، دەپ كەينىمگە كىرىۋالدى. گېيالگىن بولسا ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ نېمىلىكىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئاخىر بولماي ئازراق يود بېرىپ قويغانىدىم. ئەسكەر رازى بولۇپ كەتتى. گېيالگىن مېنىڭ بۇنداق ئاددىي داۋالاش ئىشلىرىمدىن قاتتىق بىزار بولدى. چۈنكى، مەن بۇ ئىشلارنى قىلغاندا، ئۇ تەرجىمانلىق قىلىپ يېنىمدا تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئويلايمەنكى، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا بۇ كېسەللەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئاغرىق ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

بۇ خىل ھالەت تاكى بىز بۇ يەردىن كەتكۈچە داۋام قىلدى. ئەتىسى، يۈكلىرىمىزنى ئارتىدىغان ئۇلاغ تېپىشتا شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيانقى ئەڭ قىيىن ئەھۋالغا يولۇقتۇق. يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن ھەربىي قىسىمدىكى ئوفىتسېرلار بۇنى بىر-بىرىگە ئىتتىرىپ بىزنى بەك خاپا قىلىۋەتتى. سائەت ئون بولغاندا، ئىككى تۆگە تېپىپ يۈك-تاقلارنى ئارتىپ مېڭىپ كەتتۇق.

بۇ يول قىسقا، ئەمما مەنزىرىلىك ئىدى. قىنى كەڭ، ئەمما قۇملۇق دەريادىن ئۆتتۇق. كەينىمىز قار-مۇز بىلەن قاپلانغان چوققا ئىدى. غەربتە دۆڭلۈكلەر كۆپ بولۇپ، دۆڭلۈكنىڭ ئۈستى كۆچمە قۇم

بارخانلىرى ئىدى . قۇم كۆچكەندە ، ئاي شولىسى يالتىرىغاندەك بەك سۈزۈك ۋە ئاجايىپ كۆرۈنۈشتە بولىدىكەن . بىر جىراغا كىرىشىمىز بىلەنلا كائىنات يېشىل كىمخاپتىن لىباس كىيدى . تۈپتۈز ئوتلاقتا كىگىز ئۆيلەر قاتار گۈمبەزدەك قەد كۆتۈرگەنىدى . قېتىق تېپىپ ئىچەيلى ، دەپ ئاتلارنى چاپتۇردۇق . تۇيۇقسىز غەلىتە ناخشا ئاۋازى دىققىتىمىزنى تارتتى . گىيالگېن ئادەتتىكىدەك قەتئىي تەلەپپۇزدا ، بۇلار روزىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى تەبرىكلەپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ ، دېدى .

— مەرسىيە ناخشىسى ئوقۇلۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ، بۇ ماتەم كۈيىگە ئوخشاپ كېتىۋاتىدۇ ، — دېدىم مەن .

مېنىڭ چاقچاق ئارىلاش ئېيتقان قىياسىم ، گېيالگېننىڭ ئىشەنچىلىك پەرىزىدىن توغرىراق چىقتى . بۇ يەر بۇلۇڭكۆلدە ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارىنىڭ يۇرتى ئىكەن . ئۇرۇق - تۇغقان ، يارۇ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ماتەم تۇتۇپ ھازا ئېچىۋاتقانىكەن . خەقنى ماتەم پەيتىدە پاراكەندە قىلمايلى ، دەپ يولىمىزغا مېڭىپ چاكراگىل جىلغىسىغا كەلدۇق . بۇ يەر ھېلىقى چىرايلىق تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبى ئىكەن . مەنزىرىسى بىز 5 - ئايدا ساياھەتكە چىققان قارىغايلىق تاغلار ۋە يېشىل ئوت - چۆپ بىلەن پۈركەنگەن يانباغىرلارنىڭكىگە پەقەت ئوخشىمىسىمۇ ، ھەر ھالدا كۆڭۈلنى ئاچاتتى . كەڭ تۈزلەڭلىكتە بولۇق ۋە ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر مەيىن شامالدا دولقۇنلانغان دېڭىزدەك يەلپۈنەتتى ، سۈيى يۇلتۇزلاردەك جىمىرلاپ تۇرغان كۆلچەكلەر كۆپ ئىدى ، بۇ يەردىن زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆك ئاسمان ، مۇزلۇق چوققىلار ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى ؛ بۇ جايدىكى قىرغىزلارمۇ خۇش چاقچاق ، دوستانە ئىكەن . بىز ئاستا مېڭىپ قونالغۇغا ناھايىتى بەلەن بىر جاينى تاپتۇق . مەن كېلىپلا « كېسەل كۆرۈش »نى باشلىۋەتتىم . ئارايىك ياۋا غاز ئوۋلىغىلى كەتتى ، بىل قەيقىلىپ بولكا پىشۇردى . بۇ سەپەردە بىل بىزگە بولكا پىشۇرۇپ بەردى . بىز بىرەر جايغا چۈشۈپ چېدىر تىككەن ھامان ، ئۇ بولكا پىشۇرۇشقا تۇتۇش قىلاتتى . ئۇنىڭ بۇ ئىشى يەرلىك كىشىلەرنى ئەجەبلەندۇردى . ئۇ شامال چىققۇاتقان ئەھۋالدىمۇ ، ئېپتىدا-

www.uyghurkitap.com

ئىي ئاشخانا سايمانلىرى بىلەن كالا تېزىكىدە ئوت قالاپ زامانىۋى ئوچاقلار ۋە توك دۇخوپكىلىرىدا پىشۇرۇلغاندىن قېلىشمايدىغان ناھايىتى مەززىلىك پىشلاق ۋە بولكىلارنى پىشۇراتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، قەھۋە قايناتقاچ سۈت تېپىپ ئىچىش ئۈچۈن بىر كىگىز ئۆيگە باردۇق. ئۆيدە ئاياللار بىلەن باللارلا بار ئىكەن، بىزدىن ئۇيىلىپ تارتىنىشتى. ئۇلارغا تاماكا، باللىرىغا ئوينايدىغان پوشتەكلەرنى بېرىۋىدۇق، ئۇلار ئېچىلىپ بىز بىلەن چىقىشىپلا كەتتى. ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىنتايىن نەپىس بېزەكلىرىگە زوقلىنىپ قاراپلا قالدىم. قىزنىڭ ئاپىسى ئوچۇق، مېھرى ئىسسىق ئايال ئىكەن. مەن گويا دوستلىرىم بىلەن كەچلىك بەزمە قىلىدىغاندەك بىر ھېسسىياتتا بۇ ئۆيدىن ئايرىلدىم. كىگىز ئۆيدىن چىقىپ يەنە ئاجايىپ نەپىس، جانلىق ۋە گۈزەل، ئۇنتۇلماس بىر رەسىمنى كۆردۈم. بۇ مۇشۇ رايونغا خاس ئۆزگىچە رەسىم ئىدى: ئىككى ئاتلىق ئادەم كىگىز ئۆي ئالدىغا كەلگەن، ئاتتىن چۈشكۈچىلا ئاي چىقىپ، سۈرلۈك ئاي شولىسىدا ئۇلارنىڭ گويا ئىنتايىن نەپىس ياسالغان قاپارتما ئويمىغىلا ئوخشايدىغان چىرايلىق كۆلەڭگىسىنى پەيدا قىلغان. بۇ رايوننىڭ بېگى بىزنى مېنىڭ ئۆيۈمگە چۈشمىدى، دەپ خاپا بولۇپ ئىزدەپ كەلگەنىكەن. بىز كۈن چۈشمەس تاغقا كېتىۋېتىپ، يولدا ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتە ئوقۇدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاچچىقى سەل ياندى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا قىرغىز ئاياللىرىنىڭ بېشىدىكى ئەنئەنىۋى چىرايلىق بۆكىنى كۆرۈپ ھاياجانلاندىم. مەن قىرغىزلار ھەققىدە يېزىلغان كىتابلاردىن ئاق رەختتىن پىلە غوزىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئېگىز بۆكلەرنىڭ تەسۋىرىنى ئوقۇغانىدىم. شىنجاڭغا كېلىپ خېلى سۈرۈشتۈرگەن بولسامۇ كۆرۈپ باقمىغان، قىرغىزلارنىڭ كېيىم ـ كېچەك مودىسىمۇ ئۆزگەرگەن ئوخشايدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدىم. بۇنداق بۆككە كېرەكلىك ماتېرىيال كۆپ ۋە بەك قىممەت بولسا، كۈچى يەتمەي كىيمەس بولۇپ قالغاندىمۇ، دەپمۇ ئويلىغانىدىم. مەن بۇنداق بۆكنى بۇ يەردە تۇنجى قېتىم كۆردۈم. بۇنى ئاياللار ئالاھىدە مەرىكە ـ سورۇنلاردىلا كىيىدىكەن.

بىر ئايال رەسىم تارتىۋېلىشىمغا ئۇنىغانىدى، بەك خۇشال بولدۇم. ئۇ ئايال بۆك ۋە كىيىم ـ كېچەكنىنى تۈزەشتۈرۈپ، باللىرى بىلەن بىرگە خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن ناھايىتى تەبىئىي تۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم. چۈنكى، رەسىمگە چۈشكەندە ئادەملەرنىڭ كۆپى ئۇ-يالغان ياكى يالغاندىن كۈلگەن بولۇپ بىر خىل سۈنئىي تۇراتتى.

ئۇ كۈنى ئاتتىن چۈشمەي ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈردۇق. بۇنداق باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان كەڭرى جايدا ئات مىنىشنىڭ پەيزىنى تۇنجى رەت سۈردۈم. بۇ ھەرگىزمۇ مىنگەن ئېتىمغا ئامراق بولۇپ قالغان-لىقىمدىن ئەمەس. بۇ ئاتمۇ بۇرۇن مىنگەن ئاتلارغا ئوخشاشلا ھورۇن، قاشاڭ ئىدى. ناھايىتى جىق كۈچەپ ھەيدەپ باشقىلارغا ئاران ـ ئاران يېتىشىپ ماڭاتتىم. ئارايىك ئىككىمىزنىڭ ئات مىنىشكە بولغان قاراشلىرى-مىز ئوخشمايتتى. مەن ئات مىنسەملا جىددىيلىشىپ كېتىدىغان بولغاچ-قا، ئاتنىڭ ئوتتۇراھال، تەمكىن مېڭىشىنى ياخشى كۆرەتتىم. ئارايىك بولسا ئاتنى چاپتۇرۇپ مېڭىشقا، مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ ئۇزاقراق دەم ئېلىشقا ئامراق ئىدى. بۇ ئىشنىڭ ياخشىلىقىنى ئوبدان بىلسەممۇ، مەن مىنگەن ئات بۇنى چۈشەنمەيتتى، مەن ئاتنى ئوبدان باشقۇرۇپ گېپىمگە كىرگۈزەلمەيتتىم. كۈن چۈشمەس تاغ ئاھالىسى ئاساسەن ئايالالار ئى-كەن. قېرى ۋە باللاردىن بۆلەك ئەر كىشى يوق ئىكەن. لېكىن، بەك ئوچۇق، دوستانە ۋە مېھماندوست ئىكەن. بولۇپمۇ بىز چۈشكەن ئۆيدى-كىلەر تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن. بەگ بىرنېمە دېمىگەچكە، كېيىنكى بې-كەتكىچە لازىملىق ئۇلاغلارنى چىقىرىپ بېرىشنى ھېچكىم خالىمىدى. چىدىر تىككىنىمىزدە، بۇرۇنقىدەك بىرمۇنچە ئادەم ئولىشىپ تاماشا كۆردى. بۇنىڭغا بارا ـ بارا كۆنۈپ قالدۇق. شىنجاڭغا يېڭى كەلگەندە، بۇ ئىش بەكمۇ جېنىمغا تەگكەنىدى. لېكىن، ئاسىيا رايونىدا سايەھەت قىلغاندا، بۇ خۇددى قۇم، چاڭ ـ توپىدىن خالىي بولالمىغاندەكلا بىر ئىش بولغانلىقتىن، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش لازىم ئىدى. شۇڭا، بۇنىڭغا شۇنداق كۆنۈپ كەتتىمكى، تېخى بەزىدە ئەتراپىمىزغا ئادەم ئولاش-مىسا «كۆچمە ئۆيۈن قويۇش» بىمىز يەرلىك كىشلەرنىڭ كۆڭلىگە

www.uyghurkitap.com

ياقمىغاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ، كەيپىم ئۇچىدىغان ۋە خاتىرجەمسىزلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ يەردە بىر ئايال ھەددىدىن ئېشىپ يارلىق نەرسىلىرىمنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، ھەتتا ئىنگلىز ئاياللىرى بىلەن فىرەڭ ئاياللىرىنىڭ ئوخشاش تەرەپلىرىنىڭ ئىسپاتىنى تاپماقچى بولغاندەك، بەدەنلىرىمنىمۇ سىلاپ كەتكەندى، ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنى سىلكىپ كايىپ كەتتىم.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، بەش ئات، ئىككى ئېشەك ياللاپ يولغا چىقتۇق. ئۇلارنى ئۈچ ئوغۇل بالا ھەيدەپ ماڭدى. بۇ يەردە بىزنى ئايرىپ قويايلى، دېگۈچىلەر چىقمىدى، شۇڭا بىز «قۇيرۇق» تىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىقتۇق. ئالدىمىزدىكى يول ئەھۋالىنى ساھىبخانىلار بىلەن سۆزلەشكەندۇق. ئۇلار پلوگىئارت تاغ ئېغىزىنىڭ يولى دېڭىز يۈزىدىن 16 مىڭ 600 ئىنگلىزچىسى ئېگىز خەتەرلىك دەپ قارىسىمۇ، لېكىن بۇ يولنى بىر كۈندە تۈگىتىمىز، دېگىنىمىزدە ھېچكىم باشقىچە پىكىردە بولمىغانىدى.

يول ئېگىزلەپ بارغانلىقتىن ناھايىتى ئاستا ماڭدۇق. پىيادە مېڭىشقا توغرا كەلمىگىنىمىزدىن خۇداغا شۈكۈر ئېيتتىم. كەچكە يېقىن، «رسۇرا» نىڭ تاشلىق يولدا مۆدۈرۈپ ـ سوقۇلۇپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ ئالدىمغا ئېلىۋالدىم. لېكىن، ئۇ ئېغىر بولغانلىقى، قىمىرلاپ ھەدىسە يەرگە چۈشمەن، دەپ خاپا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر چۈشۈرىۋەتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي، ناھايىتى يوغان بىر مۇزلۇق ئۈستىگە چىقىپ قالدۇق. مۇز بولۇپ قاتقان دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ مۇزلۇق شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئايلىنىپ ئاستىمىز تەرەپتىن غەربىي شىمالغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. يىراقتىن پلوگىئارت ئېغىزى كۆرۈندى. ئېغىزغا بېرىپ يىلان باغرى يول بىلەن خەتەرلىك ۋە تىك ئېگىزلىگەن يولدا مېڭىپ مۇزلۇقنىڭ ئېرىگەن سۈيىدىن ھاسىل بولغان بىر قانچە ئېقىندىن ئۆتتۇق. سۈيى ناھايىتى ئۇلۇغ بىر ئېقىندىن بىرەر سائەتتە ئاران ئۆتتۇق. ئاتلار سوغۇق سۇغا كىرگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالغاچقا، بىز ئاتنى يېتىلەپ سۇ كېچىپ ئۆتتۇق. ئارايىك ئۇششۇگەن پۇتنى سۇغا تەگ-

كۈزمەي ئات بىلەن ئۆتتى .
بىز ئۆتۈپ بولۇپلا قانداق ئۆتەركىن ، دەپ كەينىمىزدىكى يۈك ئارتىلغان ئۇلاغلارنىڭ غېمىنى يەدۇق . ئۈچ ئوغۇل ئارغامچىنى چىڭ تارتىپ ــ سۆرەپ ئات ــ ئېشەكلەرنى سۇغا مەجبۇرىي چۈشۈردى . شۇ ئارىلىقتا كەچ سائەت ئالتە بوپقالدى . مەن مۇشۇ يەردىلا قونايلى دېۋىدىم ، ئۈچ ئوغۇل بالا ئۇلاغلار ئېغىزدا ئوتلىمىسا بولمايدۇ ، دېگەنلىكى ئۈچۈن پىكرىم رەت قىلىنىپ يولىمىزنى داۋام قىلدۇق .
بىز ھازىر مۇزلۇق ئۈستىدە ئىدۇق . بەزى يەرلەر شۇنچىلىك تار ئىدىكى ، ھاڭغا چۈشۈپ كېتەرمىزمىكىن ، دەپ يۈرىكىمىز سۇ ئىدى . يول ھېلى يۇقىرىغا ، ھېلى تۆۋەنگە ئايلىنىپ چۈشەتتى . ھەممىلا يەر گىياھسىز مۇزلۇق ، تاشلىق ، يار ، قىيا ، شارقىراپ تېز ئېقىۋاتقان ئېقىن ئىدى . بۇ يوللاردا مېنى قىيناۋاتقان ئاتنىمۇ تاشلىۋېتىپ پىيادە مېڭىش ماڭا كۆپ يېنىك چۈشەتتى . پلوگئارت تاغ ئېغىزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چوڭ يانباغرىغا مۆلچەردىن خېلىلا بۇرۇن چىقتىم ، بۇ يول ھەققەتەن تىك ئىكەن . تورۇپلا ئاتنىڭ تېز ماڭغۇسى كېلىپ قېلىپ تېز ماڭدىيۇ ، ئەگىملەردىن ئىتتىك ئۆتكەچكە ئىگەر ۋە ئەدىيال يوپۇقلارنى تاشلىۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن يولنىمۇ مېڭىپ بولدۇق . چۈنكى ، مەن جىق ھەپىلىشىپ ئىگەر ، يوپۇقنى ئات ئۈستىگە ئالالمىدىم ــ دە ، ياردەمگە ئادەم كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم . بۇ چاغدا ئارايىك بىلەن بىل يۇقىرىدا ، ئات ــ ئېشەكلەر يانباغرىنىڭ تۆۋىنىدە كېتىۋاتاتتى . تاقىتىم تاق بولۇپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم . ئارايىكنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى ــ دە ، ئاتنى يۇقىرىدا قويۇپ ، پەستىكى ئادەملەر يېنىغا چۈشۈپ كەتتى . ئۇ چۈشۈپ ئۇقسا قىرغىز باللار ئۇلاغلارنى ماڭغىلى ئۇنىمىدى ، مۇشۇ يەردە قونىمىز ، دەپ تۇرىۋاپتۇ . ئۇلارنىڭ نېمشقا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىۋالغانلىقىنى زادىلا ئۇقالمىدۇق . بۇنىڭدا چوقۇم گېپالگېنىنىڭ بىر ھۈنەرلىرى بار ، ئۇ كەچ بولۇپ كەتتى ، ماڭغىلى بولمايدۇ ، دەپ بالىلارنى كۈشكۈرتۈپ قويدى ، دەپ گۇمان قىلدىم . مىڭ بىر جاپادا چىققان ئېگىز جايدىن قايتىپ چۈشتۈم .

www.uyghurkitap.com

قىيانىڭ يېنىغا چېدىر تىكتۇق . بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 16 مىڭ ئىنگلىزچىسى ئېگىز بولغاچقا ، بەك سوغۇق ئىدى . ئازراق يېمەك يەپ ئوت ياقتۇق . ئۇلاغلار ھېچنېمە يېيەلمىدى .

بۇ تاغ ئېغىزىدىن بىر كۈندە ئۆتۈپ بولىمىز ، دېگىنىمىز يوق گەپ بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، ئالدىمىزدىكى ئازراقلا يولنى ماڭساق كۆز-لىگەن جايغا باراتتۇق . شۇڭا ، بىزگە بۇ يول ھېچقانچە ئەمەستەك بى-لىندى . ئەمما ، ئاچ قورساق ئۇلاغلارغا ئېگىزگە چىقىش بەكمۇ ئېغىر كېلەتتى . بىز ئاتلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ، ئېغىز ئۈستىگە پىيادە چىقىش قارارىغا كەلدۇق . ئارايىك ، بىل ، مەن سائەت يەتتە يې-رىمدىلا يولغا چىقتۇق . سائەت سەككىزدىن چارەك ئۆتكەندە ئېغىز ئۈس-تىگە چىقىشقا ئاز قالدۇقتە پەسكە قارىدۇق . ئۇلاغلار تېخى ئەمدىلا يىلان-باغرى يولدا ئۆمىلىگەندەك مېڭىۋاتاتتى . بىر قانچە يولۇچىنى ئۇچرات-تۇق . ئۇلار ئېغىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىن سەھەردە يولغا چىققان بولسا كې-رەك . ئۇ تەرەپتىكى يول تىكرەك بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرى ئانچە قىينالماي چىققاندەك قىلاتتى .

ئېغىز ئۈستى بەك سوغۇق بولغاچقا ، تېزراق چۈشۈپ كېتىشكە ئالدىرىدۇق . ئارىدا ئارايىكنى ئارام ئالدۇرۇش ( پۈتىنى ئاياپ ) ۋە كەي-نىمىزدىكىلەرنىڭ يېتىشىۋېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ، بىر قانچە قېتىم توختىدۇق . سائەت ئونبىردىمۇ كەينىمىزدىكىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنمە-دى . ئۇلار ھەر قانچە ئاستا ماڭغان ھالەتتىمۇ ئېغىز ئۈستىگە چىقىشقا ئۈچ سائەت كەتمەيتتى . شۇڭا ، ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەن بولساقمۇ ، بىلنىڭ قايتا ئېغىز ئۈستىگە چىقىپ ئەھۋال ئۇقۇپ بېقىشىغا قوشۇلدۇق .

بىز ئەتىگەن تاماق ۋاقتى بولغۇچە ئېغىزدىن ئۆتۈپ بولىمىز ، دېگەن ئوي بىلەن قۇرۇق چايلا ئىچكەنىدۇق . ئەمدى قورسىقىمىز ئاچ-تى ، سوغۇقمۇ جاندىن ئۆتتى . چۈش بولغاندا ، بىل ئۆزى يالغۇز بەك يامان بىر خەۋەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى . ئارايىك ئېگىز ياردىن مىنىپ كەلگەن قارا ئات ئۆلۈپتۇ . ئۇ يىقىلىۋاتقاندا گېيالگېننىڭ مىلتىقىنىمۇ سۇندۇرۇۋېتىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ قىرغىز باللار ، ئالدىمىزغا ماڭساق

ئاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، بىر بالا بىز يال-
لىنۋالغان بەش ئاتنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. گېيالگېن قالغان ئىككى بالىنى
جىق گەپ قىلىپ يۇرۇپ ئېشكى بىلەن ئېلىپ قاپتۇ. شۇڭا، بىز
ئۇچراتقان يولۇچىلار ئۇلاغلىرى بىلەن يۈك - تاقلىرىمىزنى ئېغىز ئۇس-
تىگە ئاچىقىشىپ بەرگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئىش تاسادىپىي بولغاچقا، ئاتنىڭ
قانداق بولۇپ ئۆلگەنلىكىنى بىلىشكە ئامالسىز قالدۇق: بۇ ئاتنىڭ ئەھۋالى
بىز تۈزلەڭلىكتىن يولغا چىققان چاغدىلا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بول-
غىيمىدى؟ ياكى ئۇ ئېگىز تاغقا چىقىشقا، بۇ يەردىكى ئېگىزلىك ۋە
سوغۇققا چىدىيالمىغاندىمۇ؟ بۇ ئاتنىڭ كېسەللىنىش قانچىلىك دەرىجىدە
ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. ئېتىمىزنىڭئۆلگىنىنى كۆرۈپ قىرغىز با-
لىلار قورقۇپ كېتىپ، قاراملىق بىلەن مېڭىشۋېرىشكە تەۋەككۇل قىلالمى-
غان بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىمىز ئېغىر كەيپىيات ئىچىدە تۆۋەنگە چۈ-
شۈپ، بىر بۇلاق تۈۋىگە كەلدۇق. بۇلاق سۈيى لاي ئىدى، شۇنداقتىمۇ
بىل چاي قايناتتى. تەمسىز بولۇشىغا قارىماي بۇ چاي بىلەن بىل ئېلىپ
كەلگەن قۇرۇق ئۆزۈم، قۇتىلىق قېيزا، پىشلاقنى يەپ قورساق توقلى-
دۇق. ئارايىك ھېچ ئىش قىلالمىغاچقا جىممىدە ئولتۇردى؛ بىل بولكىنى
قانداق پىشۇرۇشنى خىيال قىلدى؛ مەن تېزەك تېرىشقا كەتتىم. بۇ
ئىشنى شۇنداق ھەۋەس بىلەن قىلدىمكى، تېزەك ئۇچرىتىپ تەرسەم،
ئۆزۈمنى چوڭ غەلىبە قىلغاندەك سەزدىم.

يۈك - تاقلارنى ئېغىزدىن پۈتۈن بىر كۈندە ئاران توشۇپ ئۆت-
كۈزۈپ بولدى. جانپىدالىق بىلەن ئىشلىگەن خىزمەتكارلىرىمىزغا تاماكا،
چاي، پىشلاق بەردىم. ھەممە ئادەمنى غەم باسقانىدى. ئىككى قىرغىز
بالا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ، يا ئۆز ئىشىنى قىلماي، يا باش-
قىلارغا ياردەملەشمەي بارغانلا يېرىدە ئولتۇرۇۋالاتتى. گېيالگېن بىلەن
روزابەگلا كۈچەپ ئىشلەپ ئېغىر يۈكلەرنى توشىدى. جىددىي، خەۋپ-
لىك پەيتلەردە گېيالگېن ئېسىل پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ، خۇش چاق-
چاق، قەيسەر، چىداملىق بولۇپ كېتەتتى، ھېچقانداق قىيىنچىلىق ئۇنى
قورقۇتالمايتتى. ئامىرىخان تۈگىشىپلا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزى باققان

قارا ئاتنى قانداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئىدى. ئۇ ئۆيگە قايتقاندا جاۋاب بېرىشتىن قورققان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم . چۈنكى ، ئۇ ئاتنىڭ راستتىنلا ئۆلگەنلىكىگە ئىسپات قىلىش ئۈچۈن ، ئاتـ نىڭ تېرىسىنى شىلىپ ئېلىۋالغانىكەن . بۇنى ئەكىلىپ كۆرسەتكەندى ، مەن قورقۇپ كەتتىم . ئۇ يىغلىغانىدى ، ئات ۋە ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ مەنمۇ تەڭ يىغلىدىم . مەن مىنگەن ئات ئاجىزلاپ كەتكەن ، لېكىن هاـ يات ئىدى . بىز هەر قانچە پاتپاراق بولساقمۇ ، « سۇرا » نىڭ يوقلۇقىنى بايقىدۇق . گېيالگېن قاتتىق هارغىنىغا قارىماي ، ئېغىز ئۈستىگە چىقىپ ، غېمىدە يوق خورۇلداپ ئۇخلاۋاتقان « سۇرا » نى تېپىپ چۈشتى . ئۆزـ ىمىزنىڭ ئادەم يوق تاغ جىلغىسى ئىچىدە تۇرغانلىقىمىزنى بايقىدۇق ، شۇڭا ئۇلاغ تېپىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بىزگە بىردىنبىر تەسەللى بولغىنى بىر يولۇچىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق . ئۇ ، يەتتە ئىنگلىز مىلى ماڭـ ساڭلار ، بۇ جىلغا بىلەن يەنە بىر جىلغا تۇتاشقان جايدا بىرنەچچە قىرـ غىز ئۆيى بار ، دېدى.

ئەتىسى ، گېيالگېن ئۇ قىرغىزلارنى ئىزدەپ كەتتى . قالغانلىرىمىز بارلىق ئېغىر نەرسىلەرنى گىدىيىپ تۇرغان ئۈچ ئېشەككە ، يېنىكرەك يۈكلەرنى چىلانتورۇق ئايغىرغا ئارتىپ ، ئۇششاق ـ چۈششەك بوپىلارنى ئۆزىمىز يۈدۈپ ، ئاستا ماڭدۇق . ماڭغانچە بۇ نەرسىلەر ئېغىرلىشىپ كەتتى . گېيالگېن چوقۇم ئۇلاغ ئېلىپ كېلىدۇ ، دېگەن ئۈمىد بىزگە غەيرەت بېرەتتى . ئەمما ، ئۇ ئىسمىنى يېزىپ يولدا قويۇپ كەتكەن « رەسىملىك پوچتا گېزىتى » نىلا كۆردۇق . بۇ ئەتراپتىمۇ ئۇلاغ يېڭۈـ دەك ئوت ـ چۆپ كۆرۈنمەيتتى . بىز ئۇچرىغان كارۋاندىن بىر تاۋۇز سېتىۋېلىپ يېدۇق ، شاپىقىنى ئۇلاغقا بەردۇق . ئاندا ـ ساندا ئۇچرىغان ئوتلارنى يۇلۇپ ، ئىلگىرىكى رەقىبىم چىلانتورۇققا بەردىم .

جىلغىدىن چىقىپ يامانساراي تاغ ئېغىزىدا قونالغۇ تىكتۇق . بۇ هېلىقى يولۇچى قىرغىزلار بار ، دېگەن جاي بولۇپ ، ئوتۇن جىق ، ئەمما ئوت ـ چۆپ شالاڭ ئىدى . بىز يەيدىغان نەرسىمىزنى پىشۇرۇپ ئۇلاغلارغا بەرمەكچى بولدۇق . روزابەگ بىلەن ئامرىخاننى ئۇلاغلارغا نان

پىشۇرۇشقا بۇيرىدۇق . يەنىلا گېيالگېننىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كې-
يىن ، ئۇنى ۋە ئۇ ئەكىلىدۇ ، دېگەن ئۇلاغنى ئىزدەپ ماڭدىم . يىگىرمە
نەچچە مىنۇت مېڭىپ ئادديىغىنا ئىككى كىگىز ئۆي ئالدىغا كەلدىم . بىر-
ىگە كىرسەم بىرگە تونۇش قارا كۆزەينەك بىلەن تاماكا قۇتىسى تۇ-
رۇپتۇ . ھايال ئۆتمەي ھېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن گېيالگېن كىرىپ
كەلدى . ئۇ كۇنبويى قىرغىزلارنى ئىزدەپتۇ . ئەمما ، ئۇنى ئۇلاغ ئالغۇنچى
يىغقىلى كەلگەن ئەمەلدار ، دەپ ئويلىغان چېغى ، ئۇنى كۆرۈپلا قېچىپ
كېتىپتۇ . ياخشى گەپ قىلىپ ھەيۋە بىلەن تەھدىت سېلىپمۇ ، يېلىنىپ -
يالۋۇرۇپمۇ ئۇلارغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمەپتۇ . سائەت بەش بولۇپ قالغانىدى .
ئۇ ، سىز كېتىپ تۇرۇڭ ، بىر قىرغىز بىرنەچچە ئېشەك بېرىپ تۇرماقچى
بولدى ، شۇنى ئېلىپلا كەينىڭىزدىن بارىمەن ، دېدى . قايتىپ كەلسەم
يەنە ئاۋارىچىلىق ، ھېلىقى ئىككى قىرغىز بالا يىغلاپ ئۆيگە كېتىمىز ،
دەپ خاپا قىلدى . يەيدىغان نەرسە ، پۇل ، قىممەت باھا سوۋغاتلارنى
بېرىمىز ، دەپ ۋەدە قىلساقمۇ ، ئۇلار ئەمدى بىزنى كەتكىلى قويۇڭلار ،
دەپ تۇرۇۋالدى .

گېيالگېن بۇ كېچە كەلمەي ، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە
كۆكۈلسىز بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى . ئېشەك بېرىمەن ، دېگەن قىرغىز
گېپىدىن يېنىۋاپتۇ . مىڭ بىر مۇشەققەتتە بىرنەچچە قوتاز ياللىغانىكەن ،
جىلغىدىن پەسكە چۇشۇۋاتقاندا قېچىپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قىر-
غىزلارغا ئۆزىمىز يەيدىغان ئۇن - گۈرۈچلەرنى بېرىپ تەلەي سىناپ بې-
قىش ۋە يۈكىمىزنى سەل يېنىكلىتىش قارارىغا كەلدۇق . ھەقىقىي ئەز-
مەت گېيالگېن يەنە جىلغىدا غايىب بولدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ئالتە قوتازنى
ھەيدەپ گېدەيگەن ھالدا كەلدى . يۈك ئارتىشقا كۆنمىگەن قوتازلارغا
يۈكلەرنى ئارتىش ، چىڭ باغلاپ ماڭغۇزۇشنىڭ قانچىلىك قىيىنغا توخ-
تىغانلىقىنى ، بىزنىڭ نەقەدەر جاپا تارتقانلىقىمىزنى دېمەيلا قوياي .
ئىككى قوتاز بوي بەرمەي قېچىپ كەتتى ، قالغانلىرىغا بىر نېمىلەر قىلىپ
يۈكلەرنى ئارتتۇق . قوتاز ئىگىسى يولچى مويناققىچە قوتازلارنى ھەيدەپ
بېرىشقا تەسلىكتە ئۇنىدى .

ئارايىك ئېھتىيات بىلەن چىلانتورۇققا مىندى. قالغانلىرىمىز پىيادە يولغا چىقتۇق. بۇ ئۈچ ئېشەك، بىر ئائىلىنىڭ قوتازلىرىدىن تەركىب تاپقان غەلىتە كارۋان بىلەن ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىدا «ئۈمىد يېزىسى» غا قاراپ ماڭدۇق. ئۇ يەردە نۇرغۇن ئۆي ۋە ئۇلاغلار بار، ئۇلاردىن ياللاپ غەمسىز سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇرىمىز، دەپ ئويلايتتۇق. بىر ئوتلاققا كەلدۇق. بۇ يەردە يەككە - يېگانە بىر كېسەك ئۆينى كۆرۈپ كىرسەك، بىرلا قېرى بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ. بوۋاي، يولچى مويناقتىمۇ سىلەر ياللىۋالغۇدەك ئۇلاغ يوق، دېدى. لېكىن، ئولتۇرۇپ چاي ئىچكۈچە، ئۇلاغلىرىمىزنىڭ خۇشال ئوتلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بوپتۇلا، ئۇلاغلىرىمىز تويغۇدەك يەيدىغان ئوت بار ئىكەن، شۇنىڭغىمۇ مىڭ شۈكۈر، دەپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، مەمنۇن بولدۇم. بۇ يېشىل ئوتلاق ۋە ئوبدان قونالغۇمىز خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلايلى، دەپ قىرغىز باللىلارنى ئىزدېسەم قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇلار بىز چېدىر تىككۈچە ئارىلىقتا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئېشەك ۋە قوتازلارنى ھەيدەپ تىكىۋېتىپتۇ. روشەنكى، ئۇلار پۇل ۋە سوۋغا - سالام ئالمىساق مەيلى، ئۆيىمىزنى ۋاقتىدا تېپىۋالايلى، دەپ ئويلىغانىدى. يول بويى بىز ئۇلارنىڭ ھالىدىن شۇنداق ياخشى خەۋەر ئېلىپ، تاماقنى تويغۇچە بەرسەكمۇ، ئۇلار گويا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلاردەك پەقەت ئېچىلمىغانىدى. ئەمدى بىز بىر ئېشەك، بىر ئات بىلەنلا قالغاندۇق.

گېيالگېن ھېلىقى بوۋاينىڭ يول باشلىشى بىلەن يەنە ئۇلاغ تاپقىلى كەتتى. ئۇ قىرغىزلار بىلەن سۆزلىشىپتۇ، ئەمما بۇلارمۇ ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ھېچنېمە بەرمەپتۇ. بۇ يەردىكى قىرغىزلارنىڭ نېمىشقا بىزدىن بۇنچە قېچىپ يىراق يۈرگىنىنىڭ سەۋەبىنى ھېچ ئۇقالمىدۇق. بەلكىم ئۇلارمۇ بوستانلىقتىكى قىرغىزلارغا ئوخشاش 1945 - يىلدىكى توپىلاڭنىڭ دەردىنى تارتقانلار بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇلار گېيالگېننىڭ تۇرقىدىن ئەجەبلەنگەن ۋە گۇمانلانغانىدى. گېيالگېن ئىككى تۆگە تېپىپ كەلدى. ئۇ كېيىن، بۇ قېتىم تۆگىنى يېلىنىپ ئولتۇرماي بىر ئادەمنى قامچىلاش، بىرنى يىغلاپ - يېلىنغان ئاتىسىدىن تارتىۋېلىش يولى بىلەن تاپقانلى-

قـىنى ئېيتتى . بۇ گەپ كۆلكىلىكتەك ئاڭلانغان بىلەن ھەر ھالدا گېپال- گېن بىزگە كېرەكلىك ئۇلاغنى ئېلىپ كەلگەننىدى .

ئۇ تۆگە بىلەن ئىگىسىنى تەڭلا ئېلىپ كەلگەن بولۇپ ، ئۇلارنى بىـر كـېچە قېشىمىزدا مەجبۇرىي قوندۇردى . ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنجى- تىش ئۈچۈن ئوبدان مېھمان قىلدۇق ھەمدە سۆزلەشكەن پۇلنىڭ يېرى- مىدىن كۆپرەكىنى قولغا تۇتقۇزدۇق . چۈنكى ، بىز ئۇلاغ ياللاپ پۇل بەرمىدى ، دېگەن يامان ئاتاقىا قېلىشنى خالىمايتتۇق . ئەمەلىيەتتە ھېلىقى ئىككى بالا پۇلنى ئالماي قېچىپ كېتىپ ، بىزنى بۇ تەرەپتىن ئوسال قىلى- غانىدى . قىرغىزلار بىلەن بىللە گۇلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق . بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى . بىزمۇ خاتىرجەم بولۇپ يې- تىپ قالدۇق . تۆگىنىڭ بىرى يېڭىلا تۇغقانىكەن . بوتىلىقنى ئىزدەپ كېچىچە بۆرقىرەپ چىقتى . شۇنداقتىمۇ قاتتىق ئۇخلاپتىمەن .

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۇلاغلار بىلەن قىلىدى- غان سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىدى . شۇڭا ، سەھەر ئورنىمىزدىن تۇردۇقتە ، ئىشىمىزنى تېز ۋە رەتلىك قىلىپ ئەتىگەندىلا يولغا چىقتۇق . بۇ ياخشىلىقتىن بىشارەت بولۇپ ، مەيلى قانداق ئۇلاغقا ئۇچرايلى ، خۇش بولساق بولاتتى . شۇڭا ، مەن پىيادە ماڭىدىغان ئالدىمىزدىكى 30 ئىنگلىز مىلى يولنى خىيالمۇ قىلمىدىم . يولچى موينافتا تاغلار ئاستا ـ ئاستا كەي- نىمىزدە قېلىپ ، تۈز يەرلەرگە ، ئاخىردا چۆلگە كەلدۇق . بىز ئوپال بوستانلىقىغا كېتىۋاتاتتۇق . كۈن ئۇزۇن ھەم ئىسسىق ئىدى . بىر ياخشى يېرى يەر ـ جاھاننى قاپلىغان توپا ـ چاڭ قۇياش نۇرىنى توسۇپ تەپ- تىنى سەل ئاجىزلاشتۇرغانىدى . دەسلەپكى تۆت سائەتلىك يولىمىز خېلى ئاۋۇدى ۋە ئوڭۇشلۇق بولدى . ئارايك مىنگەن چىلانتورۇق بەكلا ھالسىز ئىدى . ئارايك مېنى ھېرىپ كەتتى دەپ ئۆزى تۆگىگە مىنىپ ، مېنى ئاتقا مىندۈردى . لېكىن ، ئۆمۈلىگەندەك ماڭىدىغان ئاتتا ناھايىتى ئاستا مېڭىپ ئىچىم سىقىلىپ ئاچچىقىم كەلدى ـ دە ، ئاتتىن چۈشۈۋېلىپ پى- يادە ماڭدىم . كېيىن تۆگىگە مىندىم . بۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم تۆگىگە مىنىشىم ئىدى . ئەمما ، كەچۈرمىشلىرىمگە قاراپ مەن تۆگىنى كىتاب-

www.uyghurkitap.com

خانلارغا قاتناش قورالى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇشنى خالمايمەن. تۆگە چۆكتى ، مەن تەسلىكتە يۈك ئۈستىگە چىقىۋالدىم ، تۆگە ئورنىدىن تۇرغاندا ، مەن باشتا ئالدىمغا ، كېيىن كەينىمگە تاشلىنىپ ، قورقۇشتىن جېنىم ئازلا قالدى . تولا تەۋرىنىپ ئومۇرتقام ئۈزۈلگەندەك بولىدۇ . ئەتراپ قاقاس چۆل ، يولنىڭ چېتى كۆرۈنمەيتتى ، لۆم ــ لۆم مېڭىپ كېتىۋاتقىنىمىز ، ماڭا بىز گويا بۇ زېمىندا قېتىپ قېلىۋاتقاندەك بىلىندى . ئەگەر ئادەم تۆگىگە مىنىپ سەپەر قىلىشقا ئادەتلەنسە ، ئۆزىنىڭ ۋاقت ، سۈرئەت ، ئارىلىق ئۇقۇمىنى قايتىدىن تەكشۈرمىسە بولمايدىكەن ، دەپ ئويلاپ قالدىم . روزابەگ مەن بىلەن بىر تۆگىگە مىنىپ ماڭدۇق ، ئۇ كەينىمدە ئولتۇردى ، ئۇ يەر خەتەرلىك ۋە ئەپسىز بولسىمۇ ، ئۇ يول بويى تاتلىق ئۇخلاپ ماڭدى .

مەن بىردەم پىيادە ، بىردەم تۆگىگە مىنىپ ماڭدىم . ھېرىپ ۋە ئاچچىقىم كېلىپ ، دۈمبىلىرىم ئاغرىپ بەك پەرىشان بولدۇم . بىل باشتىن ــ ئاياغ پىيادە ماڭدى . سائەت توققۇز يېرىملاردا توختاپ ئارام ئالدۇق . ئارايك ئىككىمىز بىردىنلا « سۇرا » نىڭ يوقلۇقىنى بايقىدۇق ھەمدە ئۇ ياكى كارۋانلار بىلەن ياكى بىل بىلەن بىللىدۇر ، دەپ ئويلىدۇق . بىر يولۇچىدىن بىر ئىتنى كۆرگەن ــ كۆرمىگەنلىكىنى سورىدۇق .

ـــ كۆردۇق ، بىر ئەپەندىم بىلەن بىر ئىتنى كۆردۇق ، ـــ دېدى ئۇ .

سائەت بىرلەردە بىزنى ساقلاپ يول بويىدا ئولتۇرغان بىل ئۇچرىدى ، ئەمما يېنىدا « سۇرا » يوق . بىزنىڭ ئاساسىي كارۋانلىرىمىز كەلدى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ « سۇرا » كۆرۈنمەيتتى .

ھازىر ئويلىسام ، شۇ چاغدا « سۇرا » نىڭ يىتىپ كەتكىنىگە ئانچە ئېرەن قىلماپتۇق . لېكىن ، شۇنىڭدىن بۇيان ھازىرغىچە « سۇرا » نى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىمىزغا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ ئازابلىنىمەن . ۋەھالەنكى ، ئۇ چاغدا ، بىز يولنىڭ يېرىمىنى تۈگەتكەنىدۇق . كەينىمىزگە يېنىپ « سۇرا » نى ئىزدەيلى دېسەك ، شۇ كۈنى ئوپالغا يېتىپ

بارالمايتتۇق . تۆگىلەرنىڭ ئىگىلىرىمۇ كەينىمىزگە يېنىپ ئىتنى ئىزدەش ياكى بۇ يەردە بىزنى ساقلاپ تۇرۇشقا ئۇنۇمايتتى . ئەگەر شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولساق ، يۈكلىرىمىزنى ئېلىپ ماڭغىلى ئۇنۇمايتتى . بىردىنبىر ئېتىمىزنىڭ بولسا ھالى خاراب ئىدى . شۇڭا ، ئامالسىز يولىمىزغا ماڭدۇق . ئوپالغا كېلىپ ئىتىمىزنى تېپىپ ئەكەلگەن ھەر قانداق ئادەمگە جىق سۆيۈنچە بېرىدىغانلىقىمىزنى ئېلان قىلدۇق . يەرلىك ئەمەلدارلاردىنمۇ ئىتىمىزنى تېپىشقا ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلدۇق . ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۇچۇرىنى ئالالمىدۇق . بىچارە ئىتنىڭ نېمە پالاكەتكە يولۇققانلىقىنى ھەم ئۇقالمىدۇق . مېنى ھازىرغىچە شۇ چاغدا مەن بىرەر ئىش قىلغان بولسام بوپتىكەن ، دېگەن بىر ئوي قىينايدۇ .

« سۇرا » نىڭ يىتىپ كېتىشى بىلەن گويا بىر يامانلىق ئىلاھى يول بويىي ھەمراھ بولۇپ ، بىزگە ھەر جەھەتتىن قولايسىزلىق تۇغدۇرۇپ ، بىزنى قىيناش ئارقىلىق كۆڭۈل ئاچقاندەك ، نەس باسقۇر بۇ سەپىرىمىزنى تېخىمۇ پالاكەتكە ئۇچراتقاندەكلا بىر تۇيغۇ بىزنى ئىلكىگە ئالدى .

ئوپالغا بارساقلا ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدۇق . ۋەھالەنكى ، ناھايىتى بىر تاۋۇزلۇقتىن تاۋۇز ئېلىپ يەپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇردۇق ، خالاس . بىزنى يەنە نەس باستى . تۆگە ئىگىلىرى ئوپال بازىرىغا بېرىش نىيىتىدە بولسا كېرەك ، ئەگەر يول بويىدا بىرەر يەرگە چېدىر تىكىپ قونىمىز دېسەڭلار ، سىلەرنى تاشلاپ كېتىمىز ، دېدى . شۇنىڭ بىلەن ئالدىمىزغا ماڭدۇق . سائەت يەتتە يېرىمدا ، مەن ئارايىقا توختايلى ، ئەمدى ماڭمايلى ، دەپ تۇرۇۋالدىم . بىلىنگەمۇ شۇنداق قىلغۇسى باردەك قىلاتتى . بىز ، ئەتە كارۋانچى ۋە ئۇلاغ ئىزدەسەكمۇ مەيلى ، مۇشۇ يەردە قونايلى ، دېدۇقتە ، ئۆسۈملۈك ۋە دەرەخلەر كۆپ يەرلەرنى تېپىپ چېدىر تىكىشكە كىرىشتۇق . دەل شۇ چاغدا ئىككى جۇڭگولۇق ئەسكەر ئۆتۈپ قېلىپ ، بىزنىڭ نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى سورىدى . سالاھىتىمىزنى بىلگەندىن كېيىن ، بىزنىڭ « ئايدالا » دا قونماقچى بولغانلىقىمىزدىن بەكمۇ ھەيران بولدى . ئارايىكمۇ

ئۇپالغا ئاز قالغان جايدا ، بۇنداق ناچار شارائىتتا كېچىنى ئۆتكۈزۈشمىزدىن ئارامسىزلاندى . ئىككى ئەسكەر ۋە تـۆگىچىلەر ، بۇ يەر بازارغا « نـاهـايىتى يېقىن » دەپ مەيدىسىگە ئۇردى . ئىككى ئەسكەر ئارايلىق بىلەن ئالدىرىماي مېڭىپ ، بۇ يەرنىڭ بېگىگە كەلگەنلىكىمىزنى خەۋەر قىلىشقا قوشۇلدى .

مـېنىڭ بۇنىڭدىن ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۇچتى . ئەمما ، ئامالسىز خورسىنىپ قويۇپ ، خاپا هالدا پۇتلىرىمنى ئاران سۆرەپ يولغا چۈشتۇم . جاهاننى بارا ـ بارا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى . توپىلىق يېزا يولىدا كېتىۋاتىمىز . يەنە قانچىلىك ماڭىمىز ، دەپ قاچانلا سورىماي ، ئۇلار « ئاز قالدۇق » دەپلا جاۋاب بېرەتتى . كاللامدا بەگنىڭ ئۆيى ، بىر 5 ـ ئايدا بوستانلىققا قىلغان سەپەر ئۇستىدە چۈشكەن چاغدىكى كاتتا كۈتۈۋېلىشلار زاهىر بولدى . ئادەتتىكى چاغـلاردىكىدەكـلا ئىـسسىق چـاي ، قوغۇن ـ تاۋۇز ، ئاماق ، پۇت ـ قولۇمنى سوزۇپ راهەتلىنىپ بىر ئۇخلىۋېلىش خىيالىمدىن چىقمىدى .

ئاخىر بازارنىڭ چىراغلىرى كۆرۈندى . قەيەردىندۇر بىرەر مەرىكە ئۇچـۇن چېلىنغان ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن بىر تۆپىلىككە چىقىپ بىز ئىلگىرى مېهمان بولغان ئۆيگە كىرسەم ، هېچ ئادەم يوق ، قاپقاراڭغۇ ئىدى . ئارايلىق تۇرماق ، باشقىلارنىڭمۇ سايىسى كۆرۈنمەيتتى . شۇئان ئېيتقۇسىز هارغىنلىق ، ئۈمىدسىزلىك ، « سۇرا » نى يوقىتىپ قـويغاندىن كېيىن ئىچىمگە توشۇپ كەتكەن ئەلەم ۋە ئازاب بىردىنلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى ـ دە ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى . قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتىم . بىر چاغدا ، بىر ئادەم پەيدا بولۇپ ، بەگ غوجامنىڭ قەشقەرگە كەتكەنلىكىنى ، ئارايكىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى . بىر روهسىز هالدا بازارغا كەلدۇق . ئۇ يەردە بىر ئادەم بىزنى باشقا بىر ئۇيغۇر باينىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى . ئېگىز ، يوغان ، غوۋا يورۇق ئۆيگە كىرسەك ئارايىك بىرمۇنچە ئەمەلدارلار بىلەن ئولتۇرۇپتۇ . ئەسلى ئۇلار بىزنى ئەكىلىشكە ئەۋەتكەن ئادەم بىز بىلەن ئۇچرىشالمىغانىكەن .



www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆيگە بارغاندا سائەت توققۇز بولغانىدى . بىز ئەتىگەن سائەت
يەتتىدە ماڭغىلى تۇرغانچە يولدا ئاساسەن توختىمىغان ، ئۇزۇنراق ۋاقىت
دەم ئالمىغانىدۇق . شۇڭا ، كېلىپلا ئۇخلاپ قالدىم ، يېرىم كېچىدە تاماق
تەييار بولغاندا ، ئۇلار ئويغىتىشتى . ئارايىك زور تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت
بىلەن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . باشقا گەپ ـ سۆزلەردىن
كېيىن ، ئۇلار باش كونسۇلخانىغا ماشىنا ئەكىلىشنى ئۇقتۇرۇشقا دەرھال
بىر ئادەمنى قەشقەرگە يولغا سالىدىغانغا ماقۇل بولدى ۋە بۇ خەۋەرچى
كېچىلەپ يولغا چىقىدۇ ، دەپ ۋەدە بەردى . بىز ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە ئى-
شىنىپ يېتىپ قالدۇق . شەرقتە بىرەر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ، ئۇنىڭ
ئىجراسىنى غەرب ئۇسۇلىدا مۆلچەرلىسىڭىز قاتتىق خاتالىشىسىز . ئەگەر
ئارىلىق ۋە ۋاقىتنى ھېسابلاپ تەخمىنەن بىر ۋاقىتنى چىقىرىپ ، خەقنىڭ
شۇ ۋاقىت ئىچىدە بۇيرۇغان ئىشنى بېجىرىشنى ئۈمىد قىلسىڭىز ، چوقۇم
يېڭىلىشىسىز ۋە ئۈمىدىڭىز يوققا چىقىدۇ . بىز شۇ كۈنى زور ئىشەنچ بى-
لەن خۇمزا ئەتىگەن سائەت يەتتە يېرىمدا بىزنىڭ خەۋەرىمىزنى ئاڭلاپلا
يولغا چىقسا ، ئۈچ ـ تۆت سائەت ئىچىدىلا ئوپالغا يېتىپ كېلىدۇ ، دەپ
ئويلىدۇق . ئەمما ، كېيىن بىلدۇقكى ، « دەرھال ئەۋەتىدىغان » ، « ئات-
لىق يولغا چىقىدىغان » خەۋەرچى ئەتىسى چۈشتە ، يەنە كېلىپ ئېشەك
مىنىپ يولغا چىقىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بىز دەرھال يېڭى بىر پىلان تۈ-
زۈپ ، گېپىيالگېننى تېز ماڭىدىغان ئات بىلەن يولغا سالماقچى بولدۇق .
ئۇلار بۇ ئىشنى تېزلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە بەردى . ئەمما ،
گېپىيالگېن سائەت توققۇز بولغاندا ، ئاندىن ئات بىلەن ئەمەس ، ئات ھار-
ۋىسى بىلەن يولغا چىقتى . بەلكىم ھەر بىر ئەمەلدار بۇ ئىشلارنى ئۆزى
ئەمەس ، باشقا بىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلغان بولۇشى مۇم-
كىن .

يول ماڭمايدىغانلىقىمىز ، ساھىبخانىنىڭ ئىنتايىن قىزغىن مېھمان-
دوستلۇقىدىن خۇشال ئىدۇق . لېكىن ، ماشىنا ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ
ئولتۇرۇشمۇ ئادەمنى تىت ـ تىت قىلاتتى . ئۆيىمىزنىڭ تۈۋىگە كەلگەن-
دىمۇ ، يامانلىق ئىلاھىنىڭ بىزنى قوغلاپ يۈرۈۋاتقاندەك ئارزۇسىز ھېسسىياتلار

www.uyghurkitap.com

لىقىغا چىداپ بولمايتتى . مەن كىتاب ئوقۇپ دىققىتىمنى سەل چالغىتاي دېسەم ، غۇژژىدە چىۋىن ئولاشتى . چىۋىننىڭ ۋىڭىلداشلىرى تىنچىمنى سىقىپ ئارامىمنى بۇزدى ، شۇڭا بېرىپ ئارايىكنىڭ ئۇششۇپ قالغان بىر تىننى تاڭدىم ، ئۇنىڭ پۇتىنى كۆندە بىر يېڭىلاپ تاڭاتتىم . ئاندىن ئاما-ھبىخانىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن كۆيۈپ قالغان تىزىنى تېڭىپ قويدۇم ، چىلانتورۇق ئاتىنىڭ دۈمبىسىدىكى يېغىرىنى داۋالىدىم ، بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ ھويلىغا چىققانىدىم ، ئامىرىخان تاغ ئېغىزىدا شىلىۋالغان ئات تېرىسىنىڭ ئاچچىق پۇرىقىدىن بېشىم ئايلىنىپ ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم . ئامىرىخان بۇ تېرىنى يول بويى قەدىرلىك نېمىنى ئايىغاندەك ئاياپ ــ ئاسراپ كەلگەنىدى . تۆزلەڭلىككە كېلىش بىلەنلا ئىسسىق تېرىگە بىر دىنلا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى . مەن ئامىرىخاننى ئۆيگە قايتقاندا ئۆلگەن ئات تۆپەيلى بالاغا قالمىسىكەن ، دەپ ئويلىدىم . ئۆيگە بارغاندا بىز ئۆلگەن ئات ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل بەردۇق . چىلانتورۇقنىمۇ ئوبدان بېقىپ سەمرىتىپ ، يېغىرىنى ساقايتىپ ، ئاندىن ئامىرىخاننى ئېگىز يارغا يولغا سالدۇق .

ئۇزۇن كۈنمۇ تۈگەي دېدى ، ماشىنا يەنىلا كەلمىدى . بىز بۇ يەردە بېكار چىلىقتا چىۋىن ئۆلتۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كۆرە ، ئەتە ئەتىگەندە قەشقەرگە ئاتلىق كېتەيلى ، دېگەن قاراشقا كەلدۇق . كېچە تۈن يېرىمىدىن ئاشقان مەھەل بىر ماشىنىنىڭ گۈركىرىشىدىن ئويغاندۇقتە ، دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ « ماشىنا كەلدى ! ماشىنا ! » دەپ توۋلاپ كەتتۇق . ساداقەتمەن مىل خۇمزا بىزنىڭ خەۋرىمىزنى كەچ سائەت يەتتە يېرىمدا ئاڭلاپلا يولغا چىقىپتۇ . ئەمما ، چۆلگە كەلگەندە ئېزىپ كېتىپتۇ . لېكىن ، بۇ ئىشنى بىزگە ئۇ ئېيتمىدى ۋە ھېچنېمە دەپ ئاغرىنمىدى .

ئەتىسى ، بىز سەھەردىلا ماشىنا بىلەن قەشقەرگە قايتتۇق . باش كونسۇلخانىدىكىلەر قارشى ئېلىش مۇراسىمى تەييارلىقىنى قىلىپ بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن . بۇ ئۇنتۇلماس بىر كۈتۈۋېلىش بولدى . ئۇلار بوينۇمغا گۈلچەمبىرەك ئېسىپ قويدى . باش كونسۇلخانىدىن ئايرىلغىنىمغا 24 كۈن بولغانىدى . لېكىن ، بىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى .

بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىمىز خۇشاللىق ۋە خاپىلىق ئارىلىشىپ كەلـ
گەن ، ۋەقەلەر كەينى ـ كەينىدىن چىقىپ تۇرغان بىر ئېكسپېدىتسىيە
بولدى .

ئارايىك ئۆششۆپ قالغان پۇتىنىڭ دەردى بىلەن ، بىر قانچە ئاي
باش كونسۇلخانا قوروسىدىن چىقمىدى . بۇنىڭ بىلەن بىل ئىككىسىنىڭ
يەنە كىچىك دائىرىدە بىر قانچە قېتىم پائالىيەت قىلىش پىلانى پۇتۇنلەي
بۇزۇلدى . ئۇلارنىڭ پىلانى بىل ئەنگلىيىگە قايتىپ كېتىشتىن ئىلگىرى
قەشقەردە تۇرغان ۋاقىت ئىچىدە ئەتراپتىكى جايلارنى بىر قانچە قېتىم
ئايلىنىپ چىقىش ئىدى .

www.uyghurkitap.com

## ئون ئىككىنچى باب

# مەركەز ئۈرۈمچىگە بېرىش

ئارايكىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ سالاھىيىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىش پىلانى تولۇق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىشقا ئاشماي سوزۇلۇپ كېتىۋەردى. ئەمما، ئۇنىڭ قىش كىرگىچە بۇ مەركەزنى زىيارەت قىلىش ئويى بار ئىدى. ئاقىۋەت، بىز ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقماقچى بولدۇق. يىلنىڭ بۇ پەسلىمۇ ساياھەتمىزگە نىسبەتەن كېچىككەن ھېسابلىناتتى. چۈنكى، شىمالغا ماڭغانچە ھاۋا سوغۇق ئىدى. ئۈرۈمچىدە سوغۇق بۇ ئۆلكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قارىغاندا قاتتىقراق بولاتتى. ئەمما، تەييارلىق قىلىپ بولغاچقا، 10 ـ ۋە 11 ـ ئايدا ھاۋا ئۇنچە سوۋۇپ، ئەھۋال بەك يامان بولۇپ كەتمەس، دەپ ئويلىدۇق. مېنىڭ جۇڭگو ھەربىيلىرى كىيىدىغان پىيمام بار ئىدى، سەپەردە بەك ئەسقاتاتتى. ئۇنى كىيىۋالسا مېڭىش ئەپسىز بولغىنى بىلەن پۇت ئىسسىق تۇراتتى. ئارايكقا ئۇششۇپ قالغان پۇتىنى ئاسراش ئۈچۈن تاللاپ يۈرۈپ كىگىز ئۆتۈك ۋە تېرە ئۆتۈك ئالدۇق. يولغا چىققاندا ھاسا تۇتقان بولسىمۇ يولدا ئۇنى تاشلىۋەتتى.

ماڭا نىسبەتەن، بۇ پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر سەپەر ئىدى. بۇنداق بولۇشى، مەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى سەپىرىمنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاتقا مىنىش، يۈك ـ تاقلارنى ئۇلاغلارغا ئارتىش بىلەن تۈگەتكەنىدىم.

1935 ـ يىلى سېر ئارايك تېيچمان بېيجىڭدىن قەشقەرگە تۇنجى قېتىم ماشىنا ھەيدەپ كەلگەن. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىدىن بىر قانچىسى، جۈملىدىن 1942 ـ يىلى ئارايكمۇ شىنجاڭنىڭ شىمالىغا ( ئۈرۈمچىگە ) ماشىنا بىلەن سەپەر

قىلغانىدى. ئەگەر كارۋان بىلەن ماڭسا، بۇ 980 ئىنگلىز چاقىرىم يولنى
سەككىز ھەپتىدە ئاران تۈگەتكىلى بولاتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا،
مەن مۇشۇنداق مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتىم. قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە بارى-
دىغان «ئاساسىي تاشيول» بەك ناچار ئىدى. بۇنداق يولدا ماشىنا بى-
لەن مېڭىشمۇ بىر ئازاب ئىدى. ۋەھالەنكى، بىزنىڭكىدەك يۈك ماشىنى-
سىدا ئولتۇرۇپ ماڭسا، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە سەككىز ھەپتە ئەمەس،
سەككىز كۈندە بارغىلى بولاتتى. شۇڭا، كارۋان بىلەن سەككىز ھەپتە
مېڭىش ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ خۇددى
بىر ئادەمنىڭ پويىز ۋە ماشىنا تۇرغان يەردە لوندوندىن شوتلاندىيىگە
ئاتلىق بېرىشى زادىلا ئەقىلغا سىغمايدىغان بىر ئىش ھېسابلانغانغا ئوخ-
شاش بىر ئىش ئىدى. بىر ئادەم ماشىنىدىن ئىبارەت بۇ قاتناش قورالى
بىلەن ئېپتىدائىي، قالاق رايونغا بېرىشنى قانچىلىك دەرىجىدە ياقتۇرمى-
سۇن، بۇ يەرگە كەلگىنىكەن، بۇ نەرسىنى ئىشلەتمەسلىك ھېسسىيات
بىلەن ئىش كۆرگەنلىك، ھەددىدىن زىيادە جاھىللىق بولاتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تاشيول ياساش ئىن-
تايىن ئۇلۇغ، ئەمما مۇشەققەتلىك ئىش ئىدى. بۇ يەرنىڭ تاشيوللىرىنى
ئەنگلىيىنىڭ تاشيوللىرىغا سېلىشتۇرساق ئادىللىق بولمايتتى. ئۈرۈمچىگە
بارغۇچە قۇملۇق ۋە چۆللۈكنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقىنى،
مۇشۇنداق بىر جايدا يەنە تاشيولنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن
ئاغزىم ئېچىلىپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ يەرگە مەجبۇرىي يو-
سۇندا كېلىپ، پايانسىز چۆلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى ۋە شاماللىق سوغۇ-
قىدا بۇ يولنى قانداق جاپالار بىلەن ياسىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتىم؛ قارى-
غاندا ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يول پۈتكەندىن كېيىن ئات ھارۋىلىرىنىڭ مېڭى-
شىنى چەكلىشىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىشكە بولاتتى. يەرلىك كىشىلەرنى
بۇرۇنقى ناچار كونا يولغا مېڭىشقا ھەيدەش زالىملىقتەك بىلىنگەن بىلەن
بۇنداق قىلمىغاندا، مىڭ بىر مۇشەققەتتە ياسىغان يول ھارۋىنىڭ قاتتىق
چاقىدا بۇزۇلۇپ كېتەتتى - دە، يەنە جاپا تارتىپ قايتىدىن ياساشقا
توغرا كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ يولنى كېسىپ ئۆتكەن ئويمانلار، ئې-

رىقلار كۆپ بولۇپ ، پات ـ پات ئۇچراپ تۇراتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى
سۇ چىقىرىدىغان جايلار بولۇپ ، چوڭقۇرلۇقى ۋە خەتەرلىكى دەرىجىسى
بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى . تىك بولمىغان جايدىكى بەزى تېيىز ئېر
رىقلارغا تاختا تاشلار ياتقۇزۇلغان ، بەزى چوڭقۇر ھاڭلىق تۆپىلىككە
بولۇشىغىلا ئېرىق ياساپ قويۇلغانىدى . شۇڭا ، بۇ ئازگال ، ئورەكلەرنىڭ
شەكلىنى ، قۇرۇلمىسىنى ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتمىسىڭىز بىلگىلى
بولمايتتى . بۇنداق جايلارغا كەلگەندە ناھايىتى ئاستا ، پەم بىلەن مېڭىشقا
توغرا كېلەتتى . يول تۈپتۈز سوزۇلغان ، ماشىنا ئۇچقاندەك ماڭىدىغاندەك
كۆرۈنگەن بىلەن بۇنداق جايلارغا كېلىپ قېلىپ سىلكىنمىگەندە ، ئادەم
بەئەينى ئالدانغاندەك بىر ھېسسىياتتا بولۇپ ، ئاچچىقى كېلىپ كېتەتتى .
مۇشۇنداق پات ـ پات توختاپ ، تەكشۈرۈپ مېڭىشتىن ئۆزۈمچە خۇشال
بولدۇم ، چۈنكى بۇ ھال ئادەمدە تېز مېڭىش ئىستىكى پەيدا قىلمايتتى .
سىر ئارايك تېيچمان ئۆزىنىڭ « ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر » دېگەن
ئەسىرىدە : « ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتىدە 8 ـ V تىپلىق فورت ئاپتوموبى
لىدا ئولتۇرغانغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ ، بىراق يېڭى بىر ماشىنا بىلەنلا
بۇنداق سەپەرنى قىلىش ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىق بولىدۇ » دەپ ياز
غانىدى . ئۇ ئۆزى ھەيدىگەن ئاپتوموبىل چوقۇم ئۇنىڭ دەسلەپكى گې
پىنى ئىسپاتلىغان ، لېكىن كېيىنكى گېپىگە ئانچە مۇۋاپىق كەلمىگەن . ئۇ
بىزگە سېتىپ بەرگەن ئاپتوموبىل بىلەن ئۈرۈمچىگە يەنە بىر قېتىم بار
غىنىمىزدا ، ئۇنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ئۆمرىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى .
ئاپتوموبىل يولدا بىزنى كۆپ قىيىنغان بولسىمۇ ، ئىنتايىن ناچار مۇھىتتا
ئۇ يەنىلا بىزگە توپتوغرا 12 يىل ناھايىتى ئوبدان خىزمەت قىل
دى . شەك ـ شۈبھىسىزكى ، مىل خۇمزا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئاياپ ـ
ئاسراپ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتتى ، شۇڭا ئۇ يۈرۈش مۇساپىسىدە ناھايىتى
ياخشى رېكورت ياراتتى .
10 ـ ئاي ، سەھەر سائەت ئالتە ، تاڭ تېخى يورۇمىغان مەھەل ،
بىز توققۇز ئادەم فورت ماركىلىق ئاپتوموبىلىمىزغا ئولتۇرۇپ باش كون
سۇلخانىدىن ئايرىلدۇق . بىز ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان رووبېرتسېن بىلەن

ئۇنىڭ بولغۇسى ئايالىنى ، تەرجىمانلىققا ياك ئەپەندىنى ، قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى ئېلىۋالغانىدۇق . ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سىلەرنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ قويىمەن ، دېدى . ئەمەلىيەتتە ئۇ پۇلسىز ماشىنىدا ئولتۇرۇپ سەپەر ئارقىلىق كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈنلا بىز بىلەن بىللە ماڭغان بولۇشى مۇمكىن . يەنە گېپىالگېن ، مىل خۇمزا ۋە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ياردەمچى مېخانىك بار ئىدى ، بۇ ئادەمنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدە ، ئۇ گۈلچى ئىدى . باش كونسۇلخانىدىكى خادىملار-نىڭ ماسلىششچانلىقى كۆچلۈكتەك قىلاتتى . نېمشقا دېگەندە ، مەن بىر دەرۋازىۋەننىڭ كېيىن ئارايكىنىڭ ساتىرىشى بولغانلىقىنى ، خەن ئەپەندى-نىڭ ئاشپىزىنىڭ گۈلچىلەرنىڭ باشلىقى بولغانلىقىنى ، ماشىنىچىنىڭ مۇھاپىزەتچى بولغانلىقىنى كۆردۈم . باشتا دەپ ئۆتكىنىمدەك ، مىل خۇمزىمۇ باش كونسۇلخانىنىڭ ئۇستا ئاشپىزى ئىدى . مەن بۇ مېخانىكنى ياقتۇرۇپ قالدىم . ئۇ ياۋاش ، ئىتائەتچان بولغاچقا ، مىل خۇمزانىڭ ئاچچىقى كەلسە چېلىپ ئېچىنى بوشىتىدىغان دۇمبىقى بولۇپ قالدى .

مەن سەھەردە ، يەنى سۈبھى يورۇماستا يولغا چىقىشنى ياخشى كۆرەتتىم ، چۈنكى بۇ مەھەلدە باسقان يول تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى . تاڭ يورۇغاندا بىر كۈنلۈك پىلاندىكى يولنى ( 20 ئىنگلىز مىلى ) بېسىپ بولغان بولاتتۇق . تاڭ قۇياشىنىڭ كائىناتقا خۇشال تەبەسسۇم بىلەن نۇر سېپىپ چىقىشىمۇ ئادەمنى سېھىرلەيتتى . سۈبھى ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق مەنزىرىسىدە كۈن پاتقاندىن كېيىنكى قاراڭغۇلۇققا قارىغاندا قايغۇ ، غەم-كىن كەيپىيات ، خەتەر ئازراق ئىدى . بىز ھېرىپ چارچىغان ، قونىدى-غان نامەلۇم بىر جايغا ئاز قالغاندا ،ئەتراپ شۇنچىلىك قايغۇلۇق تۇس ئالاتتىكى ، ئادەمگە بۇ يەر يامانلىق ، شۇملۇق بىلەن تولغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى .

ئاخشىمى ياتىدىغان جاي ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بىر ئىش ئىدى . بىرىنچى كېچىسى بىز ئادەممۇ ، سۇمۇ ، گىياھمۇ يوق چۆلدە ياتتۇق . ئۈرۈمچىگە بارغۇچە يولدا شەھەر ، بازار ۋە يېزا ، كەنت بار بو-لۇپ ، ئەقلى ھوشى جايىدا سەپەرچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئايدالىدا

قونۇشقا ھېچانداق ئاساس يوق ئىدى . شۇڭلاشقىمۇ ، دالىدا قونۇشقان جاي تاللىغان ۋاقتىمىزدا ياك ئەپەندى بىلەن ساقچى ئەمەلدارى قونۇشلا-مايتتى ۋە خاپا بولاتتى . بۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى . ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا ، گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاددىي غىزالىنىپ ، ئاندىن يېتىپلا ئۇخلاپ قېلىش ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان غەلىتە بىر خۇمار ھېسابلىناتتى . ئۇلار بىخەتەر تۆت تام ئىچىدە ياتساق ، تاماقنى ئالدىر-ماي ، ئۇزاق ۋاقىت يېسەك ، ئەزىز مېھمانلاردەك قارشى ئېلىنساق ۋە مېھ-مان بولساق ، دەپ ئارزۇ قىلاتتى .

ئارىمىزدىكى بۇ ئىختىلاپ ، بىر پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى ، شۇڭا يەتتە كۈنلۈك سەپەردە بىز تۆت كېچىنىلا دا-لىدا ئۆتكۈزدۇق . لېكىن ، نېمىشقىدۇر ھەر قېتىم قونالغۇمىز ئاسمىنىنى جان پىدا قىلىۋاتقاندەك بىر خىل كەيپىيات قاپلايتتى . ھەتتا ياك ئە-پەندى ئىنتايىن ئاچچىقى كەلگەنلىكى ھەمدە بىز ئەتكەن ياۋايىلارلا يەي-دىغاندەك تاماقلاردىن جاق تويغانلىقىنى ئاچلىق ئېلان قىلىش يولى بى-لەن ئىپادىلىدى . جېدەل نەتىجىسى ۋە ماشىنىغا ماي قاچىلاش زۆرۈر-ىيىتى تۇغۇلغانلىق سەۋەبىدىن بىز ھۆكۈمەت يامۇلىدا ئۈچ كېچىنى ئۆت-كۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇق . بۇنىڭ بىلەن جان پىدا قىلغۇچى مەن بولۇپ قالدىم ـ دە ، جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلىق ۋە تۇترۇقسىز ، ئەدەب ـ قائىدە بويىچە مېھمان قىلىشلىرىنى خالىمىسامۇ ، ئۆزۈمنى مەج-بۇر قىلدىم . مەن ھېس ـ تۇيغۇمنى چوقۇم بەك كۆپتۈرۈۋەتتىم . نېمىشقا دېگەندە ، مەن ھەمراھلىرىمنىڭ مۇرەسسەسىزلىكىگە زەردەم قايىنىغاندەك بىر ھالەتتە مۇئامىلە قىلدىم . دېمىسىمۇ ئەگرى ـ بۈگرى ، ئوي ـ دۆڭ يولدا تاسقىلىپ بىر كۈن مېڭىپ ، چۈشكۈن كەيپىياتتا تۇرغاندا ، ھۆ-كۈمەت تەرەپنىڭ كۈتۈۋېلىش ئۇسۇلىمۇ زەردىمىزنى قايناتتى . بۇ يەردە ساھىبخانىنىڭ قاش ـ قاپىقى مېھمانلارنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكىدىنمۇ مۇھىم بولسا كېرەك . شۇڭا ، مېھمانلار تار ، تاشتەك قاتتىق ئورۇندۇقتا تېخى ئېيتىلىۋاتقان تاماقلارنى ساقلاپ سائەتلەپ ئولتۇرۇشنى ، كىشىلەرنىڭ جىددىي كەيپىياتتا يىغىن ئېچىپ بىزنىڭ ياتاق ئىشىمىزنى مۇزاكىرە قى-

لىشنى ئاگىلىشى لازىمدەك قىلاتتى . بۇنداق ئەھۋالدا ، يەنى پۈتۈن بە-
دەن تونۇپا ـ چاڭ ، قاتتىق چارچىغان ، قورساق ئېچىپ غولدۇرلاۋاتقان
چاغدا ، سىلىق ـ سىپايە ، قىلچە ئەھمىيەتسىز سۆھبەتنى داۋام ئەتتۈ-
رۈش قىيىن ئىدى . مەن بۇنداق ئەھۋالغا بىرىنچى قېتىم ئاقسۇدا يولۇق-
تۇم . بۇ شەھەرگە چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى يېرىمدا كەلگەن بول-
ساقمۇ ، مەجبۇرىي يوسۇندا بۇ شەھەردە قوندۇق . بىز ئىككى سائەت
چاي ئىچىپ ئولتۇردۇق ، ساھىبخانىلار بىزگە قىلىدىغان تاماق ، قورۇما ،
بىز ياتىدىغان جاي ئىشىنى مۇزاكىرىلىشەتتى . يەرلىك مەمۇرىي دائىرىلەر
بىلەن ھەربىي تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىزنى تالىشىپ كەسكىن تالاش ـ
تارتىش بولدى . سائەت بەش بولغاندا ، بىز تاماق ـ ياتاقسىز قالىدىغان
ياكى ئىككى جايدا مېھمان بولىدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى . بۇنى
ئاڭلاپ بېشىم ئاغرىپ كەتتى ـ دە ، يېتىپ ئارام ئالغۇدەك جاي تېپىپ
بېرىشنى سورىدىم . ئۇلار مېنى ئاياللار يېتىپ ـ قوپىدىغان بىر ئۆيگە
ئەكىرىپ قويدى . بىر سائەت ياتتىم . ئەمما ، ئەتراپتا پۈتۈنلەي قىزىق-
قۇچى تاماشىچىلار بولغاچقا ، ئۇلار ھېلىدىن ـ ھېلى مېنى پاراكەندە
قىلدى . كېيىن قارىسام ، ئارايلىك بايا مەن چىقىپ كەتكەندە ئولتۇرغان
جايىدا ئولتۇرۇپتۇ . تەقدىرىمىز تېخى بىر تەرەپ بولماپتۇ . بۇ ئايىغى
چىقماس مەسىلىنى يەنىلا ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلدۇق . بىز يەرلىك گې-
نېرالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ، زىياپەتكە شۇ يەرگە بارىدىغان ، قاي-
تىپ كېلىپ يامۇلدا ياتىدىغان بولدۇق . زىياپەتتىن يېنىپ يامۇلغا كەل-
سەك ، ياتىدىغان جاي تېخى ئەمدى راسلىنىۋېتىپتۇ . ئەگەر بىزنىڭ يا-
تاق ـ تاماق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزنى ساھىبخانىلارغا قويۇپ بەرگەن بول-
سا ، ھازىرغىچە ھېلىقى زىۋانىسىز ئورۇندۇقلاردا مىخلىنىپ ئولتۇراركەن-
مىز ، دەپ ئويلاپ قالدىم . بۇ بەلكىم بىزنىڭ ۋاقتىمىزنىڭ بىكاردىن زايە
بولغىنىغا كۆرسەتكەن بىر مىسال بولۇپ قالار . دەرۋەقە ئۇلارنىڭ بىز
خالىمىغان تەييارلىقلارنى ئىشلىشىنى ۋە مۇزاكىرە قىلىشىنى ساقلاپ بىز-
نىڭ نۇرغۇن ۋاقتىمىز بىھۇدە زايە بولدى .
ئورۇمچىدىن قايتىپ قەشقەرگە كەلگۈچە يامۇلدىلا قونۇپ كەل-

دۇق ، چۈنكى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ قالغاچقا ، سوغۇق چۈش-
كەنىدى . توققۇز ئادەمگە كىچىك ـ كىچىك ئۈچلا چېدىر بولۇپ ، خىز-
مەتكارلىرىمىز ئۇچۇقچىلىقتا ياتسا توڭۇپ كېتەتتى . شۇڭا ، ياك ئەپەندى
بۇ سەپەردىن خېلى مەمنۇن بولدى .

بىر كۈنى ياك ئەپەندى ، ئەنگلىيىلىكلەرگە قارىغاندا ، جۇڭگو-
لۇقلار قائىدە ـ يوسۇن سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيدۇ ، ئاقىلەي ـ كۆكىلەي
دەپ كەتكەنىدى ، ئۇنىڭ گېپىگە ھەيران بولدۇق . ئۇنىڭ راستىلا مۇ-
شۇنداق دەپ قارايدىغانلىقىغا پەقەتلا ئىشەنمىدۇق . بىز ئۇنىڭغا ئۆزىمىز-
نىڭ ۋاقتىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىشى ، كۈتۈۋېلىشلارنىڭ مۇرەككەپلىكى ،
جۇڭگو تەرەپنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى دەپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن مېھ-
مانلارغا شۇنچە ناقولايلىق تۇغدۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى-
مىزنى چۈشەندۈردۇق . ياك ئەپەندى بەزى زۆرۈر تەييارلىقلارنى قىلمىسا
بولمايدىغانلىقى ، مەيلى مېھمانلار قانچىلىك ھارغان ، ئاچقان بولمىسۇن ،
ھەر قانداق يەردىكى ساھىبخان ئۇلارغا ياتاق شارائىتى ھازىرلاپ ، بىر
ۋاخ تاماقلا بېرەلەيدىغانلىقىنى تەن ئالدى .

ئەمما ، ئۇ يەنە ، جۇڭگولۇقلارنىڭ زىياپىتىدە مېھمانلار خالىغانچە
كېتىپ قالسا ، كەچۈرۈم سورىمىسا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىل-
مىسىمۇ بولىدۇ ، ساھىبخانلار ۋە مېھمانلار ھەر قاچان تاماق شىرەسىدىن
ئايرىلسا بولىۋېرىدۇ ، سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز ؛ زىياپەتتە
مېھمانلار كۆڭلى تارتقان تاماق ـ قورۇمىنى تاللاپ يېسە بولىۋېرىدۇ ؛
خىزمەتكارلارنىڭ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تاللاپ يېسۇن ، دەپ مەلۇم
تاماق ـ قورۇمىنى ئالاھىتەن ئەكىلىشىنىڭ لازىمى يوق ؛ بىرەرسىنىڭ
كىكەرگىسى كەلسە كىكىرىۋەرسە يامىنى يوق ، دېدى . ئۇ ، ئەگەر زىيا-
پەت ئۈستىدە بىر ئايال بالا ئېمىتمەكچى بولسا ، بۇنىڭمۇ ھەيران قالارلىق
يېرى يوق ، دەپ قارايدىكەن . بىز قەشقەردە بىر خەنزۇ ئايال بىلەن تو-
نۇشۇپ قالغانىدۇق ، ئۇ ھەر قانداق بىر مەرىكىگە بوۋىقىنى ئېلىپ
باراتتى . بوۋاقنىڭ بېشىدا ئۇچۇق قىزىل مەخمەل بۆك بار ئىدى . بوۋاق
مەززە قىلىپ ئېمىۋاتقان چاغدىمۇ ، ئايال باشقىلار تۇتقان ھاراقنى نازلىق

تەبەسسۇم بىلەن ئىلىپ ئىچىۋىرەتتى . ماڭا بۇ ئەھۋال ناھايىتى شاللاق-لىقتەك بىلىنەتتى . . . بۇ ھال ئادەم ئۆزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئا-دىتىگە بەكلا كۆنۈپ كەتسە ، بۇنى يوللۇق ھېسابلاپ ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى . لېكىن ، چەت ئەللىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ ھال ئىنتايىن مۈرەككەپ بىر قاتار چەكلىمە ھېسابلىناتتى . ئەمما ، ياڭ ئەپەندى بۇنداق چەكلىمىلەرنىڭ ھاجىتى يوق ، دەپ قارايتتى .

بۇ سەپىرىمىزدە ھەر تۈرلۈك يەر قىياپىتى ۋە يەر شەكلىنى بې-سىپ ئۆتتۇق . لېكىن ، يولنىڭ كۆپرەك قىسمى قۇملۇق رايونغا يېقىن ئىدى . بۇ يولدا ھازىرقى زامان مەنىسىگە ئىگە ستولبىلىق دۆلەت يولى ياكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول دېگەنلەردىن ئەسەر يوق ئىدى ، ئەمما شۇ يەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا بۇ خېلىلا ئوبدان يول ھېسابلى-ناتتى . بۇ يول ئارايلىق 1942 - يىلى ماڭغان چاغدىكىدىن كۆپ ياخشىلان-غانىدى . بۇرۇن كېچىپ ئۆتىدىغان جايلارغا كۆۋرۈكلەر سېلىنغان ؛ بوستانلىق يېزىلاردىن ئۆتىدىغان جايلارغا يېڭىدىن يول ياسالغان ؛ تىك ، دۆڭلۈك رايونلارغا يانتۇلۇقتا ماس كەلگۈدەك يېڭى بۆلەكلەر يا-سالغانىدى . ئەنگلىيە يېزىلىرىنىڭ پاكىز ، رەڭدار ، يانتۇلۇقى يوق دې-يەرلىك تاشيوللىرىغا كۆنۈپ قالغان ئادەمگە ، بۇ يەردىكى قاقاس ، تىمتاس يولدا ماشىنا ھەيدەپ مېڭىش ھېلىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى .

بىز كۆل رەڭ شېغىللىق ئېگىزلىكتىن ئۆتكەنچە گىياھ دېگەننى كۆرمىدۇق . قۇملۇق رايوندىن ئۆتكۈچىمۇ تاشلار ئارىلىقىدىن ئۈنۈپ چىققان چاتقاللارنى ھەم كۆپ ئۇچراتمىدۇق . لېكىن ، 10 - ئايدا ئۆ-سۈملۈك ئۆسىدىغانلىكى جايلاردا كۆزنىڭ رەڭدارلىقى كۆكۈلسىز مەن-زىرىگە ئاز - تولا ھاياتبەخش ئەتكەنىدى . بىر بوستانلىقتا تېرەكلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى ئالتۇندەك تاۋلىناتتى . قۇملۇق چۆلدە يۇلغۇنلار شامالدا يەلپۈنەتتى . قىزىل ، توق قىزىل ، سېرىق ، كۆكۈچ ، قوڭۇر رەڭلەر گويا كى رەسسامنىڭ ئوبدان تەڭشەلگەن ، ھەممە رەڭلەر ئارىلى-شىپ كەلگەن بوياق تاختىسىدەك كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلاتتى . قايت-

قۇچە قارىساق ، بوياق تاختىلىرى پاكىز يۇيۇلۇپ دەل ـ دەرەخلەر يالـ ڭاچلىنىپ ، ھەممە ياق مىسكىن تۇس ئاپتۇ .

بىر قانچە تاغ ئېغىزىدىن ئۆتتۇق . ئەڭ ئېگىزلىرى دېڭىز يۈزىدىن 5 مىڭ 800 ئىنگلىزچىسى بولسىمۇ ، يول ئەگرى ـ توقاي ، يانتۇلۇقى ئېگىز بولغاچقا ، ماشىنا تەسلىكتە ماڭاتتى . ئۇرۇمچىگە ماڭغانىنىڭ ئۈـ چىنچى كۈنى باتۇر ، قەيسەر ، ئەمما كونىراپ قالغان ئاپتوموبىلىمىز قاـ چان بولالماي يېتىپ قالاركىن ، دەپ ئەندىشىگە چۈشتۇق . ئالتىنچى كۈنىگە كەلگەندە ، ئۈشتۈمتۈت قاراس قىلىپ ئۇنىڭ بىر پۈرژىنىسى سۇنۇپ كەتتى . مىل خۇمزا ئۇنى ياساپ ـ تۈزەپ ماڭدۇردى . ئۇ باشـ تىلا يولدا نۇرغۇن سىرلىق ، بىلگىلى بولمايدىغان ئىشلار يۈز بېرىشى ، ھەتتا ئاپتوموبىل تۇيۇقسىز توختاپ قېلىپ ، ھەيدىگىلى بولماسلىقى مۇمكىن ، دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ماشىنىغا توختاپ قالماي ماڭغىن ، دەپ ئىزچىل ئاگاھلاندۇردى ھەمدە ئارايكىنىڭ پەم بىلەن ھەيـ دىشى ئارقىسىدا ئۇرۇمچىگە تىنچ ـ ئامان بېرىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلغانىدى . تاغ ئېغىزىغا چىققۇچە مىل خۇمزا زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا دەرھال ماتورنى ياسايمەن ، دەپ ئاپتوموبىلنىڭ كىرىلوسى ئۈستىدە ئولتۇردى . بىز ئاخىر ناھايىتى تىك ، يولىمۇ ئەگرى ـ كېيىن يامان تاغ ئېغىزىغا چىقىپ بولـ غاندا ، بىز ئۇنىڭ خۇداغا تەشەككۈر ئېيتقانلىقىنى ، يەنى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، دۇئا ئوقۇپ ساقىلىنى سىلىغانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق . بىز ھەر قېتىم ئاپتوموبىلىمىز ، يول ئەھۋالى ، بېسىپ ئۆتكەن يولىمىز ئۈستىدە سۆز قىلساق ، ئۇ دائىم « ئىنشائاللا » ( خۇداغا شۈكۈر ) دەپ قوياتتى .

پۈرژىنا سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ماشىنا بىردەم توختاپ ، بىردەم مېڭىپ ، ئاخىر پايانسىز بىر قۇملۇققا كەلگەندە توختاپلا قالدى . مىل خۇمزا رېمونت قىلىشقا كىرىشتى . ئۇ بىزگە ھېچقانداق كاپالەت بەرمەي يەنە « ئىنشائاللا » دەپلا قويدى . بۇ ئۇنىڭ ئاپتوموبىلنى ياساپ ، سىلەرنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىمەن ، دېگىنى ئىدى . مۇشۇ پەيتتە ئۈچ ئاپتوـ موبىلدىن تەركىپ تاپقان ھەربىيلەرنىڭ ترانسپورت ئەترىتى يېنىمىزدىن

ئۆتتى . ئاپتوموبىلنىڭ بىردە پاكار ، سېمىز بىر ھەربىي ئولتۇراتتى ، ئۇنى قەشقەردە كۆرگەنىدۇق . ئۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ ، تەشەببۇس-كارلىق بىلەن بىزنى ئۇششاق تالغا ئاپىرىپ قويماقچى بولدى .

مەن ئىككىنچى ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسىغا تىقىلدىم . بىر يېنىمدا شوپۇر ، بىر يېنىمدا ھېلىقى دوستىمىز ئولتۇردى . ئارايىڭ بىلەن ياڭ ئە-پەندى كوزۇپتىكى يۈك ئۈستىگە چىقتى . بۇ يولمۇ بەك ناچار ئىدى . ئاپتوموبىل سىلكىنىپ ، تاسقىلىپ ، ئۆرۈلۈپ دېگەندەك ناھايىتى ئاستا ماڭدى . ئالدىمىزدىكى ماشىنىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ بىزنى كۆ-مۈپ كۆز ئالدىمىزدىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمىدى ، نەپسىمىز سىقىلدى . شوپۇرىمىز توپا ـ چاڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، بىر قېتىملا ئازراق ۋاقىت توختىدى . مەن كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ، كوزۇپتىكىلەرنى نېمە بولۇۋاتقاندۇ ، قانداق ئولتۇرغاندۇ ، دەپ ئويلاپ غېمىنى يېدىم . ئۇششاق تالغا كەلگەندە ، كوزۇپتىن توپا ئىچىدىن چىققاندەكلا قىياپەت-تىكى ئىككى ئادەم چۈشتى . ئۇلار تاسقىلىپ بەك قىينىلىپتۇ . تۇتقىلى بولىدىغانكى نەرسىلەرنى چىڭ تۇتۇپ چىداپ ئولتۇرۇپتۇ .

بۇ چۆل بىر كىچىك بازاردا ۋەيرانە بىر يامۇل بار ئىكەن . ئارايىڭ بىلەن مەن ئەتراپتا ئۇۋلىغۇدەك نەرسە بارمۇ ئىزدەپ باقايلى ، دەپ ئۇلارغا ئات تېپىپ بېرىشنى ئېيتتۇق . مەن ئادەتتىكى مىجەزىم بىلەن ئەنسىرىگەن ھالدا ئاتقا مىندىم . بۇ ئات ئاجايىپ سېمىز ، ياۋاش بولۇپ ، مەن مىنگەن باشقا ئاتلارغا پەقەت ئوخشىمايتتى . بۇ ئاتتا ئولتۇرۇش خۇددى كرىسلودا ئولتۇرغاندەك بولۇپ ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم . يەرلىك ئەمەلدار بىزگە بىر يول باشلىغۇچى بەردى ، لېكىن ئۇنىڭ پە-قەتلا رولى بولمىدى . قايتىپ كېلىۋاتقاندا ، ئۇشتۇمتۇت چىلنىڭ بىزگە تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدۇق . چۆلدىكى پاكار چاتقاللار ئارىسىدىكى چىل ئۇۋىلىرىنى كۆرۈپ قوغلاشقا چۈشتۇق . قاراڭغۇ چۈشۈپ ، ئۇلارنى كۆرەلمىگەندە ، ئاندىن ئارقىمىزغا ياندۇق . بازارغا كەلسەك ، يامۇل ئال-دىدا ئۆزىمىزنىڭ ئاپتوموبىلى تۇرۇپتۇ . مىل خۇمرا ، گېيالگىن ۋە ھې-لىقى گۇلچى تاماقمۇ يېمەي ، سۇمۇ ئىچمەي كۈن بويى ھەپىلىشىپ ئاپ-

توموبىلنى ياساپ پۈتتۈرۈپتۇ.

ئاپتوموبىلىمىز يولدا بىرقانچە قېتىم ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بولسىمۇ، بىز ھەر ھالدا سەككىز كۈندە ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. يول يامان، يول ئازابى ئېغىر بولسىمۇ، ئالدىرىماي ئانچە ـ مۇنچە چىل ۋە ياۋا ئۆچكە ئوۋلاپ، بەزىدە ھوزۇرلىنىپ دالا تامىقى يەپ، بەزىدە خەنزۇ ئاشپۇزۇللىرىنىڭ تامىقىنى يەپ ماڭدۇق. شۇ يەرنىڭ ئۆلچىمىدىن ئېيتقاندا، سۈرئىتىمىز ھەر ھالدا تېز بولدى. ھەربىي ئاپتوموبىللار ياكى سودا يۈكلىرىنى توشۇغۇچى ئاپتوموبىللار يۈكنى نورمىدىن ئارتۇق باسقانلىقى ئۈچۈن، يولدا ھېلىدىن ـ ھېلى توختاپ بەك ئاستا ماڭاتتى. بىز قەشقەردىن چىقىپلا لىق يۈك بېسىلغان بىر يۈك ئاپتوموبىلىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. بىز دەم ئالايلى، دەپ توختىغاندا، ئۇ ماشىنا يېنىمىزغا كېلىپ توختىدى. شۇ ماشىنىدا ئولتۇرغان، ئۇزۇن ۋاقىت يول ئازابى چەككەن بىر يولوچى گېيالگېندىن قەشقەردىن چىققىنىمىزغا قانچە كۈن بولغانلىقىنى سورىدى. گېيالگېن، قەشقەردىن چىققىنىمىزغا بىر نەچچە سائەتلا بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئۇ يولوچى ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردىن چىققىنىغا تۆت كۈن بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ھازىرغىچە شۇنداق قارايمەنكى، ئۇ يولوچى گېيالگېننىڭ جاۋابىغا ئىشەنمىدى. بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ، ئادەم بەزىدە، بۇ رايونغا يېقىندىن كېلىپ، ئىلگىرىكى ئات ھارۋىلىرى ياكى ئاتلارنىڭ ئورنىنى ئالغان ئاپتوموبىلدىن ئىبارەت قاتناش قوراللىرىنىڭ ئۇلاردىن ھېچقانچە قېلىشمايدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتى.

ئاپتوموبىلنىڭ كوزۇپىدا بېنزىن پۇراپ، ماتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، گويا مۇشۇ مېڭىشىمدا كائىناتتىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم. چۈنكى، ئاپتوموبىل ئىچىدە ئولتۇرۇپ قۇملۇق چۆل ـ جەزىرىنىڭ چېكى كۆرۈنمەيدىغان كەڭلىكى ۋە تىمتاسلىقىنى ھېس قىلىش، ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن تار تاغ جىلغىلىرىنىڭ تىكلىكى، ھەيۋەتلىكىدىن زوق ئېلىش قىيىن ئىدى؛ ھەتتا تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرگەن، دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن جايغا كەلگەندىمۇ ھېچقانچە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر تەسىراتقا ئىگە بولمىدۇق. گويا ئاپتوموبىل بىزنى ھاياجانغا سالىدى-
غان جۇغراپىيىۋى مەنزىرىلەردىن ئايرىۋەتكەندەك؛ بىزنى ئۆزىمىز بىلەنلا
بولىدىغان، شاۋقۇن سالىدىغان، بەتبۇي كىچىك بىر گۇرۇھقا ئايلان-
دۇرۇپ قويغاندەك، بىز پەقەت ھەركۈنى پىلان بويىچە مېڭىشنى، ئال-
دىراپ - تېنەپ يول مېڭىشنىلا بىلەتتۇق. تارىم، تەكرىتاغ، تۇرپان
دېگەن جايلارنىڭ نامىلا رومانتىك، ئاجايىپ - غارايىپ تۇس ئالغان
بولسىمۇ، ئاپتوموبىلىمىز ئۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ بولمىغاچقا، جىمى
نەرسىنىڭ قىممىتى ۋە جەلپكارلىقىنى يوقلا قىلىۋەتتى.

گەپنىڭ راستىنى قىلسام، مەن مۇھىتى، شارائىتى تولىمۇ ناچار
بۇ زېمىندا ئاتلىق سەككىز ھەپتە ماڭمىغىنىمدىن بەك خۇشال بولدۇم.
لېكىن، شۇنداق قىلغان بولسام، كېيىنكى ئېيتىمەنكى، بۇ پايانسىز زې-
مىندا ھەيران قالارلىق ھېكايەتلەرنى قالدۇرغان بولاتتىم. شۇ سەۋەبتىن،
ئاپتوموبىل كائىنات قوينىدا كېتىۋاتقاندا، كۆڭلۈمدە ئازراق ئەپسۇسلان-
دىم. يىراقتىكى مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ھەيۋەت بىلەن كېتىۋاتقان تۆگە
كارۋانلىرىغا كۆزۈم چۈشكەندە، ئاپتوموبىل ئاۋازى قۇلىقىمغا تېخىمۇ
سەت ئاڭلاندى. ماڭا بىز باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك، پۈ-
تۈنلەي كېرەككە كەلمەس بوپقالغاندەك بىلىندى.

شىمالغا بارغانسېرى، خەنزۇلارنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى
كۆردۇق. ئۆيلەرنىڭ لەمپىسى ئازراق يۇقىرىغا قايرىلغان، بازارلاردا ئا-
دەملەرنىڭ كۆپى خەنزۇلار ئىدى، يۈزىنى ياپقان ئاياللار كۆرۈنمەيتتى.
ئۈرۈمچىگە يېقىن بىر جاينىڭ يەر شەكلى، مەنزىرىسى جەنۇبنىڭكىدىن
زور دەرىجىدە پەرق قىلىدىكەن، بۇ يەر تېخىمۇ جىمجىت بولۇپ، دەل -
دەرەخ يوق ئىدى. قەشقەردە بىز كۆرگەن ئېگىز ئاق تېرەكلەر ۋە
ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى كېيىن ئۆتكەن ئېتىزلارنى بۇ يەردە كۆرگىلى
بولمايتتى.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئېدىرلىق ئىچىگە جايلاشقانىكەن. كۆز ئالدى-
مىزدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئېگىز - پەس ئىمارەتلەر ۋە زاۋۇت تۇر-
خۇنلىرىنى كۆرۈپ بۇ شەھەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۇق. 10 - ئاينىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆز شاملى چىقىپ تۇرغان بىر كۈنى ماشىنىمىز بۇ مەركىزىي شەھەر رايونىغا كىرىپ كەلدى . مەن شۇئان مەينەت ، ۋەيرانە بىر جايغا ئەل-گەنلىكىمنى ھېس قىلدىم . كېيىن ئۇ يەردە ئۈچ ھەپتە تۇرۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ماڭا بەرگەن تۇنجى تەسىراتى زادىلا ئۆزگەرمىدى . بۇ شە-ھەر يېرىم غەربلەشكەن شەھەر ـ بازارلاردا بار جىمىكى ئادەمنى كۆڭۈل-سىز قىلىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى . ئوچۇقىنى ئېيتقاندا ، ئۆ-زىگە خاس يەرلىك پۇراقتىن ئەسەر يوق ئىدى . ئاساسىي كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا پۇختا ياسالغان ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەتلەر ، ماگىزىنلار بار ئىدى . ئادەملەر ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشەتتى . مۇقىم جايلاردا قاراۋۇل-لۇقتا ساقچىلار تۇراتتى . بۇلار مۇقىم بولمىغان تاشقى كۆرۈنۈش ۋە قى-ياپەتتەك قىلاتتى . بۇ ساختا كۆرۈنۈش ئىچىدىن ئىپتىدائىي قالاقلىق بى-لىنىپ تۇراتتى . بۇ يەردە نامرات خەنزۇلارنىڭ نامرات ئۇيغۇرلاردىنمۇ بەك مەينەت ، كىيىملىرى جۇلجۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم . رۇسىيەدىن قېچىپ كەلگەن بېلورۇسلارنىڭ ۋەيران بولۇپ ، ئەرزىمەس نامراتلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئادەمنى چۆچۈتەتتى . بىلىشىمچە ، شىنى-جاڭنىڭ جەنۇبىدا بېلورۇسلار يوق ئىدى ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە سۆرگۈن قىلىنغانلىق پاجىئەسى پات ـ پات خىيالىمغا كىرىۋالاتتى .

بۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى تېشىدىكى مەينەت ، ۋەيرانە ، مالىماتاڭ بازار گويا بىر يىرىڭلىق جاراھەتتەك كۆزگە تاشلىناتتى . ئا-ساسلىقى ئادەمگە بەك مەينەت ، ئېپلاس تەسىر بېرەتتى . قەشقەرنىڭ بازارلىرىدىكى ئۆي ـ دۇكانلار كېسەكتىن سېلىنغان ، تار دۇكانلار ، كوچىلاردىن توپا ـ چاڭ توزۇپ يۈرگەن بولسىمۇ ، مەندە بۇنداق تە-سىرات پەيدا قىلمىغانىدى . بەلكىم مەن بىلىدىغان ، ئۈرۈمچىدە يۈز بەر-گەن جىنايى قىلمىشلار ، سىياسىي سۇيىقەست ۋە قەست قىلىشلار بۇ شەھەرنى ماڭا يەنىمۇ يامان كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن . كىشىلەر ئۈ-رۈمچىگە كىرمەك ئاسان ، چىقماق تەس دېيىشىدىكەن . ۋەھالەنكى ، مەن بۇ شەھەرگە كېلىپلا كېتىش كويىغا چۈشتۈم .

1948 ـ يىلى ، ئەنگلىيىگە قايتار ۋاقتىمىزدا ، ئۈرۈمچىنى يەنە بىر

نۆۋەت زىيارەت قىلدىم. شۇ چاغدا شەھەر رايونىغا يېقىن بىر يېزىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ باھار ئەمدىلا كىرگەن چاغ ئىدى. بۇ يەرنى كۆرۈپ، بۇ يېزىلارغا بولغان قارىشىم ئۆزگەردى. ھۆل - يېغىن كۆپ بولغاچقا، ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى قەشقەرگە قارىغاندا كۆپ ساپ، سۈزۈك ئىكەن. قار - مۇز قاپلىغان چوققىلارنى كىشىلەر دائىم ئېنىق كۆرەلەيدىكەن. پاكار تاغ - ئېدىرلار يېشىل مەخمەلدەك ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغانىكەن. ئادەم كۈچى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان بوستانلىقتا ئۇزۇن تۇرغان، پىلانلىق تىكىلگەن سۆگەت - تېرەكلەرنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەچكىمىكىن، بۇ يەردىكى قەدىمىي دەل - دەرەخلەرنى كۆرۈپ خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتماي قالدى. يانباغىرلاردا ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. تاغ ئارىلىرىدا يالغۇز سەيلە قىلغاندا، ئاندا - ساندا كىچىك كۆللەر ئۇچرايتتى. بۇ مەنزىرىنىڭ ماڭا نېمىشقىدۇر تونۇش بىلىنگىنىدىن تولىمۇ ھەيران بولدۇم. بىر چاغدا، ئۆزۈمنىڭ قۇرۇپ قالغان دەرەخنىڭ چىرمىشىپ كەتكەن يىلتىزلىرى ئارىسىدا تۇرغانلىقىمنى بايقىدىم. پۈتۈم تۈۋىدىكى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر، نەمخۇش توپا ھىدى ماڭا ئەنگلىيىنى ئەسلەتتى. بىر ئېدىردىن ئۆتۈپ كەڭ يەرگە چىققاندا، مەن كومېدىيىلىك ھالدا ئۆزۈمنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا كۆردۈم. كۆز يەتكۈسىز دالا دولقۇن كەبى قارلىق تاغلارغا قاراپ سوزۇلغان، قارلىق تاغ كۆك ۋە ئاق رەڭدە ئېنىق كۆزگە چۈشۈپ تۇراتتى. چوققىلار ئۈستىدە پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. يۈك ئارتىلغان تۆگىلەر، ئېشەكلەر كۆز ئالدىمىزدىكى گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە ئاستا ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلارنىڭ بوينىدىكى كولدۇرمىلارنىڭ رىتىملىق كولدۇرلىشى بۇ زېمىنغا ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ياقا يۇرت ئۆزگىچىلىكىگە ئىگە بىر خىل سېھرىي كۈچ بەخش ئېتەتتى. شۇنداقتىمۇ سەت بۇ شەھەردىن، بۇ شەھەر كوچىلىرىدا يۈرگەن ئۇزۇن - قىسقا، لاپدۇر كىيىنگەن ھەر مىللەت كىشىلىرىدىن بەكمۇ بىزار بولدۇم. بۇ ئادەملەر قوپال، ئەدەپسىزمۇ، ياكى مەككار، ھارامزادىمۇ، ئىشقىلىپ ماڭا پەقەت ياقمىدى.

بىز 1947 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە بارغاندا، كۈتۈۋېلىنىشىمىزدىن بەك خۇشال بولدۇق. ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پاكىستانلىق ئەپەندى بىلەن خانىمى بىزنى ئېسىل تائاملار بىلەن مېهمان قىلدى. هوقۇقى ۋە ئىقتىدارى دائىرىسىدە بىزنىڭ زىيارەتلىرىمىزگە قولىدىن كېلىشىچە ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. بۇ شەهەردە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى بىلەن ئامېرىكا كونسۇلخانىسى شەهەر چېتىدە قوشنا ئىكەن.

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسىنى ياسىغۇچە پۇلنى تازا ئىشلەتكەنىكەن. ئەمما، ئۈرۈمچىدىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى بەكلا ئاددىي بولۇپ، بىز بارغاندا بۇ يەردە سەككىز ئايدىن بېرى ئادەم تۇرمىغانىكەن. كېسەك ئۆيلەر رېمونت قىلىنمىدىغان، ئاقلىنمىدىغان يەرگە يېتىپ قاپتۇ، قورۇلىرىدا ئۆسۈپ كەتكەن ياۋا ئوتلار بۇ ئۆي ـ هويلىلارنى تاشلاندۇق، خارابە، ۋەيرانە كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ بىنادا بەش ئېغىزلا ئۆي بار ئىكەن. بىز بىر ئۆيگە چۈشتۇق. ئىچىدە هاجەتخانا يوق بولغاچقا، سوغۇق شامالدا هاجەتكە سىرتقا چىقتۇق. شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا ئوخشاش، بۇ يەردىمۇ هاجەتخانا يەردىن ئويۇپ ياسىلىدىكەن. مەن قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىنىڭ راهەت، قولايلىقلىرىغا ئۆگىنىپ قالغاچقا، بۇ ئىشلار تازا ياقمىدى.

كۆپ ئۆتمەيلا، بىزنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن هەر خىل زىياپەت ۋە پائالىيەتلەر قايىنىمىغا كىرىپ كەتتۇق. قەشقەردىكى ئىجتىمائىي سورۇن دائىرىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇلارنىڭ كۆپى ئىنگلىزچە ۋە فرانسۇزچە سۆزلىشەلەيدىكەن. خەنزۇ خانىملارمۇ ئوبدان تەربىيە كۆرگەن، بەك چىرايلىق ئىكەن. ئۇلار بىلەن تەرجىمان ئىشلەتمەي بىۋاستە، كەڭ ـ كۇشادە سۆزلىشەلىگەنلىكىمدىن خۇشال بولدۇم.

بىز بىر فرانسىيىلىك مۇخبىرنى (ئۇ كېيىن قەشقەرگە زىيارەتكە باردى)، جۇڭگو ئەمەلدارىغا ياتلىق بولغان شوخ، ئوچۇق بىر پولشالىق خانىمنى ئۇچراتتۇق. ئۈرۈمچىدە بىز ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە ئەركىن سۆزلىشەلەيدىغان، ناهايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇرلارنىمۇ

ئۇچراتتۇق. بىز ئۈرۈمچىدىكى چاغدا، ئامېرىكىنىڭ بىر ئايروپىلانى ئۇ يەردە بىر كۈن توختىدى. پاكىستوننىڭ مېھمانخانىسىدا شۇ كۈنى يەتتە ئامېرىكىلىق پەيدا بولدى. ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىغا جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىسىدىن بىر ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ ئەكەلگەن ئىككى ئەنگلىيىلىك بىلەن كۆرۈشتۇق. مەن بۇ يەردە يەنىمۇ چوڭراق تاشقى دۇنيا بىلەن قايتا مۇئامىلە قىلغاندەك بوپقالدىم. سەۋەب، قەشقەردەك بېكىنمە، يېگانە كىچىك دائىرىدە بىر مەھەل ياشىغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى ئايروپىلانلارنىڭ توساتتىن قونۇشى، ئۇچۇشى، ئىجتىمائىي سورۇنلاردىكى چۇقان ـ سۈرەنلىك، سۆز ـ چاقچاقلىق كەيپىيات ۋە ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن ئادەملەرنى كۆرۈش ھاياجانلىق ۋە خۇشاللىنارلىق، كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. پاكىستون ئەپەندى بىلەن خانىمى بىز يېگانە، تىمتاس بىر ئالدىنقى قاراۋۇل رايونىدا تۇرۇۋاتىمىز، دەپ قارايدىكەن، بىزنىڭ ئۈرۈمچى مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ باشلىنىش جايى ئىكەن، دېگەن گېپىمىزنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. بىزگە بولسا، ئېلېكتر چىرىغىنى قايتا كۆرۈش چوڭ ئىش ئىدى.

ئارايىك ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم كەلگەن چاغدا، بوغدا كۆلىنى كۆرۈش ئويى بىلەن تاغ ساياھىتى قىلغانىكەن. بوغدا كۆلى ئۈرۈمچىدىن 60 نەچچە ئىنگلىز مىلى يىراقتىكى، قارىغايلىق تاغلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆل ئىكەن. 11 ـ ئاي ساياھەتنىڭ ۋاقتى بولمىسىمۇ، ئارايىكنىڭ بىزگە بۇ كۆلنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ كەتتى، شۇنىڭدەك مېنىڭمۇ تۇڭگەمەس ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىن قېچىپ كەتكۈم كەلگەنىدى. ئۇچرىغانلا ئادەم، ئۇ يەرگە قار چۈشۈپ بولدى، بەك سوغۇق، دېگەن بولسىمۇ، بىز رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە باردۇق.

بىزنىڭ ئاپتوموبىلىمىز رېمونت قىلىنغان بولغاچقا، شۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. ماشىنا ناھايىتى تەسلىكتە ماڭدى. يولنىڭ ئايىغىغا بارغاندا بىز قازاقلارنىڭ كىگىز ئۆيىگە يېقىن پاكارراق دۆڭگە چېدىر تىكتۇق.

بۇ يەردىكى كۆچمەن چارۋىچىلارغا قىزىقىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇش شەكلى قىرغىزلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئەمما، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىۋېلىشىم مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، بىپەرۋاراق كۆزەتكۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قىرغىزلار بىلەن قازاقلار ئارىسىدىكى پەرق ئاز ئىدى. قازاقلاردىن ئالغان تۇنجى تەسىراتىم شۇ بولدىكى، ئۇلار بەكمۇ قەيسەر كېلىدىكەن. بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتقان ساقچىمۇ قازاقلارنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدىكەن، ئۇلار ھەر قانداق شەكىلدە چېقىلىشنى خالىمايدىكەن. قازاقلارمۇ بىزنى ئىنتايىن دوستانە، قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇنىمغىنىمىزغا قارىماي قوي سويدى. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشكەن، ھاۋا سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، قوي سويۇش، گۆشنى پارچىلاش، تاماق پىشۇرۇشتەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىگىز ئۆيدە قىلىندى. تەييارلىق ئىشلىرىدىن تارتىپ دۇئا ئوقۇپ سويۇش، تېرىسىنى شىلىش، ئىچ ـ باغرىنى ئېلىش، پارچىلاپ قازانغا سېلىش ناھايىتى چاققان، رەتلىك بولدى. بۇ جەرياندا، مەن قاننى، قانلىق گۆش ۋە ئىچ باغرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر يەرگە قاراپ ئولتۇردۇم. چۈنكى، بۇلارنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن ئېغىر، چىدىغۇسىز بىر سىناق ئىدى. ئىلگىرى مەن ناھايىتى رەتلىك ئەنگلىيە گۆش دۇكانلىرىنىمۇ ياقتۇرمايتتىم. قورقۇنچاقلىق بىلەن قىلغان بۇ گەپلىرىم كۆڭۈل ئاغرىتىدىغاندەك بىلىنىشىمۇ، ھېسسىيات جەھەتتىكى بۇ ئاجىزلىقىمنى يېڭىشكە تىرىشىۋاتاتتىم. يۇمشاق پىشقان مەززىلىك گۆشنى يەپ، شورپىنى ئىچىپ راھەتلىنىپ كەتتىم. بۇنداق بولارنى بۇرۇن خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم.

ئەتىسى ئاتقا مىنىپ جىلغا بويلاپ بۇغدا كۆلگە قاراپ ماڭدۇق. بۇ جاي ياز كۈنلىرى مەپتۇن قىلارلىق، جەننەتتەك گۈزەل بولسا كېرەك، 11 ـ ئايدىمۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى. تاغ ئارىسىدىن چىققان بىر ئېقىن ئۇنچىلەرنى چاچرىتىپ كۆمۈشتەك يالتىراپ، قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى، چاتقال، ئەپلىك قىيالار كەڭ ھەمدە ئادەم كۆز ئۈزەلمەي قالىدىغان جەلپكار مەنزىرە ھاسىل قىلغان. بۇ سىرلىق رىۋايەت پەيدا قىلىدىغان جاي ئىدى. ئۆزىمىزنىڭ قارىغايلىق تاغ ئارى-

سىدىكى كەڭ بىر جايغا چىققانلىقىمىزنى سەزمەيلا قاپتۇق. يەرنى قار قاپلىغانىدى. ئارايىك بىلەن مىل خۇمزا پات ـ پات توختاپ قىرغاۋۇل قوغلىدى. يولنىڭ ئاخىرىغا بارمىغۇچە بۇغدا كۆلى كۆرۈنمىدى. بىز قاراڭغۇ قارىغايلىق ئورماندىن ئۆتكەندە، ئاندىن ئۇنى كۆردۇق. كۆل يېشىل قارىغايلىق تاغلار باغرىدا شۇنچىلىك تىنچ ياتاتتى. بىز قەشقەردىن چىقىپ ئۇزۇن، چەكسىز قۇم چۆللەردىن، گىياھ ئۈنمەس تاغلاردىن ئۆتكەن، ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى ئېگىز ـ پەس، تاقىر دۆڭلۈكلەرنى كۆرگەنىدۇق. بۇغدا كۆلىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، مەن بىردىنلا ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىقىپ شۋېتسارىيىگە بېرىپ قالغاندەك بولدۇم.

كۆل قىرغىقىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر داۋجىياۋ بۇتخانىسى بار ئىكەن، ئەمما قارايدىغان شەيخلەر يوق ئىكەن. بۇغدا كۆلى ئۇرۇمچىنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى يازدا دەم ئالىدىغان ئارامگاھ قىلىنغاندىن بۇيان، بۇ بۇتخانا ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلىپ، ساياھەتچىلەرنى ياتاق، تاماق بىلەن تەمىنلەيدىغان بوپتۇ. بۇتخانا قورۇسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر قانچىدىن ئۆي، ئۆيلەردە كارىۋات ۋە ئاددىيلا ئورۇندۇقلار بار ئىكەن. دەرۋازىغا قاراپ تۇرىدىغان ئۇدۇلىدىكى بۇتخانا سارىيىدىكى نەزىر سۇپىسى بىزگە بۇ يەرنىڭ مېھمان كۈتۈشلا ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇردى. سارايى ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ، قوپال ياسالغان ناھايىتى يوغان ئۈچ بۇت، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا مۇلازىملارنىڭ بۇتى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاپقارا بىر بۇتنىڭ بەشەرىسى قورقۇنچلۇق ئىدى. چىرايىدا بۇدساتۋالارغا خاس مېھرىبانلىق، سالاپەت ۋە كۆرۈنۈش يوق بۇ بۇتلارنى كۆرۈپ ھىندى دىنى بۇتخانىلىرىدىكى رەڭگا ـ رەڭ مەبۇدىلەر ئېسىمگە كەلدى. مەن، گېبيالگېن چوقۇم بۇ نۇقتىنى ھېس قىلدى دەپ ئويلاپ، بۇلارغا باھا بېرىپ ئولتۇرمىدىم. ئەمما، گېبيالگېن بۇ جاينى ئۇنچە مۇقەددەس بىلىپ كەتمىدى ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلىمىدى. مىل خۇمزا بولسا قىزىقچىلىق قىلىپ بۇتلارغا خوجايىنلارچە قىياپەتتە نەزەر سېلىپ بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ ئارقىلىق بۇ جاينى مۇقەددەس بىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

بىز داۋجياۋ بۇتخانىسىغا قارايدىغان ئادەمنى ئۇزۇنغا ئىزدەپ تاپتۇق . ئۇ كۆلگە يېقىن قازاقلار چۈشكۈنىدە تۇرىدىكەن . تەبىئىيكى ، ئۇ 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ يەرگە ساياھەتكە كېلىدىغان ئادەم بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . بۇ يەردىكى ئۆيلەر قارىغاي ياغىچىدىن ياسالغان بولغاچقا ، ئوت قالىغىلى بولمايتتى ، شۇڭا بىز قورۇغا ئوچاق ياساپ ، قارىغاي شاخلىرىدا ئوت يېقىپ ، قاتتىق ، كىچىك ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئوت سىندۇق .

كېچە ، سۈزۈك ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . ھازىر كۆرۈنمەيدىغان بۇتلار ئۇلارغا نەزەر سېلىپ ، بۇتخانا كەيپىياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى . تۈن تەڭ مەھەلدە بۇتخانا ئەتراپىدا قاراسلىغان ، سۇنغان ، غاچىلداپ ماڭغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ بىزدىكى قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىلىك تۇيغۇنى كۈچەيتىۋەتتى . ھازىرغىچە شۇچاغدا قانداق يىرتقۇچ ھايۋانلار ئوزۇق ئىزدەپ چىققان بولغىيتتى ، دېگەن ئوي خىيالىمدىن كەتمەيدۇ . گېيالگېن ئۇلارنى ياۋا ئىت ، دېدى . مىل خومزا بۇ ئەتراپتا قاۋان بار ، دەپ ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ تەكشۈرۈپ باقمىدىم .

بىز بۇغدا كۆلى ئەتراپىدىكى تاغلاردا بىر كۈن ئېكسپېدىتسىيە قىلدۇق . ئەتىگەندە بۇتخانىدىن ئاتلىق بىر تاغ ئېغىزىغا قاراپ ماڭدۇق . تۆۋەنگە قاراپ يىراقتىن دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان تاغلار ئارىسىدىكى سۈيى زۇمرەتتەك كۆك ۋە سۈزۈك بۇغدا كۆلىنى كۆردۇق . ئارايېك ئۆتكەندە كەلگەندە بۇ تاغ چوققىلىرىنىڭ بىرىگە چىققان ، ئەمما ئۇسكۈنىلىرى بولمىغاچقا ، بۇغدا چوققىسىغا چىقمىغانىكەن . بۇ نۆۋۋەت قىش ئايلىرى بولغاچقا ، پۈتىمۇ ئۈششۈپ تېخى تولۇق ساقايمىغاچقا ، بۇنىڭغا تېخىمۇ ئىمكانىيەت يوق ئىدى . بىز تاغ ئېغىزى ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدۇق ، بۇ يەردىن باشقا تاغلار پاكار كۆرۈنەتتى ، قارىغايلار كۆرۈنمەيتتى . يىراقتىكى تۈزلەڭلىك تاغ تىزمىلىرى يېنىدىن سوزۇلۇپ كەڭ يېيىلغان بولۇپ ، كۆل رەڭ دېڭىزغا ئوخشاپ كېتەتتى . تۆت كۈنلۈك ئېكسپېدىتسىيىنى تۈگىتىپ تاغدىن چۈشتۇقتە ، ھېلىقى قازاق



www.uyghurkitap.com

دوستلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە باردۇق. بەشىنچى كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتتۇق.

ماشىنىمىز كەڭ تۈزلەڭلىكتە كېتىۋاتقان چاغدا، يايلاق كۆچۈۋاتقان قازاقلارنى ئۇچراتتۇق. ئەرلەر تاۋار ۋە تېرىنى كىرىشتۈرۈپ تىككەن قۇلاقچا كىيىپ، توپ ــ توپ پادىنى يايلاق كۆچۈش قوشۇنى ئالدىدا ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى؛ ئاياللار رەخت ياغلىقلارنى موناخ ئاياللىرىنىڭكىگە ئوخشاش چېگىپ ئاتلىق كېتىۋاتاتتى. ئالدىغا بوۋاقلارنى بۆلەيدىغان بۆشۈكلەرنى ئېلىپ چىڭ تۇتۇۋالغانىدى؛ چوۋۇلغان كىگىز ئۆيلەر ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر چىڭ تېڭىلىپ ئات ــ تۆگىلەرگە ئارتىلغانىدى. كىشىلەر بىزگە قازاقلارنىڭ ئاتقا قىرغىزلاردىنمۇ بەكرەك تايىنىپ ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. يەنى ئۇلارنىڭ كۆپ ۋاقتى ئات ئۈستىدە ئۆتىدىكەن، تاماقنى ئات ئۈستىدە يەيدىكەن، سۆز ــ ئالاقىنى ھەم ئاتتا تۇرۇپ قىلىدىكەن؛ بۇ قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادلىرىدىن مىراس بولۇپ كەلگەن ئادەت ئىكەن. بەزى تارىخشۇناسلار ئاتنى ئىنسانلار مىنىدىغانغا كۆندۈرۈش ئۇقۇمى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن باشلانغان، بۇ ئۇقۇم كىشىلەرنى كۆڭلەكلا كىيىپ كەلگەن رايوندىكىلەرگە ئىشتاننى تونۇشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، غالىپ ئىستىلاچىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن يوپۇرۇلۇپ چىقىپ جۇڭگو، ھىندىستان ۋە ياۋروپانى ئىستېلا قىلغاندەك، پۈتۈنلەي تېز سۈرئەتلىك ئاتلىقلار تاكتىكىسىغا تايانغان. ئەمدىلىكتە قازاقلارنىڭ ئاتلىق ھەيۋەتلىك قوشۇن كەبى يېڭى يايلاققا كۆچۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى زامان قايتىپ كەلگەندەك، كۆرۈۋاتقىنىمىز قەدىمكى زامان كۆچمەن چارۋىچىلىرىدەك بىلىنىدى.

ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، ئارايك سوۋېت ئىتتىپاقى دوختۇرىنىڭ ئۇنىڭ ئۇششۇپ قالغان پۇت بارمىقىنى كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ پۇتى ئۇششۇپ قالغاندىن بېرى، باشقا بارماقلىرى پۈتۈنلەي ساقايغان بولسىمۇ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى قارىداپ كەتكەنىدى. ئوپېراتسىيىدىن كېيىن، بىر قانچە كۈن ئۇنىڭغا قارىدۇق. پۇتىنىڭ ئاغرىقى سەل ئارام بەرگەندە قەشقەرگە قايتىش تەي-

يارلىقىغا چۈشتۇق. ئۈرۈمچى كۈندىن ـ كۈنگە سۈزۈلۈپ كەتكەچكە، تاقىتىم تاق بولدى.

قايتقۇچە يەنە توققۇز ئادەم بولدۇق. ئۈرۈمچىدە بىزنى «سۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن» ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدۇق. ئاڭلىساق، ئۇ قەشقەرگە كەتمەيدىغان بولۇپ، قەشقەردىكى ساقچى ئەمەلدارلىق خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا سودا ـ سېتىققا بارغان، ئەمدى يۇرتىغا قايتىۋاتقان ھىندىستانلىق سودىگەر ئالدى. بۇ پاكار، دىقماق ئادەم ھىندى دىنى مۇرىتى ئىدى. يۈرۈش ـ تۇرۇشى قۇشلارغىلا ئوخشايتتى. ھەددىدىن زىيادە تەكەللۇپچان، شېرىن سۇخەن بولۇپ، ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيتتى. ئۈرۈمچىگە بىللە كەلگەن ئىككى مېھماننىڭ ئورنىغا نامرات بىر ئۇيغۇر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ماشىنىمىزغا ئېلىۋالدۇق. ئۇ ئايال مېنى كۆرسىلا يىغلاپ ئوغلۇم بىلەن مېنى قەشقەرگە ئالغاچ كەتسەڭلار، دەپ يېلىناتتى. ئۇ بىزنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىمىزدىن نېرى كەتمىدى. مەن ئاخىر ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىشقا ئارايكنى ئۇناتتىم.

بىز يولغا چىقىدىغان كۈنى تۈنجى قار ياغدى. بىز قاتتىق يېغىۋاتقان شۇبىرغانلىق قارغا قارىماي يولغا چىقتۇق. ئۇزۇن ماڭمايلا ماشىنىمىزنىڭ ئەينىكىنى سۈرتىدىغان چوتكا يوقلۇقىنى بايقىدۇق. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى بىر ئادەم كابىنكا باسقۇچىدا تۇرۇپ، ئەينەكنى قولى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇش ئىدى. ئويمانىراق كەلگەن ئۈرۈمچى رايونىدىن كەڭرى دالىغا چىقساق، بوران تازىمۇ قۇتراپ ماشىنا ئەتراپىدا گۈركىرەشكە باشلىدى. يوللارنى ئوچۇق كۆرگىلى بولمايتتى. يەردىكى تېلېفون سىمىنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئەگرى ـ بۈگرى ھالەتتە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يولنى ئۇنىڭغىلا قاراپ پەرق ئېتىش ئۇنچە ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرىدىن بۆلەك يول بەلگىلىرىنى پەقەتلا كۆرگىلى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن مىل خۇمزا سوغۇققا قارىماي ئۆزى ئامراق جاي كىرلوغا چىقىپ

ئولتۇرىمەن ، دەپ تۇرۇۋالدى . ئۇ يەردە ئالدىدىكى يولنى غۇۋا بولسىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولاتتى ، شۇنداقلا تاقلاپلا چۈشۈپ يەر ئەھۋالىنىمۇ كۆزدىتىش ئاسان ئىدى . كېيىن ، ئارايك مىل خۇمزىنى بەك جاپا تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن شامال توسىدىغان ئەينەكنى ئېچىۋەتتى . شۇئان سوغۇق ۋە بوران گۈركىرەپ قار ئۇچۇرۇپ ماشىنا ئىچىگە كىردى . ماگا يول پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەندەك بىلىندى . ئەگەر يولنى تاپالمىساق ماشىنا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان چۆلگە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ چاغدا قايتىپ تاشيولنى تېپىش ھازىر يولنى كۆرەلمىگەندەكلا قىيىنغا توختايتتى . ۋەھالەنكى ، بوران توختىغىنىچە ماگماي تۇرىدىغان بولساق ، ئالدىمىزغا قار دۆۋىلىشىپ ، يولنى كۆمۈپلىۋېتەتتى . ئامالنىڭ يوقىدىن ئاستا ماگدۇق . بەزىدە مىل خۇمزا ماشىنىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ، قار پۈتۈنلەي كۆمۈۋەتمىگەن ھارۋا چاقلىرىنىڭ ئىزلىرىنى تېپىپ ، بىزگە قول پۇلاڭلىتىپ ئوڭغا ياكى سولغا مېڭىڭلار ، دەپ يول كۆرسەتتى . ئارايك ماگا ھېلىقى سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرىگە كۆز ئۈزمەي قاراشنى تاپىلىدى . ئۇ نېمىلا بولمىسۇن يولنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى . ئەمما ، بۇ سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرى گاھىدا بوران ۋە تۇمان ئىچىدە يوقىلىپ كېتەتتى . شۇ چاغدىكى ئەھۋال تولىمۇ تېز ئۆزگىرىپ تۇراتتى . ساقاللىق ، يوغان تېرە جۇۋا ، يوغان كىگىز قالپاق كىيگەن مىل خۇمزانىڭ ماشىنىنىڭ ئالدىدا ، شىۋىرغانلىق قار ئىچىدە تەسلىكتە مېڭىشى كاپىتان ئوئاتېسنىڭ سۈرىتىنى يادىمغا سالدى . بالىلىق چاغلىرىمدا بۇ سۈرەتكە بەك ئۆچ ئىدىم . مانا ھازىر بولسا كۆز ئالدىمدىكى قىيىن ئەھۋالنى رومانتىكلاشتۇرماقتا ئىدىم . قارامتۇل ئاسماندىن مارىلىغاندەك كۆرۈنگەن خىرە قۇياش نۇرى ماگا تولىمۇ كۆلكىلىك كۆرۈندى . ئۇزۇن ئۆتمەي قار – شىۋىرغان سەل پەسلىدى ۋە كېيىن پۈتۈنلەي توختىدى . بۇ چاغدا بىز ئۈرۈمچىدىن چىقىپ 50 نەچچە ئىنگلىز مىلى يولنى بېسىپ بولغانىدۇق . ئالدىمىزدىكى يولدا قار يوق ، شامالمۇ چىققاندەك ئەمەس ئىدى . بۇنى كۆرۈپ بىر قانچە سائەت ئىلگىرىكى كۆرۈنۈش ۋە ئەھۋال ماگا بىر خىيالىي تۇيغۇدەك بىلىندى .

داۋانچىڭ دېگەن كىچىك بىر كەنتتە توختىدۇق . بىر خەنزۇ ئاشپۇزۇلىنى تېپىپ تاماق يېدۇق . شىنجاڭغا يېڭى كەلگەن چاغلىرىمدا مەندە تازىلىق ئەھۋالىغا ئالاقىدار كۆپتۇرۇلگەن بىر قاتار كۆز قاراشلار بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇنداق جايلاردا بەخۇدۇك تاماق يېيەلمەي ، جىددىيلىشىپ كېتەتتىم . ئەمما ، كېيىن ئاچلىق ۋە قىزىقىش مەندىكى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۇي - خىياللارنى يوق قىلدى ، مەنمۇ ئۆزۈمدىكى پاكىزلىق ئۇقۇمىغا بۇرۇنقىدەك چاپلىشىۋالمايدىغان بولدۇم . مەن قەشقەردە ، ئۆز ئۆيۈمدە سۈت پىشۇرۇش ، سۇن قاينىتىشتەك ئىشلارغا بىۋاسىتە نازارەت قىلىپ ، ئاشخانا سايمانلىرىنى سۈرتۈپ ، تازىلاپ ، ئاشخانىنى پاكىز تۇتۇشنى تەلەپ قىلاتتىم . ئەمما ، مېنىڭ بۇ تەلەپلىرىمنىڭ قانچىلىك ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى گېيالگېنلا كۆڭلىدە ئوبدان بىلىپ تۇراتتى . ئادەم ئاز - تولا تەۋەككۈل قىلمىسا بولمايدۇ ، لېكىن مەن تەۋەككۈل قىلىدىغان ئىشلار بارا - بارا كۆپىيىپ كەتتى . سەپەر ئۈستىدە ماڭا ياكى ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشنى ، ھەممىدىن ئاغرىنىپ يۈرۈشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشۇم ياكى ھەر قاچان ، كۆرگەنلىكى نەرسىدىن ھەيران بولۇپ ، ئاغرىنىپ يۈرۈشۈمگە توغرا كېلەتتى . ئارايىك تونۇيدىغان بىر ئامېرىكىلىق ھىمالايا تېغى رايونىغا ئېكسپېدىتسىيىگە بارغاندا ، ئىچىشكە يەتكۈدەك پاكىز سۇ ئېلىپ ماڭغان ، يولدا ئۇچرىغانلىكى جايدا ئاغرىنىپ ، ئەجەبلىنىپ يۈرۈشنى خالىمىغان بولسا ، ئۇنىڭ بۇ ئىشىمۇ ئورۇنلۇق ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇن . بەزىدە مەن ۋە ئارايىك ئۆزىمىزگە كېسەل يۇقتۇرۇۋالمايلى ، دەپ ئېھتىيات قىلىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، مەن ھازىر بۇ ئىشلاردىن ئارتۇقچە غەم قىلىپ كەتمەيدىغان بولدۇم . ھازىرغىچە چوكا تۇتۇشنى دېگەندەك ئۆگىنەلمىگەچكە ، ئاشپۇزۇللاردا دائىم ئۆزۈم يېنىمدىن ئاجراتمايدىغان قوشۇقتا تاماق يەيتتىم . بۇنداق بولغاندا ، خەنزۇلار چوكىلارنى پاكىز يۇغان بولغىيمىدى ، دېگەندەك ئەندىشىلەردىن خالاس بولاتتىم . ئەمما ، قورساق بەك ئاچقان چاغلاردا ھېچنەرسە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى .

داۋانچىڭدا بەسەي قورۇمىسى بىلەن گاكپەن يېدۇق . ئاندىن

تۇرپان ئويمانلىقىدىكى توقسۇنغا يۈرۈپ كەتتۇق . ئەمدى دالىدا قونماي-
لى ، دېگەن نىيەتكە كېلىپ ، ماشىنىنى ئۆدۆل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يا-
مۇلى ئالدىغا ئاپىرىپ توختاتتۇق . ھاكىم خېلى تۈزۈك ئۇيغۇر ئىكەن ،
ئەمما ئىشنى غاچ ـ غۇچ قىلمايدىكەن . ئۇ بىزنىڭ كۆپلۈكىمىزنى كۆرۈپ
چۆچۈپ كەتتى ۋە بېشى قاتتى . بىز ھەممىمىزگە بىر ئىغىزلا ئۆي بولسا
بولىدۇ ، دېۋىدۇق ، ئۇ ئىشخانىسىنى بىزگە بەردى . ئەمما ، ئىشخانىنىڭ
تورۇسىدا چاشقان كۆپ ئىكەن .

بىز كوچىغا چىقىپ ، بىر خەنزۇ ئاشپۇزۇلدا تاماق يېدۇق . ئاش-
پۇزۇلغا ئادەملەر تولغانىكەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسكەرلەرمۇ ، بىر جو-
زىغا ئولىشىپ ئولتۇرغان بىر ئائىلە كىشىلىرىمۇ ، ئۇزۇن يوللۇق يولو-
چىلار ئاپتوبوسىدىن چۈشكەنلەرمۇ بار ئىدى . كىشىلەر چاي ئىچىشەت-
تى ، كىچىك چىنىلەردىكى گاڭپەننى تېز ـ تېز يېيىشەتتى . تۈرۈپ ـ
تۈرۈپ زاكاز قىلىنغان تاماقنى مەلۇم قىلغۇچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭ-
لىناتتى . بۇ يەردىكى كەيپىيات ماڭا سەل تونۇش ۋە غەلىتە تۇيۇلدى .
يەنى بۇلار ئەنگلىيىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك
ئاشپۇزۇللاردىكى كەيپىياتقا ئوخشايتتى ، شۇغىنىسى بۇ مەنزىرە تازا ئەي-
نەن ئەمەستەك ، نەرسىلەرنى ماراش ئەينىكىدىن ئەكسىنى كۆرگەندەك
بىلىنەتتى .

ئەتىسى ، سەھەر يولغا چىقىپ ، ئۇزۇن سەپەرنى باشلىدۇق .
فورت ماركىلىق ئاپتوموبىلىمىز ھەرھالدا يامان ئەمەس مېڭىۋاتاتتى . بىر
پەس مېڭىپ ماشىنىغا ماي ۋە سۇ قاچىلايتتۇق . بىر قېتىم توختىغاندا ،
مىل خۇمزا ماتورنى بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن ، چىرايىدا ھېلىغىچە
كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەندىشە پەيدا بولدى . ئۇ گۆلچىنى سەت تىللار بى-
لەن ئەلپازىنى بەكلا بۇزۇپ تىللاپ كەتتى . ئارقىدىن سىلىندىرنىڭ ياپ-
قۇچىدىن دەز چىقىپتۇ ، دېدى . بۇنى ئۇ گويا بىر ئادەم قەدىناس بىر
دوستىغا راك كېسەللى بولۇپ قاپتۇ ، دەپ دىئاگنوز قويغان چاغدىكىدە-
كىدەك بىر قىياپەتتە ئېلان قىلدى . بىز نائىلاج توقسۇنغا قايتىپ ، يەنە
يامۇل ئالدىغا كەلدۇق .

يامۇلدا ھاكىم قاتارلىق كىشىلەر بىلەن يىغىن ئاچتۇق. يالغۇز مىل خومزا بىلەن ناھىيىدىكى تۆمۈرچى بۇزۇلغان جايىنى بىر ئامال قىلىپ ياسىسۇن، دېگەن قارار چىقاردى. چۈشتىن كېيىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يامۇلدىن ئايرىلدۇق. لېكىن ھېچقانچە ماڭمايلا، كەپشەر ئېرىپ كەتتى. مىل خومزا خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىپمۇ بىر ئامال قىلالمىدى. بىز تازىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قېلىپ، ئىككى قېتىم پاراكەندە قىلغان يامۇلغا يەنە يۈزىمىزنى قېلىن قىلىپ باردۇق.

بىز ئۈمىدۋارلىق بىلەن: «تېلېفون بېرىپ بۇ ئىشنى پاكىستون ئەر ــ ئايالغا ئۇقتۇرايلى» دېدۇق. لېكىن، ئۆرۈمچى بىلەن توقسۇن ئارىلىقىدا تېلېفون سىمى يوق ئىكەن، باشقا چارىمۇ تېپىلمىدى. ئاخىر مىل خومزىنى ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدا ئۆرۈمچىگە ھېلىقى ئىككى ئىنگلىز ئۆرۈمچىگە ھەيدەپ كەلگەن ئۆرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىنىڭ يېڭى شېفلىي ماركىلىق ماشىنىسىنى ئەكىلىشكە ئەۋەتىدىغان بولدۇق. ئۇ كەلگۈچە بىز توقسۇندا تۇرۇپ قالدۇق.

ئارايىك توقسۇندا ئوۋ ئوۋلىغىلى بولىدىغان ــ بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. توقسۇندا توختىتىلغان بىرىنچى كۈنى بىز بىر قانچە ئات ئارىيەت ئېلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى دەريا بويىدىن ياۋا ئۆردەك ئوۋلىغىلى باردۇق. ۋەھالەنكى، ئۇ يەرگە بېرىپ، ناھايىتى يىراقتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىرلا ياۋا ئۆردەكنى كۆردۇق. بۇ يەرلەر توپا، زېرىكەرلىك ئىدى. قىش بولغاچقىمىكىن، دالىلار تاپتاقىر، ئەتراپتىكى قۇملۇقلار پۇرسەت تاپسىلا ئاران ــ ئاران تېرىلىدىغان تېرىلغۇ يەرلەرنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئىدى. بىز ياۋا ئۆردەك ئوۋلاشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئالدىمىزغا قاراپ ئات سالدۇق. ئالدىمىزدا كۆتۈرۈلگەن چاڭ ــ توپا، قىيا ــ چىيالار دىققىتىمىزنى تارتتى. يېقىن بېرىپ قارىساق، بۇ يەردە ئوغلاق تارتىش بەيگىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىكەن. بۇ ھەقتە كىشىلەر گېزىتلەرگە تەپسىلىي خەۋەرلەرنى يازىدىكەن. مەن بۇ بەيگە ھەققىدە قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. بىر ئۆلۈك ئوغلاق كىشىلەر ئوتتۇرىسىغا تاشلىنىدىكەن، بىرى ئۇنى يەردىن ئېلىپ تېقىمىغا باستۇرۇپ ئات چاپتۇرىدىكەن. بەيگىگە قاتناشقان

باشقا ئادەملەر ئۇنى ئېلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىدىكەن. بۇ چاغدا ئوغلاق ئېلىپ ماڭغان ئادەم، ئۆلۈك ئوغلاقنى بىر توپا دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئېتىۋېتىدىكەن، ئاندىن مۇكاپات تەرىقىسىدە بېرىلگەن ئازراق پۇلغا ئېرىشىدىكەن. بىز توپا دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ (بۇ يەر سەل خەتەرلىك ۋە بەك توپا ئىدى) بەيگىنى زور قىزىقىش بىلەن كۆردۇق. ماھىرلار بىردە قوغلىشاتتى، بىردە بىر دائىرە ئىچىدە ئايلىنىپ جان-جەھلى بىلەن ئوغلاقنى تالىشاتتى. تۇرۇپلا بەيگىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى بىز تۇرغان توپا دۆڭگە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، دۆڭگە سوقۇلۇپ بىزنى يىقىتىۋەتكىلى تاسلا قالاتتى. ئارقىدىن غەلىبە خەۋىرى ئېلان قىلىنىپ، بىر ماھىر بېشى يوق ئوغلاقنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ دۆڭگە ئاتاتتى. ئاندىن يېڭى تالىشىش باشلىناتتى.

ساھىبخانلار دوستانە، كۆڭلىمىزنى خۇش قىلغۇدەك قىياپەتتە بىزنىمۇ بەيگىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە غالىبلارغا كۆپرەك پۇل مۇكاپات بېرىش يولى بىلەن جاۋاب قايتۇردۇق. ئارايىك بىلەن گېيالگېن دۆڭدە تۇرۇپ بىر نىشان بولۇپ بەردى. ماھىرلار ئوغلاقنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتاتتى. بەيگە قىزىپ، توپا ئۆرلەپ نەپەسنى قىساتتى. تاماشىبىنلارنىڭ تىللاشلىرى، يول كۆرسىتىپ ۋارقىراشلىرى ئەۋجىگە چىقتى. بىر ماھىرنىڭ دوپپىسى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ سۈرۈلۈپ كەتكەن چېكىسىدىن قان ئاقاتتى؛ پۈتۈن مەيداندىكىلەر ھاياجانلىناتتى، توۋلىشاتتى. بىر چاغدا قارىسام، ئۆزۈممۇ كىشىلەرگە قوشۇلۇپ، ۋارقىراپ، سەكرەپ كېتىپتىمەن.

كېيىن ئۇقساق، بۇ بەيگە بىر سۈننەت توي مەرىكىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. تاماق تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا، ئۇلار بىزنىمۇ تەكلىپ قىلدى. ساھىبخان بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇق، لېكىن ئۆزىمىزنى، بېسىپ كىرگۈچى ۋە چاقىرىلمىغان مېھماندەك سەزدۇق. ئۆيدە ئارايىك ئىككىمىزنى ئايرىۋەتتى. مەن ھېچنەرسە ئۇۋلىيالمىغان ئوۋ مەيداندىن بىردىنلا بىر ئۆي ئاياللار ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. بىز گەپلىشەلمەيتتۇق، شۇنداقتىمۇ قىزىقسىنىپ ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم.

www.uyghurkitap.com

ئاياللار ياسىنىپ ـ تارىنىپ چىرايلىق بولۇپ كەلگەنىكەن. مېنىڭ بولسا ئادەتتىكى كىيىملىرىممۇ رەتسىز ، مەينەت ئىدى . مەن چاي ئىچكەچ، داستىخاندىن ئۇنى ـ بۇنى چوكىدا قىسىپ ئېلىپ يېدىم. بىلىدىغان بىر قانچە ئېغىزلا ئۇيغۇرچە سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا سۆزلىدىم . باشقا جايدىكىگە ئوخشاشلا ئۇلارمۇ بۇ گەپلەرنى قىلغىنىمدىن تەئەججۈپلەندى ، خۇشال بولدى . قائىدە بويىچە بۇنداق سورۇنلاردا چىچەن ئاقساقاللاردىن بىرەرى چىقىپ قالاتتى . ئۇ مېنىڭ غەلىتە تەلەپپۇزدا قىلغان ئۇيغۇرچە سۆزلىرىمنى باشقىلارغا « تەرجىمە قىلىپ » ئۇقتۇراتتى . ئارقىدىن باشقىلار ئۇلتۇرغانلارغا باشىلىرىنى لىڭشىتىپ ، بىر پەس غۇلغۇلا قىلىشاتتى ـ دە ، سۆزلىرىمنى باشقىلارغا يەتكۈزەتتى .

بىز توقسۇندا يەنە ئىككى كۈن تۇردۇق . ئاپتوموبىلنىڭ ئۇرۇمچىدىن تېزراق كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۇق . ماشىنا كەلگەندە يوق بولۇپ قالمايلى ، دەپ يىراقلارغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق . مەن بىز چۈشكەن ئۆيدىن تويۇپ كەتتىم . چۈنكى ، ئۆي ، قاراڭغۇ ، چاشقان تولا ئىدى . نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشاشلا ، تورۇسقا نېپىز قەغەز چاپلانغانىدى . تورۇستا چېپىپ يۈرگەن چاشقانلارنى پەسكە چۈشمەيدۇ ، يوتقىنىمغا كىرىۋالمايدۇ ، دېيەلمەيتتىم . شۇڭا ، ئەتىسى ـ ئاخشىمى باغقا چېدىر قىلىپ شۇ يەردە ياتىمەن ، دەپ تۇرۇۋالدىم .

توقسۇندا ياتقان بەشىنچى كېچىسى ، مەن يېڭى ماشىنا كېلىۋاتامدىكىن ، دېگەن ئوي بىلەن ئۇرۇمچىگە بارىدىغان تاشيولدا بىر قانچە ئىنگلىز مىلى ماڭدىم .ئارايكىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلغان پۇتى ئۇنى ھېلىغىچە تۈزۈك ماڭغىلى قويمايتتى . ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىسامىلا ئۈمىدلىنەتتىم ، بىزنىڭ ماشىنا ئەمەسلىكىنى بىلگىنىمدە لەككىدە بولۇپ قالاتتىم . ئاخىر بولماي سولاشقان ھالدا ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كەلدىم . ئەمما ، تېخى ئۆيگە كىرمىگەنىدىم ، مىل خومزا يېڭى ماشىنىنى ھەيدەپ كەلدى ، دېگەن ھاياجانلىق توۋلاشنى ئاڭلاپ قالدىم .

بىز فورت ماركىلىق ماشىنىنى توقسۇندا قويۇپ تۇرۇپ ، كېيىن يېڭى سېلىنىدىر ياپقۇچى تاپقاندا ئەكىتىش قارارىغا كەلدۇق . ھاكىم

بىزگە بىر بوش ئۆي تېپىپ بەردى. بىز ماشىنىنى شۇ ئۆيگە ئاران پاتقۇزدۇق. ئاندىن مەن يېڭى شىفلې ماركىلىق ئاپتوموبىلغا قارىدىم. ئىچىمدە بىر ئاچچىق بار ئىدى. بۇ ئاپتوموبىل كالامپاي، ئېغىر، ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ماتورى شوپۇر بىلەن يولۇچىلار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ماتور بىلەن ئىككى ئورۇندۇقنىڭ ئارقىسىدا يۈك ـ تاقلارنى قويىدىغان ۋە باشقا ئادەملەر ئولتۇرىدىغان جاي بار ئىدى. ئەمما، بۇ جاي تار، كىچىك ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئادەملەردىن بىرەرىنى ئازايتساق بولامدۇ نېمە دەپ ئويلىدىم. ئەمما، ئۇيغۇر ئايال بىلەن بالىسىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەلپى ھېچقانچە چوڭ، ئارتۇقچە ئەمەس ئىدى. ئاخىر مىل خۇمزادىن باشقا ھەممىمىز ماشىنىغا چىقتۇق، ئەمما ھېچقايسىمىزغا راھەت يوق ئىدى. مەن ئورنۇمنى مىل خۇمزىغا بېرىپ، ئالدى تەرەپتىكى چاق ئۈستىدە تۇرغان ساندۇق ئۈستىدە ئولتۇردۇم. باشتا بۇ ئورۇننىڭ ناچارلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى، ئەمما يەتتە كۈن ئىچىدە مېنىڭ ئون جېنىمدىن بىرىلا قالدى. كاسام سۇرۇلۇپ، ئىششىپ كەتتى. پۇتلىرىمنىڭ پېيى تارتىپ، تەستە ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا، بۇ ماشىنىغا بەك ئۆچ بولدۇم. بۇ ماشىنىنىڭ كونا ماشىنىمىزغا قارىغاندا بەكرەك تاسقايدىغانلىقى، ھەيدىمەك قىيىنلىقى، باشقۇرۇشمۇ قىينراقلىقىغا ئىشەندىم.

قەشقەر بۇ قېتىم ماڭا ھەرقانداق چاغدىكىدىن يىراق بىلىنىپ كەتتى. ھەممىمىز بەك جاپا تارتىپ كەتكەچكە، سەپىرىمىزنىڭ تېزراق تۈگىشىنى، بۇ ماشىنىدىن پاتراق قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. يېڭى بولغان بىلەن ماتورى بىزنى بەك خاپا قىلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، جۇڭگودا ئىشلەنگەن بېنزىننىڭ سۈپىتى بەك ناچار ئىكەن ياكى بۇ بېنزىنغا فورت ماركىلىق ماشىنا كۆنۈپ قالغان بولسا، بۇ ماشىنا قوبۇل قىلالمايۋاتامدۇ، ھېچ بىلمىدۇق. ئىككى كېچە سۇ قوشۇلغان نېفىت توكلاپ قالدى. تاڭ ئاتقاندا مىل خۇمزا تۇرۇبا ئاستىغا ئوت قالاپ ئاران ئېرىتتى. ئۇنىڭغىچە بىز ماشىنا يېنىدا نەچچە سائەت ساقلىدۇق.

www.uyghurkitap.com

ئاقسۇدىن چىقىپ ئۇزۇن ماڭمايلا ، ماي يولى توشۇلۇپ قالدى . بۇ كاشىلا شۇنداق جىنىمىزغا تېگىپ ، ناھايىتى ئۇزۇن تۈرگۈزۈۋېتىلدى . مىل خۇمزا پاسكىنا بېنزىننى قويماي تارتىپ ئېلىۋېتىپ باكنى پاكىز يۇيۇپ تازىلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ نەرسە ئانچە خاپا قىلمىدى . بىز شۇ ماڭغانچە ھەتتا تاماققىمۇ توختىمىدۇق . بىر چاغدا بۆكەن كۆرۈپ قېلىپ ، ئۇنى قوغلاپ بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتنى بىكارلا زايە قىلىۋەتتۇق . لېكىن ، ماشىنا ئۈستىگە تۆت بۆكەن باغلاندى . بىرىنچى بۆكەن بالىسى ئوق تېگىپ يىقىلغاندا ، ۋىجىك ، پاكار ھىندى سودىگەر پالاقلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆلگەن بۆكەننى كۆردى . بارلىق ئىخلاسمەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرىغا ئوخشاش ، ئۇمۇ گۆش يېمەيتتى ، ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشكە قارشى ئىدى . ئەمما ، بۆكەننى قوغلاش جېڭى بەك كەسكىن ، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك ، ئۇ قولۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ، بۆكەن يىقىلغان جايغا بىرىنچى بولۇپ باردى .

بىز ئوۋلىغان بۆكەنلەرنى ماشىنا ئۈستىگە تېڭىپ ، قاراڭغۇدا يولىمىزنى داۋام قىلدۇق . چۈشلەردە چىققان شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ ، يەر ــ جاھاننى توپا ــ چاڭ قاپلىدى . قۇم ــ توپىلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ بىزنى نەپەس ئالدۇرمىدى . بۇ ئەھۋالدا چېدىر تىكىپ ، ئوت ياققىلى بولمىغاچقا ، ماشىنىنى سەل دالدا بىر جايغا ئەكىلىپ توختاتتۇق . بۇ يەردە ئىشىكى يوق ئىككى ئېغىز كېسەك ئۆي بار ئىدى ، ئەمما ئىچىدە قالايدىغان خېلى جىق ئوتۇن تۇراتتى . سائەت سەككىزدە بىز بىر ماشىنا ئادەم بۇ ئۆيلەرگە جايلاشتۇق . گېپىالگىن پولو ئەتتى . ئارايىك بىلەن مەن تاماق پىشقۇچە ئۇخلىدۇق .ياك ئەپەندى بىلەن ھېلىقى ھىندىستانلىق بۇ ئۆي ۋە سىرتتىكى ئەھۋال يامان بولغاندىكىن ، جاپا تارتساقمۇ كېچىلەپ مېڭىپ يولنى سەل قىسقارتايلى ، دېگەن تەكلىپنى بەردى . ئامالنىڭ يوقىدىن ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە يولغا چىقتۇق .

ماشىنا جۇڭگونىڭ بېنزىنى بىلەن يەنە بىر نۆۋەت كۈچ ئېلىشتى . چىرىغى تۈزۈك يانمىغاچقا ، ناھايىتى ئاستا ماڭدۇق . يوك ــ تاقلار ۋە

ئادەملەرگە يۆلىنىپ بىر ئاز ئۇخلىۋالاي دېگەنىدىم . قاتتىق ــ قۇرۇق نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇپ ، قاتتىق سىلكىنىپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم . ئارايىك ماشىنا ھەيدەشنى مىل خۇمزاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، قېقىل ــ سوقۇل ئەـ چىدىمۇ قاتتىق ئۇخلىدى .

ئاقىۋەت ئۇپۇق ئاقاردى ، بورانمۇ پەسەيدى . خۇددى يۇيۇپ تاـ زىلانغانىدەك كۆرۈنگەن پامىر ئېگىزلىكىنى ئوچۇق كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتۇق . بىزگە گويا تونۇش تاغلار بىزنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەنـ لىكىمىزنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك ئىدى . ئالتە ھەپتىدىن بېرى ناتونۇشتەك بولۇپ قالغان تاغلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى قۇياش نۇرىدا پارلاپ بىزنى ھاياجانلاندۇردى .

ئاتۇشقا ئاز قالغاندا ، يول بويىدا بىر ئوغۇل بالا پىششىق تۇخۇم سېتىۋاتقانىكەن . بىز توختاپ بۇ بالىنىڭ ئۆيىدە تاماق يېدۇق . ئاندىن ئىككى سائەت مېڭىپ قەشقەر بوستانلىقىنىڭ چېتىگە كەلدۇق .

قىش كىرگەن ، كائىنات قۇرۇق ، يالىڭاچ بولسىمۇ ، قەشقەرنى كۆرۈپلا ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ، ھاياجىنىم ئېچىمگە پاتماي قالدى . چۈنكى ، تونۇش بوستانلىق ماڭا ئۆيۈمگە يېتىپ كېلىش خۇشاللىقىنى بەخش ئەتتى . ماشىنا باش كونسۇلخانىغا يېقىنلاشقانچە ھاياجىنىم ئارتىپ بارـ دى . شىنجاڭنىڭ بىزگە ناتونۇش بولغان شىمالىنى چۆرگىلەپ كەلگەنـ دىن كېيىن ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى بىزگە ئۆز يۇرتىمىزدەكلا بىلىندى . بىز دەل ــ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ، ئايالالار يۈزىنى ياپىدىغان ، چۈمـ بەل ئېچىدىن سىرتقا نەزەر سالىدىغان زېمىنغا قايتىپ كەلدۇق ، ئۇيغۇر يۇرتى قويۇق بۇ ماكانغا قايتتۇق . بۇ زېمىنغا بەكلا مېھرىم چۈشۈپ قالـ غان ، ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسى ئۆز ئۆيۈم بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، بۇ يەرگە قايتىپ كەلگىنىمدە ، دۇنيانى بىر ئايلىنىپ ئەنگلىيىگە قايتىپ كەلگەندەك بولدۇم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئون ئۈچىنچى باب

# قەدىمىي قەبرىدىكى « بايلىق »

— مەن ئاجايىپ قىزىق بىر نەرسىنى بايقىدىم ! — دەپ جاكارلىدى ماگا فرانسىيە مۇخبىرى سالىۋارى ئەپەندى ھاياجان بىلەن.

سالىۋارى ئەپەندى قەشقەر ۋالىيسىنىڭ ئىشخانىسىدا ( ۋالىي قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ، بۇ ۋەزىپىنى ئۇيغۇر ئۆتەيتتى. ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بىر خەنزۇ ئىدى ) تولىمۇ قىزىقارلىق بىر ۋەقەنى ئاڭلاپ قاپتۇ : قاراشەھەر[1] رايونىدىكى موڭغۇللار خېلى زامانلار ئىلگىرى قەشقەرگە يېقىن جايدا موڭغۇللارنىڭ بىر قەبرىستانلىقى بار ، دەپ ئاڭلىغانىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ قولىدا بۇ قەبرىستانلىقنىڭ خەرىتىسىمۇ بارمىش. ئۇلار يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ سالا قىلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىگە بۇ قەبرىستانلىقنى قىزىپ بېقىش ، ئەڭ مۇھىمى قەبرىستانلىقتىن ناھايىتى ئەتىۋارلىق بىر قاچىنى ئىزدەيدىغانلىقى تەلىپىنى قويۇپتۇ ؛ ئۇلار بۇ قاچىنىڭ شۇ قەبرىستانلىققا كۆمۈلگەنلىكىگە ئىشىنىدىكەن ؛ بۇ قەبرىستانلىقتا قىممەت باھالىق بايلىقلار كۆپ بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ ، موڭغۇللار شۇ قاچىنى ئالسىلا قانائەتلىنىدىكەن.

بۇ ۋەقەگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. غەرب « مەدەنىيىتى » ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي ، بۇ رايون يەنىلا خىيالپەرەسلىك ۋە ئاجايىپ - غارايىباتلارغا تولغان بىر زېمىن

---

[1] قاراشەھەر — شۇ چاغدا قاراشەھەر بىر قانچە ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋىلايەت ئىدى. خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ تۇرغۇت ، خوشۇت ناھىيىسىنىڭ خوشۇت موڭغۇل قەبىلىسى مۇشۇ رايونغا تەۋە ئىدى.

ئىدى . شۇڭا ، بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ئەڭ كاتتا ئەمەلدارلارمۇ بۇنى مەسخىرە قىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ . بەلكىم ئۇلار ئەپسانىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئاجايىپ ــ غارايىپ رىۋايەتتىن بىرگىنىمۇ ئاز ــ تولا نەپ تېگىپ قالار ، دەپ ئويلىغاندۇ . بۇنى ئاڭلاپ بىزمۇ گۇمانلاندۇق . بۇ يەردىكى ھۆكۈمەت يىراق جايدىكى موڭغۇللارنىڭ تەلپىنى ئورۇنداپ بىرەرمۇ ، ئۆزلىرى ھېچنەرسە تەمە قىلماسمۇ ، دېگەن گۇماندا بولدۇق . باشتىنا نىيەت ــ مەقسەت بولمىغان ، نوقۇل ئارخىئولوگىيىلىك قېزىش ئىشى ئۈچۈن قەشقەر ۋالىيسى قۇملۇقتا ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەرمۇ دېگەندەك گۇمانلىق ئويلارمۇ خىيالىمىزدىن كەچتى . چۈنكى ، ئادەمسىز ، پىنھان جايغا بېرىپ تارىخىي يادىكارلىقلارنى قېزىش ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى ياشانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئەمەلدار بولغان ، سالاپەتلىك ، ئېسىل كىيىنىپ يۈرىدىغان خەنزۇلارنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى .

ۋەھالەنكى ، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ زادى قەيەردىلىكىنى پەقەت بىلمىگەن ئەھۋالدىمۇ ، ئۇنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى . سالېۋارې ئەپەندى بۇ پائالىيەتكە تەكلىپ قىلىندى . ئارايك ، مەن ۋە باش كونسۇلخانا دوختۇرى تەكلىپ قىلىنمىساقمۇ ئۆزىمىز بېرىش قارارىغا كەلدۇق ۋە ياڭ ئەپەندىنى بىللە بېرىپ تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق . مېنى قاتتىق تەئەججۈپلەندۈرگەن بىر ئىش ، ياڭ ئەپەندىنىڭ خانىممۇ بىز بىلەن بىللە بارماقچى بولدى .

2 ــ ئاينىڭ سوغۇق بىر سەھىرى ، تاڭ تېخى يورۇمىغان ، بىز بەش ئادەم ۋالىينىڭ تەلپىگە ئاساسەن سائەت يەتتىدە ئۇنىڭ يامۇلغا باردۇق . قارىساق ، يامۇل ئالدى قاپقاراڭغۇ ، ھەممە ئادەم قاتتىق ئۇيقۇدا ! ياڭ ئەپەندى قىلچە تارتىنماي مۇئاۋىن ۋالىينى ــ جۇ فامىلىلىك خەنزۇنى تۇۋلاپ ئويغاتتى . ئۇ ناھايىتى يېقىشلىق ئادەم ئىكەن . ئۇ يامۇل دەرۋازىسىنى ئاستا ئاچتى . جىن چىراغنى يېقىپ بىزگە كۆڭلىنى ئايندىدىغان كاكائو چېيى دەملەپ بەردى . بىز بىر ئىككى سائەت ساقلىغاندىن كېيىن ، ئۇ ئادەملىرىنى يىغىپ تەييار قىلدى . سالېۋارې ئەپەندى

يېڭىشەھەردىن ئەتىگەنلىك تاماقنى يېمەي ھاسىراپ ـ ھۆمىسەپ يېتىپ كەلدى . ئىككى سائەتتىن كېيىن ۋالىينى پەيدا بولدى . ئۇ ئەسلىدە ، سالاپەتلىك ئىدى . شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن تەخ بولدى .
ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بىز ھۆكۈمەتنىڭ ئاپتوموبىلىدا ماڭدۇق ، ئەمما قەيەرگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلمىدۇق . ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى گۇمانلىق ئىدى . نەگە بارىمىز ، دەپ سورىغانىدۇق ، « شوپۇر بىلىدۇ » دېگەن كۆڭۈللۈك جاۋابقا ئېرىشتۇق .
بىز ئاپتوموبىلنىڭ كوزۇپىغا چىقتۇق . بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان بەكمۇ ئەبجەق بىر ئاپتوموبىل ئىدى . كوزۇپتا بىرقانچە كىچىك ئورۇندۇق ، بىر قوي ، ئۈچ توخۇ بار ئىدى . ئۈچ ئۇيغۇر ئادەم بىرنى ساقلاپ تۇرغانىكەن . ئىچىدە بىرى خېلىلا ياشانغان ، ئورۇق ئىدى . بېشىغا ئاق سەللە ئورىغانىدى . تېنى ئاجىز بولۇپ ، بۇ ئېكسپېدىتسىيىگە ئۇنچە لايىق كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى .
ئارايىك بىلەن مېنىڭ شەھەردىن قايسى تەرەپكە قاراپ مېڭىشىمىزنى بەكمۇ بىلگىمىز كېلەتتى . ماشىنا ئورۇمچىگە بارىدىغان يولغا قاراپ ماڭدى . ھاۋا سوغۇق ، شامال يۈزگە پىچاقتەك سانجىلاتتى . ئۇزۇن ماڭمايلا ، مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ ، جۇ ئەپەندى ۋە ۋالىي بىلەن كوزۇپ تاختىسىدىلا ئولتۇردۇم . ۋالىي بىلەن پەقەت ھۆكۈمەت سورۇنلىرىدىلا يۈز كۆرۈشكەنىدىم . ئۇ ساغلام ، مېھرى ئىسسىق ئۇيغۇر ئادەم ئىدى . ئۆزىنىڭ ئورنىدىن قايمۇقۇپ يۈرگەندەكلا قىلاتتى ؛ ئىلگىرى جۇ ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭغا باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئىما ـ ئىشارەت قىلغانلىقى ياكى تەكلىپ بېرىپ يول كۆرسەتكەنلىكىگە دىققەت قىلغانىدىم . ۋالىي يۈزى تۆۋەن ، سەل بىپەرۋا كۆرۈنەتتى . ئەمما ، خېلىلا سۈرلۈك ، كەسكىن ئىدى . مانا بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە تەرەپلىرىنى نامايان قىلدى .
ماشىنا بىزگە تونۇش ئىشتىك قاراۋۇلخانىسى تەرەپكە بۇرۇلغاندا ، ئارايىك ئىككىمىز مەنىلىك كۆز ئورۇشتۇرۇپ بېشىمىزنى لىڭشىتتۇق . بۇ ، بىز ئىلگىرى كۆپ قېتىم ماڭغان يول بولۇپ ، ئىشتىكنىڭ

نېرىسىغا كېتىۋاتاتتۇق. ئادەتتىكىدەك مەن ئارىلىقنى تەخمىنەن ھېسابلاشقا تىرىشتىم. يەنە «پوتەي» بىلەن خەنزۇلارنىڭ «چاقىرىم» نى، ئېنىق ئىنگلىز مىلىغا ئايلاندۇرۇشقا باش قاتۇردۇم. ئەپسۇسكى، ماشىنىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپ ئادىمىنىڭ بىرىمۇ ۋاقىت، ئارىلىق دېگەنلەرگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمىدى. ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، سىلەرگە تەخمىنەن يۆنىلىشنى بىلىش كۇپايە، دەپ قارايتتى. سالېۋارى ئەپەندى:

— بىز قانداق بولمىسۇن، سائەت تۆتتە قايتىشىمىز لازىم. ئەتە ئۈرۈمچىگە ماڭىمەن، شۇڭا بۈگۈن جاۋ ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋە بىرلىكتە تاماق يەيدىغانغا كېلىشىپ قويغانىدىم، — دېدى.

ئۇ گەپنى چوڭ قىلىۋەتتى، دەپ ئويلىدۇق، ئەمما ئاغزىمىزدىن چىقارمىدۇق. ماشىنىدىكى باشقا ئادەملەر ئۇنىڭ گېپىگە ئېرەن قىلمىدى.

ئاپتوموبىل «ماجۇگىيڭ يولى» نى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ يولنىڭ ئوي - دۆڭى بىزگە شۇقەدەر ئېنىق ۋە تونۇش ئىدى. ماشىنا ناھايىتى خەتەرلىك، كىچىكرەك تاغ ئېغىزىنىڭ ئۈستىگە ئوكۇشلۇق چىقىپ، يەنە تۆۋەنگە ماڭدى. بۇ ئاپتوموبىلدا بۇرۇن ئولتۇرۇپ باققان سالېۋارى ئەپەندى بىزگە بۇ ئاپتوموبىلنىڭ تورمۇزى يوق، دېدى. شۇنداقتىمۇ ئىشتىك قاراۋۇلغا تىنچ - ئامان يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە تاماق يېدۇق. ئارايك ئىككىمىز ئەمدى قايسى تەرەپكە ماڭىمىز، دەپ ئويلىدۇق. چۈنكى، مۇشۇ يەردە يول ئىككىگە ئايرىلاتتى. سول تەرەپكە ماڭساق قۇربانىنىڭ ئۆيىگە باراتتۇق. بۇ «ماجۇگىيڭ» يولىنىڭ داۋامى ئىدى. ئوڭ تەرەپ بىز ئىلگىرى ماڭغان يول بولۇپ، بۇ يول بىلەن بىز ئېشەككە مىنىپ قارا تىكە تاغ ئېغىزىغا بارغانىدۇق. ئەمما، بۇ تەرەپتە ئاپتوموبىل ماڭىدىغان يول يوق ئىدى. بىز بۇ ئويىمىزنى شوپۇرغا ئېيتىپ، بۇ يولنى بىز ئوبدان بىلىمىز، دېدۇق. لېكىن، شوپۇر گېپىمىزگە پىسەنت قىلماي، تەمكىن تۇردى. ئۇنىڭ ماشىنا ھەيدەش تېخنىكىسى خېلى ئوبدان بولۇپ، ئۇ ئەبجەق ماشىنىنى سىلىق ۋە تېز ھەيدىگەن-

دى ، لېكىن يول ئەھۋالىغا پەرۋا قىلمايتتى . شۇڭا ، ئۇ ماشىنىڭ ئالدىدا تـوسالغۇ بارلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ ، ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇلغان چەۋەنداز كەبى كەڭ زېمىنغا قاراپ ھەيدىدى . ئورۇندۇقلار قاتتىق سىلـ كىنىپ ، ئادەملەر بەزىدە ئادەملەرگە ، بەزىدە قوي ـ توخۇلارغا ئۇ- رۇلاتتى. ۋالىينىڭ سۇر ـ سالاپىتىمۇ نەلەرگە كەتتى . ئۇ ئەنگلىيە بانكا كۇنىدىكى خۇشال تاماشىچىدەك تۇرۇپلا قاقاقلاپ كۈلەتتى ، تۇرۇپ ئىنجىقلايتتى ياكى توۋلاپ قوياتتى . بەزىدە ماشىنىنى توختات ، دەپ ۋارقىرايتتى . شوپۇر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ كېتىۋېرەتتى . بىز ۋالىينى كۆزىتىپ ، ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى يېڭىچە بىر نۇقتىدىن بىلدۇق .

ئاپتوموبىل بىر يانباغىردىن كېتىۋاتقاندا ، بىر تەرەپكە قىڭغايغا- نىدى . ھەممىمىز كوزۇپنىڭ شۇ تەرىپىگە ياتتۇق . ۋالىي بۇ قېقىلىشتىن قورقۇپ كەتتىمۇ ياكى بۇ ئىش قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ ، بەئەينى كى- چىك بالىدەكلا بولۇپ قالدى . بۇ بىردە قورققان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى ، بىردە ياڭ ئەپەندىنىڭ چىشىغا تېگەتتى . ياڭ ئەپەندى يول ئازابىغا چى- شىنى چىشلەپ چىداپ سۆزسىز ئولتۇراتتى . ۋالىي خۇشال بولسۇن ياكى ئاچچىقى كەلسۇن ، ياڭ ئەپەندى بىلەن باشقا ئۇيغۇر ياردەمچىلىرى ئۇ- نىڭغا كەڭ قورساقلىق بىلەن تەسەللىي بەرگەندەك كۈلۈمسىرەپ قارايتتى .

مـاشىنا ناھايىتى خەتەرلىك بىر تاغ ئۆستىگە چىقتى . ماشىنا بى- لەن بۇنداق خەتەرلىك جايغا چىقىشىمىز تۇنجى قېتىم ئىدى . ماشىنا قاتتىق تاشلىق يول بىلەن تۆۋەنگە چۈشتى ـ دە ، بىر تاغ جىلغىسىغا كەلدى . تاغ جىلغىسىنىڭ ئاستىغا ئاز قالغان جايدا قېلىن مۇز تۇراتتى . مەن ، شوپۇر ئەمدى كەينىگە ياندىغان بولدى ، دەپ ئويلىدىم . ۋالىي بىلەن دوختۇردىن باشقا ھەممەيلەن ماشىنىدىن چۈشۈۋالدۇق . شوپۇر مەزمۇت ئولتۇرۇپ ، رولنى چىڭ تۇتۇپ ماشىنىنى ھەيدەپ ئالدىغا ماڭدى . بىز يانباغىردىن چۈشۈپ جىلغىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە چىقىپ ، شېغىللىق جايدا ماشىنا جىلغىدىن قانداق ئۆتەر ، بىز تۇرغان يەرگە

قانداق كېلەر ، دەپ قاراپ ئولتۇردۇق . ۋالىي بىلەن دوختۇر ماشىنىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ-تۇ . شۇنداقتىمۇ ، چوشلۇك تاماقتا يەپ ئېشىپ قالغان ئىككى پارچە سۆگەكنىڭ ئوشۇقىنى چىقىرىپ ئېتىشىپ ئويناپتۇ . ماشىنا يانباغىرنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ، بىز ئۆتتۇردۇق ، دېگەن ئويغا كەلدىم .

بىز قارامتۇل كۆل رەڭ ، گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان سۇپىدەك جايدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈردۇق . بىزنى بۇ يەردە بىرەر نەرسە ئىزدەۋاتىدۇ ، دېگەندىن كۆرە ، قىلىدىغان ئىش تېپىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ ، دېگەن تۈزۈك ئىدى . ۋاھالەنكى ، بۇ ئالتە ئىنگلىز مىلى يولنىڭ بىزگە قانچىلىك جاپالىق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ۋاقىت چوشتىن كېيىن بول-غانىدى . سالىۋارىي ئەپەندى ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ كەچلىك زىياپەتكە ئۈلگۈرۈپ بارسام بولاتتى ، دەپ ئالدىراپ تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى . بىز ئۈنىڭغا ، ھازىر قايتقان تەقدىردىمۇ ، قەشقەرگە سائەت تۆتتە بارالايدى-غانلىقىمىزنى ئېيتتۇق . ئۇنىڭغا خەير خاھلىق قىلساقمۇ ، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى . كېلىدىغىنى پەقەت غەربلىكلەرنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قى-لىش كۆز قارىشىغا ئاساسەن تازا تىللاش ئىدى . لېكىن ، بۇ يەردە بۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم يوق بولغاچقا ، بىزمۇ ئامالسىز ئىدۇق .

بىز ئايلىنىپ يۈردۇق ، تاۋۇز يېدۇق . ۋالىي بىزگە « جەلپ قىلارلىق » ئويۇن كۆرسەتتى . ئۇ قاقاس ، قۇرۇق ساھىلدا ئولتۇرۇپ ، بىز يىغقان تاشلارنى ئىككىگە ئايرىپ ، قايسى تاشنى مەن تەرگەنلىكىمنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ جىددىي ۋە كەسكىن قىياپەتتە بىر تاشنى ئېلىپ مەغرۇر ھالدا ماڭا بەردى . ئۇ دەرۋەقە مەن تەرگەن تاش ئىدى .

بىزنىڭ ھازىرقى قىيىن ئەھۋالىمىز ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىق-مايتتى . ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدىغان ، بالىلاردەك قىلىقلارنى قىلى-دىغان بۇنداق ئادەملەرگە چېچىلىش ياكى كايىش چوپەيلىكتەك بىلى-نەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز بۇزۇلغان ماشىنىنىڭ يېنىغا باردۇق . ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يوق ئىدى . روشەنكى ، ماشىنا ياسايدۇ ، دېگەن ئادەملەر ماشىنا ياسىماي قوغۇن يەپ ، تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشقانىدى . شوپۇر ئامالسىز موگغۇللار قەبرىستانلىقىنى تاپالمايدىغانلىقىنى تەن ئالدى . ئەمما ، ۋالىي بىزنى مۇقۇشۇنداقلا بولدى قىلىدۇ ، دەپ قارىمايتتى . شۇڭا ، ئۇ بىزنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇردى . ئۇ بىردىنلا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئىرادىلىك ، جاسارەتلىك ، كەسكىن پىكىرلىك رەھبىرىگە ئايلاندى ـ دە ، بىزدىن خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىمىزنى ، نېمە ئوي ـ پىكرىمىز بارلىقىنى سوراپمۇ قويماي ، سالىۋارىي ئەپەندىنىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ قارىماي ، بۇ ئىشنى زادى قىلماي قويمايمىز ، دېدى . چۈنكى ، بۇ خىيالىغا كەلگەنچە ئىشلەيدىغان ئەمەس ، دىنغا مۇناسىۋەتلىك جىددىي ۋە زور ئىش ئىدى . ئەگەر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ھازىر قايتىپ كەتسە ، ياماللىقىنىڭ بىشارىتى بولۇپ قالاتتى ـ دە ، پۈتكۈل پىلان يوققا چىقىش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى .

ئەمدى بىلدۇقكى ، موگغۇللارنىڭ بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى ئىزدەش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ئىشتىن سىرتقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش پائالىيىتىدىن ، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ موگغۇللارغا ياخشىچاق بولۇشتەك ئارزۇ ـ ئۈمىدىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەنىدى . موگغۇللارنىڭ ئۆزىمۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئۇقمايتتى . قەبرىستانلىق خەرىتىسىنىڭ بار ياكى يوق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئەمەلىيەتتە بۇ قەبرىستانلىق تېپىلدى ھەمدە ناھايىتى باي بىر ئۇيغۇرنىڭ قوماندانلىقىدا قېزىلىۋاتىدۇ . مەيلى ئەمەلدارلارنىڭ مۇددىئاسى نېمە بولسۇن ، ئۇلار قەبرىستانلىقنى قېزىش ھەرىكىتى تەستىقلىدى ۋە ياردەم بەردى . بىز بولساق دىنىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغۇچى گۇرۇپپىغا تەۋە بولۇپ ، ۋەزىپىمىز قازغۇچىلارغا مۇقەددەس ئامەت تىلەش ، شۇنىڭدەك ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىش ئىدى . ھېلىقى ئاجىز ، ئارانلا ئۆرە تۇرالايدىغان بوۋاي موللا ئىكەن ، ئۇ ئىككى خورىزنى نەزىر قىلدى ، قوي سويدى ، كېيىن ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يېدۇق . بىز بۇ يەرگە غەلىتە بې-

سىپ كىرگۈچىلەر سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلى بىلەن باشلىنىشى نەتىجىسىدە كەلگەنلەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ، رەھبەرلەرنىڭ پىلانىغا تەسىر كۆرسىتىشكە ھەقلىق ئەمەس ئىدۇق .

ۋالىي ئىزدەش نىيىتىگە كەلگەچكە ، بىزمۇ ماشىنىنى قوزغاشقا ھەمكارلىشىپ ، ئۇنى تاغ باغرىغا ئىتتىرىپ چىقاردۇق . بۇ قىيىن ئىش بولمىسىمۇ ، شېغىل يولدا چاق تېيىلىپ تولا كەينىگە يېنىپ كېتەتتى . جىق ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ماشىنىنى ئاخىر ئوت ئالدۇردۇق . ماشىنا گۈر-كىرەپ ئېگىزگە چىقىپ كەتتى . بىز ئاتلىنىپ تاپتاقىر ، كۆل رەڭ چۆلگە كىردۇق .

ئەتىراپ پاكار ، تاقىر تاغ ، چۆلدە سۇدىن ئەسەر يوق ، ئوتۇن - چاۋا تېپىشمۇ قىيىن ئىدى . بۈگۈن قەشقەرگە كېتەلمەسلىكىمىز ئېنىق ئىدى. كاللامدا يازلىقى بىر كېچىنى دالىدا ئۆتكۈزگەن كۆرۈنۈش پەيدا بولدى: قاراڭغۇ كېچە ، قاتتىق سوغۇق ، يەيلى دېسەك تاماق يوق ، يا-تىدىغان ئورۇن - كۆرپىمۇ ھەم يوق . بىز ئارىسالدىلىقتا كېتىۋاتاتتۇق ، ئەمما بىزنى تەكلىپ قىلغان ساھىبخانلارنىڭ پەرۋايى پەلەك ، ھېچنېمىنى ئويلىمايدۇ ، پۈتكۈل ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەر گويا ئاخشاملىققا كومېدىيىلىك تىياتىر كۆرىدىغاندەك خۇشال ، روھلۇق ئىدى . بۇ ھالدىن كۆڭلىمىزدىكى غەم - ئەندىشىلەرمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى .

ماشىنىمىز چۆلدە ئۆرۈلۈپ ، تاسقىلىپ ، گۈركىرەپ كېتىۋاتات-تى . تىنىماي تاسقىلىشتىن باشلار ئايلىنىپ ، كۆزلەر تورلاشتى . شوپۇر بەك خەتەرلىك جايلارغا كەلگەندە ، يەنى بەك تىك جايغا چىقىدىغان ياكى چۈشىدىغان چاغدا بىزنى ماشىنىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇيتتى . ئەمما ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچە ئارىلىقتا كۆپىنچە كەسكىن ئېلىشىش بولاتتى . ئەگەر شوپۇر ماشىنىدىكىلەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىنى ئاڭلاشنى خالى-مىسا ، بىزمۇ ئامالسىز ماشىنىدىن چۈشمەي جىممىدە ئولتۇراتتۇق . بىر قېتىم ماشىنا تار سايدىن تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقاندا ، يانتۇلۇق تىك ، ساي تار ھەم تاشلىق بولغاچقا ، ئىختىيارسىز كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ، ئىچىمدە دۇئا - تىلاۋەت قىلدىم . ۋالىي باشقا ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك

چىكىت تۇۋلاپ كەتتى . خۇداغا شۈكۈر ، ماشىنىمىز موللاق ئاتماي ، قىيالارغا ئۇرۇلماي سالامەت پەسكە چۈشتى . بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى .

بۇنداق جاي ۋە شارائىتتا يول يۈرگەندە ، كۆڭۈل ئاچقۇدەك بىر ئەرمەك بولمىسا ، يول بەك ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىدىكەن . شۇڭا ، ئارايىك بىلەن مەن سالىۋارىي ئەپەندىگە « ئون ئىككى مەسىلە » نى قانداق ئويناشنى ئۆگەتتۇق . ئارايىك بۇ زېمىنغا ئاجايىپ قىزىقىپ قالغاچقا ، بۇ ئويۇننى ئاندا - ساندا ئويناپ قويدى ؛ ئەمما ، سالىۋارىي ئەپەندى بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ كىرىشىپلا قالدى ، شۇڭا ئۇ باش قاتۇرۇپ ئويۇننىڭ جاۋابىنى تاپاتتى ياكى بىزگە مۇرەككەپ سوئال قوياتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇ ماشىنىنىڭ سىلكىپ چايقاشلىرىنى ئۇنتۇپلا كەتتى . نەچچە قېتىم ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ كەتسىمۇ ، ئوي - خىيالىنى بۇزمىدى . مەن ۋە ئارايىك پات - پات ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالاتتۇق . بۇنداق چاغلاردا توساتتىن قويۇلغان : « بۇ ياغاچتىن ياسالغانمۇ ؟ » ياكى « بۇنى كۆرەلەمسىز ؟ » دېگەندەك سوئاللار بىزنى بۈگۈن يولۇقۇۋاتقان ئېغىر ، جىددىي مەسىلىلەرگە قايتۇرۇپ كېلەتتى .

سائەت بەشلەردە ئۈشتۈمتۇت قۇياش يۈزىنى قارا بۇلۇت توستى . كەچنىڭ سوغۇق شامىلى كېچىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېسىمىزگە سالدى .

بىر ئۇيغۇر تاغ ئۈستىگە ئۈچتىن بىر قىسىم قالغان ئارىلىقتىكى بىر كامارنى كۆرسىتىپ :

— ئاشۇ يەر شۇ ، — دېدى .

ئەتراپقا نەزەر سالدۇق . تار سايىنىڭ قىيالىق تەرىپىدىكى ئىككى ئېگىز ئۆيگە كۆزىمىز چۈشتى . تۇيۇقسىزلا بارىدىغان جايغا كېلىپ قالغانلىقىمىز ، قونىدىغان يەر چىققانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇق . ۋاقىت جەدۋىلىمىز ، ئارىلىقنى مۆلچەرلىشىمىز بىزگە ئەخمەقلىقتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى . چۈنكى ، ساھىبخانلىرىمىزنىڭ پوزىتسىيىسى قائىدىگە ئۇيغۇندەك ، ئۇلار بىزدىن ئەتراپلىقراق ئويلىغاندەك تۇراتتى . شۇڭلاشقا ئۇلار

ئۇ يەرنىڭ زادى قەيەرلىكىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەي بۇ قېتىمقى ئېكس-پېدىتسىيىنى ئورۇنلاشتۇرغان ، تەمكىن بولغان ؛ يولدىمۇ ئارىسالدى بول-ماي ، شوپۇرى ۋە ياردەمچىلىرىگە تولۇق ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ، ھازىر بىز كۆزلىگەن جايغا يېتىپ كەلگەنىدۇق . قىياسىمچە ، ئۇلارنىڭ بىر-ئىككى ياردەمچىسى ئاتلىق بۇ يەرگە كېلىپ كەتكەچكە ، بۇ جاينى بى-لىۋالغان ، ئەمما ئاپتوموبىل ماڭىدىغان يولنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئۆلچەپ كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر ئاتلىق ماڭغان بولساق ، ھازىرقىدىن تېزراق كەلگەن بولاتتۇق . مەن ئۆزۈمدە مۇشۇنداق تەمكىنلىك ، كەڭ قورساقلىق ، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىقتەك مىجەز بولسىچۇ ، دەپ كەتتىم . بۇنداق بولۇشى ، مەندىكى بىھۇدە ئالدىراڭغۇلۇق ، غەم - ئەندىشە كۆ-پىنچە سەپىرىمىزنى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى - دە ، خەۋپ - خەتەر ، بالا - قازا يۈز بېرىپ قالارمىكىن ، دېگەن ئەندىشىدىن خالىي بولالمايتتۇق . ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلمىگەن ھالەتتىمۇ ، بۇ ھال سەپىرىمىزگە كاشىلا قىلاتتى .

بۇ چۈشكۈندىكى ھەممىلا ئادەم — مەيلى قازغۇچىلار بولسۇن ياكى ساھىبخان قىرغىزلار بولسۇن ، بىزنىڭ كەلگىنىمىزدىن خۇشال بولدى . بىر ئايال ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كېلىپ ، مېنى ۋە ياڭ خا-نىمنى قولىمىزدىن تۇتۇپ كىگىز ئۆيگە باشلاپ كىردى ، ماڭا سىلەرنى قارشى ئالىمىز ، دەپ پىچىرلىدى ھەمدە ئۆتۈكىمىزنى سالدۇرۇپ قوياي ، دەپ تۇرۇۋالدى .

ھەممىمىز ھازىرلا بېرىپ كولىنىۋاتقان نەق مەيداننى كۆرۈپ كې-لەيلى ، دېگەن يەرگە كەلدۇقتە ، ئۇزۇن قاتار بولۇپ ، يۈرۈش تەس تاغ يولىدا يۈرۈپ كەتتۇق . كۆپ ئۆتمەي ، ئارايىك ، دوختۇرىمىز ، سالىھۋارى ئەپەندى ۋە مەن ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتۇق . ئۆڭكۈرگە بارىدىغان يول تىك ، خەتەرلىك ، ئەمما قىسقا ئىدى . تۆۋەنگە قارىسام ، ياڭ ئەپەندى بىلەن خانىمى ناھايىتى قىينىلىپ چىقىۋېتىپتۇ . بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم تاغقا چىقىشى بولسا كېرەك . ئۇلارنىڭ كەينىدە ۋالىينى جۇ ئەپەندى ۋە باشقا ياردەمچىلىرى يۆلەپ چىقىۋاتاتتى . بۇنداق تاغقا چىقىش ئۇلارنىڭ

ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىملىق ھەمدە ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بىر ئىش ئېدى.

ئۆڭكۈر ئاغزىغا كەلگەندە، باشقىلارنى ساقلىمايلا، تاقەتسىزلىك بىلەن ئىچىگە كىردۇق. ئېڭىشىپ قاراڭغۇ بىر يولغا كىردۇق. بۇ يول چوڭقۇرلۇقنى بىلىپ بولمايدىغان ئۆڭكۈرگە ئەگىشىپلا كېتىدىغاندەك قىلاتتى. مەن قاراڭغۇلۇقنى ۋە قاراڭغۇلۇق تۈپەيلى ئۇچرايدىغان چەكلىمىنى ياقتۇرمايتتىم. شۇڭا، ئىچىمگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپ، قورقۇپ كەتتىم ـ دە، كەينىمگە يېنىپ قۇياش پارلىغان جايغا چىقىۋالدىم. كېيىن ئارايىكنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار پۈت قويىدىغان بىرىنچى جايغا بارغاندا، تار بىر قىيا جازا ئۈستىگە كەپتۇ. ئۇ يەردىكى كاماردىن ئۆتۈپ ئالدىغا مېڭىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. بىرەر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھېچقانچە نەرسىنى ئۇچۇق كۆرەلمەپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ تېشىدا، قازغۇچىلار بىزگە كونا ياغاچ ھىجىر ۋە كىيىمنىڭ پارچىلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ تاپالىغانلىرى شۇ نەرسىلەرلا ئىكەن. ئويلايمەنكى، موڭغۇللار بۇ كىچىككىنە ياغاچ ھىجىردىن پەقەتمۇ قانائەتلەنمەيدۇ. ۋەھالەنكى، قازغۇچىلار بەكمۇ ئۈمىدۋار ئىدى. ئۇلار موللا بىلەن خورازلارنى تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. نەزىرنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتتى. ئۇلار نەزىرنىڭ خاسىيىتىدىن قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەپ نەزىر قىلدى.

بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق ۋە «بايلىق» لارنى تاپقاندىن كېيىن، بىز بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدۇق. ئەتراپتىكى ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان زېمىننى يەنە بىر تەكشۈرۈپ چىقىش نىيىتىگە كەلدۇق.

ئارايىك، مەن، سالىۋارې ئەپەندى ۋە دوختۇرىمىز، بىزنى ھاياجانغا سالغۇدەك بولمىسىمۇ، يەنە باشقا قەبرىلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇق.

تاغ جىنسلىرى ناھايىتى قاتتىق ئىكەن. مەن ئارايىكنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن تاغ ئۈستىگە چىقىپ، ناھايىتى يوغان بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئۆڭكۈر بەك چوڭ، ئاغزى ئېگىز، ئەمما ئىچى ئانچە

چوڭقۇر ئەمەس ئىكەن. ئۆڭكۈر ئىچى كەپتەر مايالقلىرى بىلەن توشۇپ-تۇ. ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. دوختۇر بىلەن مەن چاي ئىـ-چىشكە تۆۋەنگە چۈشتۇق؛ ئارايىك بىلەن سالبۇارى ئەپەندى قەبرىستان-لىقتا كەتتى. ئۇ يەردە قازغۇچىلار ئۇلارغا يەنە ئىككى جەسەت سۆڭـ-ىكىنى كۆرسەتتى. مەن بۇ نەرسىلەرنىڭ، يىل، ۋاقىتنى تەخمىنەن بولسىمۇ بىلەلەيدىغان ئادەمدىن ئارىمىزدا بىرەرى بولسىچۇ، دەپ قالدىم. چۈنكى، كەسىپ ئەھلى بولغان مۇتەخەسسىلەر ئۇچۇن بۇ بەلكىم قىزىـ-قارلىق بىر بايقاش بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى، مۇشۇ نەرسىلەرگە قاراپلا بىرەر ھۆكۈم چىقىرىشمۇ كۇپايە قىلمايتتى. بارا ـ بارا بىز شۇنى ئېنىق بىلدۇقكى، كىشىلەر «بايلىق» تېپىشتەك ساددا ئارزۇنىڭ تۈرتـ-كىسى بىلەن بۇ ئاجايىپ مەنىلىك پائالىيەتنى تەشكىللىگەنىدى. ئۆڭكۈر ئاغزىدا قىلىنغان نەزىر، كىشىلەرنىڭ بىر قىزچاق ئۆڭكۈر ئاغزىدا بىر كۆلەڭگىنى كۆرۈپتىكەن، دېگەن مىش ـ مىش گەپلە بۇ ئېكسپېدىتسىـ-يىمىزگە بىرخىل سىرلىق تۈس بەردى. پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان پاـ-كىت بولسا غايىب بولدى. شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى نەـ-زەرىمدە يوقلا بىر نەرسە بولدى. بىراق، قىزچاق كۆرگەن كۆلەڭگىنى، قىزچاق كۆرگەن كۆلەڭگە چوڭلارنىڭ ئىشەنگەنلىكىنى بىۋاستە ھېس قىلىش؛ يېشى ۋە ئەمەلى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلە ئىلگىرى ئاڭلاپمۇ، كۆرۈپمۇ باقمىغان جايغا يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن ئالتۇننى ئىزدەش ئۈچۈن كېلىشىنى، نەزىر قىلىنغان خورازنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىشەنچىگە تولغانلىقىنى ھېس قىلىش ئاجايىپ بىر ئىش ئىدى.

بەلكىم بۇ گەپلىرىم قۇلاققا پو ئاتقاندەك، قوپال گەپلەردەك ئاڭـ-لىنىدۇ. لېكىن، مېنىڭ بۇنداق دېيىشكە ھېچقانداق ھەققىم يوق. ئەمما، ناھايىتى مۇھىم بىر پاكىت شۇكى، چۈشەندۈرۈشكە ئىگە بولماي تۇرۇپلا چۈشەندۈرۈپ كېتىش ئەسلى ۋەقەنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىـ-دۇ. قازغۇچىلار بۇ چەت، خىلۋەت جايدىكى قەبرىنى قانداق بايقىغانـ-

دۇ ؟ ئۇلاردا راستلا بۇ جاينىڭ خەرىتىسى بارمىدۇ ؟» دېگىنى بىر پا-كىت.

كىنگىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ قىزىق كاۋاپنى ئاغزىمنى كۆيدۈرۈپ يەپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى ئۆتكۈر بىلەن كۆمۈلگەن بايىقى ۋاقىتنىچە ئۇنتۇدۇم. يېگىدىن سويغان قوينىڭ گۆشىدىن ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان كاۋاپنى تويغۇچە يەپ بولۇپ قارىسام، ئالدىمدا يەنە بىر مۇنچە قويرۇق ماي، گۆش تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن كاۋاپنىڭ ئىشتەي ئې-چىش ئۈچۈن قىلىنغانلىقى، ئاساسلىق تاماقنىڭ ئەمدى پىشۇرۇلىدىغانلى-قىنى بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن كاۋاپنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئارايك ئىچ-كىمىز سىرتقا چىقىپ بىر پەس ئايلاندۇق.

كونا تاغ كەينىگە ئولتۇرغانىدى، سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى؛ كىنگىز ئۆيلەردىن يىراق جايلار ئادەم ھەيران قالغۇدەك پىنھان ۋە جىمجىت ئىدى. باش ئۈستىمىزدە نۇرغۇن غار، تۆشۈكلىرى بار تاغ چوققىسى سۈرلۈك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

كىنگىز ئۆيگە كىرسەك، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان قازاندا قوي گۆشى ۋاراقلاپ قايناپ پىشۋېتىپتۇ.

كىنگىز ئۆيگە كۆلەڭگە كۆرگەن قىزچاق كىردى. ئۇ بىزگە بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى قايتا ئېيتىپ بەردى. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزى ئاۋۋال ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا، خەنزۇچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىن-غاچقا، قىزىقارلىق بولماي قالدى، ئەكسىچە بىزگە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەندەك بىلىندى. ئارقىدىن ئوبدان پىشقان گۆشكە ھۇجۇم قىل-دۇق، نانىنى چوڭ چىنىلەردىكى ھورى چىقىپ تۇرغان مەززىلىك شور-پىغا چىلاپ، بايىلا كاۋاپ يېگەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپلا كەتكەندەك ئىشتىھا بىلەن راسا يېدۇق. ياك ئەپەندىنىڭ قوي گۆشى بىلەن قوي گۆشىنىڭ پۇرىقى بىلەن خوشى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ ئازراقلا قۇرۇق نان يەپ ئول-تۇردى. بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئۇنىڭغا جىددىي بىر سىناق بولدى. ماشىنىدا خەتەرلىك يوللاردىن ماڭغاندىكى قورقۇش، تاغقا چىققان چاغدىكى ھې-رىش ـ چارچاش، ياۋايى ئادەملەرنىڭ كىنگىز ئۆيلىرىدە يېتىش، قوي

گـۆشى ۋەھاكازالار ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر سىناق ئىدى . ھال-
بىـۇكى ، ئۇنىڭ خانىمى ئۆيلىنمىغان يەردىن ئۇتتەك قىزغىنلىق ۋە زور
جاسارەت بىلەن بۇ تەۋەككۈلچىلىك پائالىيىتىگە قاتناشتى . قائىدە بو-
يـىچە ، خەنزۇلارنىڭ ئاياللىرى تاغ ـ دالىلاردىكى تەۋەككۈلچىلىككە قات-
ناشمايتتى . سالىۋارىي ئەپەندى بولسا قەشقەردىكى ئۆزىنى ئۇزىتىش يۈ-
زىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتكە قاتنىشالمىغانلىقىدىن خاپا ئىدى . كۈن
بويى چىرايىنى ئاچماي ، ئاھ ـ ئۇھلاپ ، غەمكىن يۈردى .
بـىز تويغاندىن كېيىن ، كىشىلەر ئاشقان گۆشلەرنى قەبرىستان-
لىقنى قازغۇچىلار ، ۋالىينىڭ مۇلازىملىرى ۋە قىرغىزلارغا بەردى .
ئۇزۇن ئۆتمەي ۋالىينىڭ ئۇيقۇسى كەلدى . ئۇ قول ئاستىدىكى
ئادىمى ئەدىيالغا چىڭ ئوراپ قويغاندىن كېيىن، خۇددى ھېرىپ كەتكەن
كىچىك بالىدەك تېزلا ئۇخلاپ قالدى . قالغانلىرىمىز ياتىدىغان چاغ بول-
غۇچە ئوتنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇق .
كەينىمىزدىكى يىغىپ قويۇلغان ئورۇن ـ كۆرپىلەر چۇۋۇلۇپ ،
ئورۇن راسلاندى . كىگىز ئۆينىڭ شەكلىگە ئاساسەن بىر ـ بىرىمىزگە
يـېقىن قاتارلىشىپ ياتتۇق . ئۆي ئىگىسى نەلەرگە يوقالغانلىقىنى ھازىر-
غىچە بىلەلىگىنىم يوق . بىز يېتىپ خېلىدىن كېيىنمۇ سىرتتىن گەپ ـ
سۆز ، تاراڭ ـ تۇرۇڭ ئاڭلاندى . ئاپتوموبىلدا ياتقانلارمۇ بار دەك قىلات-
تى . سوغۇق ۋە يوتقاننىڭ ئېغىرلىقىدىن ئارامسىزلىنىپ ، ئۇزۇنغىچە
ئۇخلىيالمىدىم . يەنە كېلىپ ۋالىي ناھايىتى رېتىملىق خورەك تارتاتتى .
ئۈچ خەنزۇ ئۇزۇن ۋاقىت پاراڭلاشتى . خەنزۇلارنىڭ مەن ياخشى كۆ-
رىدىغان ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ، بىر بوغۇملۇق سۆز ئاھاڭىنى پەقەت ئۆگىنەل-
مىدىم . تۇرۇپلا سالىۋارىي ئەپەندىنىڭ « ئون ئىككى مەسىلە » ئوينىاش
ھەۋىسى قوزغالدى . مەن ئۇ قويغان مەسىلىلەرگە ئۇيقۇلۇق ھا-
لەتتە ئاران ـ ئاران جاۋاب بېرەتتىم . ئارايىك بىلەن مېنىڭ ئويۇنغا زا-
دىلا ھەپىسلەم يوق ئىدى .
كېچىچە ئىتنىڭ قاۋىشى ۋە خورەك ئاۋازىدىن بىر ـ ئىككى قېتىم
ئويغانغانلىقىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، شۇنداق ئوبدان ئۇخلىدىم . ئەتىسى سا-

ئەت يەتتىلەر بولسا كېرەك ، ئارايىك بىزنى ئورنىمىزدىن تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى . ساھىبخانىلىرىمىز بىزنىڭ ئۇزۇنراق ۋاقىت ئۇخلىشىمىزنى خالى- سىمۇ ، بىز ئارقا ـ ئارقىدىن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ شام ياقتۇق ، تويت قىل- لىدۇق ، شۇنداق قىلىپ يېڭى بىر كۈن باشلاندى . چايدىن كېيىن ، ئالدىمىزغا يەنە گۆش ئەكەلدى . يولغا چىقىدىغان چاغدا ئاشقان نان ، سېرىق ماي ۋە مۇراببانى ئېلىۋالدۇق . غەربتە ئۈچ ۋاقلىق تاماقتا مېھ- مانلارغا قانداق تاماق ـ قورۇمىلارنى قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلە- دۇ . ئەمما ، شەرقتە بۇنداق مۇنتىزىم قائىدە يوق ، تائاملار دېگۈدەك بىـر خىل بولىدىكەن . بىر قېتىم ناھايىتى سېخىي بىر خەنزۇ ساھىبخان ئەتىگەن سائەت بەشتە ئارايىكقا تېخى دېڭىز ئادەمگىياھى قورۇپ بېرىپتۇ .

ئەتىگەن سائەت توققۇز يېرىم ، بىز بۇ يەردىكى قىرغىز ساھىبخا- نىلار ۋە قەبرىستانلىق قازغۇچىلار بىلەن دوستانە ئاساستا خوشلىشىپ يولغا چىقتۇق . بىز قىرغىزلار بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىمىزنى بىلمىگەچ- كە ، بىزنى ئۇبدان كۈتۈۋالغان قىرغىز ئايالغا ھېچقانداق سوۋغا تەييارلى- مىغانىدۇق . يانچۇقۇمدا بىر ئەينەك بار ئىكەن ، شۇنى بېرىۋېدىم ، ئۇ بـەكمۇ ياقتۇرۇپ ئالدى . قازغۇچىلارغا ئۇتۇق تىلىدۇق ۋە ئۇلارنى داۋاملىق قېزىشقا ئىلھاملاندۇردۇق . كېيىن ئۇلارنىڭ يەنە نېمىلەرنى تاپ- قانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق .

قەشقەرگە قايتقۇچە شوپۇر يېڭى بىر يولنى تېپىپ ماڭغانىدى ، بارغانغا قارىغاندا قەشقەرگە خېلى تېز قايتتۇق .

شـوپۇر تىك ۋە ئېگىز ـ پەس تاغ يوللىرىدىن قېچىپ كەڭ ۋە قۇرۇق دەريا قىنى بىلەن ماڭدى . يوللاردا بىر ـ ئىككى توختاپ قوغۇن يـېدۇق . قوغۇننى ئاساسەن ۋالىي ئۇيغۇرلارنىڭ پىچىش ئادىتى بويىچە شۇنداق چىرايلىق ۋە تېز پىچتى . تىك قىيادا مىدىر ـ سىدىر قىلماي مەغرۇرانە تۇرغان ئىككى قارچىغىنى كۆردۇق . جۇ ئەپەندى قارچىغا ئېت- تىشنى ياخشى كۆرەتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ نېملا كۆرسە ئېتىشقا ئامراق ئىدى . بىر قېتىم توختىغاندا ، ئۇشتۇمتۇت بۆكەن كۆرۈپ قالدۇق . شۇ- ئان ھـەممەيلەن ھاياجانلىنىپ قارىغا ئېلىپ ، ئېتىش مۇسابىقىسى باشلى-



www.uyghurkitap.com

نىپ كەتتى . ماشىنا قوزغالدى . ئارايك ماشىنىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ قالىدى . ئاتاي دەۋاتقاندا ، شوپۇر نىمشقىدۇر كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇنى توسۇۋالدى .

ياشانغان موللا ماشىنىدا تاسقىلىپ ، جىممىدە ئويغا چۆمۈپ ئولتۇردى . بىر چاغدا ، ئۇ ئۇشتۇمتۇت بار ئاۋازى بىلەن مۇناجاتقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاھاڭدا ناخشا ئېيتىپ كېتىۋېدى . كۆزىمىزگە باشقا بىر ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئېغىر ـ بېسىق بوۋاي بىردىنلا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئويناۋاتقان سەھنىدىكى ئارتىسقا ئوخشاپ قالدى . ناخشىنى بەك كۆچەپ ئېيتقانلىقتىن يۈزى ئۆپكىدەك ئىسىلىپ ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى . ناخيا مۇڭلۇق ھەم ياڭراق ئىدى . تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئېيتىشمۇ ھېسسىياتلىق ئىدى . مەن ئۇنىڭ ئېيتقىنى دىنىي مەدھىيە ناخشىسىمىكىن ، دېۋىدىم ، بىرى ماڭا بۇنىڭ ئانا ھەققىدىكى ناخشا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . بۇ ناخشا بۇنداق سىلكىنىپ ، چايقىلىپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىلدا ئېيتىشقا ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيتتى ، لېكىن بوۋاينىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئېيتىشى ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ھالەتتە تۈيۇقسىز ئىلھاملىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆكۈلسىز مەنزىرىگە ، شۇنداقلا بىزنىڭ ئالدىن پىلانلىماي ، ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىگە تۈيۇقسىز قاتناشقانلىقتەك چۈشتىكىدەك خىيالى تۇيغۇمىزغا تولىمۇ ماس كېلەتتى .

بوۋايدىن كېيىن ، بىز تۆت ياۋروپالىق بىرلىشىپ خور ئېيتتۇق . ئەمما ، بىزنىڭ ناخشىمىز موللىنىڭكىدەك تەسىرلىك چىقمىدى . ياڭ ئەپەندىنىڭ جىڭجۇي مەستانىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق . شۇڭا ئۇنى جىڭجۇي ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق . ئۇ بۇ غەلىتە ئاھاڭلىق ناخشىنى تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئېيتتى .

سالىۋارى ئەپەندى ، دوختۇر ، ئارايك ۋە مەن باللارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئويۇننى قەشقەرگە بارغۇچە ئوينىدۇق . بۇ مۇنداق ئويۇن ئىدى : بىز بىر ھەرپنى تاللايتتۇق ، ئاندىن ھەربىر ئادەم شۇ ھەرپ بىلەن باشلىنىدىغان بىر شەھەر ، بازار ، دۆلەت ، دەريا ئېقىنى ياكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىسمىنى دەيتتى . سالىۋارى ئەپەندىنىڭ جۇغرا-

پېيتۇى بىلمى يوق دېيەرلىك ئىكەن ، بىر قېتىممۇ يېتىپ قالمىدى . شۇنداقتىمۇ ، ئارىمىزدىن بىرەرسىمىزگە ئويناش خۇشياقمىسا، ئۇ يەنە بېرىپ ، توختاپ قېلىشقا يول قويمىدى . ئۇ شۇنداق قىزىقىپ ئوينىدى-كى ، ئاپتوموبىل باش كونسۇلخانا قورۇسىغا كىرگەن چاغدىمۇ ئۇ S بە-لەن باشلانغان دەريانىڭ ئىسمىنى ئېيتتى .

ئۆيگە چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا كەلدۇق . بىزنى كۈرۈپ خىزمەت-كارلارنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى . راكپا بىلەن گېيالگېننىڭ ئېيتىشىچە ، تۈنۈگۈن كېچە ئۇلار بىزگە تاماقنى ئىسسىق ساقلايمىز ، دەپ تۈزۈك ئۇخلىماپتۇ . سىرتتا يەيدىغان نەرسە ، ياتىدىغان جاي بولمىسا قانداق قىلىغاندۇ ، بىرەر ۋەقە چىققاندىمۇ ، ھەتتا بىرەر بالا - قازاغا ئۇچرىغاندىمۇ ، دەپ ئەنسىرەپ بىزدىن بەكمۇ تەشۇىشلىنىپتۇ . بىزنى سەھەردە كېلىپ قالامدىكىن ، دەپ ئويلاپ ئەتىگەن سائەت بەشتە تۇرۇپ كەت-كەنچە ، ھازىرغىچە يولىمىزغا قاراپ ، خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ .

بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بايلىق ئىزدەش ياكى قەدىمكى زامان ئىزلىرىنى ئېكسپېدىتسيە قىلىش دېگەندىن كۆرە ، دىراماتىك بىر ساياھەت بولدى ، دېسەك توغرا بولاتتى . بىزنىڭ « ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش » تىن ئىبارەت جىددىي خاراكتېرلىق پائا-لىيىتىمىزدىن نەتىجە چىقمىدى . ئەمما ، ئاجايىپ - غايىپ ئىشلار كۆپ بولمىسىمۇ ، يول ئۈستىدە ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلۈش ، خىلمۇ خىل قىزىقار-لىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈشنى ، بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدىكى كونكرېت ھاسىلات ، دەپ قاراشقا بولاتتى .

## خاتىمە

مەن بۇ كىتابىمنى قەشقەردىكى تىنچ ، ئەمما دۇنيادىن ئايرىلغان مۇھىتتا يازدىم . شۇ چاغدا ، مەن قەشقەردىن ئارايىكتىن بالدۇرراق كەتمەكچى بولغانلىقىم ئۈچۈن ، يەنە بىر باب قوشۇپ ، ئۇنىڭغا ئەنگلىيىگە قايتىش سەپىرىمىزدە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمنى يازماقچى بولغانىدىم .

ئەڭ يېقىن يول ئەنگلىيىگە رۇسىيە ئارقىلىق قايتىش بولۇپ ، ماكارتنىي خانىم ۋە بالىلىرى مۇشۇ يول بىلەن بىرقانچە قېتىم ئۆيىگە قايتقانىدى . مېنىڭمۇ بۇ يولنى ۋە بۇ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى بەكمۇ كۆرگۈم بار ئىدى . شۇڭا ، رۇسىيە تەرەپكە ۋىزا تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس سۇندۇم . لېكىن ، ئۇلار ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بەرمەيلا ۋىزا بېرىشنى رەت قىلدى . مەن گىلگىت تەرەپ بىلەن قايتىش قارارىغا كەلدىم . 1947 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ھىندىستاندا توپىلاڭ يۈز بېرىپ ، سىرنەگەر بىلەن بولغان بارلىق خەۋەر ـ ئالاقە ئۈزۈلگەنلىكتىن ، ئاۋۋال گىلگىتكە بېرىپ ، ئاندىن ئۇ يەردىن چىترال ، پېشاۋەر ئارقىلىق قايتىشنى پىلانلىدىم . بۇنداق بولغاندا ، بىرقانچە مۇسۇلمانلار رايونىدىن ئۆتەتتىم . ئەمما ، ئۇ چاغلاردا پاكىستان ھۆكۈمىتىمۇ چېگرا رايونىدىكى غەزەپ ئوتى پەلەككە يەتكەن قەبىلىلەرنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالغانىدى . يوللار بۇلاڭچىلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى . بۇلاڭچىلار دۆلەت ۋە دىپلوماتىيە قائىدىلىرىگە پىسەنت قىلماي ، ۋەزىيەتنى مۇقىمسىز ، كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قويغانىدى . شۇنداق بولسىمۇ ، تەۋەككۇل قىلىپ ئېغىزلار ئېچىلىدىغان 5 ـ ئايلاردا يولغا چىقىش نىيىتىگە كەلدىم .

3 ـ ئايدا ، پاكىستون ئەر ـ ئايال ھۆكۈمەت زىيارىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ، قەشقەرگە كەلدى . ئۇلار ، بىز بىلەن ئۇرۇمچىگە كېتىپ ، ئۇرۇمچىدىن ئامېرىكا ئايروپىلانىغا پۇلسىز ئولتۇرۇپ تىنچ ـ ئامان

شاگىخەيگە بېرىشىلىك ، ئۈرۈمچىگە ئايروپىلانلىرىمىز پات ـ پات بېرىپ تۇرىدۇ ، دېگەن تەكلىپنى بەردى . مەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ باقتىغا-نىدىم ، يەنە كېلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى ئارقىلىق دۆلەتلىرىگە قايتىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم . پاكىستون ئەر ـ ئاياللىنىڭ تەك-لىپى ناھايىتى سېخىي تەكلىپ بولۇپ ، مەن ئەسلىدە پىلانلىغان ئۈزۈن ، ھەتتا خەتەرلىك سەپەر يولىغا سېلىشتۇرغاندا ، ئايروپىلاندا ئەلۋەتتە تېز بولاتتى . ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق يۈك ـ تاقلىرىمنى ئېلىپ كېتەلەيتتىم . شۇنىڭ بىلەن ئايروپىلانغا بولغان بىر تەرەپلىمە قارىشىم نەلەرگە كەتتى . لېكىن ، ھەر تۈرلۈك ھېسسىيات ئامىللىرى مېنى دۆلىتىمگە باشقا بىر يول بىلەن كېتىشكە تارتىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ، بىر قارارغا كېلەلمەي ، خېلى ۋاقىت ئارىسالدى بولدۇم . ئاخىر 1948 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەردىن ئايرىلدىم .

شۇنداق قىلىپ ، مەن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يولدا ئۈچىنچى قېتىم قېقىلىپ ـ سوقۇلدۇم . شۇغىنىسى ، ئامېرىكىلىقلار ئاپتوموبىلنى تېز ھەيدەشكە ئامراق بولغانلىقتىن ، مىڭ نەچچە ئىنگلىز مىلى يولنى ئالتە كۈندە مېڭىپ تۈگەتتۇق . ئۈرۈمچىدە توپتوغرا ئۈچ ھەپتە ساقلىسام ، ئامېرىكا ئايروپىلانىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى . تاقىتىم ـ تاق بولۇپ جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدىكى ئايروپىلان بېلىتىگە تىزىملاتتىم . بۇ ئايروپىلان ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم شاگىخەيدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچىدىكەن .

بۇ ، ئۇسكۇنىلىرى بەك ناچار داكوتا تىپلىق ئايروپىلان ئىكەن . ئۈرۈمچىدىن شاگىخەيگە ئىككى كۈندە بارىدىكەن ، يولۇچىلار دېرىزىگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدىكەن ، يۈك ـ تاقلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدىكەن ( ھەربىر ئادەمنىڭ 30 قاداق يۈك ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىناتتى ) ، ئايروپىلاندا كېسەللى ئېغىر جۇڭگولۇقلارمۇ بار ئىدى ، شۇڭا بۇ ئايروپىلان سەپىرى ماڭا پەقەت ياقمىدى . ھېلىمۇ ياخشى ، ئامېرىكىلىق ئۇچقۇچىلار بەك ياخشى ئىكەن . مېنى شوپۇرلار قېشىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . تۆ-ۋەنگە قارىسا ، ئادەم شالاڭ بىپايان زېمىن ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈندى-

كەن . بەزى ئېگىز تاغلاردىن ، قۇم ـ چۆللەردىن ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنىڭ ئېگىز ـ پەس ، زىرائەت تېرىلغان ئېتىز ـ ئېرىقلىرى ، ياپيېشىل كەڭ زېمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتتۇق . جۇڭگو كوممۇنىستلىرى كونتروللۇقىدىكى رايونلارنى كۆرگەندە ، كۆڭلۈمدە قورقۇش ئارىلاش قىزىش پەيدا بولدى . بۇ زېمىن بۇ دۆلەتنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاشـ تەكلا كۆرۈنەتتى .

هازىرغا قەدەر ئايروپىلاندا ساياھەت قىلىشنى ياقتۇرمايمەن ، دەپ قارىمايمەن . ئايروپىلاندا شاگخەيگە بارغۇچە قەشقەرگە بارغۇچە ماڭغان يولۇمنى سېلىشتۇرۇپ ، ئۆزۈمنى رېئاللىقتىن ئايرىلغاندەك هېس قىلىپ ، بوغۇلغاندەك بولۇپ قالدىم . كېيىن شەرت ـ شارائىتى ياخشى ، خېلى راهەت ئايروپىلاندا ئولتۇرغان چاغلىرىمدىمۇ ، مەندىكى تەبىئەتتىن ، رېـ ئاللىقتىن ئايرىلغاندەك هېس ـ تۇيغۇ ئانچە يوقالمىدى . ئايروپىلاندا هېچ ئىش قىلماي ، ئىچىم قۇپقۇرۇق هالەتتە ئالتە ياكى سەككىز سائەت ئۇچـ قاندىن كېيىن ، ئالدىراپ ـ تېنەپ بىرەر جايغا قوناتتۇق . بۇ يەردە مەن يىگىرمە ئىنگلىز چاقىرىمدەك يولنى ئاستا مېڭىپ گۇمبەزسىمان تاغقا بارغاندا هېس قىلغان قىممەت ۋە ئەهمىيەتنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدۇم . ئەلـۋەتتە ، شاڭخەي ، شياڭگاڭ ۋە كېيىن باڭكوكنى كۆرۈش پۇرستى بولغىنىدىن خۇشاللاندىم . هالبۇكى ، بۇ يەرلەرنى مەن قۇرۇقلۇق ياكى پاراخوت بىلەن كۆرگەن بولسام تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى . ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە قايتىش بەك تۇيۇقسىز بولغاندا ، ئاـ دەم ئېلىشپلا قالىدىكەن . بىر ئادەم ئۆزىگە يات بولۇپ قالغان ئاددىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە ، مەسىلەن ، ئېلېكتر چىرىغى ، راۋۇرۇس يۇـ يۇنۇش ئۆيى ، هەر كۈنلۈك پوچتا قاتارلىقلارغا ئاستا ـ ئاستا ئىگە بوـ لۇشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش لازىم بولغىنىدەك ، مەنمۇ بىر قېتىملىق هاياجان تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن ، ئىككىنچى قېتىم تېتىشنى ياخشى كـۆرەتتىم . ئەگەر ئايروپىلاندا ئولتۇرسام ، بۇ ئۆزگىرىشلەر تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن .

بۈگۈنكى كۈندە ، ئايروپىلاندا ئولتۇرىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى ،

ئۇلار مەن كۆرگەن جايلار بىلەن پىششىق تونۇشۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ دۆلىتىمگە قايتىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمۇ ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. بىراق، ماڭا ئۇ قېتىمقى سەپەر ناھايىتى قىزىقارلىق، بەكمۇ ئاجايىپ تۇيۇلغان، كۆڭلۈم ئەنسىزلىك ۋە ئەندىشىدىن بىئارام بولغان، ئەرزىمەيدىغان شەخسىي ئىشلىرىمنى بىر تەرەپ قىلىشقا موھتاج بولغان، يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىق ھېس قىلغان چاغلىرىممۇ بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۇلارنى يېزىپ كەلسەم بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە ئىجاتكارلىق، كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان مەزمۇنلار كەم بولۇپ قالاتتى.

شاڭخەيدە، شياڭگاڭغا بارىدىغان ئايروپىلان بېلىتىنى تۆت كۈن ساقلىدىم؛ شياڭگاڭدا بولسا مەنگۇغا بارىدىغان ئايروپىلان بېلىتىنى ساقلىغاچ ئىككى كۈن ئارام ئالدىم. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە چەت ئەللەر ئاراۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئەنگلىيىگە قايتىپ كەلدىم.

بۇ سەپىرىمدە خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغىنى ۋە ماڭا ئەھمىيەتلىك، قەدىرلەشكە تېگىشلىك بىلىنگىنى شياڭگاڭ پورتىنىڭ جەلپكارلىقى بولدى. ئۇ يەردىكى ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر، بولۇق، ياپيېشىل دەل-دەرەخلەر، دېڭىزنى كۆرۈش خۇشاللىقى ئادەمنى سېھىرلەپ ئەقلىنى لال قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، باڭكوكتىكى ئاجايىپ ئىشلەپ، نەپىس ياسىغان بۇتخانىلار ۋە ناھايىتى يوغان مىس بۇتلار؛ رانگۇندىكى ئېگىز مۇنارلارنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن بارماقلار مەندە ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالدى.

ئاقىۋەت ئايروپىلان جەنۇبىي خامپتوندىكى ۋالتىر ئايرودرومىغا قوندى. سەپەر جەريانىدا بەكمۇ ئارامسىزلىنىپ، كۆڭلۈم غەش بولغانلىقتىن، مەندە قايتىپ كېلىش خۇشاللىقىدىن بۆلەك ھېسسىيات يوق ئىدى. ئاسىيادىن يولغا چىقىپ، نەچچە مىڭ ئىنگلىز مىلى ئۇچۇپ نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، سەپىرىم ئاخىرلاشقاندا، مېنى كۈلكىلىك بىر كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئىلكىگە ئېلىۋالدى. يەرلىك يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، ئاخىرقى 40 ئىنگلىز مىلى يولنى تۈگەتتىم – دە،

ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم . ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ قۇلاق ، مېڭەم غۇڭۇلداپ تۇراتتى . يېزىدىكىلەرنىڭ ھاۋارايى ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئۈستىدە سېلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلىدىم ، يېشىل مەخمەلدەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئەنگلىيە ئېتىزلىرى ، دەل - دەرەخلىرىنى كۆردۈم . ھەممىياق يېشىلچىلىق ، ھاۋا ساپ ئىدى . مەن ھەقىقەتەن يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەنىدىم . كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى .

مەن ئۆزۈمگە تونۇش ئەنگلىيىگە كەلگەنىدىم ، ھەممە نەرسە ماڭا شۇ قەدەر تونۇش ئىدى . ھالبۇكى ، ئاشۇ يېگانە ۋە قاقاس كۆل رەڭلىك زېمىنغا ، پانايى يوق بوشلۇق ۋە ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان داللارغا ، مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇز تاغلارغا تەلپۈنەتتىم . مانا ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەك يىراقتا قالغانىدى . ماڭا تونۇش ۋە مەن قىزغىن سۆيگەن شۇنچە كۆپ يات ، ياقا يۇرتلار ھازىر ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قېلىپ ، ئازاب - ئوقۇبەتلىك جايغا ئايلاندى . ئۇرۇش ئوتى قەشقەر ، ھەتتا لاداققا تۇتاشتى . كىشىلەر ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ . ھېلىقى ئەبجەق ئايروپىلانلار لېھ شەھىرىنىڭ سۈرلۈك ئاسمىنىدا گۈركىرەپ ئۇچۇپ يۈرمەكتە .

مەن ئىلگىرى بىر مەھەل تۇرغان جاي لاداق ماڭا تىنىچ ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان يىراق بىر شىتاتتەك بىلىنەتتى . ھازىر ئۇنى شاۋقۇن - سۈرەن قاپلىدى . نۇرغۇن چېگرىلىرى تاقالدى ، ساياھەتچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئىستىقبال قاراڭغۇ بولۇپ قالدى .

بۇ كىتابىمدا مەن ، ۋاقىت چەكلىمىسى يوق بىر جايدىن باشلاپ ، بىر قىز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇقىمسىز ئائىلىۋى تۇرمۇشنى ۋە ئۆيدىكى كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش پائالىيىتىنىڭ قىسقىچە كۆرۈنۈشىنىلا يېزىپ چىقتىم . بۇ ئىككى خىل مەۋجۇدىيەتنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىنى ئويلاش قىيىن ئىدى . روزابەگىنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىنى قايتا كۆرۈشنى ، گېيالگىننىڭ بەلگىلەپ بېرىلگەن سېرىق مايىنى نېمىشقا بالدۇر ئىشلىتىپ تۈگەتكەنلىكى ھەققىدىكى ، ئىنچىكە ئويلاپ چىقىلغان چۈشەندۈرۈشلىرىنى قايتا ئاڭلاشنى كۆپ قېتىم شۇنچىلىك ئارزۇ قىلدىم !

لېكىن ، ئادەم ھامان ئالغا ئىلگىرىلىشى ، يېڭى كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشى ، ئىلگىرىكى ھەۋەسلىرى ، خۇشاللىقلىرى ، غەملىرى ئۇچراتقان گۈزەل شەيئىلەرنى ، ھېس قىلغان يېڭى ، ئۆزگىچە تەسىراتلىرىنى ، يولۇققان كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللار ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەرنى ئەسلەشى ، ئۇنىڭدىن زوق ئېلىشلىرىنىڭ ھەممىسى كىتابىمنىڭ ئۆرۈلگەن بىر بېتى ، خالاس . بىزنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى ھېكايىمىز شۇنىڭ بىلەن تامام بولدى .

[General Information]
书名=外交官夫人的回忆：古老的土地　维吾尔文
SS号=40300748